ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن

# لازىملىق دىنىي ئىلىملەر

## قۇرئان - سۈننەت پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا فىقھە

- 2 -

ئەنەس ئالىم

2020

2
ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن لازىملىق دىنىي ئىلىملەر
ئەنەس ئالىم

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ ادْخُلُواْ فِي السِّلْمِ كَآفَّةً
وَلاَ تَتَّبِعُواْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾

«ئى مۆئمىنلار! تىنچلىقتا تولۇق كىرىڭلار، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. چۈنكى شەيتان سىلەرنىڭ ئاشكارا دۈشمىنىڭلاردۇر» - 2 - سۈرە بەقەرە، 208 - ئايەت.

Süleymaniye Vakfı
YAYINLARI

9 789752 423367

ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن

# لازىملىق دىنىي ئىلىملەر

قۇرئان - سۈننەت پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا فىقھە

- 2 -

ئەنەس ئالىم

1441 / 2020

﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾

# مۇندەرىجە


**I ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ........................................................ 1**

§1. ئەقىل........................................................................... 1
*1. ئەقىلنىڭ ماھىيىتى......................................................... 1*
*2. ئەقىلنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ............................................ 2*
§2. كىتاب .......................................................................... 3
*1. ئىلگىرىكى كىتابلار........................................................ 4*
*2. ئاخىرقى كىتاب .............................................................. 5*
§3. ئەلچى ........................................................................... 11
*1. ئەلچىنىڭ كىملىكى ........................................................ 12*
*2. ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى....................................................... 13*
§4. تەۋپىق........................................................................... 15
خۇلاسە ............................................................................. 16

**II قۇرئاندا ئىنسان............................................................ 21**

§1. ئومۇمىي بايان................................................................. 21
.2§ ئىنساننىڭ فىترىتى/ يارىتىلىشتىكى ئەسلىي ھالىتى.......................... 23
§3. ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكى ....................................................... 25
§4. ئىنساننىڭ سەلبىي خاراكتېرلىرى ............................................ 27
§5. ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ............................................................ 39
§6. ئىنساننىڭ ھوقۇقلىرى .......................................................... 48
*1. ياشاش ھوقۇقى............................................................... 48*
*2. باراۋەرلىك ھوقۇقى.......................................................... 48*
*3. ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى...................................................... 49*
*4. ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى....................................................... 52*
*5. ساياھەت ھوقۇقى ........................................................... 52*
*6. پاناھلىق تىلەش ھوقۇقى ................................................... 53*
§7. ئىنساننىڭ ھۆررىيىتى ........................................................... 55
*1. ھۆررىيەتنىڭ دائىرىسى ..................................................... 55*
*2. ھۆررىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى................................................... 57*
§8. ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ........................................................... 58
*1. تەۋھىد ...................................................................... 59*
*2. زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش .................................................... 62*

§9. ئىنساننىڭ ئاقىۋىتى ............................................. 63
1. ئۆلۈش (مەۋت) ............................................. 63
2. قايتا تىرىلىش (بەئس) ............................................. 71
3. مەھشەرگە ئېلىپ مېڭىلىش ............................................. 71
4. يىغىلىش (ھەشر) ............................................. 76
5. ھېساب بېرىش ............................................. 78
6. ئايرىلىش ............................................. 91
7. ئاخىرقى مەنزىلگە ئورۇنلىشىش ............................................. 94
8. مەھشەرگاھتىكى ئاخىرقى سادا ............................................. 106
9. جەننەت ھاياتى ............................................. 106
10. دوزاخ ھاياتى ............................................. 117
**III ياشلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى ............................................. 129**
§1. ياشلىق دەۋرىنىڭ ئەھمىيتى ............................................. 129
§2. قۇرئاندا ئۆرنەك ياشلار ............................................. 130
1. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ............................................. 130
2. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ............................................. 131
3. مۇسا ئەلەيھىسسالام ............................................. 133
4. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزى ............................................. 134
5. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يىگىتلىرى ............................................. 135
6. مەريەم ئەلەيھاسسالام ............................................. 135
7. ئىمراننىڭ ئائىلى ............................................. 136
8. ئەسھابى كەھف ............................................. 136
§3. ساھابىلەردىن ئۆرنەكلەر ............................................. 138
1. ئۈچ قېرىنداش ............................................. 138
2. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ............................................. 139
3. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ............................................. 140
4. ئەنەس ئىبنى مالىك ............................................. 140
5. ئۇسامە ئىبنى زەيد ............................................. 141
§4. ياشلارنىڭ مەسئۇلىيتى ............................................. 142
1. ياخشى بولۇش ............................................. 142
2. لاياقەتلىك بولۇش ............................................. 143
3. پايدىلىق بولۇش ............................................. 143
4. مەسئۇلىيەتچان بولۇش ............................................. 144
5. پىداكار بولۇش ............................................. 144

**IV ۋەتەن، مىللەت ............ 145**

§1. ۋەتەن ............ 146

*1. قۇرئاندا ۋەتەن ............ 146*

*2. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى ............ 149*

*3. ساھابىلەرنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى ............ 150*

§2. مىللەت ............ 152

*1. قۇرئاندا مىللەت ............ 152*

*2. مىللەتنى سۆيۈش ............ 153*

*3. مىللەتنى يېتەكلەش ............ 154*

*4. مىللەتنى قۇتقۇزۇش ............ 155*

*5. ئانا تىلنى ساقلاش ............ 158*

*6. ئىرقچىلىق ۋە يۇرتۋازلىق ............ 161*

خۇلاسە ............ 163

**V ھىجرەت ۋە جىھاد ............ 167**

§1. ئومۇمى بايان ............ 167

*1. ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ مەنىسى ............ 167*

*2. ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ ئالاھىدىلىكى ............ 168*

*3. ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ سەۋەبى ............ 168*

*4. ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ مەقستى ............ 171*

§2. ھىجرەت ............ 174

*1. ھىجرەتنىڭ ھۆكمى ............ 174*

*1. ھىجرەتنىڭ شەرتى ............ 175*

*2. ھەبەشىستانغا ھىجرەت ............ 178*

*3. مەدىنىگە ھىجرەت ............ 179*

*4. ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار ............ 181*

§3. جىھاد ............ 183

*1. جىھادنىڭ ھۆكمى ............ 183*

*2. جىھادنىڭ تۈرلىرى ............ 184*

*3. جىھادنىڭ ئوبيېكتىلىرى ............ 192*

§4. سەۋەب ۋە نەتىجە ............ 199

*1. غەپلەت ۋە جازاسى ............ 199*

*2. خاتا ھەرىكەت ۋە مەغلۇبىيەت ............ 203*

*3. ھوشيارلىق ۋە يوقالماسلىق ............ 205*

خۇلاسە ............ 210

**VI ئىلىم - پەن ........................................................ 215**

§1. «ئىلىم»نىڭ مەنىسى ۋە رولى ........................................ 215
§2. «ئىلىم»نىڭ ماھىيىتى ۋە مەنبەسى ................................... 215
§3. ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ................................................ 218
§4. ئىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكى ............................................... 219
§5. ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى ................................................ 219
§6. ئۆگىنىشنىڭ سەۋەبلىرى ............................................. 222
*1. ھۆرمەتنى ساقلاش ........................................................ 222*
*2. شۈكۈر قىلىش ........................................................ 225*
*3. ۋەزىپىنى تونۇش ........................................................ 225*
§7. ئىلىم يۇرتلىرى ........................................................ 226
*1. مەكتەپ ........................................................ 226*
*2. مەسچىت ........................................................ 227*
*3. ۋەخپە ........................................................ 229*

**VII ئەدەبىيات - سەنئەت ................................................ 233**

§1. ئەدەبىيات ........................................................ 233
§2. سەنئەت ........................................................ 236
*1. رەسساملىق ۋە نەققاشلىق ........................................................ 236*
*2. كىنو ۋە تىياتىر ........................................................ 243*
*3. كۈلكە - چاقچاق ........................................................ 250*
*4. ناخشا - مۇزىكا ........................................................ 252*

**VIII تەنھەرىكەت ۋە مۇسابىقە ................................................ 263**

§1. تەنھەرىكەت ........................................................ 268
*1. سۇ ئۈزۈش ........................................................ 269*
*2. يۈگۈرۈش ۋە تەنھەرىكەت ........................................................ 269*
*3. ئوقيا ئېتىشنى ۋە ئات چاپتۇرۇشنى ئۆگىنىش ........................................................ 269*
§2. زامانىمىزدىكى مۇسابىقىلەر ........................................................ 271

**IX كىيىنىش - توختام ................................................ 273**

§1. ئىلىم - سىتىم ۋە تىجارەت ........................................................ 273
*1. ئېنىقلىمىسى ........................................................ 273*
*2. ھۆكمى ........................................................ 273*
*3. ساھەسى ........................................................ 274*

4. نەق ۋە نېسى ........................................................................... 275
5. تىجارەت بىلەن ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ پەرقى ............................................ 277
2§. ئۆسۈملۈك مۇئامىلە (رىبا) ......................................................................... 279
1. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ ماھىيىتى........................................................... 279
2. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ ھۆكمى .............................................................. 283
3. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ ئاقىۋىتى .......................................................... 284
4. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەدبىرى.......................................................... 285
خۇلاسە ..................................................................................................... 293
§3. سۇغۇرتا ........................................................................................... 295
1. ئېنىقلىمىسى ................................................................................... 295
2. مەقسىتى ........................................................................................ 296
3. ئوبيېكتىلىرى ................................................................................... 297
4. سۇبيېكتىلىرى ................................................................................... 299
5. ھۆكمى .......................................................................................... 300
§3. پاي چېكى ئويناش ........................................................................... 309
4§. لاتارييە ئويناش.................................................................................. 311

X ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ........................................................................... 313

§1. ھەمكارلىشش .................................................................................. 313
1. ھەمكارلىششنىڭ مەنىسى ۋە ئېنىقلىمىسى ............................................... 314
2. ھەمكارلىششنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ..................................................... 315
3. ھەمكارلىششنىڭ ھۆكمى ۋە ساھەسى........................................................ 316
4. ھەمكارلىقنىڭ شەكىل ۋە تۈرلىرى ........................................................... 327
2§. مۇھىتنى ئاسراش.................................................................................. 332
1. «مۇھىت»نىڭ مەنىسى ........................................................................ 332
2. مۇھىتنى ئاسراشنىڭ ھۆكمى ................................................................. 346
3. مۇھىتنى ئاسراشنىڭ يوللىرى................................................................. 347
4. مۇھىتنى بۇلغاشنىڭ جازاسى ................................................................. 364

XI گۇناھ ۋە تەۋبە (تووۋا)........................................................................ 367

§1. شىرىك........................................................................................... 367
1. مۇشرىكلارنىڭ ئورتاق ئېتىقادى............................................................... 368
2. مۇشرىكلارنىڭ پەرقلىق ئېتىقادلىرى.............................................................. 369
3. مۇشرىكلارنىڭ تۈرلىرى.......................................................................... 371
4. ياردەم تىلەش ۋە دۇئا .......................................................................... 378

5. شېرىكنىڭ ھۆكمى ........ 382
§2. تۆنەك كېچىلىرى ........ 383
1. مەۋلۇت كېچىسى ........ 385
2. رەغائىب كېچىسى ........ 385
3. مېراج كېچىسى ........ 386
4. بارائەت كېچىسى ........ 386
§3. باشقا گۇناھلار ........ 388
1. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ........ 390
2. نامازنى تەرك ئېتىش ........ 390
3. زاكاتنى بەرمەسلىك ........ 391
4. ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش ........ 391
5. تۇغقانلارغا سىيلە - رەھىم قىلماسلىق ........ 391
6. زىنا ........ 392
7. جازانىخورلۇق ........ 392
8. يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش ........ 392
9. ئاللاھقا بوھتان چاپلاش ........ 393
10. زۇلۇم قىلىش ........ 393
11. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ........ 394
12. مەست قىلغۇچى نەرسە، قىمار، پال ........ 394
13. ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاش ........ 394
14. ئوغرىلىق قىلىش ........ 395
15. يالغان قەسەم ئىچىش ........ 395
16. رىياكارلىق ........ 396
17. پارىخورلۇق ........ 396
18. مۇناپىقلىق ........ 397
19. سېھىر قىلىش ........ 397
20. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يوشۇرۇش ........ 398
21. قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈش ........ 398
22. بوھتان چاپلاش ........ 399
23. يالغان ئېيتىش ........ 399
24. ئىسراپ قىلىش ........ 400
25. غەيۋەت قىلىش، يامان گۇمان قىلىش، ئەيىب ئىزدەش ........ 401
26. مەسخىرە قىلىش، يامان لەقەم بىلەن چاقىرىش ........ 401
§4. تەۋبە ........ 404
1. كۇفۇر ۋە شېرىكتىن تەۋبە قىلىش ........ 404

*2. چوڭ گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش ............ 405*

*3. تەۋبىنىڭ شەرتلىرى ............ 407*

**XII مىراس ............ 409**

§1. ۋارىسلار ۋە ئۈلۈشلىرى ............ 410

*1. ئاتا - ئانا ۋە ئۈلۈشلىرى ............ 410*

*2) ئەر - خوتۇن ۋە ئۈلۈشلىرى ............ 411*

*3) قىز - ئوغۇل باللار ۋە ئوۋلا رنىڭ ئۈلۈشلىرى ............ 412*

*4) قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ ئۈلۈشلىرى ............ 414*

*5) باشقا ۋارىسلار ............ 419*

§2. ئۈلۈش پەرقىنىڭ ھېكمىتى ............ 427

§3. ئۆرنەك تەقسىماتلار ............ 429

*1. ۋارىسلار مېيىتنىڭ ئايالى ۋە باللىرى ............ 429*

*2. ۋارىسلار مېيىتنىڭ ئايالى، ئانىسى ۋە باللىرى ............ 430*

*3. ۋارىسلار مېيىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باللىرى ............ 430*

*4. ۋارىسلار مېيىتنىڭ باللىرى ۋە قېرىنداشلىرى ............ 431*

*5. ۋارىسلار مېيىتنىڭ پەرقلىق قېرىنداش - ھەمشىرىلىرى ............ 432*

§4. مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ............ 432

*1) «ۋەسىيەت»نىڭ مەنىسى ............ 433*

*2) ۋەسىيەت ۋە دەين ............ 434*

§5. ۋارىسلارنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ............ 438

*1. ئابباسىي پېشۋالىرىنىڭ بەزى خۇتبىلىرى ............ 440*

*2. ئابباسىلار دەۋرىدىكى شائىرلەرنىڭ شېئىرلىرىدا «ئەسەبە»لىك ............ 443*

*3. دەلىل قىلىنغان مەشھۇر رىۋايەت ............ 450*

*تەھلىل ۋە نەتىجە ............ 456*

**خاتىمە ............ 458**

**پايدىلانغان مەنبەلەر ............ 459**

# I ئاللاھنىڭ ھىدايىتى

ھىدايەت قىلماق - پايدىلىق يۆنىلىشكە باشلىماق، توغرا يولغا يېتەكلىمەك، توغرا يولنى كۆرسەتمەك، توغرا يولغا دەۋەت قىلماق دېگەن بولىدۇ. ھىدايەت تاپماق توغرا يۆنىلىشنى قوبۇل قىلماق، توغرا يولغا كىرمەك، توغرا يول تۇتماق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ①. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى ھىدايەت قىلىشى - ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلىشى، كىتاب نازىل قىلىشى، ئەلچى ئەۋەتىشى ۋە ئۇنى توغرا يولدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

## *§1.ئەقىل*

### 1. ئەقىلنىڭ ماھىيىتى

ئاللاھ تائالا ھەر مەخلۇقاتنى ئايرىم شەكىل ۋە پەرقلىق خۇسۇسىيەت بىلەن يارىتىپ، ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ يول كۆرسىتىشى ئۇ مەخلۇقاتنى ياراتقاندا ئۇنىڭ تەبىئىتىگە پايدا - زىياننى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق بولغان. شۇڭلاشقا كائىناتتىكى ھەر مەخلۇقات ئۆزىنىڭ بۇ قابىلىيىتى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بىلەن زىيانلىقنى ئايرىپ، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ②.

① ئەبۇلقاسىم ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد راغىب ئىسفاھانى، «ھدي»، *مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان*، تەھقىقلىغۇچى: سەفۋان ئەدنان داۋۇدى (دەمەشق، دارۇلقەلەم/بېيرۇت: دارۇ شامىييە، ھ 1412/ م 1992)، 835؛ مۇھەممەد ئىبنى مۇكەررەم ئىبنى ئەلى ئەبۇلفەزل جەمالۇددىن ئىبنى مەنزۇر ئەنسارى رۇۋەيفئى ئىفرىقى، «ھدي»، *لىسانۇل ئەرەب* (بېيرۇت: دارۇ سادىر، ھ 1414/ 1993)، 15: 353؛ ئەبۇلھۇسەيىن ئەھمەد ئىبنى فارىس ئىبنى زەكەرىييا قۇزۋىنى، «ھدي»، *مۇئجەمۇ مەقايىسىللۇغە*، تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇسسالام مۇھەممەد ھارۇن (دەمەشق: دارۇل فىكر، ھ 1399/ م 1979)، 6: 42؛ مەجدۇددىن ئەبۇ زاھىر مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب فىرۇزئابادىي، «ھدي»، *قامۇسۇلمۇھىت* (بېيرۇت: مۇئەسسەسەتۇر رىسالە، ھ 1426/ م 2005)، 1345.

② قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 50 - ئايەت؛ 87 - سۈرە ئەئلا، 3 - ئايەت.

جۇملىدىن ئاللاھ تائالا ھەر ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ھەق بىلەن باتىل، چىرايلىق بىلەن سەت ۋە راست بىلەن يالغاننى ئايرىش قابىلىيىتىنى سىڭدۈرۈپ ياراتقان. ئەنە شۇ قابىلىيەت ئەقىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئەقىل ئىنسانغا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ۋە ھېكمىتىنى، نېمەت ۋە مەرھەمىتىنى تونۇتىدۇ[1]. توغرا - خاتانى ئايرىپ بېرىدۇ، چىرايلىق بىلەن سەتنى پەرق ئەتتۈرىدۇ. ياخشى - يامانىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە ئەقىل، ھىجر «حجر - توسقۇچى»، نۇھا «النهى – چەكلىگۈچى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن[2]، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان ئەقىل، ئەلباب «الألباب - ساغلام ئەقىل» دەپ ئاتالغان[3]. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئەنە شۇ ئەقىلنى بېرىشى ئۇنى ھىدايەت قىلىشىنىڭ بىرىنچى تۈرىدۇر.

## 2. ئەقىلنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى

ئاللاھ تائالا تېخىرقاش، بۇزۇق ئېتىقاد ۋە خاتا يولدا بولغانلار ھەققىدە ﴿أَفَلاَ تَعْقِلُونَ - ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟﴾[4]، ﴿أَفَلَا يَعْقِلُونَ - ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟﴾[5]، ﴿لاَ يَعْقِلُونَ - ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ﴾[6] دەيدۇ. بەزى مەزمۇنلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن ۋە

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 164 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 4 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 12 - ۋە 67 - ئايەتلەر؛ 30 - سۈرە رۇم، 24 - ۋە 28 - ئايەتلەر؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 5 - ئايەت.

② قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 54 - ۋە 128 - ئايەتلەر؛ 89 - سۈرە فەجر، 5 - ئايەت.

③ قۇرئان كەرىمدە ئەلباب «الألباب» دېگەن كەلىمە 16 يەردە ئۆتىدۇ. قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 179 - ، 197 - ۋە 269 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 7 - ۋە 190 - ئايەتلەر؛ 5 - سۈرە مائىدە، 100 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۈسۈف، 111 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 19 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 52 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 29 - ۋە 43 - ئايەتلەر؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 9 - ، 18 - ۋە 21 - ئايەتلەر؛ 40 - سۈرە غافىر، 54 - ئايەت؛ 65 - سۈرە تالاق، 10 - ئايەت.

④ 2 - سۈرە بەقەرە، 44 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 65 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 32 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 169 - ئايەت؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 16 - ئايەت؛ 11 - سۈرە ھۇد، 51 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۈسۈف، 109 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 10 - ۋە 67 - ئايەتلەر؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 80 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 60 - ئايەت؛ 37 - سۈرە سافقات، 138 - ئايەت.

⑤ 36 - سۈرە ياسىن، 68 - ئايەت.

⑥ 2 - سۈرە بەقەرە، 171 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 58 - ۋە 103 - ئايەتلەر؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 22 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 63 - ئايەت.

ئايەتلىرىنى بايان قىلغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ﴿لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ - ئەقلىڭلارنى ئىشلەتكەيسىلەر﴾[①] دەيدۇ. قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارغا ﴿أَفَلَمْ تَكُونُوا تَعْقِلُونَ - ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ﴾[②] دەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

پۈتۈن بۇ ئىپادىلەر كۆرسىتىدۇكى، ئەقىل - ئەگەر ئىشلىتىلسە، ئىگىسى تېگىرقاش، خۇراپات، خاتا چۈشەنچە ۋە خاتا يول قاتارلىقلاردىن قۇتۇلىدىغان، ئەگەر ئىشلىتىلمىسە ئىگىسى ھەر تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى مەينەتچىلىكتە قالىدىغان قابىلىيەتتۇر[③]. بۇ قابىلىيەت بېرىلمىگەنلەرگە مەسئۇلىيەت يۈكلەنمەيدۇ[④]. ئۇ قابىلىيەت يېتىلمىگەن يېتىملەرگە ماللىرى تاپشۇرۇپ بېرىلمەيدۇ[⑤]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئەقلنى يۈگنۈۋېلىپ ئۆز رولىنى جارى قىلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن مەنئى قىلغان[⑥].

## §2. كىتاب

ئىنسان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان[⑦]. «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ئۇلۇغلاپ ئىتائەت قىلماق دېگەن بولىدۇ[⑧]. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش - ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن بويسۇنۇش، چەكلىمىلىرىدىن كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن ساقلىنىش ۋە نەسىھەتلىرىگە چىن ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 73 - ۋە 242 - ئايەتلەر؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 151 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 61 - ئايەت؛ 40 - سۈرە، غافىر، 67 - ئايەت؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 17 - ئايەت.

② 36 - سۈرە ياسىن، 62 - ئايەت.

③ قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 100 - ئايەت.

④ چۈنكى «ئاللاھ ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» - (2 - سۈرە بەقەرە، 286 - ئايەت). ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 2 - سۈرە بەقەرە، 233؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 152 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 42 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 62 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 5 - ۋە 6 - ئايەتلەر.

⑥ قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 90 - ئايەت.

⑦ 51 - سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

⑧ راغىب ئىسفەھانى، *مۇفرەداتى ئەلفازىل قۇرئان*، «عبد»، 542؛ ئىبنى مەنزۇر، *لىسانۇل ئەرەب*، «عبد»، 3: 273؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، *ئەلمۇئجەمۇل ۋەسىت*، «عبد»، 2: 579.

ھەممىسى ئاللاھقا «ئۇلۇغلاپ ئىتائەت قىلىش»نىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى، چەكلىمىلىرىنى ۋە نەسىھەتلىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى تاللاپ[①]، ئۇلارغا ئىنسانىيەتكە بىلدۈرمەكچى بولغان سۆزلىرىنى پەرىشتە جىبرىئىل ئارقىلىق نازىل قىلغان[②]. ئۇ سۆزلەر سەھىپىلەر (بەتلەر)گە يېزىلىپ كىتابلار ھاسىل بولغان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادەت يولى ئۇ كىتابلاردا يېزىلغان ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن[③]. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئەنە شۇنداق كىتابلارنى نازىل قىلىشى ئۇنى ھىدايەت قىلىشىنىڭ ئىككىنچى تۈرىدۇر.

## 1. ئىلگىرىكى كىتابلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿كَانَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَبَعَثَ ٱللَّهُ ٱلنَّبِيِّۧنَ مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ مَعَهُمُ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ ٱلنَّاسِ فِيمَا ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ ۚ وَمَا ٱخْتَلَفَ فِيهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ أُوتُوهُ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ بَغْيًۢا بَيْنَهُمْ ۖ فَهَدَى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لِمَا ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ مِنَ ٱلْحَقِّ بِإِذْنِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ يَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٢١٣﴾﴾

«ئىنسانلار بىر ئۈممەت ئىدى. ئاندىن ئاللاھ خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى نەبىيلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەقنى كۆرسىتىدىغان كىتابنى، ئىنسانلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارسۇن دەپ نازىل قىلدى. كىتاب بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارىسىدىكى ھەسەت يۈزىسىدىن كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئۆزىنىڭ

① قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 163 ~ 165 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 75 - ئايەت.
② 2 - سۈرە بەقەرە، 213 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام 83 ~ 89 - ئايەتلەر.
③ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 3 - ۋە 4 - ئايەتلەر؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 25 ~ 27 - ئايەتلەر.

بىلدۈرۈشى ئارقىلىق، ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقنى مۆئمىنلارغا كۆرسەتتى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ»[①].

بۇ ئايەت ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە كەلگەن ھەر پەيغەمبەرگە كىتاب بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى 6 - سۈرە ئەنئامنىڭ 83 - ئايىتىدىن 89 - ئايىتىگىچە بولغان ئايەتلىرىمۇ تەكىتلەيدۇ.

### 2. ئاخىرقى كىتاب

ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى «قۇرئان»دۇر[②]. قۇرئان ئىلگىرىكى كىتابلارنى مەنسۇخ قىلغان (ئەمەلدىن قالدۇرغان)[③] ۋە قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يول رەھبىرى بولغان[④]. قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىش توغرا يولدا بولغانلىقنىڭ ئالامىتى قىلىنغان[⑤] ۋە قۇرئاندا قۇرئاننىڭ ئىنسانغا بولغان ھىدايىتى، ئىنساننىڭ قۇرئانغا بولغان ئېھتىياجى مىساللار بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

#### 1) قۇرئاننىڭ ئىنسان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

(1) روھ ۋە نۇر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 213 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 6 - سۈرە ئەنئام 83 ~ 89 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 185 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 27 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 2 - ئايەت؛ 27 - سۈرە نەمل، 6 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 85 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 7 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 1 ~ 12 - ئايەتلەر؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 23 - ئايەت.

③ قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە 58 - ئايەت.

④ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللىغان بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نەبىيلەرنىڭ ئاخىرقىسى قىلغان (قاراڭ: 33 - سۈرە ئەھزاب، 40 - ئايەت)، ئۇنى قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن (قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 19 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 107 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 1 - ئايەت؛ 62 - سۈرە جۇمۇئە، 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر).

⑤ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 43 - ئايەت.

﴿وَكَذَٰلِكَ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ رُوحًا مِّنْ أَمْرِنَاۚ مَا كُنتَ تَدْرِى مَا ٱلْكِتَٰبُ وَلَا ٱلْإِيمَٰنُ وَلَٰكِن جَعَلْنَٰهُ نُورًا نَّهْدِى بِهِۦ مَن نَّشَآءُ مِنْ عِبَادِنَاۚ وَإِنَّكَ لَتَهْدِىٓ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٥٢﴾﴾

«شۇنىڭدەك، بىز ساڭا ئەمرىمىزدىن بىر روھ ۋەھيي قىلدۇق. سەن كىتابنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئىماننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىڭ. لېكىن بىز ئۇنى نۇر قىلدۇق. بىز ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن ئۆزىمىز خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىمىز. سەن توغرا يولغا باشلايسەن»[1].

﴿أَوَ مَن كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَٰهُ وَجَعَلْنَا لَهُۥ نُورًا يَمْشِى بِهِۦ فِى ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِى ٱلظُّلُمَٰتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَاۚ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلْكَٰفِرِينَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢٢﴾﴾

«ئۆلۈك ئىكەن بىز تىرىلدۈرگەن، بىز ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا مېڭىشى ئۈچۈن نۇر بەرگەن كىشى، قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ئىچىدە قېلىپ ئۇلاردىن ھېچ چىقالمىغان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟ كافىرلارغا ئۆز قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى»[2].

قۇرئان ئىنسان ئۈچۈن روھ، ئىنسان قۇرئانسىز ئۆلۈكتۇر. ئىنسان قۇرئاندىن ئىبارەت بولغان روھ ئىچىگە كىرسە مەنىۋى جەھەتتىن تىرىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان بەدەن ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. بەدەن تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن تۇپراقتىن چىققان غىزا ماددىلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، روھ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىن ئەۋەتىلگەن باشقا بىر روھ بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. قەلب ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن ئىبارەت بولغان ئاچلىقتىن قۇرئان بىلەن تويىدۇ[3]. ئەكسىچە بولغاندا ئۇ قەلب ئاچ، ئىگىسى ئۆلۈك ھالەتكە كەلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى

① 42 - سۈرە شۇرا، 52 - ئايەت.
② 6 - سۈرە ئەنئام، 122 - ئايەت.
③ قاراڭ: 13 - سۈرە رەئد، 28 - ئايەت.

بولغان ناماز بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاقىتقا بۆلۈپ پەرز قىلىنغان[①].
دېمەككى، روھنىڭ ئاچلىقى بەدەننىڭ ئاچلىقىدىن يامان، روھنى ئوزۇقلاندۇرۇش بەدەننى تويغۇزۇشتىن مۇھىم.

قۇرئان ئىنسان ئۈچۈن نۇردۇر. يەنى قۇرئان ئىنسانغا شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرىدۇ، قېچىشقا تېگىشلىك خەتەرلەرنى ۋە سېغىنىشقا تېگىشلىك پاناھگاھلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانغا يولنى يورۇتىدۇ، چىرايلىق - سەتنى پەرق ئەتتۈرىدۇ، ياخشى - يامانىنى ئايرىپ بېرىدۇ. شەخسنىڭ، ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، جامائەتنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادەت يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ نۇر بىلەن ھاياتىنى نۇرلاندۇرمىسا قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە قالىدۇ، يولىنى تاپالمايدۇ ۋە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ نۇرسىز كائىناتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتنىڭ، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ يارىتىلىش سىرىنى بىلەلمەيدۇ، ۋەزىپىسىنى تونۇيالمايدۇ، ئۆتمۈشتىن لايىق رەۋىشتە خەۋەردار بولالمايدۇ، كەلگۈسىنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئالدىغا قاراپ توغرا قەدەم باسالمايدۇ.

2) شىپا ۋە رەھمەت

قۇرئان شىپا (داۋا)دۇر. ئۇ مۆئمىنلارنى يەنى ئۆزىگە (قۇرئانغا) ئىشەنگەن ۋە ئىشەنچ قىلغانلارنى بۇزۇق ئېتىقاد، يامان نىيەت، ناتوغرا چۈشەنچە ۋە خاتا تەسەۋۋۇر قاتارلىق روھىي كېسەللىكلەردىن، ئەمەل - ئىبادەتتىكى بىدئەت، ئەدەپ - ئەخلاقتىكى ئىللەت، مۇئامىلە - مۇناسىۋەتتىكى ساختىلىق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەردىن ساقايتىدىغان ۋە ساقلايدىغان مەنىۋى بىر دورىدۇر.

قۇرئان رەھمەتتۇر. يەنى قۇرئان ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، لايىق رەۋىشتە ئوقۇغۇچىلىرىغا ساۋاب قازاندۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغۇچىلارنى ھەر جەھەتتىن توغرا ئىلىمگە ئىگە قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىغا لايىق قىلىدىغان،

---

① قاراڭ: 2 - بەقەرە، 238 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 103 - ئايەت؛11 - سۈرە ھۇد، 114 - ئايەت.

تەسلىكنى ئاسانلاشتۇرىدىغان، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان، خاتالىقلىرىنىڭ ئەيىۋى قىلىنىش، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىش ۋە يامانلىقلىرىنىڭ ياخشىلىقلارغا ئايلاندۇرۇلۇش يوللىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىلاھىي ئىنئامدۇر.

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَتْكُم مَّوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَشِفَآءٌ لِّمَا فِى ٱلصُّدُورِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٥٧﴾﴾

«ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلاردىن نەسىھەت، دىللاردىكى دەردلەرگە شىپا، مۇئمىنلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت كەلدى»[①].

﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ ٱلظَّـٰلِمِينَ إِلَّا خَسَارًا ﴿٨٢﴾﴾

«بىز مۇئمىنلارغا شىپا ۋە رەھمەت بولغان قۇرئاننى نازىل قىلماقتىمىز. قۇرئان زالىملارغا زىياندىن باشقا نەرسە زىيادە قىلمايدۇ»[②].

## 2) قۇرئاننىڭ ئالاھىدىلىكى

قۇرئان ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ[③]. چۈنكى ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردۇر، جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر[④]. ئۇ ئالدىدىنمۇ، كەينىدىنمۇ باتىل يېقىنلىشالمايدىغان ئەزىز كىتابتۇر[⑤]. ئۇ ياخشى - يامانني ئايرىغۇچى سۆزدۇر، ھەرگىزمۇ چاقچاق ئەمەستۇر[⑥]. ئۇ ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ ۋە روشەن قۇرئاندۇر[⑦]. ئۇ ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئاسان قىلىنغان[⑧]، بەرىكەتلىك

---

① 10 - سۈرە يۇنۇس، 57 - ئايەت.

② 17 - سۈرە ئىسرا، 82 - ئايەت.

③ قاراڭ: 17 - سۈرە ئىسرا، 9 - ئايەت.

④ قاراڭ: 45 - سۈرە جاسىيە، 20 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 41 - ۋە 42 - ئايەتلەر.

⑥ قاراڭ: 86 - سۈرە تارىق 13 - ۋە 14 - ئايەتلەر.

⑦ قاراڭ: 56 - سۈرە ۋاقىئە، 77 - ئايەت؛ 85 - سۈرە بۇرۇج، 21 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 69 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 54 - سۈرە قەمەر، 17 - ، 22 - ، 32 - ۋە 40 - ئايەتلەر.

كىتابتۇر[1]. ئۇ ھەر نەرسىنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدىغان، ئاللاھقا تەسلىم بولغۇچىلارغا ھىدايەت، رەھمەت ۋە خۇش خەۋەر بولغان كىتابتۇر[2].

### 3) قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكى

قۇرئان لەۋزىنىڭ مىسلىسىز، مەنىسىنىڭ تەڭداشسىز، ھۆكۈملىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل، كۆپ قېتىم تەكرارلانسىمۇ ھەر قېتىمدا تىلغا تاتلىق، قۇلاققا يېقىملىق، ئەقىلگە يېڭىلىق تۇيۇلۇشى قاتارلىقلار بىلەن مۆجىزە بولۇپ، پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلار بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ[3].

### 4) قۇرئاننىڭ رەھبەرلىكى

قۇرئان نازىل بولۇشتا پۈتۈن ئىنسانلارغا توغرا يول رەھبىرى بولسىمۇ[4]، لېكىن ئۇ نەتىجىدە تەقۋادارلارغا (ئۆزىنىڭ فىترىتىنى ساقلاپ ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن ساقلىنىشنى خالىغانلارغا)[5]، مۇئمىنلارغا (قۇرئانغا ئىشەنگەن ۋە ئىشەنچ قىلغانلارغا)[6] توغرا يول رەھبىرى بولۇپ، ئۇلارنى دۇنيادا بەختلىك ھاياتنىڭ، ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ يولىغا باشلايدۇ.

### 5) قۇرئان ئەلچىسىنىڭ قۇرئان ھەققىدىكى بۇيرۇقى ۋە ۋەسىيىتى

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ تەرىپىمدىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار»[7].

---

① قاراڭ: 6 ـ سۈرە ئەنئام، 92 ـ ۋە 155 ـ ئايەتلەر؛ 21 ـ سۈرە ئەنبىيائ، 50 ـ ئايەت؛ 38 ـ سۈرە ساد، 29 ـ ئايەت. «بەرىكەتلىك» ـ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىلىم ئۆز ئىچىگە ئالغان دېمەكتۇر.

② قاراڭ: 12 ـ سۈرە يۇسۇف، 111 ـ ئايەت؛ 16 ـ سۈرە نەھل، 89 ـ ئايەت.

③ قاراڭ: 2 ـ سۈرە بەقەرە، 23 ـ ۋە 24 ـ ئايەتلەر؛ 11 ـ سۈرە ھۇد، 13 ـ ئايەتلەر؛ 17 ـ سۈرە ئىسرا، 88 ـ ئايەت؛ 4 ـ سۈرە نىسا، 82 ـ ئايەت.

④ قاراڭ: 2 ـ سۈرە بەقەرە، 185 ـ ئايەت؛ 4 ـ سۈرە نىسا، 174 ـ ئايەت؛ 10 ـ سۈرە يۇنۇس، 57 ـ ۋە 108 ـ ئايەت.

⑤ قاراڭ: 2 ـ سۈرە بەقەرە، 2 ـ ئايەت.

⑥ قاراڭ: 2 ـ سۈرە بەقەرە، 97 ـ ئايەت؛ 10 ـ سۈرە يۇنۇس، 57 ـ ئايەت؛ 27 ـ سۈرە نەمل 2 ـ ۋە 77 ـ ئايەت.

⑦ بۇخارى، «ئەھادىسۇل ئەنبىيا»، 49؛ تىرمىزى، «ئىلىم»، 13؛ دارىمى، «مۇقەددىمە»، 46؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد* 3: 159، 202، 214.

«سىلەرگە مەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى قويۇپ كەتتىم. ئۇنى مەھكەم تۇتساڭلار ئېزىپ كەتمەيسىلەر»[1].

## 6) ئىنسانىيەتنىڭ قۇرئان ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱعْتَصِمُوا۟ بِحَبْلِ ٱللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا۟ ۚ وَٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَآءً فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِۦٓ إِخْوَٰنًا وَكُنتُمْ عَلَىٰ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَا ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٠٣﴾﴾

«ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار ۋە ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار: سىلەر بىر - بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ قەلبىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ بۇ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر يەنە چوڭقۇر ئوتنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئۇ يەردىن قۇتقۇزدى. ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ. توغرا يولغا كەلگەيسىلەر! »[2].

﴿وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلْنَٰهُ مُبَارَكٌ فَٱتَّبِعُوهُ وَٱتَّقُوا۟ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿١٥٥﴾﴾

«بۇ بىز نازىل قىلغان كىتابتۇر، بەرىكەتلىكتۇر. ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، رەھمەتكە ئېرىشەلەيسىلەر»[3].

---

① مۇسلىم، «ھەج»، 147؛ ئەبۇ داۋۇد، «مەناسىك»، 56؛ ئىبنى ماجە، «مەناسىك»، 84.

② 3 - سۈرە ئال ئىمران، 103 - ئايەت. بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى» «ئاللاھنىڭ قۇرئانى» دېمەكتۇر، چۈنكى باشقا بىرقانچە ئايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر: 6 - سۈرە ئەنئام، 155 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 3 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 55 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 43 - ئايەت. تۆۋەندىكى رىۋايەتمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىشىچە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان ئاللاھنىڭ مەھكەم ئارغامچىسىدۇر» دېگەن. (تىرمىزى، «فەزائىلىل قۇرئان»، 13؛ دارىمى، «فەزائىلىل قۇرئان»، 1).

③ 6 - سۈرە ئەنئام، 155 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 139 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 55 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 51 - ئايەت؛ 63 - سۈرە مۇنافىقۇن، 8 - ئايەت.

## §3.ئەلچى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئەلچى ئەۋەتىشمۇ ئۇنىڭغا ھىدايەت قىلغانلىقىدۇر. «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئېلىپ كېلىپ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن كىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئاۋۋىلى ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىۋاستە ئەلچىلىرىدۇر. ئۇ ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەنلەر ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى، ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىز باسارلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇلار ئارقىلىقمۇ ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ. يەنى ئەلچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، پايدا - مەنپەئەت ۋە پىكىر - تەلەپلىرىگە زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنسانلار ئەلچىلەرگە قارشى چىقىدۇ. بۇ قارشى چىقىش بەزىدە تەنە - ھاقارەت، يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىش ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «سادىق، ئەمىن (راستچىل، ئىشەنچىلىك)» دەپ ئاتايدىغان مۇشرىكلار[1] ئۇنىڭ قۇرئاننى يەتكۈزۈشكە

[1] بۇ ھەقتە ئىككى تۈرلۈك رىۋايەت بار: 1 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى قۇرەيش خەلقى كەبىنى يېڭىلىغان. ئۇلار ئاخىرىدا ھەجەرۇلئەسۋەدنى (كەبىنىڭ تاۋاپ باشلىنىدىغان بۇرجىكىگە بېكىتىلگەن كۈمۈش قاپلىق قارا تاشنى) قەيەرگە قويۇش توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىپ قالغان، ھەتتا قىلىچلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشىكتىن دەسلەپتە كىم كىرسە ھەجەرۇلئەسۋەدنى شۇ قويسۇن دەپ ئىتتىپاقلاشقان. ئىشىكتىن دەسلەپتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىرگەن، ئۇلار: «بۇ ئەمىن» دېيىشكەن. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جاھىلىيەت دەۋرىدە «ئەمىن» دەپ ئاتايتتى. قاراڭ: ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 24: 262؛ ئەبۇ جەئفەر ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد تاھاۋى، *شەرھۇ مۇشكىلىل ئاسار*، تەھقىقلىگۈچى: شۇئەيب ئەرناۋۇت (بېيرۇت: مەكتەبەتۇر رىسالە، ھ 1415/ م 1994)، 14: 240؛ ئەبۇ ئابدىللاھ ھاكىم، *مۇستەدرەك، تەھقىقلىغۇچى: مۇستافا ئابدۇلقادىر ئاتا*، (بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1411 / م 1990)، 1: 628. 2 - رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى باشلىغان چاغلاردا بىر كۈنى قۇرەيشنىڭ پۈتۈن جەمەتىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر مەن سىلەرگە ماۋۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر ئاتلىق قوشۇن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ دېسەم مېنى تەستىقلامسىلەر؟» دېگەن ئىدى، ئۇلار: «بىز سېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىڭنى كۆرۈپ باقمىدۇق، بىز سېنىڭ پەقەت راستچىل ئىكەنلىكىڭنىلا كۆردۇق» دېيىشتى (قاراڭ: بۇخارى، «تەفسىر»، 111).

باشلىشى بىلەن «مۇھەممەد گۇمراھ بولدى، مۇھەممەد يولدىن ئاداشتى» دېيىشكەن. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن①.

### 1. ئەلچىنىڭ كىملىكى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ئىنسانلاردىن تاللانغان ئەر كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِم مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡقُرَىٰٓۗ أَفَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۗ وَلَدَارُ ٱلۡأٓخِرَةِ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ١٠٩﴾

«سەندىن ئىلگىرىمۇ، يۇرتلارنىڭ ئاھالىلىرىدىن بىز ۋەھيى قىلغان ئەرلەردىن باشقىسىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق. ئىنكارچىلار يەر يۈزىدە سەير قىلىپ ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئاخىرەت يۇرتى ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. يەنىلا ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟»②.

﴿وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤۡمِنُوٓاْ إِذۡ جَآءَهُمُ ٱلۡهُدَىٰٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَبَعَثَ ٱللَّهُ بَشَرٗا رَّسُولٗا ٩٤ قُل لَّوۡ كَانَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَلَٰٓئِكَةٞ يَمۡشُونَ مُطۡمَئِنِّينَ لَنَزَّلۡنَا عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَلَكٗا رَّسُولٗا ٩٥﴾

«ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت كەلگەندە ئىشەنمەسلىكىنىڭ بىرلا باھانىسى بار. ئۇ بولسا ئۇلارنىڭ: ‹ئاللاھ ئىنساننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟› دېيىشىدۇر. ئېيتقىنكى: ئەگەر زېمىندا مېڭىپ يۈرۈيدىغانلار ئۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى ئەلچى قىلىپ چۈشۈرەتتۇق»③.

---

① قاراڭ: 53 - سۈرە نەجم، 1 ~ 12 - ئايەتلەر.

② 12 - سۈرە يۇسۇف، 109 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 16 - سۈرە نەھل، 43 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 7 - ئايەت.

③ 17 - سۈرە ئىسرا، 94 - ۋە 95 - ئايەتلەر.

## 2. ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى

### 1) تەبلىغ

تەبلىغ - تولۇق يەتكۈزۈش دېمەكتۇر. بۇ، ئاللاھ تائالا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ئۇچۇرنى يەتكۈزۈلىدىغان كىشىلەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا ئەينەن تاپشۇرۇش، مەزمۇنىنى ئۇقتۇرۇش، مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ھۆكۈم - ھېكمەتلىرىنى ئۆگىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... فَهَلْ عَلَى ٱلرُّسُلِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٣٥﴾﴾

«ئەلچىلەرنىڭ روشەن تەبلىغ قىلىشتىن باشقا ۋەزىپىسى بارمۇ؟»[1].

﴿مَّا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا تَكْتُمُونَ ﴿٩٩﴾﴾

«بۇ ئەلچىنىڭ تەبلىغ قىلىشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوق. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان پۈتكۈل قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ»[2].

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغْ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ۖ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُۥ ۚ وَٱللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٦٧﴾﴾

«ئى ئەلچى! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننى تەبلىغ قىلغىن. ئەگەر قىلمىساڭ ئۇ تاپشۇرغان ئەلچىلىكنى يەتكۈزمىگەن بولىسەن. ئاللاھ سېنى ئىنسانلاردىن ساقلايدۇ. ئاللاھ كافىر قەۋمنى ھەرگىزمۇ ھىدايەت قىلمايدۇ»[3].

---

① 16 - سۈرە نەھل، 35 - ئايەت.

② 5 - سۈرە مائىدە، 99 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 20 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 92 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 40 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 82 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 54 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 18 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 48 - ئايەت؛ 64 - سۈرە تەغابۇن، 12 - ئايەت.

③ 5 - سۈرە مائىدە، 67 - ئايەت.

﴿كَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِيكُمۡ رَسُولٗا مِّنكُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِنَا وَيُزَكِّيكُمۡ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمۡ تَكُونُواْ تَعۡلَمُونَ ١٥١﴾

«بىزنىڭ سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن ئەلچى ئەۋەتىشىمىزمۇ شۇنداق ئىدى[1]. ئۇ ئەلچى سىلەرگە ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدۇ، سىلەرنى پاكلايدۇ، سىلەرگە كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ، سىلەرگە يەنە بىلمىگىنىڭلارنى ئۆگىتىدۇ»[2].

دېمەككى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ۋەزىپىسى «تەبلىغ»دۇر. تەبلىغ - ئىنسانلارغا ئايەتلەرنى ئەينەن ئوقۇپ بېرىش ۋە قانداق ئەمەل قىلىشنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگىتىش، ئۇلارنى ئەمەلىي جەھەتتىن بۇزۇق ئەقىدە، يامان ئەمەل ۋە ناچار ئىللەتلەردىن پاكلىنىشقا، ئىلمىي جەھەتتىن جاھالەت، ئازغۇنلۇق ۋە مەنىۋى كورلۇقتىن پاكلىنىشقا يېتەكلەش، كىتابنىڭ ھۆكۈم ۋە ھېكمەتلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلار نېمىنى بىلمەيدىغان بولسا، ئۇلارغا كىتاب ئارقىلىق شۇنى ئۆگىتىش قاتارلىقلاردۇر.

## 2) ئۈلگە بولۇش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَّقَدۡ كَانَ لَكُمۡ فِي رَسُولِ ٱللَّهِ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ لِّمَن كَانَ يَرۡجُواْ ٱللَّهَ وَٱلۡيَوۡمَ ٱلۡأٓخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ كَثِيرٗا ٢١﴾

«ئاللاھنىڭ رەسۇلى سىلەرگە - ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغان كىشىلەرگە - ھەقىقەتەن ياخشى ئۈلگىدۇر»[3].

ئۈلگە بولۇش ئۆزى ئېلىپ كەلگەن كىتابقا ئۆزى ئەمەل قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] يەنى بىزنىڭ سىلەرگە قىبلىنى ئۆزگەرتىپ بېرىشىمىز خۇددى بىزنىڭ سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن ئەلچى ئەۋەتكىنىمىزگە ئوخشاشلا سىلەرگە نېمىتىمىزنى تاماملاش ئۈچۈندۇر.

[2] 2 - سۈرە بەقەرە، 151 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 164 - ئايەت؛ 62 - سۈرە جۇمۇئە، 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر.

[3] 33 - سۈرە ئەھزاب، 21 - ئايەت.

﴿ٱتَّبِعۡ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٠٦﴾

«رەببىڭدىن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا ئەگەشكىن، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرۈگىن»①.

﴿فَٱسۡتَمۡسِكۡ بِٱلَّذِيٓ أُوحِيَ إِلَيۡكَۖ إِنَّكَ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٤٣﴾

«سەن، ئۆزۈڭگە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغىن. سەن ئەلۋەتتە توغرا يولدىسەن»②.

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلىشتا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن مۇئمىنلارغا ياخشى ئۆلگە ئىكەنلىكى بايان قىلىندۇ. بۇ بايان ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئەلچىلىرىنىڭ ئۆز زامانىدىكى مۇئمىنلارغا ياخشى ئۆلگە بولغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئوخشاشتۇر.

### *§4.تەۋپىق*

ئاللاھ تائالا بىرىنچى ھىدايەت بولغان ئەقلنى ئىشلىتىپ ئىككىنچى ھىدايەت بولغان كىتابنى قەلبى، تىلى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن قوبۇل قىلغانلارغا، ئۇ يولدا مەدەت بېرىدۇ، ياردەم قىلىدۇ، مۇستەھكەم تۇرغىلى نېسىپ قىلىدۇ ۋە نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ يَهۡدِيهِمۡ رَبُّهُم بِإِيمَٰنِهِمۡۖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ ٱلۡأَنۡهَٰرُ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ٩﴾

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، رەببى ئۇلارنى ئىمانلىرى سەۋەبىدىن ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار نەئىم جەننەتلىرىدە بولىدۇ»③.

---

① 6 - سۈرە ئەنئام، 106 - ئايەت؛ مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 10 - سۈرە يۇنۇس، 109 - ئايەت؛ 33 - سۈرە ئەھزاب، 2 - ئايەت.

② 43 - سۈرە زۇخرۇف، 43 - ئايەت.

③ 10 - سۈرە يۇنۇس، 9 - ئايەت.

﴿وَيَزِيدُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱهْتَدَوْا۟ هُدًى ۗ وَٱلْبَٰقِيَٰتُ ٱلصَّٰلِحَٰتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ مَّرَدًّا ﴿٧٦﴾﴾

«ئاللاھ ھىدايەت تاپقانلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ. پايدىسى تۈگىمەيدىغان ياخشى ئەمەللەر، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ياخشى ساۋاب قازاندۇرىدۇ ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ»①.

﴿وَٱلَّذِينَ جَٰهَدُوا۟ فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَمَعَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٦٩﴾﴾

«بىزنىڭ يولىمىزدا جىھاد قىلغانلارغا كەلسەك، بىز ئۇلارنى ئەلۋەتتە يوللىرىمىزغا يېتەكلەيمىز. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»②.

﴿وَٱلَّذِينَ ٱهْتَدَوْا۟ زَادَهُمْ هُدًى وَءَاتَىٰهُمْ تَقْوَىٰهُمْ ﴿١٧﴾﴾

«ھىدايەت تاپقانلار بولسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا تەقۋالىقنى ئاتا قىلىدۇ»③.

﴿مَآ أَصَابَ مِن مُّصِيبَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۗ وَمَن يُؤْمِنۢ بِٱللَّهِ يَهْدِ قَلْبَهُۥ ۚ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿١١﴾﴾

«يۈز بەرگەن ھەرقانداق ھادىسە ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن يۈز بېرىدۇ. كىم ئاللاھقا ئىمان ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»④.

### خۇلاسە

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بىرىنچى ھىدايىتى بولغان ئەقلنى بەرمىگەن ياكى ئېلىۋالغان كىشىلەرنى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھىدايەتكە تەكلىپ

---

① 19 - سۈرە مەريەم، 76 - ئايەت.
② 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 69 - ئايەت.
③ 47 - سۈرە مۇھەممەد، 17 - ئايەت.
④ 64 - سۈرە تەغابۇن، 11 - ئايەت.

قىلمايدۇ. يەنى ئەقلىنى يوقاتقان ساراڭ ياكى تۇغۇلما ئەقلى يوق كىشىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىغا بويسۇنۇش ۋە ئەلچىسىگە ئەگىشىشكە تەكلىپ قىلىنمايدۇ. بىرىنچى ھىدايەتكە ئىگە بولغانلار ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھىدايەتكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بىرىنچى ھىدايەت بېرىلگەنلەرگە ئەينى ۋاقىتتا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھىدايەتنى قوبۇل قىلىش قىلماسلىق توغرىسىدا ئىختىيارمۇ بېرىلگەن①. ئۆز ئىختىيارى بىلەن كىتابقا ئىشەنگەن ۋە ئەلچىگە ئەگەشكەنلەر ھىدايەت تاپقان، ئەگەشمىگەنلەر ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بىر ئايەت مۇنداق:

﴿مَّنِ ٱهۡتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيۡهَاۚ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰۗ وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبۡعَثَ رَسُولٗا ١٥﴾

«كىم ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ. كىم ئېزىپ كېتىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ. ھېچبىر گۇناھكار باشقىسىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. بىز ئەلچى ئەۋەتمەي تۇرۇپ جازالىمايمىز»②.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ تۆتىنچى ھىدايىتى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى پەقەت ئۆزى خالىغان كىشىلەرگىلا بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا صُمّٞ وَبُكۡمٞ فِي ٱلظُّلُمَٰتِۗ مَن يَشَإِ ٱللَّهُ يُضۡلِلۡهُ وَمَن يَشَأۡ يَجۡعَلۡهُ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٣٩﴾

«بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەر قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە قالغان گاس ۋە گاچىلاردۇر. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان كىشىنى توغرا يول ئۈستىدە قىلىدۇ»③.

① قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 29 - ئايەت؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 1 ~ 3 - ئايەتلەر.

② 17 - سۈرە ئىسرا، 15 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 10 - سۈرە يۇنۇس، 108 - ئايەت؛ 27 - سۈرە نەمل، 92 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 42 - ئايەت.

③ 6 - سۈرە ئەنئام، 39 - ئايەت.

﴿مَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِى ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿١٧٨﴾﴾

«ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشى ھىدايەت تاپقۇچىدۇر. ئاللاھ ئازدۇرغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەردە خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى، خالىغان كىشىنى ئازدۇرۇدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. باشقا بىرقانچە ئايەتتە بولسا، قەۋملەرنىڭ ئىچىدىن زالىم، كافىر ۋە فاسىق قەۋملەرگە ھىدايەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [2]. شەخسلەرنىڭ ئىچىدىن يالغانچى، تۆزكور، ھەددىدىن ئاشقان ۋە ئايەتلىرىگە ئىشەنمىگەن كىشىلەرنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ [3]. شۇنىڭدەك، فاسىقلارنى، زالىملارنى، كافىرلارنى، ھەددىدىن ئاشقان ۋە ھەقتىن شۈبھىلەنگەن كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ[4].

دېمەككى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ «خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ»غانلىقىنى، «خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ»غانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ «ھىدايەت قىلىشى» ۋە «ئازدۇرۇشى» ئۈچۈن كىملەرنى «خالايدۇ»غانلىقىنىمۇ بىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالانىڭ ئەنە شۇ بىلدۈرۈشىدىن ئوچۇق - ئاشكارا ۋە ناھايىتى ئېنىق مەلۇم بولىدۇكى،

---

① 7 - سۈرە ئەئراف، 178 - ئايەت.

② «ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 258 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 86 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 51 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 144 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 19 - ۋە 109 - ئايەتلەر؛ 28 - سۈرە قەسەس، 50 - ئايەت؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 10 - ئايەت؛ 61 - سۈرە سەف، 9 - ئايەت؛ 62 - سۈرە جۇمۇئە، 5 - ئايەت)؛ «ئاللاھ كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 264 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 67 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 37 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 107 - ئايەت)؛ «ئاللاھ فاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 108 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 24 - ۋە 80 - ئايەت؛ 61 - سۈرە سەف، 5 - ئايەت؛ 63 - سۈرە مۇنافىقۇن، 6 - ئايەت).

③ «ئاللاھ يالغانچىنى ۋە تۆزكورنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 3 - ئايەت)؛ «ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقۇچى ۋە يالغانچى كىشىلەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (قاراڭ: 40 - سۈرە غافىر، 28 - ئايەت)؛ «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارنى ئاللاھ ھەرگىزمۇ ھىدايەت قىلمايدۇ. ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار» (16 - سۈرە نەھل، 104 - ئايەت).

④ «ئاللاھ فاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ» (2 - سۈرە بەقەرە، 26 - ئايەت)؛ «ئاللاھ زالىملارنى ئازدۇرىدۇ» (14 - سۈرە ئىبراھىم 27 - ئايەت)؛ «ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقۇچى ۋە شۈبھىلەنگۈچى كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ» (40 - سۈرە غافىر، 34 - ئايەت)؛ «ئاللاھ كافىرلارنى ئازدۇرىدۇ» (40 - سۈرە غافىر، 74 - ئايەت).

ئاللاھ تائالا قەۋملەرنىڭ ئىچىدىن، زۇلۇمدىن، كۇفرىلىقتىن ۋە فاسىقلىقتىن ساقلانغانلارنى؛ شەخسلەرنىڭ ئىچىدىن تۈزكۈرلۈقتىن، يالغانچىلىقتىن ۋە ھەددىدىن ئېشىشتىن ساقلانغانلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن خالايدۇ ۋە ھىدايەت قىلىدۇ. يەنى ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ، ياردەم قىلىدۇ ۋە ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرغىلى نېسىپ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى توغرا يولدا دەپ قوبۇل قىلىدۇ. كۇفرىلىق، زالىملىق ۋە فاسىقلىق قىلغانلارنى، ھەددىدىن ئاشقانلارنى ۋە ھەقتىن شۈبھىلەنگەنلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن خالايدۇ ۋە ئازدۇرىدۇ. يەنى ئۇلارنى مەدەت ۋە ياردەمسىز قويىدۇ، رەھمىتىدىن يىراق تۇتىدۇ، توغرا يولدا دەپ قوبۇل قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا فاتىھە سۈرىسىدە قىلىشىمىزنى ئۆگەتكەن دۇئادىكى ھىدايەت ئەنە شۇ ھىدايەتتۇر:

﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ٦﴾

«بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن»[1].

يەنى ئى ئاللاھ! بىزنى توغرا يولۇڭدا ئۇدۇل مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرغىلى نېسىپ قىلغىن، سېنىڭ يولۇڭغا كەلدۇق، قوبۇل قىلغىن.

---

[1] 1 - سۈرە فاتىھە، 6 - ئايەت.

# II قۇرئاندا ئىنسان

## §1.ئومۇمىي بايان

ئىنسان بەدەن، جان ۋە روھتىن تەركىب تاپقان[1]؛ نەفس، ئەقىل، دىل دەپ ئاتىلىدىغان قابىلىيەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە[2]؛ پۇت، قول ۋە باشقا ئەزالىرى بولغان[3]؛ چىرايلىق شەكىللىك، مويسىز بەدەنلىك، ھۆر ئىرادىلىك[4]؛ ئاڭلىغان ۋە كۆرگىنىنى چۈشىنىش، مەقسىتىنى تىلى بىلەن سۆزلەپ بايان قىلىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ھۆرمەتلىك مەخلۇقتۇر[5].

---

[1] قاراڭ: 23 - سۈرە مۆئمىنۇن، 12 ~ 14 - ئايەتلەر؛ 32 - سۈرە سەجدە، 7 ~ 9 - ئايەتلەر.

[2] قۇرئان كەرىمدە بىرقانچە ئايەتتە كەلگەن «نەفس» ۋە «ئەنفۇس» كەلىمىلىرى، بۇ يەردىكى «نەفس» مەنىسىدە كەلگەن (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 128 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۇسۇف، 53 - ۋە 68 - ئايەتلەر؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 71 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 23 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر، 9 - ئايەت؛ 64 - سۈرە تەغابۇن، 16 - ئايەت؛ 75 - سۈرە قىيامەت، 2 - ئايەت؛ 79 - سۈرە نازىئات، 40 - ئايەت؛ 89 - سۈرە فەجر، 27 - ئايەت). نەفسنىڭ ئارزۇسى، ئىستىكى ۋە خاھىشى «ھەۋا» كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ ھەۋاغا ئەگىشىش مەنئى قىلىنغان، قامچىلانغان ۋە ئەيىبلەنگەن (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 135 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 176 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 28 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 16 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 43 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 50 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 26 - ئايەت؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 23 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 3 - ئايەت؛ 79 - سۈرە نازىئات، 40 - ئايەت). «ئەقىل ئىشلىتىش» ئىپادىلىرى (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 75 - ، 171 - ۋە 242 - ئايەتلەر؛ 12 - سۈرە يۇسۇف، 2 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 43 - ئايەت؛ 67 - سۈرە مۇلك، 10 - ئايەت)، ئەلباب (الألباب) كەلىمىلىرى (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 179 - ، 197 - ۋە 269 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 7 - ۋە 190 - ئايەتلەر؛ 5 - سۈرە مائىدە، 100 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۇسۇف، 111 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 19 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 52 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 29 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 9 - ، 18 - ۋە 21 - ئايەتلەر؛ 40 - سۈرە غافىر، 54 - ئايەت؛ 65 - سۈرە تالاق، 10 - ئايەت)، نۇھا (النهى) كەلىمىسى (قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 54 - ۋە 128 - ئايەتلەر) ۋە ھىجر (حجر) كەلىمىسى (قاراڭ: 89 - سۈرە فەجر، 5 - ئايەت) ئىنساندا ئەقىلنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. فۇئاد (فؤاد) ۋە ئۇنىڭ كۆپلۈكى بولغان ئەفئىدە (الأفئدة) كەلىمىلىرى (قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 28 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 36 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۆئمىنۇن، 78 - ئايەت؛ 32 - سۈرە سەجدە 7 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 11 - ئايەت؛ 67 - سۈرە مۇلك، 23 - ئايەت)، قەلب (قلب) ۋە ئۇنىڭ كۆپلۈكى بولغان «قۇلۇب» كەلىمىلىرى (قۇرئان كەرىمدە «قەلب» دېگەن سۆز بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى بىلەن 100 قېتىمدىن ئارتۇق تەكرارلىنىدۇ) ئىنساندا «دىل»نىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[3] قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنىڭ قول، پۇت، باش، يۈز ۋە باشقا ئەزالىرى زىكىر قىلىنىدۇ (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 6 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 65 - ئايەت).

[4] قاراڭ: 95 - سۈرە تىن، 4 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 19 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 29 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 62 - ئايەت. ئىنساننىڭ «بەشەر» دېيىلىشى (قاراڭ: 15 - سۈرە ھىجر، 28 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 54 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 71 - ئايەت) ئۇنىڭ تېرىسى مويسىز بولغانلىقى، يەنى بەزى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىگە ئوخشاش مويلۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

[5] قاراڭ: 76 - سۈرە ئىنسان، 2 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 22 - ئايەت؛ 55 - سۈرە رەھمان، 4 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 70 - ئايەت.

نەفس راھەتنى خالايدىغان، مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدىغان، نەقنى سۆيىدىغان، ۋاقىتلىق ھۇزۇر ئىلىشنى كۆزلەيدىغان، توغرا - خاتاغا پەرۋا قىلمايدىغان، پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان ئىچكى دۈشمەندۇر①.

ئەقىل تەپەككۇر، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە توغرا - خاتانى، ھەق - باتىلنى ۋە راست - يالغاننى ئايرىيدىغان، ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان، يامانلىقتىن ياندۇرىدىغان، ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان يېتەكچىدۇر②.

دىل قارار چىقىرىدىغان مەركەزدۇر، باشقۇرىدىغان رەئىستۇر، بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان قوماندانلدۇر. پۇت - قول ۋە باشقا ئەزالار بولسا، ئۇ قارارنى ئىجرا قىلىدىغان ۋاستىلەردۇر③.

ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى مەۋجۇدىيىتى ئاتىسى ئادەم ۋە ئۇنىڭ جۈپتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئاندىن تەدرىجىي نەسىل قالدۇرۇش يولى بىلەن داۋاملاشقان④.

---

① «نەفسلەر يامانلىققا بۇيرۇپ تۇرغۇچىدۇر» (12 - سۈرە يۈسۈف، 53 - ئايەت)؛ 79 - سۈرە نازىئاتنىڭ 40 - ۋە 41 - ئايەتلىرىدە نەفسنى خاھىشىدىن توسقان كىشىنىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇمۇ دالالەت قىلىدۇكى، نەفس دائىم يامان ئىشلارنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا نەفسنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىشتىن توسقان (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 135 - ئايەت).

② ئەقىل، 20 - سۈرە تاھانىڭ 54 - ۋە 128 - ئايەتلىرىدە نۇھا (النهى) يەنى يامانلىقلاردىن مەنئى قىلغۇچى، 89 - سۈرە فەجرنىڭ 5 - ئايىتىدە ھىجر «حجر»، يەنى نالايىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە توسالغۇ بولغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە يامان ئىش قىلغۇچىلارغا «ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟»، «ئەقىللىرىنى ئىشلەتمەمدۇ؟» دېگەن مەنىدىكى ئېيتىلىشلەر، ئەقىلنىڭ يامانلىقتىن توسىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان رەھبەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

③ 17 - سۈرە ئىسرانىڭ 26 - ئايىتى، 26 - سۈرە شۇئەرانىڭ 89 - ئايىتى ۋە 50 - سۈرە قافنىڭ 33 - ئايىتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. تۆۋەندىكى رىۋايەتمۇ بۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ: رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئىنسان بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار. ئۇ گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئۇ گۆش بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ گۆش قەلب (دىل)دۇر» (بۇخارى، «ئىمان» 39، «بۇيۇئ»، 2؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 107؛ ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئ»، 3؛ تىرمىزى، «بۇيۇئ»، 1؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 2).

④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 98 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 189 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 6 - ئايەت؛ 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىنى ئۆز قولى بىلەن تۇپراقتىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئىسىم ۋە سىرلىرىنى ئۆگەتكەن[1]، ئاندىن ئۇنى جۈپتى بىلەن بىرلىكتە يەر يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرغان[2].

ئاللاھ تائالا ئىنسان بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىندۇر[3]، ئۇنىڭ مېھرىبان ئىگىسى ۋە ھەقىقىي ياردەمچىسىدۇر[4]. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياخشى - يامانىنى ئىلھام قىلىدۇ، ئۇنى ياخشىنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ياماندىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ[5].

ئىنساننىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى يېزىپ ۋە ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بار[6]. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يامانى ياخشى، سەتنى چىرايلىق ۋە خاتانى توغرا قىلىپ كۆرسىتىدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە ۋەسۋەسە قىلىدىغان[7] ئاشكارا دۈشمەن ۋە يامان ھەمراھ بولغان شەيتانمۇ بار[8].

### *§2.ئىنساننىڭ فىترىتى/ يارىتىلىشتىكى ئەسلىي ھالىتى*

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 12 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 75 - ۋە 76 - ئايەتلەر؛ 2 - سۈرە بەقەرە، 31 - ئايەت.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 36 - ۋە 38 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 24 - ئايەت.

③ قاراڭ: 57 - سۈرە ھەدىد، 4 - ئايەت؛ 58 - سۈرە مۇجادەلە، 7 - ئايەت؛ 50 - سۈرە قاف، 16 - ئايەت.

④ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 143 - ۋە 207 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 30 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 65 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 40 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 78 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 91 - سۈرە شەمس، 8 - ئايەت.

⑥ قاراڭ:10 - سۈرە يۇنۇس، 21 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 80 - ئايەت؛ 50 - سۈرە قاف، 16 ~ 18 - ئايەتلەر؛ 82 - سۈرە ئىنفىتار، 10 ~ 12 - ئايەتلەر.

⑦ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 268 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 43 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 16 - ۋە 17 - ئايەتلەر؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 48 - ئايەت؛ 15 - سۈرە ھىجر، 39 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 63 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 53 - ئايەت؛ 27 - سۈرە نەمل، 24 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 38 - ئايەت؛ 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 25 - ئايەت؛ 114 - سۈرە ناس، 4 ~ 6 - ئايەتلەر.

⑧ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 168 - ۋە 208 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 38 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 142 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 17 - ۋە 22 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۇسۇف، 5 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 53 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 6 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 60 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 36 - ۋە 62 - ئايەت؛ 50 - سۈرە قاف، 27 - ئايەت..

﴿فَأَقِمۡ وَجۡهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفٗاۚ فِطۡرَتَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي فَطَرَ ٱلنَّاسَ عَلَيۡهَاۚ لَا تَبۡدِيلَ لِخَلۡقِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٣٠﴾

«سەن ئۆڭ - سولغا بۇرۇلماستىن يۈزۈڭنى بۇ دىنغا توغرىلىغىن، يەنى ئاللاھ ياراتقان فىترەتكە بويسۇنغىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۇنىڭ بىلەن ياراتقان. ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ھېچ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئەنە شۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ»[1].

«فىترەت» - «ياراتتى» دېگەن مەنىدىكى فەتەرە (فَطَرَ) پېئىلىنىڭ[2] ھالەتلىك (ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان) مەسدىرى بولۇپ، مەنىسى «يارىتىش پېئىلى ئەمەلىيلەشكەندە يارىتىلغۇچىدا شەكىللەنگەن ھالەت» دېگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ فىترىتىنى (ئۇلارنى ياراتقان چاغدا شەكىللەندۈرگەن ھالىتىنى) ئۆزىنىڭ يارىتىشتا، ياشىتىشتا، باشقۇرۇشتا ۋە ئۇ مەخلۇقاتلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولۇشتا يالغۇز ئىكەنلىكى، ھەقنىڭ ھەق، باتىلنىڭ باتىل ئىكەنلىكى ۋە ياخشىنىڭ ياخشى، يامانىنىڭ يامان ئىكەنلىكى قاتارلىق ھەقىقەتلەر بىلەن شەكىللەندۈرگەن. جۈملىدىن ئىنساننىڭ فىترىتىنىمۇ ئەنە شۇ ھەقىقەتلەر بىلەن شەكىللەندۈرگەن. ئەنە شۇ فىترەت ئۆزگەرمەيدۇ، دائىم ھەققە، ياخشىغا، چىرايلىققا ۋە توغرىغا ئۈندەيدۇ، باتىلدىن، ياماندىن، سەتتىن ۋە خاتادىن توسىدۇ.

ئاللاھ تائالا مەزكۇر ھەقىقەتلەرنى ئىنسانغا نازىل قىلغان كىتابلىرىدا بايان قىلغان. ئۇ ھەقىقەتلەرنىڭ بۇ كىتابلاردىكى ئىسمى «دىن»دۇر. يۇقىرىدىكى ئايەتتە «يۈزىنى دىنغا توغرىلاش»نىڭ «فىترەتكە بويسۇنۇش» بىلەن ئىزاھلىنىشى بۇنى كۆرسىتىدۇ. دېمەككى، ھەقىقىي دىندارلىق فىترەتكە بويسۇنۇش بىلەن، فىترەتكە بويسۇنۇش ھەقىقىي دىندارلىق بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

---

① 30 - سۈرە رۇم، 30 - ئايەت.

② قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام،79 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 51 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 22 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 27 - ئايەت.

## §3.ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكى

ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ئۇرۇقلانغان تۇخۇمدىن باشلىنىدۇ. ھامىلىدارلىقنىڭ تۆتىنچى ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇنىڭ كۆز، قۇلاق ۋە باشقا بارلىق ئەزالىرى تولۇق شەكىللىنىپ بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا روھ پۈۋلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا كۆزى بىلەن كۆرگەن نەرسىلەرنى ۋە قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ئاۋازلارنى چۈشىنىش، ئۇ نەرسىلەر ۋە ئۇ ئاۋازلار توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتى پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا ھايۋاندىن پەرقلىق ھالەتكە كېلىدۇ①.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ذَٰلِكَ عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلۡعَزِيزُ ٱلرَّحِيمُ ٦ ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ كُلَّ شَيۡءٍ
خَلَقَهُۥۖ وَبَدَأَ خَلۡقَ ٱلۡإِنسَٰنِ مِن طِينٖ ٧ ثُمَّ جَعَلَ نَسۡلَهُۥ مِن سُلَٰلَةٖ مِّن مَّآءٖ مَّهِينٖ ٨
ثُمَّ سَوَّىٰهُ وَنَفَخَ فِيهِ مِن رُّوحِهِۦۖ وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا مَّا
تَشۡكُرُونَ ٩﴾

---

① ئاللاھ تائالا 2 - سۈرە بەقەرەنىڭ 233 - ئايىتى بىلەن 31 - سۈرە لۇقماننىڭ 14 - ئايىتىدە ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئېمىتىش ۋاقتىنىڭ ئىككى يىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، 46 - سۈرە ئەھقافنىڭ 15 - ئايىتىدە ئانىنىڭ بالىسىغا ھامىلىدارلىق ۋاقتى بىلەن ئۇنى ئېمىتىش مۇددىتىنىڭ 30 ئاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 30 ئايدىن ئىككى يىلنى چىقارساق ئالتە ئاي قالىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى ئاي قەمەرىيە ھېسابى بىلەن ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئالتە ئاينىڭ ئۈچ ئېيى 29 دىن، ئۈچ ئېيى 30 دىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ ئالتە ئاي 177 كۈن بولغان بولىدۇ. دېمەككى، ھامىلە ئانىسىنىڭ قورسىقىدا روھ پۈۋلىنىپ ئىنسان ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن 6 ئاي (يەنى 177 كۈن) قالىدۇ. ئانىسىنىڭ ئۇنى «قورسىقىدا ئۇستى - ئۇستىلەپ ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈرگەن (قاراڭ: 31 - سۈرە لۇقمان، 14 - ئايەت)» ۋاقتىمۇ بۇ ئالتە ئايدۇر. بۇ ئالتە ئايدىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئۇنىڭ شەكىلدىن شەكىلگە كىرىپ ئاخىرى ئىنسان شەكلىنى ئېلىش باسقۇچلىرىدۇر. ئۇ تولۇق ئىنسان شەكلىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا روھ پۈۋلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «باشقا بىر مەخلۇق »قا يەنى ئىنسانغا ئايلانغان بولىدۇ (قاراڭ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 12 ~ 14 - ئايەتلەر). بۈگۈن مۇتەخەسسىس تېببىي تەتقىقاتچىلار نورمال ھامىلىدارلىق مۇددىتىنىڭ 40 ھەپتە بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ 280 كۈنگە (9 ئاي 10 كۈنگە) تەڭ كېلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. بۇ 280 كۈندىن 177 كۈننى (ئالتە ئاينى) چىقارساق 103 كۈن قالىدۇ. بۇ 103 كۈن، 102 بىلەن 105 كۈن ئارىسىدا ئۆزگىرىدۇ. بۇنى ھەپتە بىلەن ھېسابلىساق 15 - ھەپتىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ تۇخۇمنىڭ ئۇرۇقلىنىشى بىلەن باشلانغاندىكى ھېسابتۇر. ناۋادا ھامىلىدارلىق تۇخۇمنىڭ تۇخۇمداندىن ئايرىلىپ رەھىمگە مېڭىشى بىلەن باشلانسا، بۇ تەقدىردە روھنىڭ پۈۋلىنىشى ئاز بولغاندا 118 كۈنگە، كۆپ بولغاندا 120 كۈنگە توغرا كېلىدۇ. بۇنى ھەپتە بىلەن ھېسابلىساق 18 ھەپتىگە توغرا كېلىدۇ.

«ئەنە شۇ ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئەزىزدۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر. ئۇ شۇنداق زاتكى، ياراتقان ھەر نەرسىسىنى چىرايلىق ياراتتى، ئىنساننى يارىتىشنى لايدىن باشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنى تولۇق شەكىلگە كىرگۈزدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىگە روھىدىن پۈۋلىدى، سىلەر ئۈچۈن ئاڭلاش قابىلىيىتى، كۆرۈش قابىلىيىتى ۋە دىللارنى بار قىلدى. بەكمۇ ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر!»[1].

بۇ ئايەتتە ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەردە [2] بۇ ئۈچ ئالاھىدىلىكنىڭ ئىنسانغىلا بېرىلگەن قابىلىيەتلەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

دىلنىڭ، ئاللاھ تائالانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ۋە ئەقلىنىڭ ئۈندەشلىرىگە پەرۋا قىلماي چىقارغان قارارلىرى بىلەن يامان ئىشلارنى قىلىۋەرگەن كىشىنىڭ مەزكۇر قابىلىيەتلىرى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىپ ئاخىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىيالمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ[3]. شۇنىڭ بىلەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلاردىن پەرقى قالمايدۇ، بەلكىدە ئۇ ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ ھايۋاننىڭ ئۇنداق قابىلىيەتلىرى يوق، لېكىن ھېچبىرى ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن دائىرىدىن چىقمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ ۖ لَهُمْ قُلُوبٌ لَّا يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَّا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ ءَاذَانٌ لَّا يَسْمَعُونَ بِهَآ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ كَٱلْأَنْعَـٰمِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْغَـٰفِلُونَ ﴿١٧٩﴾﴾

---

[1] 32 - سۈرە سەجدە، 6 ~ 9 - ئايەتلەر.

[2] قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 78 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 36 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۆئمىنۇن، 78 - ئايەت؛ 67 - سۈرە مۈلك، 23 - ئايەت.

[3] قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 103 ~ 109 - ئايەتلەر؛ 83 - سۈرە مۇتەففىفىن، 10 ~ 16 - ئايەتلەر.

«شۈبھىسىزكى، بىز جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى يارىتىپ جەھەننەم ئۈچۈن بېقىۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بار، ئۇلار ئۇ قەلبلەر بىلەن چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بار، ئۇلار ئۇ كۆزلەر بىلەن كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى بار، ئۇلار ئۇ قۇلاقلار بىلەن ئاڭلىمايدۇ. ئۇلار تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىگە ئوخشاشتۇر. بەلكىدە، ئۇلار تېخىمۇ گۇمراھتۇر. ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن غاپىللاردۇر»[①].

﴿أَرَءَيْتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَـٰهَهُۥ هَوَىٰهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا ﴿٤٣﴾ أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ أَوْ يَعْقِلُونَ ۚ إِنْ هُمْ إِلَّا كَٱلْأَنْعَـٰمِ ۖ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٤٤﴾﴾

«نەپسى خاھىشىنى ئىلاھى قىلىۋالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ! سەن ئۇ ئادەمگە ۋەكىل بولالامسەن؟ ياكى سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئاڭلايدۇ ياكى ئەقىل ئىشلىتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئۇلار پەقەت تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى تېخىمۇ تۆۋەندۇر»[②].

## §4.ئىنسانىنىڭ سەلبىي خاراكتېرلىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىلىق سۈپىتى بىلەن كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقان[③]، ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىنساننى ئۈستۈن قىلغان[④]. بۇ ئۈستۈنلۈكنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە پۈتۈن مەخلۇقاتنى ئىنسانغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن[⑤]، ئىنساننى بولسا ئۆزىگە (ئاللاھقىلا) قۇللۇق قىلىشى ئۈچۈن ياراتقان[⑥]. چۈنكى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ خوجايىنى، پەقەت ئاللاھنىڭلا قۇلى بولۇش

① 7 - سۈرە ئەئراف، 179 - ئايەت.
② 25 - سۈرە فۇرقان، 43 - ۋە 44 - ئايەتلەر.
③ قاراڭ: 59 - سۈرە ھەشر، 24 - ئايەت.
④ قاراڭ: 17 - سۈرە ئىسرا، 70 - ئايەت.
⑤ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 29 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 32 - ۋە 33 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 12 - ۋە 14 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 36 - ، 37 - ۋە 65 - ئايەتلەر؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 61 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 20 - ۋە 29 - ئايەتلەر؛ 35 - سۈرە فاتىر، 13 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 72 - ئايەت؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 12 - ۋە 13 - ئايەتلەر.
⑥ قاراڭ: 51 - سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

ئىنسان ئۇچۇن ھۆررىيەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك سەۋىيەسى بولۇپ، ئۇستۇنلۇكنىڭ بىردىنبىر نامايەندىسىدۇر[①].

ئىنسانىنىڭ بۇ قۇللۇقى ئۇنىڭ ئاللاھقا مۇھەببىتى، ئىھتىرامى ۋە شەرتسىز ئىتائىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ[②]. چۇنكى بۇ ئىختىيارىي قۇللۇقتۇر[③]. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بۇ قۇللۇققا مۇۋاپىق شەكىلدە ياراتقان ۋە ئۇنى بۇ قۇللۇققا بۇيرۇغان[④].

ئىنسان خاراكتېرىنىڭ بەزى تەرەپلىرى قارىماققا يېتەرسىزلىكتەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ھەر بىرى بىرەر نېمەتتۇر. چۇنكى ئىلاھىي تەكلىپ ئۇلارغا قارىتا بېرىلگەن، مەسئۇلىيەت ئۇلارغا قارىتا يۇكلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش ئىبادەتنىڭ (قۇللۇق قىلىشنىڭ) بىر پارچىسى ھېسابلانغان. مەلۇمكى ئىبادەت سەلبىي خاراكتېرگە ئەمەس، فىترەتكە ماسلىشىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئىنسانىنىڭ سەلبىي خاراكتېرلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1) ئاجىز

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمْۚ وَخُلِقَ ٱلۡإِنسَٰنُ ضَعِيفٗا ۝٢٨﴾

«ئاللاھ يۇكۇڭلارنى يېنىكلىتىشنى خالايدۇ. چۇنكى ئىنسان ئاجىز يارىتىلدى»[⑤].

ئىنسانىنىڭ بۇ ئاجىزلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۇرلۇك بولىدۇ:

① قاراڭ: 3 - سۇرە ئال ئىمران، 35 - ئايەت.

② راغىب ئىسفاھانى، «عبد»، 542؛ ئىبنى مەنزۇر، «عبد»، 3: 271؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «عبد»، *مۇئجەمۇلۋەسىت*، (دارۇ دەئۋەت، تارىخسىز)، 2: 579.

③ بۇ توغرىدا «ئىنسانىنىڭ ھوقۇقلىرى»دا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

④ قاراڭ: 2 - سۇرە بەقەرە، 21 - ئايەت؛ 16 - سۇرە نەھل، 36 - ئايەت.

⑤ 4 - سۇرە نىسا، 28 - ئايەت.

### (1) تېنى ئاجىز

ئىنسان دۇنياغا كەلگەن چېغىدا بەك ئاجىز ھالەتتە تۇغۇلىدۇ: ئۆزى ئوڭدا - دۈمدە بولالمايدۇ، ئۆيان - بۇيان ئۆرۈلەلمەيدۇ، يېمەك - ئىچمەك ۋە ھاجەتخانا ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالمايدۇ، مۇراد - مەقسىتىنى يىغلاپ ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق چاغلىرىدا كۈچلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بارغانسېرى ئاجىزلايدۇ. مانا بۇلار ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ ئاجىزلىقىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱللَّهُ خَلَقَكُمۡ ثُمَّ يَتَوَفَّىٰكُمۡۚ وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرۡذَلِ ٱلۡعُمُرِ لِكَيۡ لَا يَعۡلَمَ بَعۡدَ عِلۡمٍ شَيۡـًٔاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ قَدِيرٌ ٧٠﴾

«سىلەرنى ئاللاھ ياراتتى. ئاندىن كېيىن سىلەرنى يەنە ئاللاھ ۋاپات قىلدۇرىدۇ. سىلەردىن بەزىلەر ئۆمرىنىڭ ئەڭ ناچار ھالىتىگە قايتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىلگەنلىرىنى بىلەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، قادىردۇر»[1].

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن ضَعۡفٖ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعۡدِ ضَعۡفٖ قُوَّةٗ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعۡدِ قُوَّةٖ ضَعۡفٗا وَشَيۡبَةٗۚ يَخۡلُقُ مَا يَشَآءُۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡقَدِيرُ ٥٤﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرنى ئاجىزلىقتىن ياراتتى، ئاندىن سىلەرگە ئاجىزلىقتىن كېيىن قۇۋۋەت بەردى، ئاندىن قۇۋۋەتتىن كېيىن ئاجىزلىق ۋە قېرىلىق يەتكۈزدى. ئۇ خالىغىنىنى يارىتىدۇ. ئۇ بىلگۈچىدۇر، قادىردۇر»[2].

### (2) دىلى ئاجىز

دىل دائىم ئەقلىنىڭ ئويدەشلىرى بىلەن نەفسىنىڭ خاھىشلىرى ئارىسىدا ئىككىلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىلھاملىرى بىلەن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدى بولىدۇ، ئاخىرەتنىڭ نازۇنېمەتلىرى

---

① 16 - سۈرە نەھل، 70 - ئايەت.
② 30 - سۈرە رۇم، 54 - ئايەت.

بىلەن دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ئارىسىدا دېلىغۇل بولىدۇ. ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا نەفسكە يېڭىلىدۇ، شەيتانغا ئالدىنىدۇ، ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەرگە بېرىلىدۇ، ئەمەل - مەنسەپ، مال - مۈلۈك ۋە كەيپ - ساپا قاتارلىقلارنىڭ جازىبىسى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، كونترولدىن چىقىدۇ ۋە ھەددىدىن ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خاتا قارار بېرىدۇ - دە، ئاقىۋەتتە ئىگىسىنى زىيان تارتقۇزىدۇ①. مانا بۇلار دىلنىڭ ئاجىزلىقىدۇر. بۇ خىل ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى تۇنجى قېتىم ئادەم ئاتىدا كۆرۈلگەن. ئادەم ئاتا شەيتاننىڭ ئەبەدىي ھايات ۋە مەڭگۈ پادىشاھلىق ۋەسۋەسلىرىنىڭ ئالدىدا، ئىلگىرى ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئۇنتۇغان ۋە ئىرادىسىزلىك قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَلَقَدۡ عَهِدۡنَآ إِلَىٰٓ ءَادَمَ مِن قَبۡلُ فَنَسِيَ وَلَمۡ نَجِدۡ لَهُۥ عَزۡمٗا ١١٥﴾

«بىز ئىلگىرى ئادەمدىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. لېكىن ئۇ ئۇنتۇدى. بىز ئۇنى ئىرادىلىك كۆرمىدۇق»②.

﴿فَوَسۡوَسَ إِلَيۡهِ ٱلشَّيۡطَٰنُ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ هَلۡ أَدُلُّكَ عَلَىٰ شَجَرَةِ ٱلۡخُلۡدِ وَمُلۡكٖ لَّا يَبۡلَىٰ ١٢٠ فَأَكَلَا مِنۡهَا فَبَدَتۡ لَهُمَا سَوۡءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخۡصِفَانِ عَلَيۡهِمَا مِن وَرَقِ ٱلۡجَنَّةِۚ وَعَصَىٰٓ ءَادَمُ رَبَّهُۥ فَغَوَىٰ ١٢١﴾

«ئۇ ئەسنادا شەيتان ئادەمگە مۇنداق دەپ ۋەسۋەسە قىلدى: ‹ئى ئادەم! ساڭا مەڭگۈ ياشايدىغان دەرەخنى ۋە مەڭگۈ يوقالمايدىغان پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟›. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ۋە ئۇنىڭ جۈپتى ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگەن ئىدى، ئۇياتلىق يەرلىرى ئۆزلىرىگە ئاشكارا بولۇپ قالدى، ئىككىسى ئۈستىلىرىگە جەننەتنىڭ ياپراقلىرىدىن قاتمۇقات چاپلاشقا باشلىدى. ئادەم رەببىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ ئازدى»③.

---

① قاراڭ: 103 - سۈرە ئەسر.

② 20 - سۈرە تاھا، 115 - ئايەت.

③ 20 - سۈرە تاھا، 120 - ۋە 121 - ئايەتلەر.

دىل ئۆزىنىڭ تاللىشىدا ئەركىن بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە نەفس بىلەن شەيتانغا ئەگىشىپ خاتا قارار چىقىرىدۇ ۋە ئىگىسىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆز ئەركىنلىكىنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسەسى بىلەن نەپسىنىڭ خاھىشىغا ئالدىنىپ خاتانى تاللاشقا ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن ئەقلىنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇپ توغرىنى تاللاشقا ئىشلەتسە توغرا قارار چىقىرىدۇ ۋە ئىگىسىنىڭ توغرا ئىش قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. توغرا قارار چىقارغان ۋە بۇنىڭغا ئادەتلەنگەن دىل كۈچلىنىدۇ، شۇنداقلا شەيتان بىلەن نەفسىنىڭ كەينىگە كىرمەيدىغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇ شەيتان بىلەن نەفسىنىڭ كەينىگە كىرىۋەرسە، ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن ئەقلىنىڭ چاقىرىقلىرىنى دىققەتكە ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆز ئالدىدىكى ئايەتلەرگىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. مانا بۇ ئۇ دىلنىڭ ئىگىسىنىڭ تۈگەشكەن چېغىدۇر[①].

يىغىپ ئېيتقاندا ئاللاھ تائالا ئىنساننى يۇقىرىدىكى شەكىلدە ئاجىز ياراتقان، ئۇنىڭغا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ۋە كائىناتتىكى مەخلۇقاتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا يەتكۈدەك كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەن[②]. ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمىغان، ئۇنىڭغا تاقىتى يەتمەيدىغان ۋەزىپە يۈكلىمىگەن[③]. يەنى ئىنسان، ياراتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا ئاجىز، ئۆزىدىن باشقا مەخلۇقاتنىڭ ئالدىدا كۈچلۈكتۇر. بۇ، ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى بولۇشىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

## 2) تۇزكور

ئاللاھ تائالا ئىنسانغا چەكسىز نېمەت، ھېسابسىز ياخشىلىق ۋە مىسلىسىز ئىنئاملار ئاتا قىلغان. ئىنسان ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە بەھرىمەن بولىدۇ، ھاياتىنى ئۇلار بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ، لېكىن بۇلارنى ئاتا قىلغۇچى زاتقا لايىق رەۋىشتە شۈكۈر قىلمايدۇ ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدۇ، ئۇ

---

① قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 46 - ئايەت؛ 83 - سۈرە مۇتەففىفىن، 13 ~ 17 - ئايەتلەر.

② بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً (ئاندىن سىلەرگە ئاجىزلىقتىن كېيىن قۇۋۋەت بەردى)﴾ سۆزى ئىپادىلەيدۇ (30 - سۈرە رۇم، 54 - ئايەت).

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 233 - ۋە 286 - ئايەتلەر؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 152 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 42 - ئايەت؛ 23 - سۈرە، مۇئمىنۇن، 62 - ئايەت. بۇ ئايەتلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىنساننىڭ مۇئەييەن ئۆلچەمدە كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ.

زاتىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا كىرەكلىك دەرىجىدە رىئايە قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان، ئادەم بولۇپ قاتارغا قوشۇلىشىدا ئەڭ كۆپ ئەجىر قىلغان، ئەڭ كۆپ مېھنەت سىڭدۈرگەن، شۇنداقلا زىممىسىدە ئەڭ كۆپ ھەققى بولغان ئاتا - ئانىسىغىمۇ لايىق رەۋىشتە ياخشىلىق قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا «رەھمەت» ئېيتمايدۇ، كۆرسەتكەن خەيرخاھلىقىغا «تەشەككۇر» بىلدۈرمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ياخشىلىق قىلغانىغا يامانلىق قىلىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ خاراكتېرىدىكى تۇزكورلۇقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَءَاتَىٰكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُۚ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحْصُوهَآۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ ﴿٣٤﴾﴾

«ئاللاھ سىلەرگە سىلەر ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردى. ئەگەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى سانىغىلى تۇرساڭلار، ئۇلارنى ساناپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن زالىمدۇر، تۇزكوردۇر»[1].

﴿وَإِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ فِى ٱلْبَحْرِ ضَلَّ مَن تَدْعُونَ إِلَّآ إِيَّاهُۖ فَلَمَّا نَجَّىٰكُمْ إِلَى ٱلْبَرِّ أَعْرَضْتُمْۚ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ كَفُورًا ﴿٦٧﴾﴾

«دېڭىزدا مۇسىبەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىسىلەر، ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىدىغان كىشىلىرىڭلار ئېسىڭلارغىمۇ كەلمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ سىلەرنى قۇتقۇزۇپ قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويسا دەرھال يۈز ئۆرۈيسىلەر. ئىنسان ھەقىقەتەن تۇزكوردۇر»[2].

﴿وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَحْيَاكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَكَفُورٌ ﴿٦٦﴾﴾

---

① 14 - سۈرە ئىبراھىم، 34 - ئايەت.
② 17 - سۈرە ئىسرا، 67 - ئايەت.

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرنى تىرىلدۈردى، ئاندىن كېيىن سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن تۇزكوردۇر»①.

﴿فَإِنْ أَعْرَضُواْ فَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًاۖ إِنْ عَلَيْكَ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُۗ وَإِنَّآ إِذَآ أَذَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ مِنَّا رَحْمَةً فَرِحَ بِهَاۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌۢ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ فَإِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ كَفُورٌ ﴿٤٨﴾﴾

«ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، بىلگىنكى، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتكۈچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق. سېنىڭ تەبلىغ قىلىشتىن باشقا ۋەزىپەڭ يوق. بىز ئىنسانغا ئۆز تەرىپىمىزدىن بىرەر رەھمەت تېتىتساق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ناۋادا ئىنسانلارنىڭ باشلىرىغا ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر يامانلىق كەلسە تۇزكورلۇق قىلىدۇ، چۈنكى ئىنسان ھەقىقەتەن تۇزكوردۇر»②.

﴿إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لِرَبِّهِۦ لَكَنُودٌ ﴿٦﴾﴾

«ئىنسان رەببىگە بەك تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر»③.

﴿قُتِلَ ٱلْإِنسَٰنُ مَآ أَكْفَرَهُۥ ﴿١٧﴾﴾

«ئۆلگۈر ئىنسان! ئۇ نېمىدېگەن تۇزكور!»④.

ئىنساننىڭ بۇ تۇزكورلۇقى، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى يامانغا ئىشلىتىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلىشنىڭ ئورنىغا، خالىسا شۈكۈرمۇ قىلالايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا هَدَيْنَٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا ﴿٣﴾﴾

① 22 - سۈرە ھەج ، 66 - ئايەت.
② 42 - سۈرە شۇرا، 48 - ئايەت.
③ 100 - سۈرە ئادىيات، 6 - ئايەت.
④ 80 - سۈرە ئەبەسە، 17 - ئايەت.

«شۈبھىسىزكى، بىز ئۇنىڭغا يولنى كۆرسەتتۇق. ئۇ يا شۈكۈر قىلغۇچى يا تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ»①.

### 3) جېدەلخور

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك ئىنساننىڭ نەپسى راھەتنى سۆيىدىغانلىقى، مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدىغانلىقى ۋە نەقنى كۆزلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆپىنچە ۋاقىتتا ھەقكە بويسۇنۇش ئېغىر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ھەقنىڭ ھەق ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىشقا باشلايدۇ، ھەقكە دەۋەت قىلغۇچىدىن ئەيىب ئىزدەپ ھەقنى باتىل سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بارغانسېرى ئۇنىڭ خاراكتېرىدە «جېدەلخورلۇق» پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغان چاغلىرىدىمۇ ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ ۋە دەتالاش قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿خَلَقَ ٱلْإِنسَـٰنَ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ ۝٤﴾

«ئاللاھ ئىنساننى ئۇرۇقلانغان تۇخۇمدىن ياراتتى. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ بىردىنلا ئاشكارا جېدەلخورغا ئايلاندى»②.

﴿وَلَقَدْ صَرَّفْنَا فِى هَـٰذَا ٱلْقُرْءَانِ لِلنَّاسِ مِن كُلِّ مَثَلٍۢ ۚ وَكَانَ ٱلْإِنسَـٰنُ أَكْثَرَ شَىْءٍۢ جَدَلًا ۝٥٤﴾

«بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن ھەر مىسالنى ئوخشىمىغان ئۇسلۇبلاردا بايان قىلدۇق. لېكىن ئىنسان بەك كۆپ دەتالاش قىلغۇچى شەيئىدۇر»③.

---

① 76 - سۈرە ئىنسان، 3 - ئايەت.
② 16 - سۈرە نەھل، 4 - ئايەت.
③ 18 - سۈرە كەھف، 54 - ئايەت.

### 4) ئالدىراڭغۇ

ئىنساننىڭ سەلبىي خاراكتېرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئالدىراڭغۇ بولۇشىدۇر. نەپس ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يېتىشتە بۇ خاراكتېردىن كۆپ پايدىلىنىدۇ - دە، تەييارنى تاللايدۇ، يامان ئاقىۋەتنى ئويلىمايدۇ، ئازغىنە نەق پايدىنى كۆرگەندە زىيان بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دېگەن چۈشەنچە ھەر ئىنساننىڭ خاراكتېرىدە بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿خُلِقَ ٱلْإِنسَٰنُ مِنْ عَجَلٍۚ سَأُو۟رِيكُمْ ءَايَٰتِى فَلَا تَسْتَعْجِلُونِ ٣٧﴾

«ئىنسان ئالدىراقسانلىقتىن يارىتىلغان①. مەن يېقىندا سىلەرگە ئايەتلىرىمنى كۆرسىتىمەن. مېنى ئالدىراتماڭلار»②.

﴿وَيَدْعُ ٱلْإِنسَٰنُ بِٱلشَّرِّ دُعَآءَهُۥ بِٱلْخَيْرِۖ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ عَجُولًا ١١﴾

«ئىنسان ياخشىلىقنى تىلىگەندەك يامانلىقنىمۇ تىلەيدۇ. ئىنسان بەك ئالدىراڭغۇدۇر»③.

ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئالدىراڭغۇ بولۇشى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەركىنلىكنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەگەر ئۇ بۇ ئەركىنلىكنى ياخشىنى تاللاشقا ئىشلەتسە ئىدى توغرا ئىش بولاتتى④. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان قۇرئان كەرىمدە ئىغىر - بېسىقلىق، ئەپۇچانلىق، ئاچچىقنى يۇتۇش، تەمكىنلىك ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولماسلىق قاتارلىق پەزىلەتلەرگە تەشۋىق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ، ئالدىراڭغۇلۇقنى يامانغا ئىشلەتمەسلىكى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ⑤.

---

① ئىنسان يارىتىلىشتىن ئالدىراقسان مەخلۇق بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭ يارىتىلىش ماددىسى ئالدىراقسانلىقتۇر.

② 21 - سۈرە ئەنبىيا، 37 - ئايەت.

③ 17 - سۈرە ئىسرا، 11 - ئايەت.

④ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 148؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 114، 133؛ 5 - سۈرە مائىدە، 48؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 61؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 21.

⑤ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 135 ~ 134 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 199 - ئايەت؛ 11 - سۈرە ھۇد، 75 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 63 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 37 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ وَنَهَى ٱلنَّفْسَ عَنِ ٱلْهَوَىٰ ﴿٤٠﴾ فَإِنَّ ٱلْجَنَّةَ هِىَ ٱلْمَأْوَىٰ ﴿٤١﴾﴾

«كىمكى رەببىنىڭ ماقامىدىن قورقىدىكەن ۋە نەفسىنى خاھىشىدىن توسىدىكەن، ئۇنىڭ جايى چوقۇم جەننەت بولىدۇ»[1].

## 5) ئۈمىدسىز

ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى كامىل بولمىغان ياكى ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشتىكى قانۇننى خاتا چۈشىنىۋالغان ئىنسان قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ياخشىلىققا ئېرىشەلمىگەن، قۇتۇلماقچى بولغان يامانلىقتىن قۇتۇلالمىغان ۋە ئىشلار كۆڭلىدىكىدەك يۈرۈشمىگەن چاغلاردا مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ. كىچىككىنە قىيىنچىلىققا يولۇقسا، ھاياتىدا ھېچ راھەت - پاراغەت كۆرمىگەندەك بولۇپ كېتىدۇ - دە، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ، بېلىنى قويۇۋېتىدۇ ۋە غەيرەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ «ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا يېقىن»[2] بولغان رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاندىن بۇنى ئۆزىنىڭ ھۆرۈنلۈق، غەيرەتسىزلىك ۋە بوشاڭلىق قاتارلىق سەلبىي تەرەپلىرىدىن كۆرمەي ئاللاھتىن ئاغرىنىشقا باشلايدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ تۈگەشكەن ئاخىرقى باسقۇچىدۇر[3].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَآ أَنْعَمْنَا عَلَى ٱلْإِنسَٰنِ أَعْرَضَ وَنَـَٔا بِجَانِبِهِۦ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ كَانَ يَـُٔوسًا ﴿٨٣﴾﴾

---

[1] 79 - سۈرە نازىئات، 40 - ۋە 41 - ئايەتلەر.
[2] قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 56 - ئايەت.
[3] قاراڭ: 12 - سۈرە يۇسۇف، 87 - ئايەت؛ 15 - سۈرە ھىجر، 56 - ئايەت.

«ئىنسانغا ئىنئام قىلساق يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە بىزدىن يىراقلىشىدۇ، بېشىغا يامانلىق كەلسە بەك نائۈمىد بولۇپ كېتىدۇ»①.

﴿لَّا يَسۡـَٔمُ ٱلۡإِنسَٰنُ مِن دُعَآءِ ٱلۡخَيۡرِ وَإِن مَّسَّهُ ٱلشَّرُّ فَيَـُٔوسٞ قَنُوطٞ ﴿٤٩﴾﴾

«ئىنسان ياخشىلىق تىلەشتىن زېرىكمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە دەرھال ئۈمىدسىزلىنىدۇ ۋە روھى چۈشۈپ كېتىدۇ»②.

ئاللاھقا ئىشەنچىسى كامىل بولغان ۋە ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىش توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى توغرا چۈشەنگەن ئىنسانلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەگەر گۇناھكار بولسا، ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىگە ③، قىيىنچىلىقتا بولسا ئاللاھنىڭ ھەر قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ④، چارىسىز بولسا ئاللاھنىڭ دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا ⑤ ئىشىنىدۇ - دە، كېرەكلىك شەرتلەرنى ئورۇندايدۇ، مۇۋاپىق شارائىتلارنى ھازىرلايدۇ ۋە لازىملىق سەۋەبلەرنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇنداقلا ھېچ ئۈمىدسىزلەنمەستىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشنى كۈتىدۇ. ئۇلار ئېنىق بىلىدۇ ۋە جەزمەن ئىشىنىدۇكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭ، لېكىن ئۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغىلا يېقىن⑥. ئاللاھ دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ، لېكىن ئاللاھ ئۆزىگە قىلىنغان دۇئانىلا ئىجابەت قىلىدۇ⑦. ئاللاھ چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغانلارنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ⑧. چوڭ گۇناھ قىلغانلار تەۋبە قىلسا قوبۇل قىلىدۇ⑨.

---

① 17 - سۈرە ئىسرا، 83 - ئايەت.
② 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 49 - ئايەت.
③ قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 53 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 25 - ۋە 26 - ئايەتلەر.
④ قاراڭ: 65 - سۈرە تالاق، 7 - ئايەت؛ 94 - سۈرە شەرھ، 5 - ۋە 6 - ئايەتلەر.
⑤ قاراڭ: 27 - سۈرە نەمل، 62 - ئايەت.
⑥ قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 56 - ۋە 156 - ئايەتلەر.
⑦ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 186 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 60 - ئايەت.
⑧ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 31 - ئايەت.
⑨ گۇناھ ۋە تەۋبە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 17، 18 - ۋە 31 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 104 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 53 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 25 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 32 - ئايەت.

## 6) چىدامسىز ۋە ئاچ كۆز

ئىنساننىڭ يەنە بىر سەلبىي خاراكتېرى ئۇنىڭ سەۋر - تاقەتسىز ۋە ئاچكۆز مەخلۇق بولۇشىدۇر. شۇڭا ئۇ ئارزۇسىغا ئېرىشىپ بولغۇچە سەۋر قىلالمايدۇ، بېشىغا كەلگەن بىرەر كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ بولغۇچە چىداپ تۇرالمايدۇ، كىچىككىنە مۇسىبەتتىنمۇ شىكايەت قىلىدۇ، ئازغىنە زىياندىنمۇ دەرد تۆكىدۇ؛ ئۇنىڭ ئارزۇسى تۈگىمەيدۇ، كۆزى تويمايدۇ، كۆڭلى قانائەت قىلمايدۇ، خىيالى توختىمايدۇ، دائىم ئېلىشنى ئويلايدۇ، بېرىشنى خالىمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ خُلِقَ هَلُوعًا ۝١٩ إِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ جَزُوعًا ۝٢٠ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلْخَيْرُ مَنُوعًا ۝٢١﴾

«شۈبھىسىزكى، ئىنسان بەك چىدامسىز ۋە ئاچ كۆز يارىتىلدى. ئۇ ئۆزىگە يامانلىق يەتكەندە زارلانغۇچىدۇر، ياخشىلىق يەتكەندە مەنئى قىلغۇچىدۇر»①.

لېكىن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلغان ئىنسانلار بۇ چىدامسىز ۋە ئاچكۆز دېگەن يامان تەبىئەتتىن قۇتۇلىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ داۋامى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِلَّا ٱلْمُصَلِّينَ ۝٢٢ ٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ دَآئِمُونَ ۝٢٣ وَٱلَّذِينَ فِىٓ أَمْوَٰلِهِمْ حَقٌّ مَّعْلُومٌ ۝٢٤ لِّلسَّآئِلِ وَٱلْمَحْرُومِ ۝٢٥ وَٱلَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوْمِ ٱلدِّينِ ۝٢٦ وَٱلَّذِينَ هُم مِّنْ عَذَابِ رَبِّهِم مُّشْفِقُونَ ۝٢٧ إِنَّ عَذَابَ رَبِّهِمْ غَيْرُ مَأْمُونٍ ۝٢٨ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَٰفِظُونَ ۝٢٩ إِلَّا عَلَىٰٓ أَزْوَٰجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ۝٣٠ فَمَنِ ٱبْتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْعَادُونَ ۝٣١ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِأَمَٰنَٰتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَٰعُونَ ۝٣٢ وَٱلَّذِينَ هُم بِشَهَٰدَٰتِهِمْ قَآئِمُونَ ۝٣٣ وَٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ ۝٣٤ أُو۟لَٰٓئِكَ فِى جَنَّٰتٍ مُّكْرَمُونَ ۝٣٥﴾

---

① 70 - سۈرە مەئارىج، 19 ~ 21 - ئايەتلەر.

«ناماز ئوقۇغۇچىلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار نامىزنى داۋاملىق ئۆتىگۈچى كىشىلەردۇر. ئۇلار ماللىرىدا مەلۇم ھەق بولغان كىشىلەردۇر، تىلىگۈچى ۋە مەھرۇم بولغۇچىلار ئۈچۈن[①]. ئۇلار جازا ۋە مۇكاپات كۈنىنى تەستىقلايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار رەببىنىڭ ئازابىدىن قورققۇچى كىشىلەردۇر، چۈنكى رەببىڭنىڭ ئازابى ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر. ئۇلار ئىپپەتلىرىنى ساقلىغۇچى كىشىلەردۇر. پەقەت ئۆز جۈپلىرىدىن ياكى قول ئاستىدىكىلەردىن ساقلىمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ تەقدىردە ئەيىبلەنمەيدۇ. بۇنىڭ سىرتىغا چىققانلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار ئامانەتلىرىگە ۋە ئەھدىلىرىگە رىئايە قىلغۇچى كىشىلەردۇر. ئۇلار گۇۋاھلىقلىرىنى توغرا ئادا قىلغۇچى كىشىلەردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار جەننەتلەردە كۈتۈلگۈچى كىشىلەردۇر»[②].

## §5.ئىنساننىڭ ھۆرمىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِيٓ ءَادَمَ وَحَمَلْنَٰهُمْ فِي ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَرَزَقْنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلْنَٰهُمْ عَلَىٰ كَثِيرٍ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا ۝٧٠﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم ئەۋلادىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق. ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا توشۇدۇق. ئۇلارغا پاك رىزىقلارنى بەردۇق. ئۇلارنى نۇرغۇن مەخلۇقاتىمىزدىن ئۈستۈن قىلدۇق»[③].

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانغا قىلىنغان بۇ ھۆرمەت، مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەرنىڭ دالالىتى بىلەن بىرى ماددىي، يەنە بىرى مەنىۋى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

---

① بۇ يەردە «تىلىگۈچى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز «سائىل» بولۇپ، مەنىسى ئۆزىنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا دەپ ئۇلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ. «مەھرۇم» بولسا، تەلەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بېرىدىغان نەرسىسىدىن ياكى مال - مۈلكىگە ئاپەت يەتكەنلىكى ئۈچۈن مال - مۈلكىدىن ۋە ياكى غەنىيمەت تەقسىماتىدىن كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن غەنىيمەتتىن نېسىۋە ئېلىشتىن مەھرۇم قالغۇچى دېگەن بولىدۇ.

② 70 - سۈرە مەئارىج، 22 ~ 35 - ئايەتلەر.

③ 17 - سۈرە ئىسرا، 70 - ئايەت.

## 1) ماددىي ھۆرمەت

ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى جانلىق ۋە جانسىز بارلىق مەخلۇقاتنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىشى ۋە خىزمىتىگە سۇنۇشى، ئۇنىڭغا قىلغان ماددىي ھۆرمىتىدۇر. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسمانلارغا يۈزلىنىپ ئۇلارنى يەتتە ئاسمان قىلىپ تەكشىلىدى. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»①.

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلْفُلْكَ لِتَجْرِىَ فِى ٱلْبَحْرِ بِأَمْرِهِۦ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلْأَنْهَٰرَ ﴿٣٢﴾ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ دَآئِبَيْنِ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ﴿٣٣﴾ وَءَاتَىٰكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ ۚ وَإِن تَعُدُّوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحْصُوهَآ ۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ ﴿٣٤﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ، سىلەرگە رىزىق بولسۇن دەپ ئۇ سۇ ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋە ۋە مەھسۇلاتلارنى چىقاردى، ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا ئۈزۈشى ئۈچۈن كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۆستەڭلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان قۇياشنى ۋە ئاينى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى ۋە سىلەرگە سىلەر ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردى. ئەگەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى سانىغىلى تۇرساڭلار،

① 2 - سۈرە بەقەرە، 29 - ئايەت.

ئۇلارنى ساناپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن زالىمدۇر، تۇزكوردۇر»[1].

﴿وَٱلْأَنْعَٰمَ خَلَقَهَا ۗ لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَٰفِعُ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ (٥) وَلَكُمْ
فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسْرَحُونَ (٦) وَتَحْمِلُ أَثْقَالَكُمْ إِلَىٰ بَلَدٍ لَّمْ
تَكُونُوا۟ بَٰلِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ ٱلْأَنفُسِ ۚ إِنَّ رَبَّكُمْ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ (٧) وَٱلْخَيْلَ وَٱلْبِغَالَ
وَٱلْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً ۚ وَيَخْلُقُ مَا لَا تَعْلَمُونَ (٨) وَعَلَى ٱللَّهِ قَصْدُ ٱلسَّبِيلِ
وَمِنْهَا جَآئِرٌ ۚ وَلَوْ شَآءَ لَهَدَىٰكُمْ أَجْمَعِينَ (٩) هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً ۖ لَّكُم
مِّنْهُ شَرَابٌ وَمِنْهُ شَجَرٌ فِيهِ تُسِيمُونَ (١٠) يُنۢبِتُ لَكُم بِهِ ٱلزَّرْعَ وَٱلزَّيْتُونَ
وَٱلنَّخِيلَ وَٱلْأَعْنَٰبَ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ (١١)
وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ وَٱلنُّجُومُ مُسَخَّرَٰتٌۢ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ إِنَّ فِى
ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ (١٢) وَمَا ذَرَأَ لَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ مُخْتَلِفًا أَلْوَٰنُهُۥٓ ۗ إِنَّ فِى
ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ (١٣) وَهُوَ ٱلَّذِى سَخَّرَ ٱلْبَحْرَ لِتَأْكُلُوا۟ مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا
وَتَسْتَخْرِجُوا۟ مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا ۖ وَتَرَى ٱلْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ
وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ (١٤) وَأَلْقَىٰ فِى ٱلْأَرْضِ رَوَٰسِىَ أَن تَمِيدَ بِكُمْ وَأَنْهَٰرًا وَسُبُلًا
لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ (١٥)﴾

«ئاللاھ تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىمۇ ياراتتى. ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن ئىسسىتقۇچى نەرسىلەر ۋە باشقا مەنپەئەتلەر بار. ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەيسىلەر. ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن ئېلىپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ بارغان چاغلىرىڭلاردا زوق ئالىسىلەر. ئۇلار سىلەر جاپا - مۇشەققەتسىز بارالمايدىغان يىراق جايلارغا يۈكلىرىڭلارنى توشۇيدۇ. شۈبھىسىزكى، رەببىڭلار ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ئاتلارنى، قېچىرلارنى، ئېشەكلەرنى سىلەر ئۈچۈن ئۇلاغ ھەمدە زىننەت قىلىپ ياراتتى. ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى

[1] 14 - سۈرە ئىبراھىم، 32 ~ 34 - ئايەتلەر.

يارىتىدۇ. ئاللاھ توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن بەزىلەر ئۇ يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەممىڭلارنى توغرا يولنىڭ ئۈستىدە قىلاتتى. ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسماندىن سىلەرگە سۇ چۈشۈرۈپ بەردى. سىلەر ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر، ماللىرىڭلارنى ئوتلىغىلى قويۇۋېتىدىغان ئوتلاقلىرىڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ يەنە ئۇ سۇ بىلەن سىلەر ئۈچۈن ئېكىنلەر، زەيتۇنلار، خورمىلار، ئۈزۈملەر ۋە خىلمۇخىل مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرمەكتە. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار①. ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى، قۇياش بىلەن ئاينى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا سېلىپ بەردى. يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا بويسۇندۇرۇلماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەر بار. شۇنىڭدەك، ئاللاھ زېمىندا ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرمۇ سىلەرگە خىزمەت قىلماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئويلىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار. ئاللاھ شۇنداق زاتكى، دېڭىزنىمۇ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا سېلىپ بەردى. ئاللاھ بۇنى، ئۇنىڭدىن يېڭى گۆش يېيىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنى چىقىرىشىڭلار ئۈچۈن - سەن ئۇنىڭدا سۇنى يېرىپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى كۆرىسەن - ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى. ئاللاھ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمىسۇن دەپ زېمىندا مۇستەھكەم تاغلارنى قويدى، يولۇڭلارنى تاپالىشىڭلار ئۈچۈن ئۆستەڭلەر ۋە يوللارنى پەيدا قىلدى»②.

﴿وَٱلْبُدْنَ جَعَلْنَٰهَا لَكُم مِّن شَعَٰٓئِرِ ٱللَّهِ لَكُمْ فِيهَا خَيْرٌ ۖ فَٱذْكُرُوا۟ ٱسْمَ ٱللَّهِ عَلَيْهَا صَوَآفَّ ۖ فَإِذَا وَجَبَتْ جُنُوبُهَا فَكُلُوا۟ مِنْهَا وَأَطْعِمُوا۟ ٱلْقَانِعَ وَٱلْمُعْتَرَّ ۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرْنَٰهَا لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ٣٦﴾

«بىز سىلەرگە قۇربانلىق قىلىدىغان گەۋدىلىك ھايۋانلىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ نىشانلىرىدىن قىلىپ بەردۇق. سىلەر ئۈچۈن ئۇ ھايۋانلاردا ياخشىلىق بار. ئۇ ھايۋانلارنى قاتار تۇرغۇزۇپ قۇربانلىق قىلىشقا تەييار

---

① يەنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل بار.

② 16 - سۈرە نەھل، 5 ~ 15 - ئايەتلەر.

هالەتكە كەلتۈرگەن چېغىڭلاردا بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلاڭلار. ئۇلارنىڭ يانلىرى يەرگە چۈشۈپ جېنى چىققاندا ئۇلاردىن يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە ئېھتىياجىنى بىلدۈرگەن موھتاجلارغا يېگۈزۈڭلار. بىز ئۇ هايۋانلارنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شۈكۈر قىلغايسىلەر»[1].

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ وَٱلْفُلْكَ تَجْرِى فِى ٱلْبَحْرِ بِأَمْرِهِۦ وَيُمْسِكُ ٱلسَّمَآءَ أَن تَقَعَ عَلَى ٱلْأَرْضِ إِلَّا بِإِذْنِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٦٥﴾﴾

«كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ زېمىندىكى نەرسىلەرنى ۋە بېكىتىپ قويغان قانۇنىيەتلىرى بويىچە دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ ئاسماننى رۇخسىتى بولماستىن زېمىننىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاۋاتىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارغا شەپقەتلىكتۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر»[2].

﴿أَلَمْ تَرَوْا۟ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُۥ ظَـٰهِرَةً وَبَاطِنَةً ۗ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَـٰدِلُ فِى ٱللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَـٰبٍ مُّنِيرٍ ﴿٢٠﴾﴾

«كۆرمىدىڭلارمۇكى، ئاللاھ سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرىنى كۆپ ئاتا قىلدى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ھېچبىر ئىلىمگە، ھېچبىر ھىدايەتكە ۋە ھېچبىر نۇرلۇق كىتابقا ئاساسلانماستىن ئاللاھ توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ»[3].

---

① 22 - سۈرە ھەج ، 36 - ئايەت.
② 22 - سۈرە ھەج ، 65 - ئايەت.
③ 31 - سۈرە لۇقمان، 20 - ئايەت.

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَكُمُ ٱلْبَحْرَ لِتَجْرِىَ ٱلْفُلْكُ فِيهِ بِأَمْرِهِۦ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ۝١٢ وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ۝١٣﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ بۇنى، ئۆزى بېكىتىپ قويغان قانۇنىيەت بويىچە دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ ئۈزۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى. ئاللاھ يەنە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تەرىپىدىن ئىنئام سۈپىتىدە سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئايەتلەر بار»[①].

## 2) مەنىۋى ھۆرمەت

ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە ھەر قەۋمگە ئۆز ئىچىدىن ئەلچى (رەسۇل) ئەۋەتكەن، ئۇلارغا كىتاب نازىل قىلغان. ئۆزىنىڭ بەندىسى مۇھەممەد [②] ئەلەيھىسسالامنى بولسا، مەككە خەلقىدىن تاللاپ ئۇنى ئاخىرقى نەبىيسى قىلغان [③] ، شۇنداقلا قىيامەتكە قەدەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن[④]. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا قىلغان مەنىۋى ھۆرمىتىدۇر.

مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

---

① 45 - سۈرە جاسىيە، 12 - ۋە 13 - ئايەتلەر.

② ئاللاھ تائالا بىرقانچە ئايەتتە قۇرئاننى بەندىسىگە نازىل قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 23 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 1 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 1 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 10 - ئايەت؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 9 - ئايەت). بىرقانچە ئايەتتە بولسا ئۇ بەندىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ (قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 144 - ئايەت؛ 33 - سۈرە ئەھزاب 40 - ئايەت؛ 47 - سۈرە مۇھەممەد، 2 - ئايەت؛ 48 - سۈرە فەتھ، 29 - ئايەت).

③ قاراڭ: 33 - سۈرە ئەھزاب، 40 - ئايەت.

④ قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 19 - ، 90 - ۋە 92 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 158 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۈسۈف، 104 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 107 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 1 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 28 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 87 - ئايەت؛ 62 - سۈرە جۇمۇئە، 2 - ئايەت؛ 68 - سۈرە قەلەم، 52 - ئايەت؛ 81 - سۈرە تەكۋىر، 27 - ئايەت.

﴿كَانَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَبَعَثَ ٱللَّهُ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ مَعَهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَ ٱلنَّاسِ فِيمَا ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِۚ وَمَا ٱخۡتَلَفَ فِيهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ أُوتُوهُ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۖ فَهَدَى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَا ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ مِنَ ٱلۡحَقِّ بِإِذۡنِهِۦۗ وَٱللَّهُ يَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٍ ٢١٣﴾

«ئىنسانلار بىر ئۇممەت ئىدى. ئاندىن ئاللاھ خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى نەبىيلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەقنى كۆرسىتىدىغان كىتابنى، ئىنسانلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارسۇن دەپ نازىل قىلدى. كىتاب بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارىسىدىكى ھەسەت يۈزىسىدىن كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئۆزىنىڭ بىلدۈرۈشى ئارقىلىق، ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەقنى مۆئمىنلارغا كۆرسەتتى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ»[1].

﴿إِنَّآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ كَمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ نُوحٖ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَعِيسَىٰ وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَٰرُونَ وَسُلَيۡمَٰنَۚ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ زَبُورٗا ١٦٣ وَرُسُلٗا قَدۡ قَصَصۡنَٰهُمۡ عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُ وَرُسُلٗا لَّمۡ نَقۡصُصۡهُمۡ عَلَيۡكَۚ وَكَلَّمَ ٱللَّهُ مُوسَىٰ تَكۡلِيمٗا ١٦٤ رُّسُلٗا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى ٱللَّهِ حُجَّةُۢ بَعۡدَ ٱلرُّسُلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمٗا ١٦٥﴾

«ئى مۇھەممەد! شۈبھىسىزكى، بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەبىيلەرگە ۋەھيي قىلغاندەك ساڭا ۋەھيي قىلدۇق. بىز ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، ئۇنىڭ نەۋرىلىرى، ئىيسا، ئەييۇب، يۇنۇس، ھارۇن ۋە سۇلەيمانلارغىمۇ ۋەھيي قىلغان ئىدۇق. بىز داۋۇدقا زەبۇر بەرگەن ئىدۇق. بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى قىسسەلىرىنى ساڭا بايان قىلغان ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدۇق. بىز قىسسەلىرىنى ساڭا بايان قىلمىغان ئەلچىلەرنىمۇ ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئاللاھ مۇساغا گەپ قىلدى. بىز ئۇلارنى

[1] 2 - سۈرە بەقەرە ، 213 - ئايەت.

خۇش خەۋەر بەرگۈچىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلار قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. بىز بۇنى ئىنسانلارنىڭ ئۇ ئەلچىلەردىن كېيىن ئاللاھقا قارشى ھېچ باھانىسى بولمىسۇن دەپ قىلدۇق. ئاللاھ ئەزىزدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1].

﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَنزَلْنَا مَعَهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْمِيزَانَ لِيَقُومَ ٱلنَّاسُ بِٱلْقِسْطِ ۖ وَأَنزَلْنَا ٱلْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَٰفِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥ وَرُسُلَهُۥ بِٱلْغَيْبِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِىٌّ عَزِيزٌ ﴿٢٥﴾﴾

«بىز ئەلچىلىرىمىزنى روشەن دەلىللەر بىلەن ئەۋەتتۇق، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ ئۇ ئەلچىلەرگە كىتابنى ۋە مىزاننى نازىل قىلدۇق. بىز تۆمۈرنىمۇ نازىل قىلدۇق، ئۇنىڭدا شىددەتلىك كۈچ ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلەر بار. بۇ ئاللاھنىڭ، ئۆزىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆزىگە ۋە ئەلچىلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلارنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، ئەزىزدۇر»[2].

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُمُ ٱلرَّسُولُ بِٱلْحَقِّ مِن رَّبِّكُمْ فَـَٔامِنُوا۟ خَيْرًا لَّكُمْ ۚ وَإِن تَكْفُرُوا۟ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٧٠﴾﴾

«ئى ئىنسانلار! بۇ رەسۇل سىلەرگە رەببىڭلاردىن ھەقنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنداقتا ئىمان ئېيتىڭلار، سىلەر ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ. ئەگەر كافىر بولساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[3].

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُم بُرْهَٰنٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكُمْ نُورًا مُّبِينًا ﴿١٧٤﴾﴾

---

① 4 - سۈرە نىسا، 163 ~ 165 - ئايەتلەر.

② 57 - سۈرە ھەدىد، 25 - ئايەت.

③ 4 - سۈرە نىسا، 170 - ئايەت.

«ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلاردىن كەسكىن دەلىل كەلدى. بىز سىلەرگە پارلاق نۇر نازىل قىلدۇق»①.

﴿قُلۡ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡ جَمِيعًا ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِيِّ ٱلۡأُمِّيِّ ٱلَّذِي يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ١٥٨﴾

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن. ئۇ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ھالدا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ نەبىي ۋە ئۇممىي بولغان، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدىغان ئەلچىسىگە ئىشىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، ھىدايەت تاپالايسىلەر»②.

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَتۡكُم مَّوۡعِظَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَشِفَآءٞ لِّمَا فِي ٱلصُّدُورِ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ ٥٧﴾

«ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلاردىن نەسىھەت، دىللاردىكى دەردلەرگە شىپا، مۇئمىنلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت كەلدى»③.

﴿قُلۡ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَكُمُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكُمۡۖ فَمَنِ ٱهۡتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهۡتَدِي لِنَفۡسِهِۦۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيۡهَاۖ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم بِوَكِيلٖ ١٠٨﴾

«ئېيتقىنكى: ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى سىلەرگە رەببىڭلاردىن ھەق كەلدى. كىم ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىم ئېزىپ كېتىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ. مەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ۋەكىل ئەمەسمەن»④.

---

① 4 - سۈرە نىسا ، 174 - ئايەت.
② 7 - سۈرە ئەئراف، 158 - ئايەت.
③ 10 - سۈرە يۇنۇس، 57 - ئايەت.
④ 10 - سۈرە يۇنۇس، 108 - ئايەت.

﴿قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَآ أَنَا۠ لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ۝٤٩﴾

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: ئى ئىنسانلار! مەن سىلەر ئۈچۈن پەقەت ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»[1].

## §6. ئىنساننىڭ ھوقۇقلىرى

### 1. ياشاش ھوقۇقى

ھەر ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقى بار. بۇ ھوقۇقتا پۈتۈن ئىنسانلار باراۋەردۇر. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزئارا بۇ ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك[2]. ئەمما باشقا بىر ئىنساننى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۇ ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقىغا، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغان كىشى باشقا ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلمىغان، ئۆزىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى يوقاتقان، شۇنداقلا جازالىنىشقا لايىق بولغان بولىدۇ[3].

### 2. باراۋەرلىك ھوقۇقى

يەر يۈزىنىڭ قەيىرىدە ياشىسا ياشىسۇن بارلىق ئىنسانلار بىر ئاتىنىڭ ۋە بىر ئانىنىڭ ئەۋلادىدۇر. قەبىلە ۋە مىللەت ھالىتىدە يارىتىلىشى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى ئۈچۈندۇر. يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەن ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن پەرقى يوقتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا كىم بەك ئىتائەت قىلسا شۇ ئۈستۈندۇر[4]. ئىنسانلارنىڭ تىللىرىنىڭ ۋە بەدەن رەڭلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىندۇر[5]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھىي تەكلىپ ھەممىسىگە ئوخشاش قىلىنغان[6]. قىيامەت كۈنى ھەر

---

① 22 - سۈرە ھەج ، 49 - ئايەت.

② قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 32 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 151 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 31 - ۋە 33 - ئايەتلەر.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 178 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 92 - ۋە 93 - ئايەتلەر؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 33 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 32- ۋە 33 - ئايەت.

④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت؛ 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 30 - سۈرە رۇم، 22 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 35 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 36 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 25 - ئايەت.

ئىنسان ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا يالغۇز چىقىدۇ[1]. ھەر كىم ئۆز گۇناھىنىڭ ھېسابىنى ئۆزى بېرىدۇ، ئۆز ئەمىلىنىڭ مۇكاپىتىنى ئۆزى ئالىدۇ[2].

## 3. ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى

### 1) شەخسىي ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى

ھەر شەخس مۇئەييەن شەرتلەر ئاستىدا[3]، يولغا قويۇلغان بويىچە[4]، مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش، ئىسراپ قىلمىغان ئاساستا ئۆزىنىڭ شەخسىي ۋە ئائىلىۋى ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتىش[5]، باشقىسىغا سېتىش[6] ۋە ھەدىيە قىلىش[7] ئارقىلىق مال - مۈلكىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. بۇ ئۇنىڭ فىترىتىنىڭ تەلپى، ئىنسان بولۇشىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. شەخسىنىڭ بۇ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇمۇ باشقا شەخسلەرنىڭ مۇشۇنداق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقى لازىم، چۈنكى بۇ ھوقۇق ھەر ئىنسانغا بېرىلگەچكە بىر ئىنساننىڭ بۇ ھوقۇقى باشقا بىر ئىنساننىڭ مۇشۇنداق ھوقۇقى باشلانغان نۇقتىدا تۈگەيدۇ[8].

---

① قاراڭ: 19 - سۈرە مەريەم، 95 - ئايەت.

② قاراڭ: 53 - سۈرە نەجم، 38 - ۋە 39 - ئايەت.

③ ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە: ئوغرىلىماسلىق، بۇلىماسلىق (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 38 - ئايەت)، جازانىخورلۇق قىلماسلىق (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 275 ~ 280)، پارىخورلۇق قىلماسلىق (2 - سۈرە بەقەرە، 188 - ئايەت).

④ ئۇ يول، تىجارەت قىلىش يەنى مال ياكى خىزمەت ئېلىم - سېتىمى قىلىش (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 29 - ئايەت)، مىراستىن ئۆزىنىڭ ئۈلۈشىنى ئېلىش (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 7 ~ 12 - ئايەتلەر، 33 - ئايەت، 176 - ئايەت). ئاياللار ئۈچۈن تويلۇق ئېلىش (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 4 - ۋە 20 - ئايەتلەر).

⑤ ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۇلاغ (قاتناش ۋاستىسى) ۋە تۇرالغۇ جايدۇر. ئۇنىڭ بۇلارغا ئىسراپ قىلمىغان ئاساستا مال - مۈلكىنى خەجلەش ھوقۇقى بار. قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 34 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 26 - ۋە 31 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 8 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 67 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 12 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 275 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 37 - ئايەت؛ 62 - سۈرە جۇمۇئە، 9 - ئايەت.

⑦ «ھەدىيە»- بەدەلسىز بېرىلگەن نەرسە دېگەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەككىدە قۇربانلىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھايۋانلار «ھەدىيە» دەپ ئاتالغان (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 196 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 2 - ، 96 - ۋە 97 - ئايەتلەر). شۇنىڭدەك، سەبەئ مەلىكىسى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا يوللىغان نەرسىسى «ھەدىيە» دەپ ئاتالغان (قاراڭ: 27 - سۈرە نەمل، 35 - ۋە 36 - ئايەتلەر).

⑧ شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىسىنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت ئالماستىن كىرىشكە بولمايدۇ (قاراڭ: 24 - سۈرە نۇر، 27 - ئايەت).

### 2) كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى

شەخسنىڭ بولغاندەك، كوللېكتىپنىڭمۇ مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش، تەسەررۇپ قىلىش ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقى بار. مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقىغا بىر جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ئوخشاش ھالدا ئىگە بولىدۇ. باشقۇرۇش ھوقۇقىغا بولسا كېلىشىمگە ياكى ئۆرپ - ئادەتكە ئاساسەن بىر قىسىم ئەزالىرى ئىگە بولىدۇ①. شەھەر قۇرۇلۇشى②، يول - كۆۋرۈك③، مەسچىت - جامە④، ۋەخپە ۋە خەيرىيەت ئورۇنلىرىنىڭ بىنالىرى، مۈلۈكلىرى⑤ۋە مەكتەپ - مەدرىسلەر⑥ ئەنە شۇنداق ئاممىۋى مۈلۈك ھېسابلىنىدۇ.

---

① چۈنكى ئىنسانلار قەبىلە ۋە مىللەتلەر ھالىتىدە يارىتىلغان (قاراڭ: 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت). قەبىلە ۋە مىللەت بولۇش ئۈچۈن ئورتاق مال - مۈلۈك ۋە تەۋەررۈكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر.

② چۈنكى شەھەر قۇرۇلۇشى «مۇھىت» ھېسابلىنىدۇ. مۇھىت ھەممەيلەننىڭ ئورتاق مۈلكى، ئۇنى قوغداش ھەممەيلەننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

③ قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 15 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 53 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 27 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 10 - ئايەت؛ 71 - سۈرە نۇھ، 20 - ئايەت.

④ ﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِى بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَٰلَمِينَ ۝٩٦﴾ «شۈبھىسىزكى، ئىنسانلار ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەتگاھ مەككىدىكى كەبىدۇر. ئۇ بەرىكەتلىكتۇر، ئالەملەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر» (3 - سۈرە ئال ئىمران، 96 - ئايەت). مەككىدىكى كەئبە «ئىنسانلار ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەتگاھ» ئىكەنلىكى، يەر يۈزىدىكى باشقا مەسچىت - جامەلەر ئىنسانلار ئۈچۈن سېلىنغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە..... ئىبادەتگاھ ئىكەنلىكى كۆرسىتىدۇ. بۇ پۈتۈن مەسچىت - جامەلەرنىڭ ئاممىنىڭ ئورتاق مۈلكى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 114 - ۋە 187 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 18 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 40 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 36 - ۋە 37 - ئايەتلەر؛ 72 - سۈرە جىن، 18 - ئايەت).

⑤ ئاللاھ يولىدا ياخشىلىق قىلىش، موھتاجلارغا ياردەم يەتكۈزۈش ۋە ئاجىزلارغا خەيرخاھلىق كۆرسىتىش قاتارلىق ئىشلار قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدا كېلىدۇ (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە: 83 - ، 177 - ۋە 215 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 36 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 26 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 38 - ئايەت؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 8 - ئايەت). ئۇ ئىشلارنى ئاكتىپ ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئۇيۇشما ۋە مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇش ياخشى ئىشتۇر. ۋەخپە بىرەر مۈلۈكنى ئاللاھ يولىغا ئاتاش ۋە ئاللاھ يولىغا ئاتالغان مۈلۈك دېگەن بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا تەشۋىق قىلىنىدۇ (قاراڭ: 36 - سۈرە ياسىن، 12 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر، 18 - ئايەت؛ 73 - سۈرە مۇززەممىل، 20 - ئايەت؛ 82 - سۈرە ئىنفىتار، 1 ~ 5 - ئايەتلەر). شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق مۇئەسسەسەلەرنىڭ بىنالىرى ۋە مۈلۈكلىرى ئاممىنىڭ ئورتاق مۈلكى ھېسابلىنىدۇ.

⑥ قۇرئان كەرىمدە ئىلىم ئۆگىنىشكە تەشۋىق ۋە ئەمىر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەر ئەينى ۋاقىتتا ھەر زامانغا ماس ھالدا ئىلىم يۇرتلىرى ۋە تەجرىبىخانىلارنىمۇ سېلىشنىڭ مۇھىملىقىغا، شۇنداقلا بارلىرىنى قوغداشنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ (قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 18 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 28 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 9 - ئايەت؛ 96 - سۈرە ئەلەق، 1 ~ 5 - ئايەتلەر).

شۇنىڭدەك، شىپاخانا، دوختۇرخانا[1]، قەبرىستانلىقلار[2]، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېقىن - يايلاق، دەريا - دېڭىزلەر[3]، ھەر تۈرلۈك تەبىئىي بايلىق، ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە تارقىتىش ئورگانلىرى[4] قاتارلىق مۇئەسسەسە، قۇرۇلۇش ۋە بايلىقلارمۇ ئاممىۋى مۈلۈك ھېسابلىنىدۇ.

① ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىرقانچە ئايەتتە كېسەل كىشىلەرنى زىكىر قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەمىر - پەرماندا كەڭچىلىك قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 184 - ، 185 - ۋە 196 - ئايەتلەر؛ سۈرە نىسا، 43 - ۋە 102 - ئايەتلەر؛ 5 - سۈرە مائىدە، 6 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 91 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 61 - ئايەت؛ 48 - سۈرە فەتھ، 17 - ئايەت؛ 73 - سۈرە مۇززەممىل، 20 - ئايەت). كېسەل كىشى - ئورگانىزمنىڭ نورمال پائالىيىتى بۇزۇلغان كىشى دېمەكتۇر (قاراڭ: راغىب ئىسفەھانى، «مرض»، 765). قۇرئان كەرىمدە بىر ئايەتتە ئۇنداق كىشىگە ئاللاھنىڭ شىپالىق بېرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ (قاراڭ: 26 - سۈرە شۇئەرا، 80 - ئايەت)، باشقا بىر ئايەتتە ھەسەلنىڭ ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ (قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 69 - ئايەت). بۇ، شىپالىقنى ئاللاھنىڭ بېرىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبكە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كېسەل كىشىلەرگە ئەنە شۇ سەۋەب قىلىنىدىغان مۇئەسسەسە شىپاخانا، دوختۇرخانا دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مۇئەسسەسەنىڭ ئاممىۋى مۈلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

② ئاللاھ تائالا ھاياتلىق بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمنىمۇ ياراتقان (قاراڭ: 67 - سۈرە مۇلك، 2 - ئايەت)، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلۈمنى بەلگىلىگەن (قاراڭ: 56 - سۈرە ۋاقىئە، 60 - ئايەت). شۇڭا دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىنسان ئۆلىدۇ (قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 185 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 78 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 35 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 57 - ئايەت). ئاللاھ تائالا ئۆلگەن ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلىشنى (يەرگە كۆمۈۋېتىشنى) دەسلەپتە بىر قاغا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆگەتكەن (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 31 - ئايەت)، كېيىن بۇنى نازىل قىلغان ۋەھيىدە بايان قىلغان (قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 55 - ئايەت؛ 76 - سۈرە مۇرسەلات، 25 - ۋە 26 - ئايەتلەر)، جەسەت كۆمۈلىدىغان يەرنى قەبرە (قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 84؛ 80 - سۈرە ئەبەسە 21- ئايەت)، قەبرە كۆپ بولىدىغان جايلارنى ماقابىر (قەبرىستانلىقلار) دەپ ئاتىغان (قاراڭ: 102 - سۈرە تەكاسۇر 2 - ئايەت). قەبرىلەرنىڭ بىر جايدا بولىدىغانلىقى قەبرىستانلىقلارنىڭ ئاممىۋىي مۈلۈك ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

③ قاراڭ: 79 - سۈرە نازىئات، 30 ~ 33 - ئايەتلەر؛ 80 - سۈرە ئەبەسە، 24 ~ 32 - ئايەتلەر.

④ ئاللاھ زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 29 - ئايەت)، ئاسمان - زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىنسانلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرىنى كۆپ ئاتا قىلغان (قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 65 - ئايەت؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 13 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 20 - ئايەت). ھەر تۈرلۈك ئېنېرگىيەمۇ ئەنە شۇ نېمەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭدىن ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ. لېكىن ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئۆلىشىش ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا ئېنېرگىيەنىڭ مەنبەسىنى ئەمەس، ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۆلىشىش لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھۆكۈمنى ئەلچىسى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزە تۆگىسى بىلەن قەۋمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇنىڭ بىر كۈندىن نۆۋەتلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بىلدۈرگەن (قاراڭ: 26 - سۈرە شۇئەرا، 155 - ئايەت؛ 54 - سۈرە قەمەر، 28 - ئايەت؛ 91 - سۈرە شەمس، 13 - ئايەت). بۇ ئەھۋال، ئېنېرگىيە مەنبەلىرى ۋە تارقىتىش ئورگانلىرىنىڭ پۈتۈن ئاممىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ھەر كىشىنىڭ قوغدىشى لازىملىقىنى ۋە قائىدە - نىزام بويىچە پايدىلىنىشنىڭ مۇباھلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھېچكىمنىڭ ئاممۋى مۈلۈككە ئىگە بولۇۋېلىش ياكى بەزىلەرنى ئۇنىڭ مەنپەئەتىدىن چەكلەش ھوقۇقى يوق. ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، تېخىمۇ پايدىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈش ۋە ئاممىنىڭ ئادىللىق بىلەن پايدىلىنىشى قاتارلىقلارنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم.

### 4. ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەر - ئايال قىلىپ ياراتقان[①]. ھەر جىنسقا ئۆز تىپىدىن جۈپتىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىدىن ھېسابلىغان[②]. ئائىلە قۇرۇش، بالا - چاقىلىق بولۇش ۋە نەۋرە - چەۋرە كۆرۈشنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن[③]، شۇنداقلا نىكاھلىنىشنى (توي قىلىشنى) يولغا قويغان[④] ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىدىكى بويتاقلارنى ئۆيلەندۈرۈپ قويۇشقا ئەمر قىلغان[⑤]. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئادەمزاتنىڭ نىكاھلىنىپ ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى بار. بۇ ھوقۇقتا ھەر ئىنسان باراۋەردۇر.

### 5. ساياھەت ھوقۇقى

زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەخلۇقات ۋە جىمى مەۋجۇدات ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىلغان[⑥]. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى ئىنسان ئادەم ئاتىدىن بېرى يەر يۈزىدە ئىنسان ياشاپ كەلگەن ۋە قىيامەتكە قەدەر ياشايدۇ. ھەر ئىنساننىڭ زېمىندىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش، پادىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، نېمىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىش، ئۆزىدىن ئىلگىرى ياشىغانلارنىڭ ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، مەخلۇقاتلار ئۈستىدە

---

① قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 11 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 11 - ئايەت؛ 78 - سۈرە نەبەئ، 8 - ئايەت.

② قاراڭ 30 - سۈرە رۇم، 21 - ئايەت.

③ قاراڭ 16 - سۈرە نەھل، 72 - ئايەت.

④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 3 - ۋە 24 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 24 - سۈرە نۇر، 32 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 55 - سۈرە رەھمان، 10 - ئايەت؛ 2 - سۈرە بەقەرە، 29 - ئايەت.

تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن يەر يۈزىدە ساياھەت قىلىش ھوقۇقى بار[1]. بۇ ھوقۇقتىمۇ ھەممە ئىنسان باراۋەردۇر.

### 6. پاناھلىق تىلەش ھوقۇقى

ياشاۋاتقان يېرىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋە زۇلۇمنى ئۆزىدىن دەپئى قىلالمىغان ئىنساننىڭ ئۇ يەرنى تاشلاپ، ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ئىززىتى بىلەن ياشىيالايدىغان باشقا بىر يەرگە پاناھلىنىش ھوقۇقى بار[2].

ئەگەر پاناھلىق تىلىگۈچى ئىنسان مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاشتىن مەنئى قىلىنىشى ئۇنىڭغا قىلىنغان زۇلۇمدۇر. بۇ زۇلۇمنى دەپئى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ۋە باشقا بىر يەرگە كېتىشكە چارە ۋە يول تاپالىغانلار ئۇ يەرگە پاناھلىنىشقا (ھىجرەت قىلىشقا) بۇيرۇلىدۇ[3]. بۇلار ھىجرەت قىلىپ بارغان يەرنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمان بولسا ئۇ مۇھاجىرلارنى قانات ئاستىغا ئېلىشى ۋە باغرىغا بېسىشى كېرەك[4].

مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان يېرىنىڭ مۇسۇلمان دۆلىتى ياكى ئاھالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت ئەمەس. مۇھاجىر مۇسۇلمانلارغا ئۆز ئېتىقادىنى ئىپادىلەش ۋە ئىنساندەك ياشاش ئەركىنلىكى بېرىلىدىغان يەر بولسا كۇپايە قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ھىجرەتنىڭ ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفئوپىيەگە) قىلىنىشى بۇنى كۆرسىتىدۇ[5].

---

① قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 45 - ۋە 46 - ئايەتلەر؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 20 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 36 - ئايەت؛ 67 - سۈرە مۇلك، 15 - ئايەت؛ 73 - سۈرە مۇززەممىل، 20 - ئايەت.

② چۈنكى يەر يۈزى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مۈلكىدۇر (قاراڭ: 55 - سۈرە رەھمان، 10 - ئايەت). شۇڭا بىر يەردە ياشاشنى خالىمىغان ئىنساننىڭ باشقا بىر يەرگە كۆچۈپ بېرىپ باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق شەرتى بىلەن ياشىشى، ئۇنىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلانغانلىقى، بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىشى ئۇنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

③ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 97 ~ 100 - ئايەتلەر؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 56 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 10 - ئايەت.

④ قاراڭ: 8 - سۈرە ئەنفال، 74 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر، 9 - ئايەت.

⑤ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن، مۇشرىكلار تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلارنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. كىتابنىڭ «ھىجرەت ۋە جىھاد» بۆلۈمىدە بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

ناۋادا بىرەر غەيرىي مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا پاناھلىق تىلەپ كەلسە تەكشۈرۈلىدۇ:

ئەگەر ئۇ غەيرىي مۇسۇلمان، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدىكى دۈشمەنلەردىن بىرى بولسا، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغانغا قەدەر پاناھلىق بېرىشى، ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئۇنى قېرىندىشى بىلىپ قانات ئاستىغا ئېلىشى[1]، ناۋادا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئۇنى خاتىرجەم بولىدىغان يېرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ٱسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّىٰ يَسْمَعَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُۥ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْلَمُونَ ۝٦﴾

«ئەگەر ئۇ مۇشرىكلاردىن بىرى سەندىن پاناھلىق تىلىسە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغانغا قەدەر پاناھلىق بەرگىن. ئاندىن ئۇنى ئامانلىق ئىچىدە بولىدىغان يېرىگە يەتكۈزۈپ قويغىن. چۈنكى ئۇلار بىلمەيدىغان قەۋمدۇر»[2].

ئەگەر ئۇ (مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا پاناھلىق تىلەپ كەلگەن غەيرىي مۇسۇلمان)، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش ھالەتتىكى دۈشمەنلەردىن بىرى ئەمەس، ئادەتتىكى بىر غەيرى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىش لازىم. چۈنكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش ھالەتتىكى غەيرى مۇسۇلمانغا ۋاقىتلىق پاناھلىق بېرىشكە بۇيرۇغان بۇ ئايەت ئۇرۇش ھالەتتە بولمىغان غەيرىي مۇسۇلمانغا ۋاقىتسىز پاناھلىق بېرىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتمۇ بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ:

﴿لَّا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمْ يُقَٰتِلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوٓاْ إِلَيْهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ۝٨﴾

---

[1] چۈنكى مۇئمىنلار قېرىنداشتۇر. قاراڭ: 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 10 - ئايەت.
[2] 9 - سۈرە تەۋبە، 6 - ئايەت.

«ئاللاھ سىلەرنى دىن توغرىسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن، ئۇلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىل بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[①].

## §7.ئىنساننىڭ ھۆررىيىتى

### 1. ھۆررىيەتنىڭ دائىرىسى

ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ياخشى - يامان ئىككى يولنى قويغان ۋە ئۇنىڭغا قايسى يولنى تاللاش توغرىسىدا ئىختىيار بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىنسان باشقىلارنىڭ ھۆررىيىتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن خالىغىنىنى قىلىشتا[②]، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ياراتقان، ياشاتقان ۋە باشقۇرۇۋاتقان رەببى ئاللاھ تائالاغا چوقۇنۇش - چوقۇنماسلىق ئەركىنلىكى بېرىلگەن. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿هَلۡ أَتَىٰ عَلَى ٱلۡإِنسَٰنِ حِينٞ مِّنَ ٱلدَّهۡرِ لَمۡ يَكُن شَيۡـٔٗا مَّذۡكُورًا ۝١ إِنَّا خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن نُّطۡفَةٍ أَمۡشَاجٖ نَّبۡتَلِيهِ فَجَعَلۡنَٰهُ سَمِيعَۢا بَصِيرًا ۝٢ إِنَّا هَدَيۡنَٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرٗا وَإِمَّا كَفُورًا ۝٣﴾

«ئىنسانغا زاماندىن شۇنداق مۇددەت كەلدىكى، ئۇ چاغدا ئۇ زىكىر قىلىنغۇچى نەرسە ئەمەس ئىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئۇرۇقلانغان ئارىلاشما تۇخۇمدىن ياراتتۇق. ئۇنى سىنايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، بىز ئۇنىڭغا يولنى كۆرسەتتۇق. ئۇ يا شۈكۈر قىلغۇچى يا تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ»[③].

---

① 60 - سۈرە مۇمتەھىنە، 8 - ئايەت.

② ﴿...لَا تَظۡلِمُونَ وَلَا تُظۡلَمُونَ ۝٢٧٩﴾ «زۇلۇممۇ قىلمايسىلەر، زۇلۇمغىمۇ ئۇچرىمايسىلەر» (2 - سۈرە بەقەرە، 279 - ئايەت). رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زىيان سېلىشقا ۋە زىيان تارتىشقا بولمايدۇ» (ئىبنى ماجە، «ئەھكام»، 17؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 5: 55 - 56؛ ئىمام مالىك، «ئەقدىيە»، 31).

③ 76 - سۈرە ئىنسان، 1 ~ 3 - ئايەتلەر.

﴿لَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ فِي كَبَدٍ ٤ أَيَحۡسَبُ أَن لَّن يَقۡدِرَ عَلَيۡهِ أَحَدٞ ٥ يَقُولُ أَهۡلَكۡتُ مَالٗا لُّبَدًا ٦ أَيَحۡسَبُ أَن لَّمۡ يَرَهُۥٓ أَحَدٌ ٧ أَلَمۡ نَجۡعَل لَّهُۥ عَيۡنَيۡنِ ٨ وَلِسَانٗا وَشَفَتَيۡنِ ٩ وَهَدَيۡنَٰهُ ٱلنَّجۡدَيۡنِ ١٠﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى مۇشەققەت تارتىدىغان قىلىپ ياراتتۇق. ئۇ ‹ماڭا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ› دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇ: ‹مەن دۆۋە - دۆۋە مال تۈگەتتىم› دەيدۇ①. ئۇ ‹مېنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ› دەپ ئويلامدۇ؟ بىز ئۇنىڭغا ئىككى كۆز بەرمىدۇقمۇ؟ بىر تىل ۋە ئىككى كالپۇك بەرمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ئىككى يولنى كۆرسەتتۇق»②.

﴿لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ٢٥٦﴾

«دىندا ھېچ زورلاش يوق. توغرىلىق ئازغۇنلۇقتىن ئېنىق ئايرىلدى. كىمكى تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ سۇنۇپ كەتمەيدىغان مۇستەھكەم تۇتقىنى چىڭ تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»③.

﴿وَلَوۡ شَآءَ رَبُّكَ لَأٓمَنَ مَن فِي ٱلۡأَرۡضِ كُلُّهُمۡ جَمِيعًاۚ أَفَأَنتَ تُكۡرِهُ ٱلنَّاسَ حَتَّىٰ يَكُونُواْ مُؤۡمِنِينَ ٩٩﴾

① بۇ سۆزنى دەيدىغانلار بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ: 1 - ياخشى يوللارغا پۇل - مال سەرپ قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان بىر كىشى ئۇ سۆزنى: «مەن ھازىرغىچە كۆپ پۇل - مال بەردىم، ئەمدى يېتەر» دېگەن مەنىدە دەيدۇ. 2 - باشقىلارغا خەير - ساخاۋەت قىلغان بىر كىشى ئۇ سۆزنى پوچىلىق قىلىش ئۈچۈن: «مەن ئاجىزلارغا كۆپ پۇل - مال بەردىم. مەن مۇشۇنداق قولى كەڭ ئادەم» دېگەن مەنىدە دەيدۇ. 3 - ئىسلام دىنى چەكلىگەن بىر نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان بىر كىشىگە، مەسىلەن: ھاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر كىشىگە، باشقا بىر كىشى: «بۇ ھارام، بۇ ئىشنى قىلمىسىلا» دېسە، ئۇ: «مەن بۇ ئىشنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پۇل - مال خەجلىدىم. ئەمدى ئىش يولىغا چۈشۈپ پايدىغا ماڭغىلى تۇرغاندا بۇ ئىشنى تاشلىۋەتسەم، بۇ ئىشنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھازىرغىچە خەجلىگەن پۇلۇم زىيان بولمامدۇ؟ دېگەن مەنىدە: «مەن دۆۋە - دۆۋە مال تۈگەتتىم» دەيدۇ.

② 90 - سۈرە بەلەد، 4 ~ 10 - ئايەتلەر.

③ 2 - سۈرە بەقەرە ، 256 - ئايەت.

«ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى. ئۇنداقتا ئىنسانلارنى مۆئمىن بولۇشقا سەن زورلامسەن؟»[1].

﴿وَقُلِ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكُمۡۖ فَمَن شَآءَ فَلۡيُؤۡمِن وَمَن شَآءَ فَلۡيَكۡفُرۡۚ إِنَّآ أَعۡتَدۡنَا لِلظَّٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمۡ سُرَادِقُهَاۚ وَإِن يَسۡتَغِيثُواْ يُغَاثُواْ بِمَآءٖ كَٱلۡمُهۡلِ يَشۡوِي ٱلۡوُجُوهَۚ بِئۡسَ ٱلشَّرَابُ وَسَآءَتۡ مُرۡتَفَقًا ٢٩﴾

«ئېيتقىنكى: ‹بۇ ھەق رەببىڭلار تەرىپىدىندۇر. خالىغان كىشى ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان كىشى كافىر بولسۇن›. بىز زالىملارغا شۇنداق ئوت تەييارلىدۇقكى، ئۇنىڭ تامدەك يالقۇنلىرى ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ. ئۇلار تەشنالىقتىن نالە - پەرياد قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشايدىغان، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان بىر تۈرلۈك سۇ بىلەن ياردەم قىلىنىدۇ. بۇ نېمىدېگەن يامان ئىچىملىك! ئۇ نېمىدېگەن يامان ئارامگاھ!»[2].

﴿لَّسۡتَ عَلَيۡهِم بِمُصَيۡطِرٍ ٢٢﴾

«سەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدە زورلىغۇچى ئەمەسسەن»[3].

### 2. ھۆررىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئىنسان تاللىشىدا ھۆردۇر، ئەركىندۇر، لېكىن ئۇ قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئۆز تاللىشىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ، نەتىجىدە يا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ ياكى جازاغا دۇچار بولىدۇ[4]. دېمەككى، ھۆررىيەتسىز مەسئۇلىيەت يوق، مەسئۇلىيەتسىز ھۆررىيەت يوق. مەسىلەن: راستچىللىق، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ئېيپەتنى ساقلاش، ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن ھېسابلىنىشى؛ ھارامغا

---

① 10 - سۈرە يۇنۇس، 99 - ئايەت.
② 18 - سۈرە كەھف، 29 - ئايەت.
③ 88 - سۈرە غاشىيە، 22 - ئايەت.
④ 13 - سۈرە رەئد، 40 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 41 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 13 - ۋە 14 - ئايەتلەر؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 1 - ۋە 47 - ئايەتلەر؛ 84 - سۈرە ئىنشىقاق، 6 ~ 13 - ئايەتلەر؛ 88 - سۈرە غاشىيە، 26 - ئايەت.

يېقىنلاشماسلىق، مەكرۇھنى تەرك ئېتىش، ئىسلامىي ئەمرلەرنى ئورۇنداش قاتارلىقلارنىڭ تەقۋادارلىق ھېسابلىنىشى؛ ئىنساننىڭ ئۇلارنى ھېچقانداق بېسىم ئاستىدا قالماستىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش مەقسىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇشىغا باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرلىنىش ئاستىدىكى كىشىدىن مەسئۇلىيەت كۆتۈرۈلىدۇ[1].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُمُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنِ ٱهْتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهْتَدِى لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۖ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِوَكِيلٍ ﴿١٠٨﴾﴾

«ئېيتقىنكى: ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى سىلەرگە رەببىڭلاردىن ھەق كەلدى. كىم ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىم ئېزىپ كېتىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ. مەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ۋەكىل ئەمەسمەن»[2].

## §8.ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكُلَّ إِنسَٰنٍ أَلْزَمْنَٰهُ طَٰٓئِرَهُۥ فِى عُنُقِهِۦ ۖ وَنُخْرِجُ لَهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ كِتَٰبًا يَلْقَىٰهُ مَنشُورًا ﴿١٣﴾﴾

«بىز ھەر ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە يۈكلىدۇق. بىز قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئوچۇق بىر كىتاب چىقىرىمىز»[3].

---

① 16 - سۈرە نەھل، 106 - ئايەت.

②10 - سۈرە يۇنۇس، 108 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر ئۈچۈن قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 137 - ۋە 139 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 20 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 105 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 104 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 7 - ۋە 15 - ئايەتلەر؛ 24 - سۈرە نۇر، 54 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 50 - ئايەت؛ 74 - سۈرە مۇددەسسىر، 35 ~ 38 - ئايەتلەر.

③ 17 - سۈرە ئىسرا، 13 - ئايەت.

ھەر ئىنساننىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي بولۇپ ئىككى تۈرلۈك مەسئۇلىيىتى بار. ئۇلارنى بۇ كىتابتا قەلەمگە ئېلىشقا تىرىشتۇق. بۇ كىتابتىكى ھەر مەسىلە ئۇلارنى توغرا ئۆگىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما بۇ يەردە ئۇلارنى تۆۋەندىكى بويىچە ئىككى ئىشتا خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

**1. تەۋھىد**

ئىنساننىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى تەۋھىددۇر. يەنى بۇ دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىنساننىڭ ھاياتى بويىچە قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ۋەزىپىسى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ شەيئىنىڭ ۋە ھېچ شەخسنىڭ ئىلاھلىقىنى تونۇماسلىقى، ئېتىراپ قىلماسلىقى ۋە ئىنكار قىلىشى، شۇنداقلا ئىلاھلىققا پەقەت ئاللاھنىڭلا لايىق ئىكەنلىكىنى تىلى بىلەن ئىقرار، دىلى بىلەن تەستىق قىلىشى ۋە بۇنى ئەمەلىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى، نازىل قىلغان كىتابلىرىنى ئىنسانلارغا ئەنە شۇ تەۋھىدنى ئەسلىتىش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدە بەزى يەردە «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە تاغۇتتىن ساقلىنىش»، بەزى يەردە «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر»، بەزى يەردە «ئاللاھتىن باشقىسىنى ۋەكىل قىلىۋالماسلىق» دېگەن شەكىللەردە بايان قىلىنغان. 23 يىلدا نازىل بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى بۇ تەۋھىد بىلەن خۇلاسىلەنگەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدۡ بَعَثۡنَا فِي كُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولًا أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجۡتَنِبُواْ ٱلطَّٰغُوتَۖ فَمِنۡهُم مَّنۡ هَدَى ٱللَّهُ وَمِنۡهُم مَّنۡ حَقَّتۡ عَلَيۡهِ ٱلضَّلَٰلَةُۚ فَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَٱنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ٣٦﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ھەر ئۈممەتكە ئەلچى ئەۋەتتۇق. ئۇ ئەلچى ئۇلارغا ‹ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن ساقلىنىڭلار› دېدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشتى، بەزىسى ئازغۇنلۇققا لايىق بولدى.

يەر يۈزىدە سەير قىلىپ راستنى يالغان دېگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار»[①].

﴿وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِىٓ إِلَيْهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعْبُدُونِ ﴿٢٥﴾﴾

«بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن ھەر ئەلچىگە: ‹مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، شۇڭا ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار› دەپ ۋەھيي قىلدۇق»[②].

﴿وَءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَجَعَلْنَٰهُ هُدًى لِّبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَلَّا تَتَّخِذُوا۟ مِن دُونِى وَكِيلًا ﴿٢﴾﴾

«بىز مۇساغا كىتابنى بەردۇق. ئۇ كىتابنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن ھىدايەت رەھبىرى قىلدۇق. بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا مۇنداق دېدۇق: مەندىن باشقىنى ۋەكىل قىلىۋالماڭلار»[③].

﴿قُلْ إِنَّمَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ ۖ فَهَلْ أَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿١٠٨﴾﴾

«ئېيتقىنكى: ماڭا ئىلاھىڭلارنىڭ يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋەھيي قىلىندى. تەسلىم بولامسىلەر؟»[④].

﴿قُلْ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَىٰٓ إِلَىَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ ۖ فَمَن كَانَ يَرْجُوا۟ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَٰلِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدًۢا ﴿١١٠﴾﴾

«ئېيتقىنكى: شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانمەن. ماڭا سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلارنىڭ يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋەھيي قىلىندۇ. كىم

---

① 16 - سۈرە نەھل، 36 - ئايەت.
② 21 - سۈرە ئەنبىيا، 25 - ئايەت.
③ 17 - سۈرە ئىسرا، 2 - ئايەت.
④ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 108 - ئايەت.

رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئەمەل قىلسۇن ۋە ئىبادەتتە رەببىگە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن»[1].

﴿قُلْ إِنَّمَآ أَنَاْ بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ فَٱسْتَقِيمُوٓاْ إِلَيْهِ وَٱسْتَغْفِرُوهُ ۗ وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ ﴿٦﴾﴾

«ئېيتقىنكى: مەن سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانمەن. لېكىن ماڭا سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلارنىڭ يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋەھيي قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھقا يۈنىلىڭلار ۋە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار. مۇشرىكلارنىڭ ھالىغا ۋاي!»[2].

﴿وَسْـَٔلْ مَنْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رُّسُلِنَآ أَجَعَلْنَا مِن دُونِ ٱلرَّحْمَٰنِ ءَالِهَةً يُعْبَدُونَ ﴿٤٥﴾﴾

«ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ سەندىن بۇرۇن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمىزدىن سوراپ باققىن: بىز رەھماندىن غەيرىينى ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلار قىلىپتىمىزمۇ؟»[3].

﴿هَٰذَا بَلَٰغٌ لِّلنَّاسِ وَلِيُنذَرُواْ بِهِۦ وَلِيَعْلَمُوٓاْ أَنَّمَا هُوَ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ وَلِيَذَّكَّرَ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٥٢﴾﴾

«بۇ قۇرئان ئىنسانلارغا قىلىنغان ئۇقتۇرۇشتۇر. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلسۇن، ئاللاھنىڭ بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلسۇن ۋە ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئويلانسۇن»[4].

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر دالالەت قىلىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ بىرلا ۋەزىپىسى بار، ئۇ بولسىمۇ «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا ئەسلىتىشتۇر. ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان

---

[1] 18 - سۈرە كەھف، 110 - ئايەت.
[2] 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 6 - ئايەت.
[3] 43 - سۈرە زۇخرۇف، 45 - ئايەت.
[4] 14 - سۈرە ئىبراھىم، 52 - ئايەت.

كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزمۇنىمۇ «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر»دىن ئىبارەت. بۇ كۆرسىتىدۇكى، ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى بىرىنچى ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانى لايىق رەۋىشتە تونۇش ۋە ئەمر قىلغىنى بويىچە ياشاشتۇر. چۈنكى ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان[①]. ئۇنىڭ بۇنى بىلىشى ئۈچۈن «ئەمر» چۈشكەن[②].

## 2. زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش

ئىنساننىڭ ئىككىنچى ۋەزىپىسى - زېمىندا تېرىقچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق قىلىش، ئۆي - ئىمارەت، قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلەش ۋە قۇرۇش، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ياساش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، تەبىئەتنى قوغداش ۋە كۆركەملەشتۈرۈش، مۇھىتنى ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ، قەۋمىگە ئېيتقان بىر سۆزىنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق بىلدۈرگەن. مۇناسىۋەتلىك ئايەت تۆۋەندىكىچە:

﴿وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥۖ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ وَٱسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَٱسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوٓا۟ إِلَيْهِۚ إِنَّ رَبِّى قَرِيبٌ مُّجِيبٌ ﴿٦١﴾﴾

«بىز سەمۇد قەۋمىگىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى سالىھنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار. سىلەرنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھىڭلار يوقتۇر. ئۇ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى ۋە سىلەردىن ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، رەببىم يېقىندۇر، ئىجابەت قىلغۇچىدۇر»[③].

---

① 51 - سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.
② 65 - سۈرە تالاق، 12 - ئايەت.
③ 11 - سۈرە ھۇد، 61 - ئايەت.

## §9.ئىنساننىڭ ئاقىۋىتى

دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىنسان ئۆلىدۇ، ئاخىرەتتە قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ، بىر يەرگە جەم قىلىنىدۇ ۋە ھېساب ئېلىنىدۇ. ئىنسان بۇ باسقۇچلاردا يا «ياخشى» ياكى «يامان» دەپ ئايرىلىدۇ. دەرۋەقە، پۈتۈن ئىنسانلار ئۆلۈم ئەسناسىدا «ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان ھالەتتىكىلەر، پاك ھالەتتىكىلەر»[①]، مەھشەرگە ئېلىپ مېڭىلغاندا «كۆزلىرى كور ھالەتتە، گۇناھ يۈكلىرىنى يۈدۈپ ماڭىدىغانلار، كۆزلىرى كۆرىدىغان ۋە دۈمبىسىدە گۇناھ يۈكى يوق ھالەتتە ماڭىدىغانلار»[②]، مەھشەر مەيدانىدا «يۈزى ئاقىرىدىغانلار، يۈزى قارىيىدىغانلار»[③] ، «كىتابى ئوڭ قولىغا بېرىلىدىغانلار، كىتابى ئارقا تەرىپىدىن سول قولىغا بېرىلىدىغانلار»[④] بولۇپ ئىككى پىرقىگە ئايرىلىدۇ، شۇنداقلا ياخشىلار پىرقىسى جەننەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، يامانلار پىرقىسى دوزاخقا تاشلىنىدۇ[⑤] . مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا بۇ باسقۇچلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

### 1. ئۆلۈش (مەۋت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِۖ فَمَن زُحْزِحَ
عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ ١٨٥﴾

«ھەر نەفس ئۆلۈمنى تېتىغۇچىدۇر. شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى سىلەرگە ئەجرىڭلار تولۇق بېرىلىدۇ. ئۇ كۈنى دوزاختىن يىراق قىلىنىپ

---

① قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 28 - ۋە 32 - ئايەت.

② قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 31 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 25 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 124 ~ 126 - ئايەتلەر. ئاللاھ تائالا ياخشىلارنى قىيامەت كۈنىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن (قاراڭ: 76 - سۈرە ئىنسان، 11 - ئايەت)، ياخشىلار، بۇ ئايەتلەردە يامانلارنىڭ دۇچار بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان يامانلىقلارغا دۇچار بولمايدۇ. جۈملىدىن كور ھالەتتە ھەشر قىلىنمايدۇ، گۇناھلىرىنى يۈدۈپ ماڭمايدۇ.

③ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 106 - ئايەت؛ 80 - سۈرە ئەبەسە، 38 ~ 42 - ئايەتلەر

④ قاراڭ: 69 - سۈرە ھاققە، 9 ~ 29 - ئايەتلەر؛ 84 - سۈرە ئىنشىقاق، 7 ~ 11 - ئايەتلەر.

⑤ قاراڭ: 42 - سۈرە شۇرا، 7 - ئايەت.

جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن كىشى ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ. بۇ دۇنيا ھاياتى ئالدىغۇچى مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر»[①].

### 1) بىر - بىرلەپ ئۆلۈش

ئاللاھ تائالا ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلارنى، ئەجەللىرىنى بەلگىلەپ ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ئەجىلى توشقان ھايۋانلار ئۆلۈپ يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىسى تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، ئەجىلى توشقان ئۆسۈملۈكلەر يوق بولۇپ يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىسى ياشىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىش ئاسمان - زېمىننىڭ ئەجىلى توشقۇچە بۇ شەكىلدە داۋاملىشىدۇ[②]. جۈملىدىن ئىنسانمۇ شۇنداق بولىدۇ[③].

ئىنسان بەدەن، جان ۋە روھنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان مەخلۇقتۇر[④]. ئىنسان ئۇخلىغان ۋە ئۆلگەن چاغدا ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئايرىلغان نەرسە روھتۇر. ئۇخلىغان ئىنساننىڭ بەدىنى جانلىق (ھايات) بولىدۇ، ئۆلگەن ئىنساننىڭ بەدىنى جانسىز (ئۆلۈك) بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئۇخلىغان ۋە ئۆلگەن تەرىپى بەدىنىدۇر. روھ ھەم ئۇخلىمايدۇ، ھەم ئۆلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ ٱلَّذِى يَتَوَفَّىٰكُم بِٱلَّيْلِ وَيَعْلَمُ مَا جَرَحْتُم بِٱلنَّهَارِ ثُمَّ يَبْعَثُكُمْ فِيهِ لِيُقْضَىٰٓ أَجَلٌ مُّسَمًّى ۖ ثُمَّ إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٦٠﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، كېچىسى روھىڭلارنى ئېلىپ سىلەرنى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن ئەجەلنىڭ توشۇشى ئۈچۈن كۈندۈزدە روھىڭلارنى ئەۋەتىپ سىلەرنى ئويغىتىدۇ. ئاندىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىسىلەر. ئاندىن ئاللاھ سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ»[⑤].

---

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 185 - ئايەت.

② قاراڭ: 30 - سۈرە رۇم، 8 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 29 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 13 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 5 - ئايەت؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 3 - ئايەت.

③ 6 - سۈرە ئەنئام، 2 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 185 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 78 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 57 - ئايەت؛ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 60 - ئايەت.

④ قاراڭ: 32 - سۈرە سەجدە، 8 - ۋە 9 - ئايەت.

⑤ 6 - سۈرە ئەنئام، 60 - ئايەت.

﴿ٱللَّهُ يَتَوَفَّى ٱلۡأَنفُسَ حِينَ مَوۡتِهَا وَٱلَّتِي لَمۡ تَمُتۡ فِي مَنَامِهَاۖ فَيُمۡسِكُ ٱلَّتِي قَضَىٰ عَلَيۡهَا ٱلۡمَوۡتَ وَيُرۡسِلُ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمًّىۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ٤٢﴾

«ئاللاھ ئۆلگەنلەرنىڭ روھلىرىنى ئۆلگەن چېغىدا، ئۆلمىگەنلەرنىڭ روھلىرىنى ئۇخلىغان چېغىدا ئالىدۇ. ئاندىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان روھلارنى تۇتۇپ قالىدۇ ۋە باشقىلارنى بەلگىلەنگەن ئەجەلگىچە قويۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەر بار»①.

دېمەك، ئۇخلىغان ئىنساننىڭ بەدىنى بىلەن روھى ئويغانغاندا بىرلىشىدۇ. ئۆلگەن ئىنساننىڭ بەدىنى بىلەن روھى بولسا ئاخىرەتتە بەدەن قايتا تىرىلدۈرۈلۈپ جانلانغاندا بىرلىشىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەت تەكىتلەيدۇ:

﴿وَإِذَا ٱلنُّفُوسُ زُوِّجَتۡ ٧﴾

«روھلار بىلەن بەدەنلەر بىر - بىرىگە قوشۇلغان چاغدا»②.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر دۇنيانىڭ ئەجلى توشقانغا قەدەر ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنساننىڭ ئۆلگەن ۋە ئۇخلىغان تەرىپىنىڭ بەدىنى، ئۆلگەن ۋە ئۇخلىغان چېغىدا ئايرىلغان تەرىپىنىڭ روھى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلگەن ئىنساننىڭ روھىنى مۇئەككەل پەرىشتە ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ③ . مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿قُلۡ يَتَوَفَّىٰكُم مَّلَكُ ٱلۡمَوۡتِ ٱلَّذِي وُكِّلَ بِكُمۡ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ تُرۡجَعُونَ ١١﴾

---

① 39 - سۈرە زۇمەر، 42 - ئايەت.

② 81 - سۈرە، تەكۋىر، 7 - ئايەت.

③ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 97 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 93 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 37 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 50 - ئايەت.

«ئېيتقىنكى: سىلەرنى، سىلەرگە مۇئەككەل قىلىنغان ئۆلۈم پەرىشتىسى ۋاپات قىلدۇرىدۇ، ئاندىن رەببىڭلارنىڭ ھوزۇرىغا قايتۇرۇلىسىلەر»[1].

﴿ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِىٓ أَنفُسِهِمْ ۖ فَأَلْقَوُا۟ ٱلسَّلَمَ مَا كُنَّا نَعْمَلُ مِن سُوٓءٍۭ ۚ بَلَىٰٓ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٢٨﴾﴾

«ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىۋاتقاندا پەرىشتىلەر ۋاپات قىلدۇرغان كىشىلەردۇر. ئۇ چاغدا ئۇلار: ‹بىز ھېچ يامانلىق قىلمىغان ئىدۇق› دەپ تەسلىم بولىدۇ. ئۇلارغا: ‹ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ› دېيىلىدۇ»[2].

﴿ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ طَيِّبِينَ ۙ يَقُولُونَ سَلَٰمٌ عَلَيْكُمُ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٣٢﴾﴾

«ئۇلار پاك تۇرغان چاغدا پەرىشتىلەر ۋاپات قىلدۇرغان كىشىلەردۇر. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ‹سالام سىلەرگە! جەننەتكە كىرىڭلار، چۈنكى سىلەر ئەمەل قىلغان ئىدىڭلار!› دەيدۇ»[3].

يۇقىرىدىكى بىرىنچى ئايەتتە ۋاپات قىلدۇرۇشقا مۇئەككەل بىر پەرىشتە زىكىر قىلىنىدۇ. كېيىنكى ئىككى ئايەتتە بولسا ۋاپات قىلدۇرغان پەرىشتىلەر كۆپلۈك شەكلىدە زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ ۋاپات قىلدۇرۇشقا بىر پەرىشتىنىڭ مەسئۇل قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ياردەمچىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### (1) روھنىڭ ئاقىۋىتى

ئۆلۈم پەرىشتىسى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى روھنى ئېلىپ ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇنى ئۆزى خالىغان جايغا قويىدۇ[4].

---

① 32 - سۈرە سەجدە، 11 - ئايەت.
② 16 - سۈرە نەھل، 28 - ئايەت.
③ 16 - سۈرە نەھل، 32 - ئايەت.
④ قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 42 - ئايەت.

روھلار قىيامەتكە قەدەر ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ قويغان يەردە تۇرىدۇ. بۇ يەردە مۇئمىنلارنىڭ روھلىرى ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرىدۇ. كاپىرلارنىڭ روھلىرى بولسا ئازاب - ئوقۇبەت چېكىدۇ. روھلار كىمنىڭ روھى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلۈمدىن كېيىنلا پۇشايمان قىلىشقا ۋە دۇنياغا قايتىپ ئوبدان تەييارلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىشقا باشلايدۇ.

① يامانلارنىڭ روھى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ رَبِّ ٱرْجِعُونِ ﴿٩٩﴾ لَعَلِّىٓ أَعْمَلُ صَٰلِحًا فِيمَا تَرَكْتُ ۚ كَلَّآ ۚ إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَآئِلُهَا ۖ وَمِن وَرَآئِهِم بَرْزَخٌ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ ﴿١٠٠﴾﴾

«ئۇلار ئاللاھقا بوھتان چاپلاشنى ئۆلۈپ كەتكۈچىلىك داۋاملاشتۇرىدۇ، تاكى ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلگەن چېغىدا مۇنداق دەيدۇ: ‹رەببىم! مېنى قايتۇرسىلا. ئارقامدا قالغان دۇنياغا قايتىپ ياخشى ئىش قىلارمەن›. ياق! بۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان قۇرۇق گەپتۇر. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا، ئۇلار قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر توسۇق بار»[1].

بۇ ئايەت يامانلارنىڭ، ئۆلگەن چاغلىرىنىڭ ئۆزىدىلا ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

﴿وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ قَالَ أُوحِىَ إِلَىَّ وَلَمْ يُوحَ إِلَيْهِ شَىْءٌ وَمَن قَالَ سَأُنزِلُ مِثْلَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ ۗ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِى غَمَرَٰتِ ٱلْمَوْتِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓا۟ أَيْدِيهِمْ أَخْرِجُوٓا۟ أَنفُسَكُمُ ۖ ٱلْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ ٱلْهُونِ بِمَا كُنتُمْ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيْرَ ٱلْحَقِّ وَكُنتُمْ عَنْ ءَايَٰتِهِۦ تَسْتَكْبِرُونَ ﴿٩٣﴾﴾

«ئاللاھقا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيي قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق: ‹ماڭا ۋەھيي قىلىندى› دېگەن ۋە: ‹مەنمۇ ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى نازىل قىلالايمەن› دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ ئى مۇھەممەد! بۇ زالىملارنى سەكراتقا

---

① 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 99 - ۋە 100 - ئايەتلەر.

چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا بىر كۆرسەڭ!.. ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلارغا قوللىرىنى سوزۇپ: ‹قېنى روھلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر. چۈنكى سىلەر ئاللاھقا نالايىق سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمەيتتىڭلار › دەيدۇ[1].

﴿وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ يَتَوَفَّى ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَٰرَهُمْ وَذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ۝٥٠﴾

«سەن ئۇ كافىرلارنىڭ پەرىشتىلەر ۋاپات قىلدۇرغان چاغدىكى ئەھۋالىنى بىر كۆرگەن بولساڭ! ئۇ ئەسنادا پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار»[2].

بىرىنچى ئايەتتىكى «قېنى روھلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر. چۈنكى سىلەر ئاللاھقا نالايىق سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمەيتتىڭلار» دېگەن ئىپادە، ئىككىنچى ئايەتتىكى «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار» دېگەن ئىپادە، ئۆلۈم پەرىشتىلىرى يامانلارغا، ئۇلارنىڭ روھلىرىنى ئالغان چاغدا ئېيتىدىغان سۆزدۇر.

② ياخشىلارنىڭ روھى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَنفِقُوا۟ مِن مَّا رَزَقْنَٰكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِىَ أَحَدَكُمُ ٱلْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَآ أَخَّرْتَنِىٓ إِلَىٰٓ أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ۝١٠﴾

«بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: ‹رەببىم! مېنى نېمىشقا ئازغىنە ۋاقىت كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلار ئىدىم، ياخشىلاردىن بولار ئىدىم› دېيىشتىن ئىلگىرى، بىز سىلەرگە بەرگەن رىزىقتىن چىقىم قىلىڭلار»[3].

---

① 6 - سۈرە ئەنئام، 93 - ئايەت.
② 8 - سۈرە ئەنفال، 50 - ئايەت.
③ 63 - سۈرە مۇنافىقۇن، 10 - ئايەت.

بۇ ئايەت ياخشىلارنىڭ ئۆلگەن چېغىنىڭ ئۆزىدە كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىنى تونۇپ يېتىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

﴿وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أَمۡوَٰتَۢاۚ بَلۡ أَحۡيَآءٌ عِندَ رَبِّهِمۡ يُرۡزَقُونَ ١٦٩ فَرِحِينَ بِمَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ وَيَسۡتَبۡشِرُونَ بِٱلَّذِينَ لَمۡ يَلۡحَقُواْ بِهِم مِّنۡ خَلۡفِهِمۡ أَلَّا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ١٧٠ يَسۡتَبۡشِرُونَ بِنِعۡمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَفَضۡلٍ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٧١﴾

«ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دەپ ئويلىمىغىن! بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىرىكتۇر، بېرىلگەن رىزىقتىن بەھرىمەن بولماقتىدۇر، ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەر بىلەن خۇرسەن بولماقتىدۇر. ئۇلار، ئۆزلىرىگە ئارقىلىرىدىن يېتىشمىگەنلەرگە: ‹سىلەرگە ھېچ قورقۇنچ يوقتۇر ھەمدە قايغۇرمايسىلەر› دەپ خۇش خەۋەر بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى، پەزلى ۋە ئاللاھنىڭ مۆئمىنلارنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ»①.

بۇ ئايەتلەر «ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر»نىڭ تېخى قىيامەت قايىم بولماستىن نېمەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى، بۇنى دۇنيادا قالغان قېرىنداشلىرىغا خەۋەر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىدۇ.

(2) بەدەننىڭ ئاقىۋىتى

بەدەنگە كەلسەك، ئۇ زېمىنغا دەپنە قىلىنىدۇ (كۆمۈلىدۇ). ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى ئىنسانىيەتكە دەسلەپتە بىر قاغا ئەۋەتىپ ئۆگەتكەن. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿فَبَعَثَ ٱللَّهُ غُرَابًا يَبۡحَثُ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُرِيَهُۥ كَيۡفَ يُوَٰرِي سَوۡءَةَ أَخِيهِۚ قَالَ يَٰوَيۡلَتَىٰٓ أَعَجَزۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِثۡلَ هَٰذَا ٱلۡغُرَابِ فَأُوَٰرِيَ سَوۡءَةَ أَخِيۖ فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلنَّٰدِمِينَ ٣١﴾

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 169 ~ 171 - ئايەتلەر.

«ئۇ ئەسنادا ئاللاھ بىر قاغا ئەۋەتتى، قاغا يەرنى چوقۇيتتى. بۇ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ: ‹ۋاي ئىست! مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇپ، قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمەلمەپتىمەن!› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى»[①].

تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ جەسەتنىڭ زېمىنغا دەپنە قىلىنىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ:

﴿مِنۡهَا خَلَقۡنَٰكُمۡ وَفِيهَا نُعِيدُكُمۡ وَمِنۡهَا نُخۡرِجُكُمۡ تَارَةً أُخۡرَىٰ ﴿٥٥﴾﴾

«بىز سىلەرنى زېمىندىن ياراتتۇق، سىلەرنى زېمىننىڭ ئىچىگە قايتۇرىمىز، سىلەرنى يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز»[②].

﴿أَلَمۡ نَجۡعَلِ ٱلۡأَرۡضَ كِفَاتًا ﴿٢٥﴾ أَحۡيَآءً وَأَمۡوَٰتًا ﴿٢٦﴾﴾

«بىز زېمىننى، تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى قوينىغا ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟»[③]،

﴿ثُمَّ أَمَاتَهُۥ فَأَقۡبَرَهُۥ ﴿٢١﴾﴾

«ئاندىن ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈپ قەبرىگە قويىدۇ»[④].

جەسەت ئەگەر مۇسۇلماننىڭ جەسىتى بولسا، مېيىت ئۈچۈن دۇئا ماھىيىتىدە بىر تۈرلۈك ناماز ئوقۇلۇپ، ئاندىن زېمىنغا دەپنە قىلىنىدۇ[⑤].

## 2) ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلۈش

ئىنساننىڭ بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرۇشى بۇ دۇنيانىڭ ئەجىلى توشقانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. تاكى قىيامەتنىڭ

---

① 5 - سۈرە مائىدە 31 - ئايەت.
② 20 - سۈرە تاھا، 55 - ئايەت.
③ 77 - سۈرە مۇرسەلات، 25 - ۋە 26 - ئايەتلەر.
④ 80 - سۈرە ئەبەسە، 21 - ئايەت.
⑤ 9 - سۈرە تەۋبىنىڭ 80 - ۋە 84 - ئايەتلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

باشلىنىشى بولغان «سۇر چېلىنىش» ئەمەلىيلەشكەندە، ھايات بولغان ئىنسانلار قورقۇنچتىن[1] تۇرغان يەرلىرىدە ئۆلىدۇ[2].

### 2. قايتا تىرىلىش (بەئس)

ئاندىن ئاللاھ تائالا خالىغان مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم «سۇر چېلىنىش» ئەمەلىيلىشىدۇ[3]. بۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرى جانلىنىدۇ[4]، روھلىرى بىلەن بىرلىشىپ تىرىلىدۇ[5]، ئورنىدىن تۇرىدۇ[6] ۋە يامانلار تېڭىرقىغانلىقتىن باشتا ئۆزلىرىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئويلايدۇ، ئاندىن ھەقىقەتنى چۈشىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَالُواْ يَٰوَيۡلَنَا مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرۡقَدِنَاۜۗ هَٰذَا مَا وَعَدَ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَصَدَقَ ٱلۡمُرۡسَلُونَ ٥٢﴾

«ئۇلار: ‹ۋايجان، بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن كىم قوزغىدى؟ بۇ رەھمان بېشىمىزغا كېلىشىنى سۆزلىگەن نەرسىدۇر. دېمەك، ئەلچىلەر توغرا سۆزلىگەن ئىكەن› دەيدۇ»[7].

### 3. مەھشەرگە ئېلىپ مېڭىلىش

بۇ ئەسنادا ھەر ئىنساننىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە ھازىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ھەيدەپ ماڭغۇچى، يەنە بىرى گۇۋاھچىدۇر[8]. ئاندىن «ھەر كىشى ئۆز ئەمەلى بىلەن مەھشەرگاھقا كەلتۈرۈلسۇن» دەپ نىدا قىلىنىدۇ.

---

① قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 1 - ۋە 2 - ئايەتلەر؛ 101 - سۈرە قارىئە، 4 - ئايەت.

② قاراڭ: 27 - سۈرە نەمل، 87 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 49 - ۋە 50 - ئايەتلەر؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 68 - ئايەت؛ 52 - سۈرە تۇر، 45 - ئايەت.

③ قاراڭ: 36 - سۈرە ياسىن، 51 - ئايەت؛ 79 - سۈرە نازىئات، 7 - ئايەت.

④ قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 102 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيائ، 104 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 16 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 51 - ئايەت؛ 64 - سۈرە تەغابۇن 7 - ئايەت؛ 78 - سۈرە نەبەئ، 18 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 81 - سۈرە تەكۋىر، 7 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 68 - ئايەت.

⑦ 36 - سۈرە ياسىن، 52 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 50 - سۈرە قاف، 21 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 32 - ۋە 53 - ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَوْمَ نَدْعُواْ كُلَّ أُنَاسِۭ بِإِمَـٰمِهِمْۖ فَمَنْ أُوتِيَ كِتَـٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ فَأُوْلَـٰٓئِكَ يَقْرَءُونَ كِتَـٰبَهُمْ وَلَا يُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٧١﴾﴾

«كۈن كېلىدۇ، بىز ھەر گۇرۇھنى ئۆز يولباشچىسى بىلەن چاقىرىمىز. كىتابى ئوڭ قولىغا بېرىلگەنلەر كىتابلىرىنى ئوقۇيدۇ ۋە قىلچە زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ»[1].

﴿يَوْمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِ فَتَأْتُونَ أَفْوَاجًا ﴿١٨﴾﴾

«ئۇ كۈنى سۇر چېلىنىدۇ. سىلەر توپ - توپ بولۇپ كېلىسىلەر»[2].

شۇنىڭ بىلەن يامانلار قەبرىلىرىدىن خۇددى چېچىلىپ كەتكەن چېكەتكىلەردەك چىقىدۇ. ئاندىن گۇرۇھلارغا ئايرىلىدۇ ۋە مەھشەر مەيدانىغا ئىتتىك ئېلىپ مېڭىلىدۇ. ئۇلار كۆزلىرى كۆپكۆك، كور ۋە چەكچىيىپ كەتكەن ھالەتتە ھەممە گۇناھلىرىنى دۈمبىسىدە يۈدىگەن ھالەتتە يۈزلىرى بىلەن تېز ماڭىدۇ، مېڭىۋېتىپ «بۇ قىيىن كۈندۇر» دەيدۇ ۋە دۇنيادا قانچىلىك تۇرغانلىقى ھەققىدە ئۆزئارا پىچىرلىشىدۇ. ئۇلار ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ يەتكەندە ئۆزلىرىنى دۇنيادا يېرىم كۈن تۇرغاندەك[3]، مەھشەرگە يىغىلغاندا بولسا كۈندۈزدىن ئازغىنە ۋاقىت تۇرغاندەك[4] ھېس قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَتَوَلَّ عَنْهُمْۘ يَوْمَ يَدْعُ ٱلدَّاعِ إِلَىٰ شَيْءٍ نُّكُرٍ ﴿٦﴾ خُشَّعًا أَبْصَـٰرُهُمْ يَخْرُجُونَ مِنَ ٱلْأَجْدَاثِ كَأَنَّهُمْ جَرَادٌ مُّنتَشِرٌ ﴿٧﴾ مُّهْطِعِينَ إِلَى ٱلدَّاعِۖ يَقُولُ ٱلْكَـٰفِرُونَ هَـٰذَا يَوْمٌ عَسِرٌ ﴿٨﴾﴾

---

① 17 - سۈرە ئىسرا، 71 - ئايەت.
② 78 - سۈرە نەبەئ، 18 - ئايەت.
③ قاراڭ: 79 - سۈرە نازىئات، 46 - ئايەت.
④ قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 45 - ئايەت.

«ئى مۇھەممەد! ئۇ ھالدا ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن. كۈن كېلىدۇ، ئۇ كۈنى چاقىرغۇچى ناتونۇش بىر نەرسىگە چاقىرىدۇ. ئۇلار كۆزلىرى خۇنۇكلەشكەن ۋە يەرگە تىكىلىپ قالغان ھالەتتە قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ، ئۇلار خۇددى ھەر تەرەپكە يېيىلغۇچى چېكەتكىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار چاقىرغۇچى تەرەپكە بويۇنلىرىنى سوزغان ۋە كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەن ھالدا يۈگۈرىدۇ. كافىرلار: ‹بۇ قىيىن كۈندۇر › دەيدۇ»①.

﴿يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِۚ وَنَحۡشُرُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ يَوۡمَئِذٖ زُرۡقٗا ١٠٢ يَتَخَٰفَتُونَ بَيۡنَهُمۡ
إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا عَشۡرٗا ١٠٣ نَّحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَقُولُونَ إِذۡ يَقُولُ أَمۡثَلُهُمۡ طَرِيقَةً إِن لَّبِثۡتُمۡ
إِلَّا يَوۡمٗا ١٠٤﴾

«سۇر چېلىنغان كۈنى بىز گۇناھكارلارنى كۆزلىرى كۆپكۆك ھالەتتە ھەشىر قىلىمىز. ئۇلار ئۆزئارا: ‹دۇنيادا پەقەت ئون كۈنلا تۇردۇڭلار › دەپ كۇسۇلدىشىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا مۆلچەرلىيەلىگىنى: ‹ياق، سىلەر پەقەت بىر كۈنلا تۇردۇڭلار › دەيدۇ»②.

﴿وَمَنۡ أَعۡرَضَ عَن ذِكۡرِي فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةٗ ضَنكٗا وَنَحۡشُرُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ
أَعۡمَىٰ ١٢٤ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرۡتَنِيٓ أَعۡمَىٰ وَقَدۡ كُنتُ بَصِيرٗا ١٢٥ قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتۡكَ
ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَاۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمَ تُنسَىٰ ١٢٦﴾

«كىمكى مېنىڭ كىتابىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن③، بىز ئۇنى قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىتىمىز ۋە قىيامەت كۈنى كور ھالەتتە ھەشىر قىلىمىز. ئۇ:

① 54 - سۈرە قەمەر، 6 ~ 8 - ئايەتلەر.
② 20 - سۈرە تاھا، 102 ~ 104 - ئايەتلەر.
③ بۇ يەردە «زىكىر» كەلىمىسى كىتاب دەپ تەرجىمە قىلىندى، چۈنكى بۇ ئىپادىنىڭ كەينىدىكى 126 - ۋە 127 - ئايەتلەردىكى «ئايەتلەر» بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان كەرىمدە ئېنىق ئىسىم بولۇپ ياكى ئاللاھ تائالانى ئىپادىلەيدىغان بىرەر كەلىمىگە مۇزاف (ئېنىقلانغۇچى) بولۇپ كەلگەن «زىكىر»، «ئاللاھنىڭ كىتابى» دېگەن بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر: 15 - سۈرە ھىجر، 6 - ۋە 9 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 44 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 28 - ۋە 101 - ئايەتلەر؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 110 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 18 - ۋە 29 - ئايەتلەر؛ 36 - سۈرە ياسىن، 11 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 8 - ئايەت؛ 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 41 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 36 -

‹رەببىم! مېنى نېمىشقا كور ھالەتتە ھەشىر قىلدىڭ؟ ھالبۇكى، مەن كۆرىدىغان بىرى ئىدىم› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹شۇنداق ئىدىڭ، لېكىن ساڭا ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى ئۇنتۇدۇڭ، سەنمۇ بۈگۈن ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلىسەن › دەيدۇ»[1].

﴿قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً قَالُوا۟ يَـٰحَسْرَتَنَا عَلَىٰ مَا فَرَّطْنَا فِيهَا وَهُمْ يَحْمِلُونَ أَوْزَارَهُمْ عَلَىٰ ظُهُورِهِمْ ۚ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ٣١﴾

«ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى يالغان دېگەنلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ. ئاخىرى ئۇلار ئۆزلىرىگە قىيامەت تۇيۇقسىزلا كەلگەندە گۇناھلىرىنى يۈدۈپ تۇرۇپ: ‹ۋاي ئىسىت! ئۇ دۇنيادا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپتىمىز› دەيدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار يۈدۈۋالغان نەرسە نېمىدېگەن يامان!»[2].

﴿لِيَحْمِلُوٓا۟ أَوْزَارَهُمْ كَامِلَةً يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۙ وَمِنْ أَوْزَارِ ٱلَّذِينَ يُضِلُّونَهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ ۗ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ٢٥﴾

«شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىيامەت كۈنى ھەم ئۆز گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۈدىدۇ ھەمدە ئۆزلىرى تەرىپىدىن ھېچبىر ئىلىمگە ئاساسلانماستىن ئازدۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىدىنمۇ يۈدىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنىڭ يۈدۈۋالغان يۈكلىرى نېمىدېگەن يامان!»[3].

﴿وَلَيَحْمِلُنَّ أَثْقَالَهُمْ وَأَثْقَالًا مَّعَ أَثْقَالِهِمْ ۖ وَلَيُسْـَٔلُنَّ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ عَمَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ١٣﴾

---

ئايەت. 53 - سۈرە نەجم، 29 - ئايەت؛ 54 - سۈرە قەمەر، 25 - ئايەت؛ 68 - سۈرە قەلەم، 51 - ئايەت.

① 20 - سۈرە تاھا، 124 ~ 126 - ئايەتلەر.

② 6 - سۈرە ئەنئام، 31 - ئايەت.

③ 16 - سۈرە نەھل، 25 - ئايەت.

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر يۈكلىرى بىلەن بىرلىكتە باشقا نۇرغۇن ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئويدۇرغان بوھتانلىرى توغرۇلۇق قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدۇ»①.

﴿يَوْمَئِذٍ يَتَّبِعُونَ ٱلدَّاعِىَ لَا عِوَجَ لَهُۥ ۖ وَخَشَعَتِ ٱلْأَصْوَاتُ لِلرَّحْمَٰنِ فَلَا تَسْمَعُ إِلَّا هَمْسًا ﴿١٠٨﴾﴾

«ئۇ كۈنى ئىنسانلار چاقىرغۇچىغا ئەگىشىدۇ. ھېچكىم قىڭغىر كەتمەيدۇ. رەھماننىڭ ھەيۋىتى ئالدىدا ئاۋازلار بېسىقىپ كېتىدۇ. ناھايىتى پەس ئاۋازلاردىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمايسەن»②.

﴿وَنُفِخَ فِى ٱلصُّورِ فَإِذَا هُم مِّنَ ٱلْأَجْدَاثِ إِلَىٰ رَبِّهِمْ يَنسِلُونَ ﴿٥١﴾﴾

«سۇر ئەلۋەتتە چېلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار دەرھال قەبرىلىرىدىن چىقىپ رەببى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ»③.

﴿يَوْمَ يَخْرُجُونَ مِنَ ٱلْأَجْدَاثِ سِرَاعًا كَأَنَّهُمْ إِلَىٰ نُصُبٍ يُوفِضُونَ ﴿٤٣﴾ خَٰشِعَةً أَبْصَٰرُهُمْ تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ ۚ ذَٰلِكَ ٱلْيَوْمُ ٱلَّذِى كَانُوا۟ يُوعَدُونَ ﴿٤٤﴾﴾

«ئۇ كۈنى ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، گويا تىكلەنگەن نىشانغا قاراپ مۇسابىقىلەشكەندەك يۈگۈرىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەرگە تىكىلىپ قالىدۇ، ئۇلارنى خارلىق باسىدۇ. ئەنە شۇ ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان كۈندۇر»④.

﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ ٱللَّهَ غَٰفِلًا عَمَّا يَعْمَلُ ٱلظَّٰلِمُونَ ۚ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ ٱلْأَبْصَٰرُ ﴿٤٢﴾ مُهْطِعِينَ مُقْنِعِى رُءُوسِهِمْ لَا يَرْتَدُّ إِلَيْهِمْ طَرْفُهُمْ ۖ وَأَفْـِٔدَتُهُمْ هَوَآءٌ ﴿٤٣﴾﴾

---

① 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 13 - ئايەت.
② 20 - سۈرە تاھا، 108 - ئايەت.
③ 36 - سۈرە ياسىن، 51 - ئايەت.
④ 70 - سۈرە مەئارىج، 43 - ۋە 44 - ئايەتلەر.

«ئى مۇھەممەد! زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھەرگىزمۇ ئاللاھنى خەۋەرسىز دەپ ئويلىمىغىن! شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى كۆزلەر چەكچىيىپ كېتىدىغان كۈنگە كېچىكتۈرىدۇ. ئۇ كۈنى ئۇلار باشلىرى تىك، كۆزلىرى ئوچۇق، قەلبلىرى بوش ھالدا يۈگۈرۈشىدۇ»[1].

### 4. يىغىلىش (ھەشر)

ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، گويا تىكلەنگەن نىشانغا قاراپ مۇسابىقىلەشكەندەك يۈگۈرۈپ[2]، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلىدۇ. باشتا دېيىلگەندەك، ھەر ئىنساننىڭ يېنىدا بىرى ھەيدەپ ماڭغۇچى، يەنە بىرى گۇۋاھچى بولۇپ ئىككى پەرىشتە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَوۡمَ تُبَدَّلُ ٱلۡأَرۡضُ غَيۡرَ ٱلۡأَرۡضِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُۖ وَبَرَزُواْ لِلَّهِ ٱلۡوَٰحِدِ ٱلۡقَهَّارِ ٤٨﴾

«كۈن كېلىدۇ، زېمىن باشقا زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا ئاسمانلارغا ئۆزگەرتىلىدۇ ۋە پۈتكۈل ئىنسانلار چەكسىز قۇدرەتلىك، يالغۇز بىر ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدۇ»[3].

﴿يَوۡمَ تَشَقَّقُ ٱلۡأَرۡضُ عَنۡهُمۡ سِرَاعٗاۚ ذَٰلِكَ حَشۡرٌ عَلَيۡنَا يَسِيرٞ ٤٤﴾

«ئۇ كۈنى يەر يېرىلىدۇ، ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ مەھشەرگاھقا يۈگۈرۈشىدۇ. ئۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان توپلاشتۇر»[4].

﴿إِنَّ ٱلۡأَوَّلِينَ وَٱلۡأٓخِرِينَ ٤٩ لَمَجۡمُوعُونَ إِلَىٰ مِيقَٰتِ يَوۡمٖ مَّعۡلُومٖ ٥٠﴾

«ئېيتقىنكى: ئاۋۋالقىلار ۋە ئاخىرقىلار، مەلۇم كۈننىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا چوقۇم توپلىنىدۇ»[5].

---

① 14 - سۈرە ئىبراھىم، 42 - ۋە 43 - ئايەتلەر.
② قاراڭ: 70 - سۈرە مەئارىج، 43 - ئايەت.
③ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 48 - ئايەت.
④ 50 - سۈرە قاف، 44 - ئايەت.
⑤ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 49 - ۋە 50 - ئايەتلەر.

ئاندىن يامانلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىدۇ ۋە ھەر يامان كىشىگە مۇنداق دېيىلىدۇ:

﴿لَّقَدْ كُنتَ فِى غَفْلَةٍ مِّنْ هَٰذَا فَكَشَفْنَا عَنكَ غِطَآءَكَ فَبَصَرُكَ ٱلْيَوْمَ حَدِيدٌ ﴿٢٢﴾﴾

«سەن بۇنىڭدىن غاپىل ئىدىڭ، ھازىر بىز سېنىڭ پەردەڭنى ئېچىۋەتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن كۆزۈڭ بەك ئۆتكۈردۇر»[1].

ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا سەپ ھالىتىدە تۇرغۇزۇلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئايەت تۆۋەندىكىچە:

﴿يَوْمَ يَقُومُ ٱلنَّاسُ لِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦﴾﴾

«ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆرە تۇرىدۇ»[2].

﴿وَعُرِضُوا۟ عَلَىٰ رَبِّكَ صَفًّا لَّقَدْ جِئْتُمُونَا كَمَا خَلَقْنَٰكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍۭ ۚ بَلْ زَعَمْتُمْ أَلَّن نَّجْعَلَ لَكُم مَّوْعِدًا ﴿٤٨﴾﴾

«ئۇلار سەپ ھالىتىدە رەببىڭگە توغرىلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ھۇزۇرىمىزغا بىز سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ۋاقتىمىزدىكىدەك كەلدىڭلار. بەلكى بىزنىڭ سىلەر ئۈچۈن ۋەدىلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ۋاقىت بېكىتمەيدىغانلىقىمىزنى ئويلىغان ئىدىڭلار»[3].

يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، مەھشەرگاھقا يىغىلىش ۋە ھېساب بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى ۋەدە قىلغان، شۇنداقلا ئۇ ۋەدىلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلىگەن. ئۇلار دۇنيادا ئاللاھ تائالا بىز ئۈچۈن ئۇ ۋاقىتنى بەلگىلىمەيدۇ دەپ ئويلىغان. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئويلىغان بۇ

---

① 50 - سۈرە قاف، 22 - ئايەت.

② 83 - سۈرە مۇتەففىفىن، 6 - ئايەت.

③ 18 - سۈرە كەھف، 48 - ئايەت.

ئويلىرىنى، قىيامەت كۈنى سەپ - سەپ بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا يۈزلىرىگە ئەنە شۇنداق سالىدۇ.

### 5. ھېساب بېرىش

#### 1) سوراق قىلىنىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلْمُرْسَلِينَ ۝٦﴾

«بىز ئەلچى ئەۋەتىلگەن كىشىلەرنى سوئال - سوراق قىلىمىز، ھەممە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنى سوئال - سوراق قىلىمىز»①.

(1) ئەلچىلەرگە سوئال ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابى

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئەلچىلەرگە: «سىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىلدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «بىزنىڭ ھېچ ئىلمىمىز يوق، شۈبھىسىزكى، سەن غەيبلەرنى ئوبدان بىلگۈچىدۇرسەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت تۆۋەندىكىچە:

﴿يَوْمَ يَجْمَعُ ٱللَّهُ ٱلرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَآ أُجِبْتُمْ ۖ قَالُوا۟ لَا عِلْمَ لَنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ۝١٠٩﴾

«بىر كۈنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىنى يىغىدۇ ۋە: ‹سىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىلدى؟› دەيدۇ. ئۇلار: ‹بىزنىڭ ھېچ ئىلمىمىز يوق، شۈبھىسىزكى، سەن غەيبلەرنى ئوبدان بىلگۈچىدۇرسەن› دەيدۇ»②.

(2) ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا سوئال ۋە ئۇنىڭ جاۋابى

مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

---

① 7 - سۈرە ئەئراف، 6 - ئايەت.
② 5 - سۈرە مائىدە، 109 - ئايەت.

﴿وَإِذۡ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ءَأَنتَ قُلۡتَ لِلنَّاسِ ٱتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَٰهَيۡنِ مِن دُونِ ٱللَّهِۖ قَالَ سُبۡحَٰنَكَ مَا يَكُونُ لِيٓ أَنۡ أَقُولَ مَا لَيۡسَ لِي بِحَقٍّۚ إِن كُنتُ قُلۡتُهُۥ فَقَدۡ عَلِمۡتَهُۥۚ تَعۡلَمُ مَا فِي نَفۡسِي وَلَآ أَعۡلَمُ مَا فِي نَفۡسِكَۚ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلۡغُيُوبِ ١١٦ مَا قُلۡتُ لَهُمۡ إِلَّا مَآ أَمَرۡتَنِي بِهِۦٓ أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمۡۚ وَكُنتُ عَلَيۡهِمۡ شَهِيدٗا مَّا دُمۡتُ فِيهِمۡۖ فَلَمَّا تَوَفَّيۡتَنِي كُنتَ أَنتَ ٱلرَّقِيبَ عَلَيۡهِمۡۚ وَأَنتَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ شَهِيدٌ ١١٧ إِن تُعَذِّبۡهُمۡ فَإِنَّهُمۡ عِبَادُكَۖ وَإِن تَغۡفِرۡ لَهُمۡ فَإِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ١١٨﴾

«ئۇ چاغدا ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا! سەن ئىنسانلارغا: ‹ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار› دېدىڭمۇ؟ ئىسا ئېيتىدۇ: ياق! مەن سېنى پاك دەپ بىلىمەن. مەن ئۇچۇن توغرا بولمىغان سۆزنى ئېيتىشقا ھەددىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، سەن ئۇنى چوقۇم بىلىسەن. سەن مېنىڭ ئىچىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ ئىچىڭدىكىنى بىلمەيمەن. شۈبھىسىزكى، سەن غەيبلەرنى ئوبدان بىلگۈچىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان مۇنۇ سۆزنىلا ئېيتتىم: ‹مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار›. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چېغىمدا، ئۇلارنى كۆرەتتىم. سەن مېنى ۋاپات قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى كۆزەتكۈچى پەقەتلا سەن ئىدىڭ. سەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن. ئەگەر ئۇلارنى ئازابلىساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭ. ئەگەر ئۇلارغا مەغپىرەت قىلساڭ، سەن ئەزىزسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»[1].

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ:

﴿هَٰذَا يَوۡمُ يَنفَعُ ٱلصَّٰدِقِينَ صِدۡقُهُمۡۚ لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ١١٩﴾

---

① قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 116 ~ 118 - ئايەتلەر.

«بۇ راستچىللارغا راستچىللىقى پايدا يەتكۈزىدىغان كۈندۇر. ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بار. ئۇلار ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار ئاللاھتىن رازى بولىدۇ. مانا بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر»[1].

(3) پۈتۈن جىن ۋە ئىنسانلارغا سوئال ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي وَيُنذِرُونَكُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَاۚ قَالُواْ شَهِدۡنَا عَلَىٰٓ أَنفُسِنَاۖ وَغَرَّتۡهُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا وَشَهِدُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ أَنَّهُمۡ كَانُواْ كَٰفِرِينَ ١٣٠﴾

«ئۇلارغا ‹ئى جىن ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە ئەينەن بايان قىلىدىغان ۋە سىلەرنى بۇ كۈنۈڭلارغا مۇلاقات بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ئەلچىلەر كەلمىگەنمىدى؟› دېيىلىدۇ. ئۇلار: ‹ئەلۋەتتە كەلگەن ئىدى، گۇناھ بىزدە› دەيدۇ. ئۇلارنى دۇنيا ھاياتى ئالدىغان ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كافىر بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ»[2].

(4) مۇشرىكلارغا سوئال ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابى

ئاللاھ مۇشرىكلارغا (پۈتۈن كاپىرلارغا) نىدا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَاذَآ أَجَبۡتُمُ ٱلۡمُرۡسَلِينَ ٦٥﴾

«سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭلار؟»[3].

---

[1] 5 - سۈرە مائىدە، 119 - ئايەت.
[2] 6 - سۈرە ئەنئام، 130 - ئايەت.
[3] قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 65 - ئايەت.

﴿وَلَقَدۡ جِئۡتُمُونَا فُرَٰدَىٰ كَمَا خَلَقۡنَٰكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَتَرَكۡتُم مَّا خَوَّلۡنَٰكُمۡ وَرَآءَ ظُهُورِكُمۡۖ وَمَا نَرَىٰ مَعَكُمۡ شُفَعَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُمۡ أَنَّهُمۡ فِيكُمۡ شُرَكَٰٓؤُاْۚ لَقَد تَّقَطَّعَ بَيۡنَكُمۡ وَضَلَّ عَنكُم مَّا كُنتُمۡ تَزۡعُمُونَ ٩٤﴾

«شۇبھىسىزكى، ھۇزۇرىمىزغا خۇددى بىز سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ۋاقىتتىكىدەك يالغۇز كەلدىڭلار. بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا قالدۇرۇپ قويدۇڭلار. ‹شېرىكلىرىمىز› دەپ ئېتىقاد قىلغان شاپائەتچىلىرىڭلارنى يېنىڭلاردا كۆرمەيۋاتىمىز. شۇبھىسىزكى، ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى ۋە ئويدۇرغان نەرسىلىرىڭلار سىلەرنى تاشلىۋەتتى»[1].

﴿أَكَذَّبۡتُم بِـَٔايَٰتِي وَلَمۡ تُحِيطُواْ بِهَا عِلۡمًا أَمَّاذَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٨٤﴾

«سىلەر مېنىڭ ئايەتلىرىمنى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ يالغان دېدىڭلارمۇ؟ ياكى قىلغىنىڭلار نېمە ئىدى؟»[2].

ئۇلار بىرىدىنغا ھېچقانداق جاۋاپ تاپالمايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت تۆۋەندىكىچە:

﴿فَعَمِيَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَنۢبَآءُ يَوۡمَئِذٖ فَهُمۡ لَا يَتَسَآءَلُونَ ٦٦﴾

«ئۇلارغا خەۋەرلەر قاراڭغۇلىشىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن ھال سورالمايدۇ»[3].

ئاللاھ تائالا يەنە: «سىلەر يولىدا كۆرەش قىلغان شېرىكلىرىم قەيەردە؟» دەيدۇ. بۇ چاغدا، ئىلىم بېرىلگەنلەر (نەبى ۋە رەسۇللەر): «بۈگۈن رەسۋالىق ۋە يامانلىق كافىرلارغا بولىدۇ» دەيدۇ.

﴿ثُمَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يُخۡزِيهِمۡ وَيَقُولُ أَيۡنَ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ تُشَٰٓقُّونَ فِيهِمۡۚ قَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ إِنَّ ٱلۡخِزۡيَ ٱلۡيَوۡمَ وَٱلسُّوٓءَ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ٢٧﴾

---

[1] 6 - سۈرە ئەنئام، 94 - ئايەت.
[2] 27 - سۈرە نەمل، 84 - ئايەت.
[3] قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 66 - ئايەت.

«ئاندىن ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنى رەسۋا قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا: ‹سىلەر ئۆزئۆڭلارنى پىدا قىلغان شېرىكلىرىم قەيەردە؟› دەيدۇ. ئىلىم بېرىلگەنلەر: ‹بۈگۈن كافىرلار چوقۇم رەسۋا بولىدۇ ۋە يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ› دەيدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارغا يەنە: ‹ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان ئويدۇرما ئىلاھلىرىڭلار قەيەردە› دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ يالغان جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: ‹رەببىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق› دەيدۇ.

﴿وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشْرَكُوٓاْ أَيْنَ شُرَكَآؤُكُمُ ٱلَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٢٢﴾ ثُمَّ لَمْ تَكُن فِتْنَتُهُمْ إِلَّآ أَن قَالُواْ وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ ﴿٢٣﴾﴾

بىز قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاندىن مۇشرىكلارغا: ‹ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان ئويدۇرما ئىلاھلىرىڭلار قەيەردە؟ › دەيمىز. ئاندىن ئۇلارنىڭ يالغان جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: رەببىمىز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق»[2].

## 2) گۇۋاھچىلارنىڭ كەلتۈرۈلىشى

مۇشرىكلار باشتا جاۋاب بېرەلمەي، كېيىن قايتا «سىلەر ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان ئىلاھلىرىڭلار قەيەردە؟» دەپ سورالغان سوئالغا «بىز ئاللاھقا ھېچ شېرىك كەلتۈرمىگەن» دېگەن مەنىدە جاۋاب بېرىدۇ. بۇ يۇقىرىدا زىكىر قىلىندى. ئاندىن ئۇلارغا قارشى گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ. گۇۋاھچىلار: ﴿هَـٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ كَذَبُواْ عَلَىٰ رَبِّهِمْ - بۇلار رەببىگە يالغان چاپلىغان كىشىلەردۇر!﴾ دەيدۇ[3].

گۇۋاھچىلار، مۇشرىكلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارغا: ﴿هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ - دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار!﴾

---

① قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 27 - ئايەت.

② قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 22 - ۋە 23 - ئايەتلەر.

③ قاراڭ: 11 - سۈرە ھۇد، 18 - ئايەت.

دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ دىگىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى يەنى قىلغان ئىشىنىڭ «ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش» ئەمەس، ئەكسىچە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ①.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەقنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەپسۇسلىنىدۇ ۋە يېڭى ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍۭ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ شَهِيدًا ﴿٤١﴾ يَوْمَئِذٍ يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَعَصَوُا۟ ٱلرَّسُولَ لَوْ تُسَوَّىٰ بِهِمُ ٱلْأَرْضُ وَلَا يَكْتُمُونَ ٱللَّهَ حَدِيثًا ﴿٤٢﴾﴾

«ئى مۇھەممەد! بىز ھەر ئۇممەتتىن بىر گۇۋاھچى كەلتۈرگەن ۋە سېنى بۇلارغا گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئەھۋال قانداق بولار؟ ئەنە شۇ كۈندە، كافىر بولغان ۋە رەسۇلۇللاھقا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ»②.

﴿هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا تَأْوِيلَهُۥ ۚ يَوْمَ يَأْتِى تَأْوِيلُهُۥ يَقُولُ ٱلَّذِينَ نَسُوهُ مِن قَبْلُ قَدْ جَآءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلْحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَآءَ فَيَشْفَعُوا۟ لَنَآ أَوْ نُرَدُّ فَنَعْمَلَ غَيْرَ ٱلَّذِى كُنَّا نَعْمَلُ ۚ قَدْ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٥٣﴾﴾

«ئۇلار ئۇ كىتابنىڭ تەئۋىلىنىلا③ ساقلاۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ تەئۋىلى كەلگەن كۈنى، بۇرۇن ئۇنى ئۇنتۇغانلار مۇنداق دەيدۇ: ‹شۈبھىسىزكى،

① قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 75 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 84 - ۋە 89 - ئايەت.
② 4 - سۈرە نىسا، 41 - ۋە 42 - ئايەتلەر.
③ تەئۋىل: بىر نەرسىنى بارىدىغان يېرىگە ئاپىرىش دېگەن بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئىپادىسىگە ئاساسەن، دۇنيا ھاياتىغا ئالدانغان ئۇ كافىرلار بۇ كىتابقا ئىمان ئېيتماي: «توختايلى ئاخىرى نەگە بارىدۇ» دەپ ئاخىرىنى كۈتىدۇ. ئىشنى ئەتە - ئۆگۈنگە قويىدۇ. ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئۇچۇن قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىنى، ئاخىرەت كۈنىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. لېكىن ئۇ كۈن كەلگەندە ئۆزلىرىدىن ھېچبىر ئەمەلنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇيدۇ.

رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئەمدى بىز ئۈچۈن شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ بولسا بىزگە شاپائەت قىلغان بولسىچۇ! ياكى دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟ بولسا قىلغىنىمىزدىن باشقا ئەمەل قىلار ئىدۇق!›. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىگە زىيان سالدى ۋە ئويدۇرغان مەبۇدلىرى ئۇلارنى تاشلىۋەتتى»[1].

﴿وَيَوْمَ يَعَضُّ ٱلظَّالِمُ عَلَىٰ يَدَيْهِ يَقُولُ يَـٰلَيْتَنِى ٱتَّخَذْتُ مَعَ ٱلرَّسُولِ سَبِيلًا ﴿٢٧﴾ يَـٰوَيْلَتَىٰ لَيْتَنِى لَمْ أَتَّخِذْ فُلَانًا خَلِيلًا ﴿٢٨﴾ لَّقَدْ أَضَلَّنِى عَنِ ٱلذِّكْرِ بَعْدَ إِذْ جَآءَنِى ۗ وَكَانَ ٱلشَّيْطَـٰنُ لِلْإِنسَـٰنِ خَذُولًا ﴿٢٩﴾﴾

«ئۇ كۈنى زالىم ئىككى قولىنى چىشلەپ مۇنداق دەيدۇ: ‹رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر يول تۇتسامچۇ! ۋاي ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىسامچۇ! ئۇ مېنى، ماڭا كەلگەن قۇرئاندىن يىراقلاشتۇردى›. شەيتان ئىنسانىنى مانا مۇشۇنداق ياردەمسىز قويىدۇ»[2].

### 3) ئەمەللەرنىڭ تارتىلىشى

ئاندىن مىزان قويۇلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى ئۇ مىزاندا تارتىلىدۇ. مىزاندا ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر كەلگەنلەر ئەھلى جەننەتى، ياخشى ئەمەللىرى مىزاندا يېنىك كەلگەنلەر ئەھلى دوزىخى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلْوَزْنُ يَوْمَئِذٍ ٱلْحَقُّ ۚ فَمَن ثَقُلَتْ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٨﴾ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُم بِمَا كَانُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا يَظْلِمُونَ ﴿٩﴾﴾

«ئۇ كۈنى ئەمەللەرنىڭ تارتىلىشى ھەقتۇر. مىزاندا ياخشىلىقلىرى ئېغىر كەلگەنلەر مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر. مىزاندا ياخشىلىقلىرى يېنىك

---

[1] 7 - سۈرە ئەئراف، 53 - ئايەت.
[2] 25 - سۈرە فۇرقان، 27 ~ 29 - ئايەتلەر.

كەلگەنلەر ئايەتلىرىمىزگە زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە زىيان سالغان كىشىلەردۇر»[1].

﴿وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا ۖ وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا ۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَٰسِبِينَ ﴿٤٧﴾﴾

«بىز قىيامەت كۈنى توغرا تارتىدىغان مىزانلارنى ئورنىتىمىز. ھېچكىم قىلچە زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. قىلىنغان ئىش بىر دانە قىچا چاغلىق بولسىمۇ، ئۇنى كەلتۈرۈپ تارتىمىز. بىز يېتەرلىك ھېساب ئالغۇچىمىز»[2].

﴿فَمَن ثَقُلَتْ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿١٠٢﴾ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ فِى جَهَنَّمَ خَٰلِدُونَ ﴿١٠٣﴾ تَلْفَحُ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ وَهُمْ فِيهَا كَٰلِحُونَ ﴿١٠٤﴾ أَلَمْ تَكُنْ ءَايَٰتِى تُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ فَكُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿١٠٥﴾ قَالُوا۟ رَبَّنَا غَلَبَتْ عَلَيْنَا شِقْوَتُنَا وَكُنَّا قَوْمًا ضَآلِّينَ ﴿١٠٦﴾ رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْهَا فَإِنْ عُدْنَا فَإِنَّا ظَٰلِمُونَ ﴿١٠٧﴾ قَالَ ٱخْسَـُٔوا۟ فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ ﴿١٠٨﴾ إِنَّهُۥ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْ عِبَادِى يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغْفِرْ لَنَا وَٱرْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٠٩﴾ فَٱتَّخَذْتُمُوهُمْ سِخْرِيًّا حَتَّىٰٓ أَنسَوْكُمْ ذِكْرِى وَكُنتُم مِّنْهُمْ تَضْحَكُونَ ﴿١١٠﴾﴾

«مىزاندا ياخشىلىقلىرى ئېغىر كەلگەنلەر مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر. مىزاندا ياخشىلىقلىرى يېنىك كەلگەنلەر ئۆزلىرىگە زىيان سالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى يالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەھەننەمدە ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ‹سىلەرگە ئايەتلىرىم تىلاۋەت قىلىنغان ئەمەسمىدى؟ سىلەر ئۇلارنى يالغان دېگەن ئەمەسمىدىڭلار؟›. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ‹رەببىمىز! بىز يامان ئارزۇلىرىمىزغا يېڭىلىپ ئازغۇن قەۋم بولدۇق. رەببىمىز! بىزنى بۇ يەردىن چىقارغىن. ئەگەر يەنە ئەسكىلىك قىلساق، ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلغان بولىمىز›.

① 7 - سۈرە ئەئراف، 8 - ۋە 9 - ئايەتلەر.
② 21 - سۈرە ئەنبىيا، 47 - ئايەت.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: تۇرغان يېرىڭلاردا قېلىپ خورلۇق تارتىڭلار ۋە ماڭا گەپ قىلماڭلار. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم بەندىلىرىم: ‹رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن› دەيتتى، سىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتىڭلار، ھەتتا سىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ مېنىڭ زىكرىمنى ئۇنتۇغان ئىدىڭلار. سىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۈلەتتىڭلار»[1].

﴿فَأَمَّا مَن ثَقُلَتْ مَوَٰزِينُهُۥ ﴿٦﴾ فَهُوَ فِى عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ ﴿٧﴾ وَأَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَٰزِينُهُۥ ﴿٨﴾ فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٌ ﴿٩﴾ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا هِيَهْ ﴿١٠﴾ نَارٌ حَامِيَةٌۢ ﴿١١﴾﴾

«كىمنىڭ ياخشىلىقلىرى مىزاندا ئېغىر كېلىدىكەن، ئۇ باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشايدۇ. كىمنىڭ ياخشىلىقلىرى مىزاندا يېنىك كېلىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيەدۇر. ھاۋىيە نېمىدۇر، سەن نەدىن بىلىسەن؟ ئۇ قىزىق ئوتتۇر»[2].

### 4) دوزاخنىڭ كەلتۈرۈلىشى

ئەمەللەرنى تارتىش پائالىيىتى پۈتكەندىن كېيىن دوزاخ كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر ئىنسان ئۇنى كۆرىدۇ ۋە شۇ چاغدا ھەقىقەتكە بويسۇنۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە نەدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ئەسلەيدۇ ۋە پۇشايمان قىلىدۇ، لېكىن «كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ».

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا جَآءَتِ ٱلطَّآمَّةُ ٱلْكُبْرَىٰ ﴿٣٤﴾ يَوْمَ يَتَذَكَّرُ ٱلْإِنسَٰنُ مَا سَعَىٰ ﴿٣٥﴾ وَبُرِّزَتِ ٱلْجَحِيمُ لِمَن يَرَىٰ ﴿٣٦﴾﴾

---

① 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 102 ~ 110 - ئايەتلەر.
② 101 - سۈرە قارىئە، 6 ~ 11 - ئايەتلەر.

«بۈيۈك پالاكەت كەلگەن چاغدا، ئەنە شۇ كۈنى كىشى قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئەسلەيدۇ، كۆرىدىغانلار ئۈچۈن دوزاخ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدۇ»[①].

﴿وَجِاْيٓءَ يَوْمَئِذِۭ بِجَهَنَّمَۚ يَوْمَئِذٖ يَتَذَكَّرُ ٱلْإِنسَٰنُ وَأَنَّىٰ لَهُ ٱلذِّكْرَىٰ ﴿٢٣﴾ يَقُولُ يَٰلَيْتَنِي قَدَّمْتُ لِحَيَاتِي ﴿٢٤﴾﴾

«ئۇ كۈنى جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ، ئەنە شۇ كۈندە ئىنسان ئەسلەيدۇ. لېكىن بۇ ئەسلەشنىڭ ئۇنىڭغا قانداقمۇ پايدىسى بولسۇن! ئۇ: ‹كاشكى، ھاياتىم ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان بولسامچۇ!› دەيدۇ»[②].

﴿لَتَرَوُنَّ ٱلْجَحِيمَ ﴿٦﴾ ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيْنَ ٱلْيَقِينِ ﴿٧﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، سىلەر دوزاخنى كۆرىسىلەر. ئاندىن كېيىن ئۇنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن ئەلۋەتتە كۆرىسىلەر»[③].

### 5) كىتابلارنىڭ بېرىلىشى

ئاندىن ھەر ئىنسانغا، دۇنيادا قىلغان پۈتكۈل ئەمەللىرى بىر - بىرلەپ يېزىلغان بىر كىتاب بېرىلىدۇ، ئۇ بۇ كىتابنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن كىتابنى ئوقۇشى ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنغانلىقتۇر. ھەر ئىنسان كىتابنى قولىغا ئالغاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

﴿هَٰذَا كِتَٰبُنَا يَنطِقُ عَلَيْكُم بِٱلْحَقِّۚ إِنَّا كُنَّا نَسْتَنسِخُ مَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٢٩﴾﴾

«مانا بۇ بىزنىڭ كىتابىمىزدۇر. بۇ سىلەرگە ھەقنى سۆزلەيدۇ. چۈنكى بىز، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ نۇسخىسىنى ئالدۇرغان ئىدۇق»[④].

﴿ٱقْرَأْ كِتَٰبَكَ كَفَىٰ بِنَفْسِكَ ٱلْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيبًا ﴿١٤﴾﴾

---

① 79 - سۈرە نازىئات، 34 ~ 36 - ئايەتلەر.
② 89 - سۈرە فەجر، 23 - ۋە 24 - ئايەتلەر.
③ 102 - سۈرە تەكاسۇر، 6 - ۋە 7 - ئايەتلەر.
④ 45 - سۈرە جاسىيە، 29 - ئايەت.

«كىتابىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن سەن ئۆز ھېسابىڭنى ئۆزۈڭ ئېلىشقا يېتىسەن»[1].

(1) كىتابلارنىڭ بېرىلىش شەكلى

ياخشىلارنىڭ كىتابلىرى ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن، ئوڭ قوللىرىغا بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاسان بولىدۇ. يامانلارنىڭ كىتابلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىدىن سول قوللىرىغا بېرىلىدۇ. ئۇلار قورقۇپ ھالاك بولۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ ۝٧ فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا ۝٨ وَيَنقَلِبُ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ مَسْرُورًا ۝٩ وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَٰبَهُۥ وَرَآءَ ظَهْرِهِۦ ۝١٠ فَسَوْفَ يَدْعُواْ ثُبُورًا ۝١١﴾

«ئۇ چاغدا كىمنىڭ كىتابى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلسە، ئۇنىڭدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ، ئۇ ئەھلىنىڭ يېنىغا خۇشال ھالدا قايتىدۇ. كىمنىڭ كىتابى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلسە، ئۇ يوق بولۇپ كېتىشنى تىلەيدۇ»[2].

كاپىرلار كىتابلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ قورقۇپ كېتىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰوَيْلَتَنَا مَالِ هَٰذَا ٱلْكِتَٰبِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّآ أَحْصَىٰهَا... ۝٤٩﴾

«ۋاي ھالىمىزغا! بۇ قانداق كىتاب! ھېچ نەرسە قالدۇرۇپ قويماي چوڭ - كىچىك ھەممە قىلمىشىمىزنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلەپتۇ!»[3].

(2) يۈزلەردىكى ئۆزگىرىش

ئۇ چاغدا ياخشىلارنىڭ يۈزلىرى ئاقىرىپ كېتىدۇ، يامانلارنىڭ يۈزلىرى قارىيىپ كېتىدۇ.

---

① 17 - سۈرە ئىسرا، 14 - ئايەت.
② 84 - سۈرە ئىنشىقاق، 7 ~ 11 - ئايەتلەر.
③ 18 - سۈرە كەھف، 49 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَٱخۡتَلَفُواْ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ١٠٥ يَوۡمَ تَبۡيَضُّ وُجُوهٞ وَتَسۡوَدُّ وُجُوهٞۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱسۡوَدَّتۡ وُجُوهُهُمۡ أَكَفَرۡتُم بَعۡدَ إِيمَٰنِكُمۡ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ١٠٦ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱبۡيَضَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فَفِي رَحۡمَةِ ٱللَّهِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ١٠٧﴾

«سىلەر ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنگەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقانلاردەك بولماڭلار. ئەنە شۇلارغا چوڭ ئازاب بار. ئۇ كۈنى بەزى يۈزلەر ئاقىرىدۇ ۋە بەزى يۈزلەر قارىيىدۇ. يۈزى قارايغانلارغا: ‹سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كافىر بولدۇڭلارمۇ؟ كافىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن شۇ ئازابنى تېتىڭلار› دېيىلىدۇ. يۈزى ئاقارغانلار بولسا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئۇ رەھمەتنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ»[1].

﴿وُجُوهٞ يَوۡمَئِذٖ مُّسۡفِرَةٞ ٣٨ ضَاحِكَةٞ مُّسۡتَبۡشِرَةٞ ٣٩ وَوُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ عَلَيۡهَا غَبَرَةٞ ٤٠ تَرۡهَقُهَا قَتَرَةٌ ٤١ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَفَرَةُ ٱلۡفَجَرَةُ ٤٢﴾

«ئۇ كۈنى بەزى يۈزلەر نۇر چاچقۇچىدۇر، كۈلۈپ تۇرغۇچىدۇر، خۇشال بولغۇچىدۇر. ئۇ كۈنى يەنە بەزى يۈزلەر چاڭ - توزان ئىچىدە قالىدۇ، قارىداپ كېتىدۇ. ئەنە شۇلار كافىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر»[2].

﴿وَيَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ تَرَى ٱلَّذِينَ كَذَبُواْ عَلَى ٱللَّهِ وُجُوهُهُم مُّسۡوَدَّةٌۚ أَلَيۡسَ فِي جَهَنَّمَ مَثۡوٗى لِّلۡمُتَكَبِّرِينَ ٦٠﴾

«ئاللاھقا بوھتان چاپلىغانلارنى، قىيامەت كۈنى يۈزلىرى قارىيىپ كەتكەن ھالەتتە كۆرىسەن. چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورنى جەھەننەمدۇر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!»[3].

---

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 105 ~ 107 - ئايەتلەر.
② 80 - سۈرە ئەبەسە، 38 ~ 42 - ئايەتلەر.
③ 39 - سۈرە زۇمەر، 60 - ئايەت.

ياخشىلار كىتابلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿هَآؤُمُ ٱقۡرَءُواْ كِتَٰبِيَهۡ ۝١٩ إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَٰقٍ حِسَابِيَهۡ ۝٢٠﴾

«مانا بۇ مېنىڭ كىتابىم، ئېلىپ ئوقۇڭلار! مەن ھېسابىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم»[1].

يامانلار بولسا، كىتابلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰلَيۡتَنِي لَمۡ أُوتَ كِتَٰبِيَهۡ ۝٢٥ وَلَمۡ أَدۡرِ مَا حِسَابِيَهۡ ۝٢٦ يَٰلَيۡتَهَا كَانَتِ ٱلۡقَاضِيَةَ ۝٢٧ مَآ أَغۡنَىٰ عَنِّي مَالِيَهۡۜ ۝٢٨ هَلَكَ عَنِّي سُلۡطَٰنِيَهۡ ۝٢٩﴾

«ئاھ! كاشكى، ماڭا كىتابىم بېرىلمىگەن بولسا ئىدى! ھېسابىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەم ئىدىم! ئاھ! كاشكى، ئۆلۈم ئىشنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى بولسا ئىدى! مال - مۈلكۈم ماڭا ئەسقاتمىدى. سەلتەنەتىم قولۇمدىن كەتتى»[2].

## 6) يامانلارغا تەنقىد

ئۇ چاغدا يامانلار ئەيىبلىنىدۇ، تەنقىدلىنىدۇ ۋە نەدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقلىرى يۈزلىرىگە سېلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَفَلَمۡ تَكُنۡ ءَايَٰتِي تُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ فَٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ وَكُنتُمۡ قَوۡمٗا مُّجۡرِمِينَ ۝٣١ وَإِذَا قِيلَ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَٱلسَّاعَةُ لَا رَيۡبَ فِيهَا قُلۡتُم مَّا نَدۡرِي مَا ٱلسَّاعَةُ إِن نَّظُنُّ إِلَّا ظَنّٗا وَمَا نَحۡنُ بِمُسۡتَيۡقِنِينَ ۝٣٢﴾

«سىلەرگە ئايەتلىرىم تىلاۋەت قىلىنغان ئەمەسمىدى؟ لېكىن سىلەر چوڭچىلىق قىلدىڭلار ۋە گۇناھكار قەۋم بولدۇڭلار، شۇنداققۇ! سىلەرگە: ‹ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشىدا ھەرگىزمۇ شەك

① 69 - سۈرە ھاققە، 19 - ۋە 20 - ئايەت.
② 69 - سۈرە ھاققە، 25 ~ 29 - ئايەتلەر.

يوقتۇر› دېيىلسە، سىلەر: بىز قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، بىز پەقەت گۇمان قىلىمىز، بىز ھەقىقىي ئىشەنمەيمىز› دېگەن ئىدىڭلار!»[1].

﴿وَقِيلَ ٱلْيَوْمَ نَنسَىٰكُمْ كَمَا نَسِيتُمْ لِقَآءَ يَوْمِكُمْ هَٰذَا وَمَأْوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٣٤﴾ ذَٰلِكُم بِأَنَّكُمُ ٱتَّخَذْتُمْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ هُزُوًا وَغَرَّتْكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۚ فَٱلْيَوْمَ لَا يُخْرَجُونَ مِنْهَا وَلَا هُمْ يُسْتَعْتَبُونَ ﴿٣٥﴾﴾

«ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ‹سىلەر بۇ كۈنۈڭلار بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۇنتۇغاندەك، بىزمۇ بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز. سىلەرنىڭ بېرىپ ئورۇنلىشىدىغان يېرىڭلار دوزاختۇر. سىلەرگە ھېچقانداق ياردەمچى يوقتۇر. چۈنكى سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلار ۋە دۇنيا ھاياتى سىلەرنى ئالدىدى›. بۈگۈن ئۇلار دوزاختىن چىقىرىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشلىرىمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ»[2].

**6. ئايرىلىش**

**1) يامانلارغا ئايرىلىش ئەمرى**

ھەر ئىنسانغا دۇنيادىكى چېغىدا قىلغان پۈتكۈل ئەمەللىرى يېزىلغان بىر كىتاب بېرىلگەن، ھەر ئىنسان ئۆز كىتابىنى ئوقۇغان ۋە كىتابىغا قارىتا خالىغىنىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا يامانلارغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱمْتَٰزُوا۟ ٱلْيَوْمَ أَيُّهَا ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٥٩﴾ أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَٰبَنِىٓ ءَادَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا۟ ٱلشَّيْطَٰنَ ۖ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٦٠﴾ وَأَنِ ٱعْبُدُونِى ۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٦١﴾ وَلَقَدْ أَضَلَّ مِنكُمْ جِبِلًّا كَثِيرًا ۖ أَفَلَمْ تَكُونُوا۟ تَعْقِلُونَ ﴿٦٢﴾ هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِى كُنتُمْ تُوعَدُونَ ﴿٦٣﴾ ٱصْلَوْهَا ٱلْيَوْمَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٦٤﴾﴾

«ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن ئايرىلىڭلار. مەن سىلەردىن: ‹ئى ئادەم ئەۋلادى! شەيتانغا ئىبادەت قىلماڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ ئاشكارا دۈشمىنىڭلاردۇر› دەپ ئەھدە ئالمىدىممۇ؟ سىلەرگە: ‹ماڭىلا ئىبادەت

---

[1] 45 - سۈرە جاسىيە، 31 - ۋە 32 - ئايەت.

[2] قاراڭ: 45 - سۈرە جاسىيە، 34 - ۋە 35 - ئايەت.

قىلىشلار. مانا بۇ توغرا يولدۇر› دېمىدىمۇ؟ شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن خەلقلەرنى ئازدۇردى. ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ؟ ئەنە شۇ، سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان جەھەننەم! بۈگۈن ئۇنىڭغا كىرىپ كۆيۈڭلار، چۈنكى سىلەر تۇزكورلۇق قىلدىڭلار»[1].

## 2) ياخشىلارغا ئايرىلىش ئەمرى

ئاللاھ تائالا ئۇ ئەسنادا ھەر ياخشى كىشىگە ئالاھىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيَّتُهَا ٱلنَّفْسُ ٱلْمُطْمَئِنَّةُ ﴿٢٧﴾ ٱرْجِعِىٓ إِلَىٰ رَبِّكِ رَاضِيَةً مَّرْضِيَّةً ﴿٢٨﴾ فَٱدْخُلِى فِى عِبَـٰدِى ﴿٢٩﴾ وَٱدْخُلِى جَنَّتِى ﴿٣٠﴾﴾

«ئى ئارام تاپقۇچى نەفس![2] رازى بولغان ۋە رازى بولۇنغان[3] ھالدا رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىغا قايتقىن، بەندىلىرىمگە قوشۇلغىن ۋە جەننىتىمگە كىرگىن»[4].

شۇنىڭ بىلەن نەبىلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىر - بىرىگە قوشۇلىدۇ، ئاندىن ھەممە بىرلىكتە جەننەتكە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ:

﴿وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلصِّدِّيقِينَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّـٰلِحِينَ ۚ وَحَسُنَ أُو۟لَـٰٓئِكَ رَفِيقًا ﴿٦٩﴾﴾

«ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلغانلار ئاللاھ ئىنئام قىلغان نەبىيلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلاردۇر!»[5].

---

① 36 - سۈرە ياسىن، 59 ~ 64 - ئايەتلەر.

② بۇ يەردىكى ئارام تاپقۇچى نەپس، رەئد سۈرىسىنىڭ 28 - ئايىتىگە ئاساسەن ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن ئارام تاپقۇچى كىشى دېگەن بولىدۇ.

③ يەنى سەن ئاللاھتىن رازى بولغان ۋە ئاللاھ سەندىن رازى بولغان ھالدا دېگەن بولىدۇ.

④ 89 - سۈرە فەجر، 27 ~ 30 - ئايەتلەر.

⑤ 4 - سۈرە نىسا، 69 - ئايەت.

### 3) ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ ئايرىلىشى

ياخشىلار ئالدىلىرىدا ۋە ئوڭ تەرەپلىرىدە نۇر بولغان ھالدا يامانلاردىن ئايرىلغان ئەسنادا ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ:

﴿بُشْرَىٰكُمُ ٱلْيَوْمَ جَنَّٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١٢﴾﴾

«بۈگۈن سىلەرگە خۇش خەۋەر: سىلەر ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىپ مەڭگۈ ياشايسىلەر. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر»[①].

يامانلارنىڭ ئىچىدىكى مۇناپىقلار ئۇلارغا: «بىزگە قاراڭلار، نۇرۇڭلاردىن ئېلىۋالايلى» دەيدۇ. مۇناپىقلارغا: «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر ئىزدەڭلار» دېيىلىدۇ. «شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بار، ئىچىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بار»[②].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَوْمَ يَقُولُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتُ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱنظُرُونَا نَقْتَبِسْ مِن نُّورِكُمْ قِيلَ ٱرْجِعُوا۟ وَرَآءَكُمْ فَٱلْتَمِسُوا۟ نُورًا ۖ فَضُرِبَ بَيْنَهُم بِسُورٍ لَّهُۥ بَابٌۢ بَاطِنُهُۥ فِيهِ ٱلرَّحْمَةُ وَظَٰهِرُهُۥ مِن قِبَلِهِ ٱلْعَذَابُ ﴿١٣﴾﴾

«ئۇ كۈنى مۇناپىق ئەر ۋە مۇناپىق ئاياللار مۆئمىنلارغا: ‹بىزگە قاراڭلار، نۇرۇڭلاردىن ئېلىۋالايلى› دەيدۇ. ئۇلارغا: ‹ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر ئىزدەڭلار› دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا دەرۋازىسى بولغان بىر سېپىل سوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بار»[③].

---

① 57 - سۈرە ھەدىد، 12 - ئايەت.
② 57 - سۈرە ھەدىد، 13 - ئايەت.
③ 57 - سۈرە ھەدىد، 13 - ئايەت.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان سوئال - جاۋابلار بولىدۇ:

﴿يُنَادُونَهُمْ أَلَمْ نَكُن مَّعَكُمْ ۖ قَالُوا۟ بَلَىٰ وَلَـٰكِنَّكُمْ فَتَنتُمْ أَنفُسَكُمْ وَتَرَبَّصْتُمْ وَٱرْتَبْتُمْ وَغَرَّتْكُمُ ٱلْأَمَانِىُّ حَتَّىٰ جَآءَ أَمْرُ ٱللَّهِ وَغَرَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ ﴿١٤﴾ فَٱلْيَوْمَ لَا يُؤْخَذُ مِنكُمْ فِدْيَةٌ وَلَا مِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۚ مَأْوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ ۖ هِىَ مَوْلَىٰكُمْ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٥﴾﴾

«مۇنافىقلار مۇئمىنلارغا: ‹بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟› دەپ نىدا قىلىدۇ. مۇئمىنلار ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: شۇنداق، بىللە ئىدىڭلار، لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارغا يامانلىق قىلدىڭلار، بىزنىڭ مۇسىبەتكە يولۇقۇشىمىزنى كۈتتۈڭلار، شۈبھىلەندىڭلار، سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر قۇرۇق خىياللار ئالدىدى ۋە ئالدامچى سىلەرنى ئاللاھ بىلەن ئالدىدى. بۈگۈن سىلەردىنمۇ، كافىرلاردىنمۇ فىدىيە ئېلىنمايدۇ. سىلەرنىڭ ئورۇنلىشىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر. ئۇ سىلەرگە لايىقتۇر ۋە نېمىدېگەن يامان جايدۇر!»[①].

## 7. ئاخىرقى مەنزىلگە ئورۇنلىشىش

### 1) ياخشىلار

ياخشىلار يامانلاردىن ئايرىلىپ، ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىغا سىپىل سوقۇلغاندىن كېيىن ياخشىلارنى پەرىشتىلەر: «بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر» دەپ قارشى ئالىدۇ[②]. بۇ چاغدا ئۇلارغا جەننەت يېقىنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ[③]. ئاندىن ئۇلار نەبى، سىددىق، شېھىت ۋە ياخشىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا[④] مېھمان سۈپىتىدە[⑤] ۋە گۇرۇھ - گۇرۇھ ھالىتىدە جەننەتكە

① 57 - سۈرە ھەدىد، 14 - ۋە 15 - ئايەتلەر.
② قاراڭ: 21 - سۈرە ئەنبىيا، 103 - ئايەت.
③ قاراڭ: 26 - سۈرە شۇئەرا، 90 - ئايەت؛ 50 - سۈرە قاف، 31 - ئايەت؛ 81 - سۈرە تەكۋىر، 13 - ئايەت.
④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 69 - ئايەت.
⑤ قاراڭ: 19 - سۈرە مەريەم، 85 - ئايەت.

ئېلىپ مېڭىلىدۇ[1]. ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەندە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق، مۇئەككەل پەرىشتىلەر قارشى ئېلىشقا ھازىر ھالەتتە بولىدۇ[2].

### (1) جەننەت پەرىشتىلىرىنىڭ تەبرىكلىشى

بۇ پەرىشتىلەر ئۇلارنى تۆۋەندىكى تەبرىك ۋە سالاملار بىلەن قارشى ئالىدۇ. بۇ توغرىدىكى ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَسِيقَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ إِلَى ٱلۡجَنَّةِ زُمَرًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا وَفُتِحَتۡ أَبۡوَٰبُهَا
وَقَالَ لَهُمۡ خَزَنَتُهَا سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ طِبۡتُمۡ فَٱدۡخُلُوهَا خَٰلِدِينَ ٧٣﴾

«رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغانلار گۇرۇھ - گۇرۇھ ھالەتتە جەننەتكە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەندە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتنىڭ دەرۋازىۋەنلىرى ئۇلارغا: ‹سالام سىلەرگە! خۇش كەلدىڭلار! قېنى جەننەتكە مەرھەممەت! بۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر!› دەيدۇ»[3].

﴿إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٍ ٤٥ ٱدۡخُلُوهَا بِسَلَٰمٍ ءَامِنِينَ ٤٦﴾

«شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە بۇلاقلارنىڭ باشلىرىدا بولىدۇ. ئۇلارغا: ئۇ يەرلەرگە خاتىرجەم ھالدا كىرىڭلار › دېيىلىدۇ»[4].

﴿هَٰذَا مَا تُوعَدُونَ لِكُلِّ أَوَّابٍ حَفِيظٖ ٣٢ مَّنۡ خَشِيَ ٱلرَّحۡمَٰنَ بِٱلۡغَيۡبِ
وَجَآءَ بِقَلۡبٖ مُّنِيبٍ ٣٣ ٱدۡخُلُوهَا بِسَلَٰمٖۖ ذَٰلِكَ يَوۡمُ ٱلۡخُلُودِ ٣٤﴾

«مانا بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسىدۇر. بۇ ئاللاھقا يۈزلەنگۈچى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ساقلىغۇچى ھەر كىشى ئۈچۈندۇر، يەنى رەھماننى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن، ئۇنىڭغا يۈزلەنگۈچى قەلب بىلەن

---

[1] قاراڭ 39 - سۈرە زۇمەر، 73 - ئايەت.
[2] قاراڭ: 38 - سۈرە ساد، 50 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 73 - ئايەت.
[3] 39 - سۈرە زۇمەر، 73 - ئايەت.
[4] 15 - سۈرە ھىجر، 45 - ۋە 46 - ئايەتلەر.

كەلگەن كىشى ئۇچۇندۇر. ئۇنىڭغا ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار. بۇ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان كۈندۇر»[1].

(2) ياخشىلارنىڭ جاۋابى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالُوا۟ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى صَدَقَنَا وَعْدَهُۥ وَأَوْرَثَنَا ٱلْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ ٱلْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَآءُ ۖ فَنِعْمَ أَجْرُ ٱلْعَٰمِلِينَ ﴿٧٤﴾﴾

«ئۇلار: ‹بىزگە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرغان ۋە بىزنى بۇ يەرگە ۋارىس قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. جەننەتتە خالىغان يېرىمىزگە ئورۇنلىشالايمىز. ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!› دەيدۇ.»[2].

(3) ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپات قىلىشى

ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرىش ئالدىدا تۇرغان ياخشىلارغا مۇنداق دەپ ئىلتىپات قىلىدۇ:

﴿يَٰعِبَادِ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمُ ٱلْيَوْمَ وَلَآ أَنتُمْ تَحْزَنُونَ ﴿٦٨﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُوا۟ مُسْلِمِينَ ﴿٦٩﴾ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَٰجُكُمْ تُحْبَرُونَ ﴿٧٠﴾﴾

«ئى بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە ھېچقانداق قورقۇنچ يوقتۇر ۋە ئەسلا غەمكىن بولمايسىلەر. ئى ئايەتلىرىمىزگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر! جەننەتكە كىرىڭلار. سىلەر ۋە جۈپلىرىڭلار كۆتۈلىسىلەر»[3].

(4) جەننەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى سۆزى بىلەن ياخشىلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ ۋە خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ

---

① 50 - سۈرە قاف، 32 ~ 34 - ئايەتلەر.
② 39 - سۈرە زۇمەر، 74 - ئايەت.
③ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 68 ~ 70 - ئايەتلەر.

ئەسنادا ئۇلارغا جەننەتنىڭ نېمىشقا بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا يېقى بىر ندا كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَقَالُواْ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِىٓ أَذْهَبَ عَنَّا ٱلْحَزَنَ ۖ إِنَّ رَبَّنَا لَغَفُورٌ شَكُورٌ ﴿٣٤﴾ ٱلَّذِىٓ أَحَلَّنَا دَارَ ٱلْمُقَامَةِ مِن فَضْلِهِۦ لَا يَمَسُّنَا فِيهَا نَصَبٌ وَلَا يَمَسُّنَا فِيهَا لُغُوبٌ ﴿٣٥﴾﴾

«ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بىزدىن غەم - قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. شۈبھىسىزكى، رەببىمىز مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، شۈكۈر قىلغۇچىغا كۆپ ئىنئام ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن بىزنى ئەبەدىي يۇرتقا يەرلەشتۈردى. بىز بۇ يۇرتتا ھېچ ھارمايمىز ۋە ھېچ چارچىمايمىز»[1].

﴿وَنَزَعْنَا مَا فِى صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ تَجْرِى مِن تَحْتِهِمُ ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ وَقَالُواْ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى هَدَىٰنَا لِهَٰذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِىَ لَوْلَآ أَنْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ ۖ لَقَدْ جَآءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلْحَقِّ ۖ وَنُودُوٓاْ أَن تِلْكُمُ ٱلْجَنَّةُ أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾﴾

«بىز ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئاداۋەتلەرنى چىقىرىۋېتىمىز. ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار: ‹بىزنى بۇنىڭغا ھىدايەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن، ئەگەر ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، بىز ھەرگىزمۇ ھىدايەت تاپالمايتتۇق. شۈبھىسىزكى، رەببىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقنى ئېلىپ كەلگەن› دەيدۇ. ئۇلارغا: ‹مانا بۇ سىلەرگە ئەمەلىڭلار ئۈچۈن بېرىلگەن جەننەتتۇر› دەپ ندا قىلىنىدۇ»[2].

## 2) يامانلار

يامانلار ياخشىلاردىن ئايرىلىپ قاراڭغۇلۇقتا قالغاندىن كېيىن دوزاخ ئۇلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ[3] ۋە ئۇلاردىن بەزى سوئاللار سورىلىدۇ.

---

① 35 - سۈرە فاتىر، 34 - ۋە 35 - ئايەتلەر.
② 7 - سۈرە ئەئراف، 43 - ئايەت.
③ قاراڭ: 26 - سۈرە شۇئەرا، 91 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقِيلَ لَهُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَعْبُدُونَ ﴿٩٢﴾ مِن دُونِ ٱللَّهِ هَلْ يَنصُرُونَكُمْ أَوْ يَنتَصِرُونَ ﴿٩٣﴾﴾

«ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: چوقۇنغان نەرسىلىرىڭلار قەيەردە؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلىرىڭلار قېنى؟ ئۇلار ھازىر سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ ياكى ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ياردەم بېرەلەمدۇ؟»①.

ئۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ:

﴿خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ﴿٣٠﴾ ثُمَّ ٱلْجَحِيمَ صَلُّوهُ ﴿٣١﴾ ثُمَّ فِى سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَٱسْلُكُوهُ ﴿٣٢﴾ إِنَّهُۥ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٣٣﴾ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ﴿٣٤﴾﴾

«ئۇنى تۇتۇڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار. ئاندىن كېيىن ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزۈپ ئوتقا قاقلاڭلار. ئاندىن كېيىن ئۇنى يەتمىش گەز ئۇزۇنلۇقتىكى زەنجىرگە كىرگۈزۈڭلار②. چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىشەنمەيتتى، مىسكىنگە تائام بېرىشكە تەشۋىقمۇ قىلمايتتى»③.

﴿ٱحْشُرُوا۟ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ وَأَزْوَٰجَهُمْ وَمَا كَانُوا۟ يَعْبُدُونَ ﴿٢٢﴾ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَٱهْدُوهُمْ إِلَىٰ صِرَٰطِ ٱلْجَحِيمِ ﴿٢٣﴾ وَقِفُوهُمْ إِنَّهُم مَّسْـُٔولُونَ ﴿٢٤﴾﴾

«ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە مۇنداق دەپ ئەمر قىلىدۇ: «زالىملارنى، ئۇلارنىڭ يولداشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىنى توپلاڭلار، ئۇلارنىڭ

① 26 - سۈرە شۇئەرا، 92 - ۋە 93 - ئايەتلەر.

② تەپسىرلەردە بۇ سۆز ئىككى تۈرلۈك ئىزاھلىنىدۇ: 1 - «ئۈنچە - مارجانلارغا يىپ ئۆتكۈزگەندەك زەنجىرنى ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن كىرگۈزۈپ مەقئەتلىرىدىن چىقىرىپ، ئاندىن ئىككى موكلاشتۇرۇپ باغلاڭلار»، 2 - «ئۇلارنى زەنجىرلەر بىلەن ئوراپ قىمىرلىيالمايدىغان شەكىلدە مۇستەھكەم باغلاڭلار».

③ 69 - سۈرە ھاققە، 30 ~ 34 - ئايەتلەر.

ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان مەبۇدلىرىنى. ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار. ئۇلارنى توختىتىڭلار، ئۇلاردىن سوئال سورىلىدۇ»[1].

شۇنىڭ بىلەن يامانلار زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىدۇ. گۇرۇھلارغا ئايرىلىدۇ، ئاندىن خۇددى چاڭقىغان پادىلاردەك دوزاخقا ھەيدىلىدۇ[2]، يولدا توختىلىدۇ ۋە ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ بىر - بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايۋاتىسىلەرغۇ؟!»[3] ، «بۇ ھەق ئەمەسمىكەن؟» دېيىلىدۇ. ئۇلار: «رەببىمىز بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ھەق ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: «ئۇنداقتا ئازابنى تېتىڭلار، چۈنكى سىلەر كافىر بولدۇڭلار» دېيىلىدۇ[4].

(1) دوزاخ يولىدا مۇنازىرە

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّن يَدْعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَن لَّا يَسْتَجِيبُ لَهُۥٓ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ وَهُمْ عَن دُعَآئِهِمْ غَٰفِلُونَ ۝٥ وَإِذَا حُشِرَ ٱلنَّاسُ كَانُواْ لَهُمْ أَعْدَآءً وَكَانُواْ بِعِبَادَتِهِمْ كَٰفِرِينَ ۝٦﴾

«ئاللاھنى قويۇپ، قىيامەت كۈنىگىچە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلالمايدىغان كىشىلەرگە دۇئا قىلىدىغان ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ كىشىلەر بۇلارنىڭ دۇئاسىدىن خەۋەرسىزدۇر. ئىنسانلار ھەشر قىلىنغان چاغدا، ئۇ كىشىلەر بۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ»[5].

بۇ ئايەت مەھشەرگاھتا دوزاخقا مەھكۇم قىلىنغانلارنىڭ بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ دۈشمەنلىكنىڭ

---

① 37 - سۈرە سافقات، 22 ~ 24 - ئايەتلەر.
② قاراڭ: 19 - سۈرە مەريەم، 86 - ئايەت؛ 27 - سۈرە نەمل، 83 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 71 - ئايەت؛ 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 19 - ئايەت؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 4 - ئايەت.
③ 37 - سۈرە سافقات، 25 - ئايەت.
④ قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 30 - ئايەت.
⑤ 46 - سۈرە ئەھقاف، 5 - ۋە 6 - ئايەتلەر.

دوزاخ يولىدا تالاش - تارتىش ۋە تاپا - تەنە شەكلىدە باشلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

﴿وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ يَتَسَآءَلُونَ ﴿٢٧﴾ قَالُوٓاْ إِنَّكُمْ كُنتُمْ تَأْتُونَنَا عَنِ ٱلْيَمِينِ ﴿٢٨﴾ قَالُواْ بَل لَّمْ تَكُونُواْ مُؤْمِنِينَ ﴿٢٩﴾ وَمَا كَانَ لَنَا عَلَيْكُم مِّن سُلْطَٰنٍۭ بَلْ كُنتُمْ قَوْمًا طَٰغِينَ ﴿٣٠﴾ فَحَقَّ عَلَيْنَا قَوْلُ رَبِّنَآ إِنَّا لَذَآئِقُونَ ﴿٣١﴾ فَأَغْوَيْنَٰكُمْ إِنَّا كُنَّا غَٰوِينَ ﴿٣٢﴾﴾

«ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە بۇرۇلۇپ، بىر - بىرىدىن سورىشىدۇ: بەزىسى: ‹سىلەر بىزگە ئوڭدىن كېلەتتىڭلار› دەيدۇ. بەزىسى مۇنداق دەيدۇ: ياق، ئۆزۈڭلار مۇئمىن بولمىدىڭلار. بىز سىلەرنى زورلىمىغان. بەلكى ئۆزۈڭلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋم ئىدىڭلار. رەببىمىزنىڭ ئازاب سۆزى بىزگە تېگىشلىك بولدى. شۈبھىسىزكى، بىز ئازابنى تېتىغۇچىلارمىز. سىلەرنى ئازدۇردۇق، چۈنكى بىز ئازغۇن ئىدۇق»[1].

﴿قَالَ ٱلَّذِينَ حَقَّ عَلَيْهِمُ ٱلْقَوْلُ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَغْوَيْنَآ أَغْوَيْنَٰهُمْ كَمَا غَوَيْنَا تَبَرَّأْنَآ إِلَيْكَ مَا كَانُوٓاْ إِيَّانَا يَعْبُدُونَ ﴿٦٣﴾﴾

«ئازاب قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار: ‹رەببىمىز! مانا بۇلار بىز ئازدۇرغان كىشىلەردۇر. بىز قانداق ئازغان بولساق، ئۇلارنىمۇ شۇنداق ئازدۇردۇق. ئۇلارنىڭ بىزگە چوقۇنۇشىدا بىزنىڭ جاۋابكارلىقىمىز يوق. ئۇلارنى سېنىڭ ھۆكمىڭگە تاپشۇرىمىز. ئەسلىدە ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى› دەيدۇ»[2].

### (2) ئېغىزلىرىنىڭ مۆھۈرلىنىشى

ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى مۆھۈرلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

① 37 - سۈرە ساففات، 27 ~ 32 - ئايەتلەر.
② 28 - سۈرە قەسەس، 63 - ئايەت.

﴿ٱلۡيَوۡمَ نَخۡتِمُ عَلَىٰٓ أَفۡوَٰهِهِمۡ وَتُكَلِّمُنَآ أَيۡدِيهِمۡ وَتَشۡهَدُ أَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ٦٥﴾

«ئۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، قىلمىشلىرىنى بىزگە قوللىرى سۆزلەيدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ»[1].

﴿وَيَوۡمَ يُحۡشَرُ أَعۡدَآءُ ٱللَّهِ إِلَى ٱلنَّارِ فَهُمۡ يُوزَعُونَ ١٩ حَتَّىٰٓ إِذَا مَا جَآءُوهَا شَهِدَ عَلَيۡهِمۡ سَمۡعُهُمۡ وَأَبۡصَٰرُهُمۡ وَجُلُودُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٢٠ وَقَالُواْ لِجُلُودِهِمۡ لِمَ شَهِدتُّمۡ عَلَيۡنَاۖ قَالُوٓاْ أَنطَقَنَا ٱللَّهُ ٱلَّذِيٓ أَنطَقَ كُلَّ شَيۡءٖۚ وَهُوَ خَلَقَكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ٢١ وَمَا كُنتُمۡ تَسۡتَتِرُونَ أَن يَشۡهَدَ عَلَيۡكُمۡ سَمۡعُكُمۡ وَلَآ أَبۡصَٰرُكُمۡ وَلَا جُلُودُكُمۡ وَلَٰكِن ظَنَنتُمۡ أَنَّ ٱللَّهَ لَا يَعۡلَمُ كَثِيرٗا مِّمَّا تَعۡمَلُونَ ٢٢ وَذَٰلِكُمۡ ظَنُّكُمُ ٱلَّذِي ظَنَنتُم بِرَبِّكُمۡ أَرۡدَىٰكُمۡ فَأَصۡبَحۡتُم مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٢٣﴾

«شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ئۇ كۈنى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى توپلىنىپ دوزاخقا ھەيدىلىدۇ. ئۇلار ئۇ چاغدا توختىتىلىپ گۇرۇھلارغا ئايرىلىدۇ. ئۇلار دوزاخقا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلار تېرىلىرىگە: ‹نېمشقا زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار؟› دەيدۇ. تېرىلىرى: ‹بىزنى، ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ سۆزلەتتى› دەيدۇ. ئاللاھ سىلەرنى دەسلەپكى قېتىمدا ياراتتى. سىلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قايتۇرۇلىسىلەر. سىلەر گۇناھ قىلغان چېغىڭلاردا قۇلاقلىرىڭلارنىڭ، كۆزلىرىڭلارنىڭ ۋە تېرىلىرىڭلارنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار. لېكىن سىلەر: ‹ئاللاھ قىلمىشىمىزنىڭ تولىسىنى بىلمەيدۇ› دەپ گۇمان قىلدىڭلار. مانا بۇ، سىلەرنىڭ رەببىڭلارغا قىلغان گۇمانىڭلاردۇر. سىلەرنى ئۇ ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىلەر زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار»[2].

---

① 36 - سۈرە ياسىن، 65 - ئايەت.

② 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 19 ~ 23 - ئايەتلەر.

بۇ ئايەتلەر دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىبغىزلىرىنىڭ باشتا مۆھۈرلىنىپ، قول - پۇت، كۆز - قۇلاق ۋە تېرىلىرى زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن ئېچىۋېتىلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆز تېرىلىرى بىلەن سۆزلىششى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

(3) دوزاخقا تاشلىنىشى

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئىككى پەرىشتىنى ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان كاپىرلارنى دوزاخقا تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿أَلْقِيَا فِي جَهَنَّمَ كُلَّ كَفَّارٍ عَنِيدٍ ﴿٢٤﴾ مَّنَّاعٍ لِّلْخَيْرِ مُعْتَدٍ مُّرِيبٍ ﴿٢٥﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَأَلْقِيَاهُ فِى ٱلْعَذَابِ ٱلشَّدِيدِ ﴿٢٦﴾﴾

«ئىككى پەرىشتىگە مۇنداق دېيىلىدۇ: ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچى ھەر كافىرنى جەھەننەمگە تاشلاڭلار! ئۇ ياخشىلىققا توسالغۇ بولغۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، شەك كەلتۈرگۈچى ۋە ئاللاھقا باشقا ئىلاھنى تەڭ قىلغۇچى كىشىدۇر. ئۇنى قاتتىق ئازابنىڭ ئىچىگە تاشلاڭلار»[1].

بۇ چاغدا ھەر يامان كىشى: «مېنى شەيتىنىم ئازدۇردى» دەيدۇ. شەيتىنى: «رەببىمىز! بۇنى مەن ئازدۇرمىدىم. لېكىن بۇ چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىدى» دەيدۇ[2]. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَالَ لَا تَخْتَصِمُوا۟ لَدَىَّ وَقَدْ قَدَّمْتُ إِلَيْكُم بِٱلْوَعِيدِ ﴿٢٨﴾ مَا يُبَدَّلُ ٱلْقَوْلُ لَدَىَّ وَمَآ أَنَا۠ بِظَلَّٰمٍ لِّلْعَبِيدِ ﴿٢٩﴾﴾

«مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا تارتىشماڭلار. سىلەرنى ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرغان ئىدىم. مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا سۆز ئۆزگەرتىلمەيدۇ. مەن بەندىلەرگە ھەرگىزمۇ زۇلۇم قىلمايمەن»[3].

---

① 50 - سۈرە قاف، 24 ~ 26 - ئايەتلەر.
② قاراڭ: 50 - سۈرە قاف، 27 - ئايەت.
③ 50 - سۈرە قاف، 28 - ۋە 29 - ئايەتلەر

شۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ ۋە مۇئەككەل پەرىشتىلەر: «سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن، رەببىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە تىلاۋەت قىلىدىغان ۋە سىلەرنى بۇ كۈنۈڭلارغا مۇلاقات بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ئەلچىلەر كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. كاپىرلار: «شۇنداق، ئەلۋەتتە كەلگەن ئىدى! لېكىن ئازاب سۆزى كافىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ[1]. بۇ چاغدا كاپىرلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: «جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار! سىلەر ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىسىلەر. مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان!»[2].

پەرىشتىلەر كاپىرلارغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿هَٰذِهِ ٱلنَّارُ ٱلَّتِي كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ۝١٤ أَفَسِحۡرٌ هَٰذَآ أَمۡ أَنتُمۡ لَا تُبۡصِرُونَ ۝١٥ ٱصۡلَوۡهَا فَٱصۡبِرُوٓاْ أَوۡ لَا تَصۡبِرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡكُمۡۖ إِنَّمَا تُجۡزَوۡنَ مَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ۝١٦﴾

«مانا بۇ سىلەر يالغان دېگەن ئوتتۇر. بۇ سېھىرمىكەن ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ ئۇنىڭغا كىرىڭلار. سەۋر قىلساڭلارمۇ ياكى سەۋر قىلمىساڭلارمۇ سىلەر ئۈچۈن بەرىبىر. سىلەرگە پەقەت ئۆز قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ»[3].

پەرىشتىلەر ئۇلارنى تونۇغانلىقى ئۈچۈن كوكۇلا ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇپ دوزاخقا تاشلايدۇ[4].

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان بويىچە بولىدۇ.

﴿وَإِذَآ أُلۡقُواْ مِنۡهَا مَكَانٗا ضَيِّقٗا مُّقَرَّنِينَ دَعَوۡاْ هُنَالِكَ ثُبُورٗا ۝١٣ لَّا تَدۡعُواْ ٱلۡيَوۡمَ ثُبُورٗا وَٰحِدٗا وَٱدۡعُواْ ثُبُورٗا كَثِيرٗا ۝١٤﴾

---

① قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 71 - ئايەت.
② قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 72 - ئايەت.
③ 52 - سۈرە تۇر، 13 ~ 16 - ئايەتلەر.
④ قاراڭ: 55 - سۈرە رەھمان، 41 - ئايەت.

«ئۇلار قوللىرى بويۇنلىرىغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چېغىدا، شۇ يەردە يوق بولۇپ كېتىشنى تىلەيدۇ. ئۇلارغا: ‹بۈگۈن بىر قېتىم يوق بولۇشنى تىلىمەڭلار، كۆپ قېتىم يوق بولۇشنى تىلەڭلار › دېيىلىدۇ»①.

﴿إِذَآ أُلْقُواْ فِيهَا سَمِعُواْ لَهَا شَهِيقًا وَهِىَ تَفُورُ ﴿٧﴾ تَكَادُ تَمَيَّزُ مِنَ ٱلْغَيْظِ ۖ كُلَّمَآ أُلْقِىَ فِيهَا فَوْجٌ سَأَلَهُمْ خَزَنَتُهَآ أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَذِيرٌ ﴿٨﴾ قَالُواْ بَلَىٰ قَدْ جَآءَنَا نَذِيرٌ فَكَذَّبْنَا وَقُلْنَا مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ مِن شَىْءٍ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ كَبِيرٍ ﴿٩﴾ وَقَالُواْ لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِىٓ أَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ﴿١٠﴾﴾

«ئۇلار ئۇنىڭغا تاشلانغاندا ئۇنىڭ قايناپ چىقارغان خىرتىلدىشىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ ئاچچىقىدىن پارچىلىنىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. قاچانىكى ئۇنىڭغا بىر گۇرۇھ تاشلانسا، ئۇنىڭ مەسئۇللىرى ئۇلاردىن: ‹سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەنمۇ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ‹ھەئە، بىزگە ئەلۋەتتە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، لېكىن بىز يالغانچى دېگەن ۋە ئاللاھ ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى، سىلەر بۈيۈك ئازغۇنلۇق ئىچىدىسىلەر دېگەن› دەيدۇ. ئۇلار يەنە: ‹ئەگەر قۇلاق سالغان بولساق ياكى ئەقلىمىزنى ئىشلەتكەن بولساق، يالقۇنلۇق ئوتنىڭ ئەھلى قاتارىدا بولماسكەنمىز› دەيدۇ»②.

﴿وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُواْ عَلَى ٱلنَّارِ فَقَالُواْ يَٰلَيْتَنَا نُرَدُّ وَلَا نُكَذِّبَ بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٧﴾﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلارنى دوزاخ ئوتىنىڭ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا بىر كۆرگەن بولساڭ! ئۇلار ئۇ چاغدا: ‹ئاھ! كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلغان، رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى يالغان دېمىگەن ۋە مۇئمىنلاردىن بولغان بولساقچۇ!› دەيدۇ»③.

---

① 25 - سۈرە فۇرقان، 13 - ۋە 14 - ئايەتلەر.
② 67 - سۈرە مۇلك، 7 ~ 10 - ئايەتلەر.
③ 6 - سۈرە ئەنئام، 27 - ئايەت.

يامانلار دوزاخقا تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن شەيتانغا مالامەت قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. نۇتۇق تۆۋەندىكىچە:

﴿وَقَالَ ٱلشَّيْطَٰنُ لَمَّا قُضِىَ ٱلْأَمْرُ إِنَّ ٱللَّهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ ٱلْحَقِّ وَوَعَدتُّكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ ۖ وَمَا كَانَ لِىَ عَلَيْكُم مِّن سُلْطَٰنٍ إِلَّآ أَن دَعَوْتُكُمْ فَٱسْتَجَبْتُمْ لِى ۖ فَلَا تَلُومُونِى وَلُومُوٓا۟ أَنفُسَكُم ۖ مَّآ أَنَا۠ بِمُصْرِخِكُمْ وَمَآ أَنتُم بِمُصْرِخِىَّ ۖ إِنِّى كَفَرْتُ بِمَآ أَشْرَكْتُمُونِ مِن قَبْلُ ۗ إِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٢٢﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋەدىنى ۋەدە قىلدى. مەنمۇ سىلەرگە ۋەدە قىلدىم، لېكىن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلدىم. مەن سىلەرنى زورلىمىغان. مەن سىلەرنى پەقەت چاقىردىم، سىلەر چاقىرىقىمنى قوبۇل قىلدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار! مەنمۇ سىلەرنىڭ دادىڭلارغا يېتەلمەيمەن، سىلەرمۇ مېنىڭ دادىمغا يېتەلمەيسىلەر! مەن سىلەرنىڭ ئىلگىرى مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلىشىڭلارنىمۇ قوبۇل قىلمىغان ئىدىم»①.

يامانلار قايتا تىرىلدۈرۈلۈپ كۆزلىرىنى ئەبەدىي ھاياتقا ئاچقاندىن تارتىپ، دوزاخقا تاشلانغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ۋە دوزاخنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ياخشى گەپ ئاڭلىمايدۇ، سۆيۈندۈرىدىغان بىرەر مەنزىرە كۆرمەيدۇ، خۇشاللىق ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئېغىز سۆز قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِ ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَلَن تَجِدَ لَهُمْ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِهِۦ ۖ وَنَحْشُرُهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمْ عُمْيًا وَبُكْمًا وَصُمًّا ۖ مَّأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ كُلَّمَا خَبَتْ زِدْنَٰهُمْ سَعِيرًا ﴿٩٧﴾﴾

---

① 14 - سۈرە ئىبراھىم، 22 - ئايەت.

«ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىدۇر. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرسا، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا ۋەلىيلەر تاپالمايسەن. بىز ئۇلارنى قىيامەت كۈنى كور، گاچا ۋە گاس ھالدا يۈزلىرى بىلەن دۈم ھالەتتە ھەشر قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىدىغان يېرى جەھەننەمدۇر. ئۇنىڭ ئوتى پەسەيگەنسېرى بىز ئۇلارغا يالقۇننى زىيادە قىلىمىز»[1].

## 8. مەھشەرگاھتىكى ئاخىرقى سادا

ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش ۋە يامانلارنى جازالاش ئەنە شۇ شەكىلدە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەھشارگاھتا «ئەلھەمدۇلىللاھ! ـ ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دېگەن سادا ياڭرايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت تۆۋەندىكىچە:

﴿وَتَرَى ٱلْمَلَـٰٓئِكَةَ حَآفِّينَ مِنْ حَوْلِ ٱلْعَرْشِ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ ۖ وَقُضِىَ بَيْنَهُم بِٱلْحَقِّ ۚ وَقِيلَ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿٧٥﴾﴾

«پەرىشتىلەرنى ئەرشنىڭ چۆرىسىنى ئوراپ تۇرۇۋاتقان ۋە رەببىگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتىۋاتقان ھالەتتە كۆرىسەن[2]. ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھەق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ۋە ‹ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!› دېيىلىدۇ»[3].

## 9. جەننەت ھاياتى

قۇرئان كەرىمدە جەننەت ـ ياخشىلارنىڭ مەڭگۈ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدىغان يېرى ئىكەنلىكى، جەننەتنىڭ ئىسىملىرى، ئالاھىدىلىكلىرى، نازۇنېمەتلىرى ۋە جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ كىملىكى قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

---

① 17 ـ سۈرە ئىسرا، 97 ـ ئايەت.

② پەرىشتىلەر، بەندىلەرنىڭ ھېساب ـ كىتابى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ، «سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەيدۇ.

③ 39 ـ سۈرە زۇمەر، 75 ـ ئايەت

## 1) جەننەتنىڭ ئىسىملىرى

- فىردەۋس[1]،
- مەئۋا[2]،
- ئەدن[3]،
- دارۇسسەلام[4]،
- جەننەتۇل خۇلد[5]،
- دارۇلمۇقامە[6]،
- جەننەتۇننەئىيم/جەنناتۇننەئىيم[7]،
- مەقامى ئەمىن[8]،
- جەننەتى ئالىيە[9].

## 2) جەننەتنىڭ ئالاھىدىلىكى

### (1) كەڭلىكى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 107 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 11 - ئايەت.
② قاراڭ: 32 - سۈرە سەجدە، 19 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 15 - ئايەت.
③ قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 72 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 23 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 31 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 31 - ئايەت؛ 19 - سۈرە مەريەم، 61 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 76 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 33 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 50 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 8 - ئايەت؛ 61 - سۈرە سەف، 12 - ئايەت؛ 98 - سۈرە بەييىنە، 8 - ئايەت.
④ قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 127 - ئايەت؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 25 - ئايەت.
⑤ قاراڭ: 25 - سۈرە فۇرقان، 15 - ئايەت.
⑥ قاراڭ: 35 - سۈرە فاتىر، 35 - ئايەت.
⑦ قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 65 - ئايەت؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 9 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 56 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 85 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 8 - ئايەت؛ 37 - سۈرە ساففات، 43 - ئايەت؛ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 12 - ئايەت؛ 68 - سۈرە قەلەم، 34 - ئايەت.
⑧ قاراڭ: 44 - سۈرە دۇخان، 51 - ئايەت.
⑨ قاراڭ: 69 - سۈرە ھاققە، 22 - ئايەت؛ 88 - سۈرە غاشىيە، 10 - ئايەت.

﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣﴾

«رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئىرىشىش، كەڭلىكى ئاسمانلارغا ۋە زېمىنغا تەڭ كېلىدىغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئالدىراڭلار! ئۇ جەننەت تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان»[1].

﴿سَابِقُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا كَعَرۡضِ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ أُعِدَّتۡ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۚ ذَٰلِكَ فَضۡلُ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ٢١﴾

«رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئىرىشىش، كەڭلىكى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ كەڭلىكىدەك كېلىدىغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن بەسلىشىڭلار. ئۇ جەننەت ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان. بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر، ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزلىنىڭ ئىگىسىدۇر»[2].

### (2) سارايلىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَنُبَوِّئَنَّهُم مِّنَ ٱلۡجَنَّةِ غُرَفٗا تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ نِعۡمَ أَجۡرُ ٱلۡعَٰمِلِينَ ٥٨﴾

«بىز ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى جەننەتنىڭ ئالىي سارايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئۇ سارايلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۇ سارايلاردا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!»[3].

---

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 133 - ئايەت.
② 57 - سۈرە ھەدىد، 21 - ئايەت.
③ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 58 - ئايەت.

﴿أُوْلَٰٓئِكَ يُجۡزَوۡنَ ٱلۡغُرۡفَةَ بِمَا صَبَرُواْ وَيُلَقَّوۡنَ فِيهَا تَحِيَّةٗ وَسَلَٰمًا ٧٥﴾

«ئەنە شۇلار سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئالىي سارايلىرى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇلار ئۇ سارايلاردا تەبرىك ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ»[1].

﴿وَمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُم بِٱلَّتِي تُقَرِّبُكُمۡ عِندَنَا زُلۡفَىٰٓ إِلَّا مَنۡ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ جَزَآءُ ٱلضِّعۡفِ بِمَا عَمِلُواْ وَهُمۡ فِي ٱلۡغُرُفَٰتِ ءَامِنُونَ ٣٧﴾

«سىلەرنى بىزگە ماللىرىڭلارمۇ، باللىرىڭلارمۇ يېقىنلاشتۇرالمايدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىش قىلغان كىشى مۇستەسنا. ئەنە شۇلارغا ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ. ئۇلار ئالىي سارايلاردا خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ»[2].

﴿لَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ لَهُمۡ غُرَفٞ مِّن فَوۡقِهَا غُرَفٞ مَّبۡنِيَّةٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ وَعۡدَ ٱللَّهِ لَا يُخۡلِفُ ٱللَّهُ ٱلۡمِيعَادَ ٢٠﴾

«رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا قەۋەتلەپ سېلىنغان ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئالىي سارايلار بار. بۇنى ئاللاھ ۋەدە قىلدى. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ»[3].

(3) دەرۋازىلىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿هَٰذَا ذِكۡرٞۚ وَإِنَّ لِلۡمُتَّقِينَ لَحُسۡنَ مَـَٔابٖ ٤٩ جَنَّٰتِ عَدۡنٖ مُّفَتَّحَةٗ لَّهُمُ ٱلۡأَبۡوَٰبُ ٥٠﴾

---

[1] 25 - سۈرە فۇرقان، 75 - ئايەت.
[2] 34 - سۈرە سەبەئ، 37 - ئايەت.
[3] 39 - سۈرە زۇمەر، 20 - ئايەت.

«بۇ زىكىردۇر. شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلارغا ئەلۋەتتە ياخشى ئاقىۋەت بار: ئىشىكلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئېچىلىدىغان ئەدىن جەننەتلىرى»[①].

﴿وَسِيقَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ رَبَّهُمۡ إِلَى ٱلۡجَنَّةِ زُمَرًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا وَفُتِحَتۡ أَبۡوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمۡ خَزَنَتُهَا سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ طِبۡتُمۡ فَٱدۡخُلُوهَا خَٰلِدِينَ ٧٣﴾

«رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغانلار گۇرۇھ - گۇرۇھ ھالەتتە جەننەتكە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەندە جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتنىڭ دەرۋازىۋەنلىرى ئۇلارغا: ‹سالام سىلەرگە! خۇش كەلدىڭلار! قېنى جەننەتكە مەرھەمەت! بۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر!› دەيدۇ»[②].

### 3) جەننەتنىڭ نېمەتلىرى

#### (1) ماددىي نېمەتلەر

① يېمەكلىكلەر

گۆش ۋە مېۋىلەر[③].

② ئىچىملىكلەر

- بۇزۇلمىغان سۇ، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈت، لەززەت بېغىشلايدىغان مەي ۋە سۈزۈلدۈرۈلگەن ھەسەل[④]،
- كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان ئىچىملىك[⑤]،
- زەنجەبىل ئارىلاشتۇرۇلغان سەلسەبىل بۇلىقىنىڭ ئىچىملىكى[⑥]،

---

① سۈرە ساد، 49 - ۋە 50 - ئايەت.
② 39 - سۈرە زۇمەر، 73 - ئايەت.
③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 25 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 73 - ئايەت، 52 - سۈرە تۇر، 22 - ئايەت؛ 69 - سۈرە ھاققە، 23 - ئايەت؛ 77 - سۈرە مۇرسەلات، 42 - ئايەت؛ 55 - سۈرە رەھمان، 54 - ئايەت؛ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 20 - ، 21 - ۋە 27 ~ 34 - ئايەتلەر؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 14 - ئايەت.
④ 47 - سۈرە مۇھەممەد، 15 - ئايەت.
⑤ قاراڭ: 76 - سۈرە ئىنسان، 5 - ئايەت.
⑥ قاراڭ: 76 - سۈرە ئىنسان، 17 - ۋە 18 - ئايەتلەر.

- بىر خىل پاك ئىچىملىك[1]،
- ئاخىرى ئىپار بولغان ساپ بىر خىل ئىچىملىك[2].

③ كىيىملەر ۋە زىننەت بۇيۇملىرى

نېپىز ۋە قېلىن تاۋار - دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن يېشىل كىيىملەر، ئالتۇن ۋە مەرۋايىتتىن ئىشلەنگەن بىلەزۈكلەر[3].

(2) مەنىۋى نېمەتلەر

① ئائىلىسى بىلەن بىر يەردە جەم بولۇش

جەننەتكە كىرگەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇقى داۋاملىشىدۇ. بويتاقلار ئۆيلەپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرگەنلەر ئەر - خوتۇن، ئاتا - ئانا ۋە باللار ھەممە جەم بولىدۇ[4].

② گۈزەل مۇھىت

جەننەتكە كىرگەنلەر، تاۋار ئەستەرلىك تۆشەكلەر سېلىنغان تەختلەردە، يۆلەنچۈكلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. سايىلارنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. ئاپتاپمۇ كۆرمەيدۇ، سوغۇقمۇ كۆرمەيدۇ؛ كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر بەھرىلىنىدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ[5].

③ ئىززەت - ئىكرام

جەننەتكە كىرگەنلەر ئەڭ ئالىي دەرىجىدە كۈتۈلىدۇ، ھەر تۈرلۈك ئىززەت - ئىكرامغا ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارغا چېچىلغان مەرۋايىتتەك باللا

① قاراڭ: 76 - سۈرە ئىنسان، 21 - ئايەت.
② قاراڭ: 83 - سۈرە مۇتەففىفىن، 25 - ۋە 26 - ئايەتلەر.
③ قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 31 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 23 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 33 - ئايەت؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 12 - ۋە 21 - ئايەتلەر.
④ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 25 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 15 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 57 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن 55 - ۋە 56 - ئايەتلەر؛ 40 - سۈرە غافىر، 8 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 70 - ئايەت.
⑤ قاراڭ: 15 - سۈرە ھىجر، 47 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف 31 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 71 - ئايەت؛ 52 - سۈرە تۇر، 20 - ئايەت؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 13 - ئايەت؛ 77 - سۈرە مۇرسەلات، 41 - ئايەت؛ 83 - سۈرە مۇتەففىفىن، 23 ~ 25 - ئايەتلەر؛ 55 - سۈرە رەھمان، 54 - ئايەت؛ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 15 - ۋە 16 - ئايەتلەر؛ 88 - سۈرە غاشىيە، 13 - ئايەت.

خىزمەتكارلار، شەھلا كۆزلۈك ۋە ئاق تەنلىك قىزلار ئالتۇن لېگەنلەردە يېمەكلىكلەر ۋە قەدەھلەردە ئىچىملىكلەر ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ[1].

### ④ كۆڭۈللەرنىڭ خۇشاللىققا چۆمۈشى

جەننەت ئەھلىنىڭ يۈزلىرى نۇرلۇق، كۆڭۈللىرى ھۇزۇرلۇق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئاداۋەتلەرنى چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەقىقىي دوستلۇق ئەمەلىيلىشىدۇ[2].

### ⑤ ھەقىقىي خاتىرجەملىك

جەننەت ئەھلى ئۆلۈپ كېتىش، قېرىپ قېلىش ۋە يۇقىرىدىكى ماددىي - مەنىۋى نېمەتلەرنىڭ ئاخىرلىشىشى قاتارلىقلاردىن قورقمايدۇ، ئەندىشە قىلمايدۇ ۋە غەم قىلمايدۇ. چۈنكى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى دائىمىي ۋە ئەبەدىيدۇر[3].

### ⑥ ئاللاھنىڭ رازى بولۇشى

جەننەت ئەھلى جەننەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك نېمەت ھېسابلىنىدۇ[4].

---

① قاراڭ: 37 - سۈرە سافغات، 45 - ۋە 47 - ئايەتلەر؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 71 - ئايەت؛ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 17 ~ 24 - ئايەتلەر؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 15 - ۋە 19 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 15 - سۈرە ھىجر، 47 - ئايەت؛ 32 - سۈرە سەجدە، 17 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 34 - ئايەت؛ 76 - سۈرە ئىنسان 11 - ئايەت.

③ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىكى «ئەھلى جەننەت جەننەتتە مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالىدۇ» (4 - سۈرە نىسا، 57 - ۋە 122 - ئايەتلەر؛ 5 - سۈرە مائىدە، 119 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 22 - ۋە 100 - ئايەتلەر؛ 64 - سۈرە تەغابۇن، 9 - ئايەت؛ 65 - سۈرە تالاق، 11 - ئايەت؛ 98 - سۈرە بەييىنە، 8 - ئايەت)، «مۇقىم نېمەتلەر» (9 - سۈرە تەۋبە، 21 - ئايەت)، «ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان مۇكاپات» (11 - سۈرە ھۇد، 108 - ئايەت)، «يېمەكلىكى دائىم» (13 - سۈرە رەئد، 35 - ئايەت)، «ئۇلارغا پۈتمەس - تۈگىمەس مۇكاپات» (41 - سۈرە فۇسسىلەت، 8 - ئايەت؛ 84 - سۈرە ئىنشىقاق، 25 - ئايەت؛ 95 - سۈرە تىن، 6 - ئايەت) ۋە «ئىكرامغا ئېرىشكۈچىدۇر» (37 - سۈرە سافغات، 42 - ئايەت؛ 70 - سۈرە مەئارىج، 35 - ئايەت)، قاتارلىق ئىپادىلەر بۇنى كۆرسىتىدۇ.

④ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 15 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 119 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 72 - ئايەت؛ 58 - سۈرە مۇجادەلە، 22 - ئايەت؛ 98 - سۈرە بەييىنە، 8 - ئايەت.

#### 4) جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپەتلىرى

(1) مۇئمىنلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍ ۚ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ أَكْبَرُ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٧٢﴾﴾

«ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئەدن جەننەتلىرىدىكى ئېسىل سارايلارنىمۇ ۋەدە قىلدى. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ھەممىدىن بۈيۈكتۇر. مانا بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر»①.

(2) تەقۋادارلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٤٥﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە بۇلاقلارنىڭ باشلىرىدا بولىدۇ»②.

(3) ئىخلاسمەن بەندىلەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① 9 - سۈرە تەۋبە، 72 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 48 - سۈرە فەتھ، 5 - ئايەت؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 12 - ئايەت.

② 15 - سۈرە ھىجر، 45 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 15 - ۋە 198 - ئايەتلەر؛ 13 - سۈرە رەئد، 35 - ئايەت؛ 19 - سۈرە مەريەم، 63 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 90 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 49 - ۋە 50 - ئايەتلەر؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 73 - ئايەت؛ 44 - سۈرە دۇخان، 51 - ۋە 52 - ئايەتلەر؛ 47 - سۈرە مۇھەممەد، 15 - ئايەت؛ 50 - سۈرە قاف، 31 - ئايەت؛ 51 - سۈرە زارىيات، 15 - ئايەت؛ 52 - سۈرە تۇر، 17 - ئايەت؛ 54 - سۈرە قەمەر، 54 - ئايەت؛ 68 - سۈرە قەلەم، 34 - ئايەت.

﴿إِلَّا عِبَادَ ٱللَّهِ ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿٤٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ رِزۡقٞ مَّعۡلُومٞ ﴿٤١﴾ فَوَٰكِهُ وَهُم مُّكۡرَمُونَ ﴿٤٢﴾ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٤٣﴾ عَلَىٰ سُرُرٖ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٤﴾﴾

«ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارغا مەلۇم رىزىق بار، مېۋىلەر بار. ئۇلار ئىكرامغا ئېرىشىدۇ، نەئىم جەننەتلىرىدە بولىدۇ، تەختلەرنىڭ ئۈستىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ»[1].

### (4) راستچىللار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَالَ ٱللَّهُ هَٰذَا يَوۡمُ يَنفَعُ ٱلصَّٰدِقِينَ صِدۡقُهُمۡۚ لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١١٩﴾﴾

«ئاللاھ ئېيتىدۇ: بۇ راستچىللارغا راستچىللىقى پايدا يەتكۈزىدىغان كۈندۇر. ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بار. ئۇلار ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار ئاللاھتىن رازى بولىدۇ. مانا بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر»[2].

### (5) ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلغانلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿تِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدۡخِلۡهُ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١٣﴾﴾

«بۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرالاردۇر. كىم ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر»[3].

---

① 37 - سۈرە ساففات، 40 ~ 44 ئايەتلەر.
② 5 - سۈرە مائىدە، 119 - ئايەت.
③ 4 - سۈرە نىسا، 13 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەت: 48 - سۈرە فەتىھ، 17 - ئايەت.

### (6) ياخشى ئىش قىلغانلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لِّلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟ ٱلْحُسْنَىٰ وَزِيَادَةٌ ۖ وَلَا يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلَا ذِلَّةٌ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٢٦﴾﴾

«ياخشى ئىش قىلغانلارغا ئەڭ ياخشىسى ۋە زىيادىسى بار. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ. ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»[1].

### (7) ياخشىلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلْأَبْرَارَ لَفِى نَعِيمٍ ﴿١٣﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، ياخشىلار نېئمەتتە بولىدۇ[2]»[3].

### (8) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ ۖ كُلَّمَا رُزِقُوا۟ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقًا ۙ قَالُوا۟ هَـٰذَا ٱلَّذِى رُزِقْنَا مِن قَبْلُ ۖ وَأُتُوا۟ بِهِۦ مُتَشَـٰبِهًا ۖ وَلَهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَهُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٢٥﴾﴾

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن: ئۇلار ئۈچۈن ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بار. ئۇلارغا قاچانكى ئۇ جەننەتلەرنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرەر رىزىق بېرىلسە، ئۇلار: ‹بۇ ئىلگىرىمۇ بىزگە بېرىلگەن رىزىق› دەيدۇ. - ئۇلارغا ئوخشىشىدىغان رىزىقلار بېرىلىدۇ - ئۇلار ئۈچۈن ئۇ جەننەتلەردە پاك

---

[1] 10 - سۈرە يۇنۇس، 26 - ئايەت.

[2] يەنى نېئمەت جەننەتلىرىدە بولىدۇ، نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

[3] 82 - سۈرە ئىنفىتار، 13 - ئايەت.

ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن جۈپلەر بار ۋە ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»①.

### 5) جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتە قېلىش مۇددىتى

جەننەت ئەھلى جەننەتتە مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالىدۇ، شۇنداقلا راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشايدۇ. مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقًّا ۚ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلًا ﴿١٢٢﴾﴾

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، بىز ئۇلارنى يېقىندا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالىدۇ. بۇنى ئاللاھ ۋەدە قىلدى، بۇ ۋەدە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟»②.

﴿... وَمَن يُؤْمِنۢ بِٱللَّهِ وَيَعْمَلْ صَٰلِحًا يُدْخِلْهُ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ قَدْ أَحْسَنَ ٱللَّهُ لَهُۥ رِزْقًا ﴿١١﴾﴾

«... كىم ئاللاھقا ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئىش قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار ئۇ

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 25 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 2 - سۈرە بەقەرە، 82 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 57 - ، 122 - ۋە 124 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 42 - ئايەت؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 9 - ئايەت؛ 11 - سۈرە ھۇد، 23 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 23 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 31 - ۋە 107 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 75 - ۋە 76 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 14 - ، 23 - ۋە 56 - ئايەتلەر؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 58 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 8 - ئايەت؛ 32 - سۈرە سەجدە، 19 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 40 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 22 - ئايەت؛ 47 - سۈرە مۇھەممەد، 12 - ئايەت؛ 64 - سۈرە تەغابۇن، 9 - ئايەت؛ 65 - سۈرە تالاق، 11 - ئايەت؛ 85 - سۈرە بۇرۇج، 11 - ئايەت؛ 98 - بەييىنە، 7 - ۋە 8 - ئايەتلەر.

② 4 - سۈرە نىسا، 122 - ئايەت.

جەننەتلەردە مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئەلۋەتتە ياخشى رىزىق ئاتا قىلىدۇ»[1].

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ هُمْ خَيْرُ ٱلْبَرِيَّةِ ۝٧ جَزَآؤُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّٰتُ عَدْنٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ رَّضِىَ ٱللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ ۚ ذَٰلِكَ لِمَنْ خَشِىَ رَبَّهُۥ ۝٨﴾

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. بۇلارنىڭ، رەببىنىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇكاپاتى ئەدن جەننەتلىرىدۇر. ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ئۇلار ئاللاھتىن رازى بولىدۇ. مانا بۇ، رەببىدىن ئەيمەنگەن كىشى ئۈچۈندۇر»[2].

### 10. دوزاخ ھاياتى

قۇرئان كەرىمدە دوزاخنىڭ (جەھەننەمنىڭ)، ئاخىرەتتە ئازغۇنلارنىڭ جەم بولىدىغان يېرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ يەتتە دانە دەرۋازىسى بارلىقى، ھەر دەرۋازىسىدىن پەرقلىق گۇرۇھلارنىڭ كىرىدىغانلىقى ۋە ئىچىدە تۈرلۈك - تۈرلۈك ئازابلاش ۋاسىتىلىرىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنىدۇ[3]. شۇنىڭدەك، مەزكۇر گۇرۇھلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى توغرۇلۇقمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

#### 1) دوزاخنىڭ ئىسىملىرى

- جەھەننەم[4]،

---

[1] 65 - سۈرە تالاق، 11 - ئايەت.

[2] 98 - سۈرە بەييىنە، 7 - ۋە 8 - ئايەتلەر.

[3] قاراڭ: 15 - سۈرە ھىجر، 43 - ۋە 44 - ئايەتلەر؛ 73 - سۈرە مۇززەممىل، 12 - ئايەت؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 4 - ئايەت.

[4] قاراڭ: 15 - سۈرە ھىجر، 43 - ئايەت. «جەھەننەم»، دوزاخنىڭ ئىسمى بولۇپ قۇرئان كەرىمدە 77 قېتىم زىكىر قىلىنىدۇ.

- جەھەننەم[1]،
- نار[2]،
- ھۇتەمە[3]،
- سەئىر[4]،
- سەقەر[5]،
- ھاۋىيە[6].

## 2) دوزاخ ئازابىنىڭ ۋاستىلىرى

### (1) تاقاق، زەنجىر ۋە تۆمۈر توقماق

دوزاخ ئەھلىنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنىدۇ، پۇت - قوللىرى زەنجىرلەر بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ[7].

### (2) ئوت ۋە قايناق سۇ

دوزاخ ئەھلى دوزاخ ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈلىدۇ[8].

دوزاخ ئەھلىنىڭ ئۈستىگە قايناق سۇ تۆكۈلىدۇ، دوزاخ ئەھلى قايناق سۇنىڭ ئىچىدە سۆرىلىدۇ[9].

---

① قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 86 - ئايەت.
② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 24 - ئايەت.
③ قاراڭ: 104 - سۈرە ھۇمەزە، 4 ~ 6 - ئايەتلەر.
④ قاراڭ: 67 - سۈرە مۇلك، 10 - ئايەت.
⑤ قاراڭ: 54 - سۈرە قەمەر، 48 - ئايەت.
⑥ قاراڭ: 101 - سۈرە قارىئە، 8 ~ 11 - ئايەتلەر.
⑦ قاراڭ: 14 - سۈرە ئىبراھىم، 49 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 21 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 38 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 71 - ئايەت؛ 69 - سۈرە ھاققە، 32 - ئايەت؛ 73 - سۈرە مۇززەممىل، 12 - ئايەت؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 4 - ئايەت؛ 89 - سۈرە فەجر، 26 - ئايەت.
⑧ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 24 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 181 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 56 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 50 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 9 - ۋە 22 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 104 - ئايەت؛ 66 - سۈرە تەھرىم، 6 - ئايەت؛ 70 - سۈرە مەئارىج، 16 - ئايەت؛ 104 - سۈرە ھۇمەزە، 6 ~ 9 - ئايەتلەر.
⑨ قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 19 - ۋە 20 - ئايەتلەر؛ 40 - سۈرە غافىر، 71 ۋە 72 - ئايەتلەر؛ 44 - سۈرە دۇخان، 47 ~ 50 - ئايەتلەر.

### (3) ئازابلىغۇچى تاماق

دوزاخ ئەھلى تۆۋەندىكى «تاماقلار»نى يەيدۇ:

- زەققۇم[①]،
- بەتبۇي ۋە ئاچچىق تىكەن[②]،
- يىرىڭ[③]،
- گالغا تۇرۇپ قالىدىغان بىر تۈرلۈك تاماق[④]،
- ئوت[⑤].

### (4) ئازابلىغۇچى ئىچىملىك

دوزاخ ئەھلى يۇقىرىدىكى تاماقلارنىڭ ئۈستىگە تۆۋەندىكى ئىچىملىكلەرنى ئىچىدۇ:

- قايناق سۇ[⑥]،
- زەرداب سۇ[⑦]،
- قايناپ تۇرغان بىر تۈرلۈك بۇلاق سۈيى[⑧]،
- مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش بىر خىل سۇ[⑨]،
- يىرىڭ[⑩].

---

① قاراڭ: 37 - سۈرە سافافات، 62 - ئايەت؛ 44 - سۈرە دۇخان، 63 - ئايەت؛ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 52 - ئايەت.

② قاراڭ: 88 - سۈرە غاشىيە، 6 - ئايەت.

③ قاراڭ: 69 - سۈرە ھاققە، 36 - ئايەت.

④ قاراڭ: 73 - سۈرە مۇززەممىل، 13 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 174 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 10 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 70 - ئايەت؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 4 - ئايەت؛ 37 - سۈرە سافافات، 67 -ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 57 - ئايەت؛ 47 - سۈرە مۇھەممەد، 15 - ئايەت؛ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 54 - ۋە 93 - ئايەتلەر؛ 78 - سۈرە نەبەئ، 25 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 14 - سۈرە ئىبراھىم، 16 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 88 - سۈرە غاشىيە، 5 - ئايەت.

⑨ قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 29 - ئايەت.

⑩ قاراڭ: 38 - سۈرە ساد، 57 - ئايەت؛ 78 - سۈرە نەبەئ، 25 - ئايەت.

(5) ئازابلىغۇچى كىيىم

دوزاخ ئەھلى تۆۋەندىكى «كىيىملەر»نى كىيىدۇ:

- قەتىران[①]،
- ئوتتىن تەييارلانغان كىيىملەر[②].

(6) ئوتتىن يوتقان - كۆرپە

دوزاخ ئەھلىنىڭ ئاستىغا ئوتتىن تۆشەك سېلىنىدۇ، ئۈستىگە ئوتتىن يوتقانلار يېپىلىدۇ[③].

(7) زەھەرلىك ھاۋا

دوزاخ ئەھلى ناھايىتى ھارارەتلىك شامال ۋە قاتتىق بۇلغانغان ھاۋادا نەپەس ئالىدۇ[④].

### 3) دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاختىكى ھالى

دوزاخقا كىرگەنلەر توختىماي نالە - پەرياد قىلىپ تۇرىدۇ[⑤].

### 4) دوزاخ ئەھلىنىڭ كىملىكى

قىيامەت كۈنى كىملەرنىڭ دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقى قۇرئان كەرىمدە پەرقلىق يەرلەردە بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا تۆۋەندىكىچە:

① قاراڭ: 14 - سۈرە ئىبراھىم، 50 - ئايەت. قەتىران رەڭگى قاپقارا، پۇرىقى ناھايىتى بەتبۇي بىر خىل سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قوتۇر بولۇپ قالغان تۆگىلەر مايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆگىلەرنىڭ قوتۇرلىرى كۆيۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەھلى دوزاخلارنىڭ تېرىلىرىگە ئۇ سۇيۇقلۇقتىن سۈركىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇيۇقلۇق ئۇلارنىڭ كىيىمدەك بولىدۇ. قاراڭ: فەخرۇددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ھەسەن ئىبنى ھۇسەيىن تەيمىي رازى ، *مەفاتىھۇل غەيب - تەفسىرۇل كەبىر*، 3 - باسما (بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، ھ 1420/ م 1999)، 19: 113.

② قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 19 - ۋە 20 - ئايەتلەر.

③ قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 41 - ئايەت.

④ قاراڭ: 56 - سۈرە ۋاقىئە، 42 ~ 44 - ئايەتلەر. 77 - سۈرە مۇرسەلات، 30 - ۋە 31 - ئايەت.

⑤ قاراڭ 11 - سۈرە ھۇد، 106 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 100 - ئايەت.

- كاپىرلار[1]،
- مۇشرىكلار[2]،
- مۇرتەدلەر[3]،
- مۇناپىقلار[4]،
- ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر[5]،
- ھەقنى قوبۇل قىلمىغانلار[6]،
- قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلار[7]،
- ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغانلار[8]،
- غەيۋەتخورلار[9]،
- يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋالغانلار[10]،

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 161 - ، 162 - ۋە 257 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 116 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 56 -، 168 - ۋە 169 - ئايەتلەر؛ 5 - سۈرە مائىدە، 78 ~ 80 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 68 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 5 - ئايەت؛ 33 - سۈرە ئەھزاب، 64 - ۋە 65 - ئايەتلەر؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 71 - ۋە 72 - ئايەتلەر؛ 59 - سۈرە ھەشر، 16 - ۋە 17 - ئايەتلەر؛ 64 - سۈرە تەغابۇن، 10 - ئايەت؛ 98 - سۈرە بەييىنە، 6 - ئايەت.

② قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 128 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 17 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 98 - ۋە 99 - ئايەتلەر؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 68 - ۋە 69 - ئايەتلەر؛ 98 - سۈرە بەييىنە، 6 - ئايەت.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 217 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 86 ~ 88 - ئايەتلەر.

④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 145 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 68 - ئايەت؛ 58 - سۈرە مۇجادەلە، 14 ~ 17 - ئايەتلەر.

⑤ قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 36 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 99 ~ 101 - ئايەتلەر؛ 40 - سۈرە غافىر، 70 ~ 76 - ئايەتلەر؛ 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 28 - ئايەت

⑥ قاراڭ: 70 - سۈرە مەئارىج، 15 ~ 17 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 25 - سۈرە فۇرقان، 11 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 14 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 63 - ئايەت؛ 72 - سۈرە جىن، 23 - ئايەت؛ 74 - سۈرە مۇددەسسىر، 42 ~ 47 - ئايەتلەر.

⑨ قاراڭ: 104 - سۈرە ھۇمەزە.

⑩ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 10 - ئايەت.

- تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلار[1]،
- جازانىخورلار [2]،
- مۇئمىنلارنى قەستەن ئۆلتۈرگۈچىلەر[3]،
- زالىملار[4]،
- يامان ئىشلارنى قىلغانلار[5].

(1) دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىنسانىيەت ئىچىدىكى نىسبىتى

دوزاخ ئەھلى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِن تُطِعۡ أَكۡثَرَ مَن فِي ٱلۡأَرۡضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنۡ هُمۡ إِلَّا يَخۡرُصُونَ ١١٦﴾

«ئى مۇھەممەد! ئەگەر زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىۋېتىدۇ. ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ. ئۇلار پەقەت بىلجىرلايدۇ»[6].

(2) دوزاخ ئەھلىنىڭ ئورتاق سۈپەتلىرى

① فاسىقلار (توغرا يولدىن چىققانلار)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① قاراڭ: 44 - سۈرە دۇخان 47 ~ 50 - ئايەتلەر.
② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 275 - ئايەت.
③ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 93 - ئايەت.
④ قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 82 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 28 - ۋە 29 - ئايەتلەر.
⑤ قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 27 - ئايەت.
⑥ 6 - سۈرە ئەنئام، 116 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 110 - ئايەت؛ ؛ 12 - سۈرە يۇسۇف، 103 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 13 - ئايەت

﴿أَفَمَن كَانَ مُؤۡمِنٗا كَمَن كَانَ فَاسِقٗاۚ لَّا يَسۡتَوُۥنَ ١٨ أَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَلَهُمۡ جَنَّٰتُ ٱلۡمَأۡوَىٰ نُزُلَۢا بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٩ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ
فَسَقُواْ فَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ أَن يَخۡرُجُواْ مِنۡهَآ أُعِيدُواْ فِيهَا وَقِيلَ لَهُمۡ ذُوقُواْ
عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّذِي كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ٢٠ وَلَنُذِيقَنَّهُم مِّنَ ٱلۡعَذَابِ ٱلۡأَدۡنَىٰ دُونَ
ٱلۡعَذَابِ ٱلۡأَكۡبَرِ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ٢١﴾

«مۆئمىن بولغان كىشى فاسىق بولغان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ئۇلار باراۋەر بولمايدۇ. ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەئۋا جەننەتلىرى بار. ئۇلار ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ جەننەتلەردە كۈتۈلىدۇ. فاسىق بولغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىدىغان يېرى دوزاختۇر. ئۇلار قاچان دوزاختىن چىقماقچى بولسا كەينىگە قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ‹دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار! ئۇ سىلەر ئۇز ۋاقتىدا يالغان دېگەن ئازابتۇر›. بىز ئۇلارغا ئەڭ چوڭ ئازابتىن بۇرۇن ئەڭ يېقىن ئازابنى تېتىتىمىز، ئۇلارنى توغرا يولغا قايتسۇن دەپ شۇنداق قىلىمىز»[1].

② يامانلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنَّ ٱلۡفُجَّارَ لَفِي جَحِيمٖ ١٤﴾

«شۈبھىسىزكى، يامانلار دوزاختا بولىدۇ»[2].

③ ئاسىيلىق قىلغانلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

① 32 - سۈرە سەجدە، 18 ~ 21 - ئايەتلەر.
② 82 - سۈرە ئىنفىتار، 13 - ۋە 14 - ئايەتلەر.

﴿قُلْ إِنِّي لَن يُجِيرَنِي مِنَ ٱللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلْتَحَدًا ﴿٢٢﴾ إِلَّا بَلَٰغًا مِّنَ ٱللَّهِ وَرِسَٰلَٰتِهِۦۚ وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ﴿٢٣﴾﴾

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. مەن ھەرگىزمۇ ئاللاھتىن باشقا باشپاناھ تاپالمايمەن. مېنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ۋە ئەلچىلىكلىرىنى يەتكۈزۈشكىلا كۈچۈم يېتىدۇ. كىم ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم جەھەننەم ئوتى بار. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالىدۇ»[1].

④ ئازغۇنلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ثُمَّ إِنَّكُمْ أَيُّهَا ٱلضَّآلُّونَ ٱلْمُكَذِّبُونَ ﴿٥١﴾ لَءَاكِلُونَ مِن شَجَرٍ مِّن زَقُّومٍ ﴿٥٢﴾ فَمَالِـُٔونَ مِنْهَا ٱلْبُطُونَ ﴿٥٣﴾ فَشَٰرِبُونَ عَلَيْهِ مِنَ ٱلْحَمِيمِ ﴿٥٤﴾ فَشَٰرِبُونَ شُرْبَ ٱلْهِيمِ ﴿٥٥﴾ هَٰذَا نُزُلُهُمْ يَوْمَ ٱلدِّينِ ﴿٥٦﴾﴾

«ئاندىن سىلەر، ئى راستنى يالغان دېگۈچى ئازغۇنلار! چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر، قورساقلىرىڭلارنى ئۇنىڭدىن تولدۇرىسىلەر، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە قايناق سۇدىن ئىچىسىلەر، تەشنا تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر. مانا بۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان زىياپەتتۇر»[2].

⑤ گۇناھكارلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱمْتَٰزُوا۟ ٱلْيَوْمَ أَيُّهَا ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٥٩﴾ أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَٰبَنِىٓ ءَادَمَ أَن لَّا تَعْبُدُوا۟ ٱلشَّيْطَٰنَ ۖ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٦٠﴾ وَأَنِ ٱعْبُدُونِى ۚ هَٰذَا صِرَٰطٌ مُّسْتَقِيمٌ ﴿٦١﴾

---

① 72 - سۈرە جىن، 22 - ۋە 23 - ئايەتلەر.
② 56 - سۈرە ۋاقىئە، 51 ~ 56 - ئايەتلەر.

﴿وَلَقَدْ أَضَلَّ مِنكُمْ جِبِلًّا كَثِيرًا ۖ أَفَلَمْ تَكُونُوا۟ تَعْقِلُونَ ﴿٦٢﴾ هَٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِى كُنتُمْ تُوعَدُونَ ﴿٦٣﴾ ٱصْلَوْهَا ٱلْيَوْمَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٦٤﴾﴾

«ئۇ كۈنى گۇناھكارلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن ئايرىلىڭلار. مەن سىلەردىن: ‹ئى ئادەم ئەۋلادى! شەيتانغا ئىبادەت قىلماڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ ئاشكارا دۈشمىنىڭلاردۇر› دەپ ئەھدە ئالمىدىممۇ؟ سىلەرگە:‹ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار. مانا بۇ توغرا يولدۇر› دېمىدىممۇ؟ شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن خەلقلەرنى ئازدۇردى. ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىدىڭلارمۇ؟ ئەنە شۇ، سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان جەھەننەم! بۈگۈن ئۇنىڭغا كىرىپ كۆيۈڭلار، چۈنكى سىلەر تۇزكورلۇق قىلدىڭلار»[1].

﴿إِنَّ ٱلْمُجْرِمِينَ فِى عَذَابِ جَهَنَّمَ خَٰلِدُونَ ﴿٧٤﴾ لَا يُفَتَّرُ عَنْهُمْ وَهُمْ فِيهِ مُبْلِسُونَ ﴿٧٥﴾ وَمَا ظَلَمْنَٰهُمْ وَلَٰكِن كَانُوا۟ هُمُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧٦﴾ وَنَادَوْا۟ يَٰمَٰلِكُ لِيَقْضِ عَلَيْنَا رَبُّكَ ۖ قَالَ إِنَّكُم مَّٰكِثُونَ ﴿٧٧﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، گۇناھكارلار جەھەننەم ئازابى ئىچىدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ. ئۇلار ئازابنىڭ ئىچىدە ئۈمىدسىز بولغۇچىلاردۇر. بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق. لېكىن ئۇلار زالىم كىشىلەر ئىدى. ئۇلار جەھەننەمنىڭ كۆزەتچىسىگە: ‹ئى مالىك! رەببىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈپ ئىشىمىزنى تۈگەتسۇن› دەپ توۋلايدۇ. كۆزەتچى: «سىلەر مەڭگۈ قالغۇچىلارسىلەر» دەيدۇ»[2].

## 5) دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاختا ئازابلىنىش مۇددىتى

ئاللاھ تائالا دوزاخقا تاشلانغان ئىنسانلارنىڭ دوزاختىن چىقالمايدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قېلىپ

---

① 36 - سۈرە ياسىن، 59 ~ 64 - ئايەتلەر.
② 43- سۈرە زۇخرۇف، 74 ~ 77 - ئايەتلەر.

ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىرقانچە ئايەتتە بايان قىلىدۇ. ئۇ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوْ أَنَّ لَهُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُۥ مَعَهُۥ لِيَفْتَدُواْ بِهِۦ مِنْ عَذَابِ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنْهُمْ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٣٦﴾ يُرِيدُونَ أَن يَخْرُجُواْ مِنَ ٱلنَّارِ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنْهَا ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٣٧﴾﴾

«كاپىرلارغا كەلسەك، ئەگەر يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر ۋە ئۇنىڭ بىر ئوخشىشى ئۇلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى فىدىيە قىلىپ بەرسىمۇ، بۇ ئۇلاردىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بار. ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ چىقالمايدۇ. ئۇلارغا دائىمىي ئازاب بار»[1].

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَظَلَمُواْ لَمْ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغْفِرَ لَهُمْ وَلَا لِيَهْدِيَهُمْ طَرِيقًا ﴿١٦٨﴾ إِلَّا طَرِيقَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿١٦٩﴾﴾

«كاپىر بولغان ۋە زۇلۇم قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ھەرگىزمۇ مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە ھەرگىزمۇ يول كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلارغا پەقەت جەھەننەمنىڭ يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالغۇچىلاردۇر. بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر»[2].

﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَعَنَ ٱلْكَٰفِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمْ سَعِيرًا ﴿٦٤﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ لَّا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿٦٥﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارغا لەنەت قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالىدۇ، ھېچقانداق ۋەلىي ۋە ياردەمچى تاپالمايدۇ»[3].

---

① 5 - سۈرە مائىدە، 36 - ۋە 37 - ئايەتلەر.
② 4 - سۈرە نىسا، 168 - ۋە 169 - ئايەتلەر.
③ 33 - سۈرە ئەھزاب، 64 - ۋە 65 - ئايەتلەر.

﴿قَالُواْ رَبَّنَا غَلَبَتْ عَلَيْنَا شِقْوَتُنَا وَكُنَّا قَوْمًا ضَآلِّينَ ﴿١٠٦﴾ رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْهَا فَإِنْ عُدْنَا فَإِنَّا ظَٰلِمُونَ ﴿١٠٧﴾ قَالَ ٱخْسَـُٔواْ فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ ﴿١٠٨﴾﴾

«ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ‹رەببىمىز! بىز يامان ئارزۇلىرىمىزغا يېڭىلىپ ئازغۇن قەۋم بولدۇق. رەببىمىز! بىزنى بۇ يەردىن چىقارغىن. ئەگەر يەنە ئەسكىلىك قىلساق، ھەقىقەتەن ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلغان بولىمىز›. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: تۇرغان يېرىڭلاردا قېلىپ خورلۇق تارتىڭلار ۋە ماڭا گەپ قىلماڭلار»①.

﴿إِذْ تَبَرَّأَ ٱلَّذِينَ ٱتُّبِعُواْ مِنَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ وَرَأَوُاْ ٱلْعَذَابَ وَتَقَطَّعَتْ بِهِمُ ٱلْأَسْبَابُ ﴿١٦٦﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ لَوْ أَنَّ لَنَا كَرَّةً فَنَتَبَرَّأَ مِنْهُمْ كَمَا تَبَرَّءُواْ مِنَّا ۗ كَذَٰلِكَ يُرِيهِمُ ٱللَّهُ أَعْمَٰلَهُمْ حَسَرَٰتٍ عَلَيْهِمْ ۖ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنَ ٱلنَّارِ ﴿١٦٧﴾﴾

«ئۇ كۈنى يېتەكچىلەر ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئادا - جۇدا بولىدۇ، ئازابنى كۆرىدۇ ۋە ئارىلىرىدىكى پۈتكۈل مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەگەشكۈچىلەر مۇنداق دەيدۇ: ‹كاشكى قولىمىزغا پۇرسەت كەلسە، ئۇلار بىزدىن ئادا - جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا - جۇدا بولساق!›. ئاللاھ ئۇلارغا پۈتۈن قىلمىشلىرىنى ئەنە شۇنداق ئۆزلىرىنى بېسىۋالغان ھەسرەتلەر ھالىتىدە كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس»②.

﴿... وَمَن يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ﴿٢٣﴾﴾

«... كىم ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم جەھەننەم ئوتى بار. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالىدۇ»③.

① 23 - سۈرە مۆئمىنۇن، 106 ~ 108 - ئايەتلەر.
② 2 - سۈرە بەقەرە، 166 ~ 167 - ئايەتلەر.
③ 72 - سۈرە جىن، 23 - ئايەت.

﴿وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فَسَقُواْ فَمَأْوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ أَن يَخْرُجُواْ مِنْهَآ أُعِيدُواْ
فِيهَا وَقِيلَ لَهُمْ ذُوقُواْ عَذَابَ ٱلنَّارِ ٱلَّذِى كُنتُم بِهِۦ تُكَذِّبُونَ ﴿٢٠﴾﴾

«فاسىق بولغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىدىغان يېرى دوزاختۇر. ئۇلار قاچان دوزاختىن چىقماقچى بولسا كەينىگە قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: دوزاخ ئازابىنى تېتىڭلار! ئۇ سىلەر ئۆز ۋاقتىدا يالغان دېگەن ئازابتۇر»①.

﴿هَٰذَانِ خَصْمَانِ ٱخْتَصَمُواْ فِى رَبِّهِمْۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ قُطِّعَتْ لَهُمْ ثِيَابٌ مِّن
نَّارٍ يُصَبُّ مِن فَوْقِ رُءُوسِهِمُ ٱلْحَمِيمُ ﴿١٩﴾ يُصْهَرُ بِهِۦ مَا فِى بُطُونِهِمْ وَٱلْجُلُودُ ﴿٢٠﴾
وَلَهُم مَّقَٰمِعُ مِنْ حَدِيدٍ ﴿٢١﴾ كُلَّمَآ أَرَادُوٓاْ أَن يَخْرُجُواْ مِنْهَا مِنْ غَمٍّ أُعِيدُواْ فِيهَا
وَذُوقُواْ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿٢٢﴾﴾

«ئەنە شۇ ئىككىسى رەببى توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشقان ئىككى پىرقىدۇر: كافىرلار پىرقىسىگە ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ ۋە باشلىرىنىڭ ئۈستىدىن قايناق سۇ تۆكىلىدۇ. ئۇ سۇ ئۇلارنىڭ ئىچ ئەزالىرىنى ۋە تېرىلىرىنى ئېرىتىۋېتىدۇ. ئۇلار يەنە تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ئۇلار دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاچان دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ‹كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار› دەپ ئازار بېرىلىپ ئارقىسىغا قايتۇرۇلىدۇ»②.

① 32 - سۈرە سەجدە، 20 - ئايەت.

② 22 - سۈرە ھەج، 19 ~ 22 - ئايەتلەر.

# III ياشلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى

تارىخ بەتلىرىنى ئوقۇغانلار تونۇپ يېتىدۇكى، مىللەتلەرنىڭ يۈكسىلىشى، يۇرتلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ بەرپا قىلىنىشى چوڭلارنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىسى، ياشلارنىڭ جاسارەت ۋە پىداكارلىقى بىلەن ھاسىل بولغان. جۈملىدىن جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ دىللىرىدا ئىمان نۇرىنىڭ يورۇشى، يۇرتلىرىدا ئىسلام ئادالىتىنىڭ ھاكىم بولۇشى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ يېيىلىشى، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلىنىشى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئامانلىقىنىڭ ساقلىنىشى قاتارلىقلارمۇ مۇسۇلمان چوڭلارنىڭ ئىلمى، تەجرىبىسى ۋە يېتەكلىشى، مۇسۇلمان ياشلارنىڭ جاسارىتى، تىرىشچانلىقى ۋە پىداكارلىقى بىلەن ھاسىل بولغان. ئىنسان تۇغۇلغان چېغىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ھالەتتە تۇغۇلۇشىنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغدىن تارتىپ ئۆز دەۋرىدىكى يېڭى ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ ئۆز زامانىغا ماسلىشالىشى ئۈچۈندۇر.

## *§1. ياشلىق دەۋرىنىڭ ئەھمىيىتى*

ئىنسان دۇنياغا كۈچسىز ۋە بىلىمسىز ھالدا كېلىدۇ. ياشلىق دەۋرى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى بىلەن قېرىلىق دەۋرى ئارىسىدىكى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك ۋە ئاكتىپ بولغان دەۋرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً ۚ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۚ وَهُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْقَدِيرُ ﴿٥٤﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرنى ئاجىزلىقتىن ياراتتى، ئاندىن سىلەرگە ئاجىزلىقتىن كېيىن قۇۋۋەت بەردى، ئاندىن قۇۋۋەتتىن كېيىن ئاجىزلىق ۋە قېرىلىق يەتكۈزدى. ئۇ خالىغىنىنى يارىتىدۇ. ئۇ بىلگۈچىدۇر، قادىردۇر»[1].

① 30 - سۈرە رۇم، 54 - ئايەت.

﴿وَٱللَّهُ أَخۡرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ شَيۡـٔٗا وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٧٨﴾

«ئاللاھ سىلەرنى ئانىلىرىڭلارنىڭ قورساقلىرىدىن چىقاردى، سىلەر ئۇ چاغدا ھېچ نەرسە بىلمەيتتىڭلار. سىلەر ئۈچۈن ئاڭلاش قابىلىيىتىنى، كۆرۈش قابىلىيەتلىرىنى ۋە دىللارنى بار قىلدى. شۈكۈر قىلغايسىلەر!»[1].

ئىنسان ئەقىل تاپقاندىن تارتىپ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت يارىتىلىشتىن كەلگەن تەبىئىي قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆگەنگەن، ئىزدەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان چېغىدىلا ئىمان - ئېتىقادتا ساغلام، ئىلىم - مەرىپەتتە پۇختا، ئەدەپ - ئەخلاقتا گۈزەل، ئىپپەت - نومۇستا پاكىز ۋە مۇئامىلە - مۇناسىۋەتتە دۇرۇس ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چىقالايدۇ. ئەنە شۇ ئىنسانلار مەدەنىيەت يارىتىش، ئادالەت تارقىتىش، ئىلىم يېيىش، كۈچلۈك ۋە ئاڭلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قاتارلىقلاردا رولى ناھايىتى چوڭ بولىدىغان ياشلاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مەزكۇر پەزىلەتلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئۈلگە ئېلىنىشقا تېگىشلىك ياشلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئەنە شۇنداق ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## §2. قۇرئاندا ئۈرنەك ياشلار

### 1. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋەدىسىدە تۇرۇشتا، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتا ۋە بۇ توغرىدا پىداكارلىق قىلىشتا ئۈرنەك ياشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِسۡمَٰعِيلَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صَادِقَ ٱلۡوَعۡدِ وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا ٥٤﴾

---

[1] 16 - سۈرە نەھل، 78 - ئايەت.

«بۇ كىتابتا ئىسمائىلنىمۇ زىكىر قىلغىن. ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇرغۇچى ئىدى، رەسۇل ئىدى، نەبىي ئىدى»[1].

﴿وَقَالَ إِنِّي ذَاهِبٌ إِلَىٰ رَبِّي سَيَهْدِينِ ﴿٩٩﴾ رَبِّ هَبْ لِي مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠٠﴾ فَبَشَّرْنَٰهُ بِغُلَٰمٍ حَلِيمٍ ﴿١٠١﴾ فَلَمَّا بَلَغَ مَعَهُ ٱلسَّعْيَ قَالَ يَٰبُنَيَّ إِنِّيٓ أَرَىٰ فِي ٱلْمَنَامِ أَنِّيٓ أَذْبَحُكَ فَٱنظُرْ مَاذَا تَرَىٰ ۚ قَالَ يَٰٓأَبَتِ ٱفْعَلْ مَا تُؤْمَرُ ۖ سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿١٠٢﴾ فَلَمَّآ أَسْلَمَا وَتَلَّهُۥ لِلْجَبِينِ ﴿١٠٣﴾ وَنَٰدَيْنَٰهُ أَن يَٰٓإِبْرَٰهِيمُ ﴿١٠٤﴾ قَدْ صَدَّقْتَ ٱلرُّءْيَآ ۚ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجْزِي ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٠٥﴾﴾

«ئىبراھىم ئېيتتى: ‹مەن رەببىم بۇيرۇغان يەرگە كېتىمەن. ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىدۇ. رەببىم! ماڭا ياخشىلاردىن بولىدىغان پەرزەنت ئاتا قىلغىن›. بىز ئۇنىڭغا زېرەك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئوغۇل چوڭىيىپ ئاتىسى ئىبراھىم بىلەن بىللە ئىش قىلغۇدەك بولغاندا ئىبراھىم ئۇنىڭغا: ‹ئى ئوغۇلچىقىم! مەن چۈشۈمدە سېنى قۇربانلىق قىلغانلىقىمنى كۆرۈۋاتىمەن، ئويلاپ باققىنا، سەن قانداق قارايسەن!› دېدى. ئوغۇل: ‹ئى دادىكا! ساڭا بۇيرۇلغاننى قىلغىن، ئىنشائاللاھ مېنىڭ سەۋر قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن!› دېدى. ئاتا - بالا ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تەسلىم بولۇپ، ئىبراھىم ئوغلىنى دۈم ياتقۇزغاندا، بىز ئۇنىڭغا مۇنداق نىدا قىلدۇق: ‹ئى ئىبراھىم! چۈشۈڭنى ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ›. شۈبھىسىزكى، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز»[2].

### 2. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئىپپىتىنى ساقلاش، يوقسۇللۇقتىمۇ، باياشاتلىقتىمۇ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش، مەيدانى ئېنىق بولۇش ۋە ھەقنى ھەر پۇرسەتتە داۋەت قىلىش، ئىرادىلىك بولۇش قاتارلىق پەزىلەتلەردە ئۈلگە بولۇپ يۇرتۇپ...

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① 19 - سۈرە مەريەم، 54 - ئايەت.
② 37 - سۈرە سافقات، 99 ~ 105 - ئايەتلەر.

﴿وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥٓ ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٢٢﴾
وَرَٰوَدَتْهُ ٱلَّتِى هُوَ فِى بَيْتِهَا عَن نَّفْسِهِۦ وَغَلَّقَتِ ٱلْأَبْوَٰبَ وَقَالَتْ هَيْتَ لَكَ ۚ قَالَ
مَعَاذَ ٱللَّهِ ۖ إِنَّهُۥ رَبِّىٓ أَحْسَنَ مَثْوَاىَ ۖ إِنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾﴾

«يۇسۇف قىرانلىق يېشىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق. بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئاشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. يۇسۇف تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى ئايال يۇسۇفنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇندى، ئىشىكلەرنى مەھكەم تاقىۋەتتى ۋە: ‹قېنى، كەلسەڭچۇ!› دېدى. يۇسۇف: ‹ئاللاھ ساقلىسۇن! شۈبھىسىزكى، ئۇ مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. زالىملار ئەسلا مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ› دېدى»①.

﴿قَالَ لَا يَأْتِيكُمَا طَعَامٌ تُرْزَقَانِهِۦٓ إِلَّا نَبَّأْتُكُمَا بِتَأْوِيلِهِۦ قَبْلَ أَن يَأْتِيَكُمَا ۚ
ذَٰلِكُمَا مِمَّا عَلَّمَنِى رَبِّىٓ ۚ إِنِّى تَرَكْتُ مِلَّةَ قَوْمٍ لَّا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَهُم بِٱلْءَاخِرَةِ هُمْ
كَٰفِرُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱتَّبَعْتُ مِلَّةَ ءَابَآءِىٓ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ ۚ مَا كَانَ لَنَآ أَن
نُّشْرِكَ بِٱللَّهِ مِن شَىْءٍ ۚ ذَٰلِكَ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ عَلَيْنَا وَعَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ
ٱلنَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٣٨﴾ يَٰصَٰحِبَىِ ٱلسِّجْنِ ءَأَرْبَابٌ مُّتَفَرِّقُونَ خَيْرٌ أَمِ ٱللَّهُ ٱلْوَٰحِدُ
ٱلْقَهَّارُ ﴿٣٩﴾ مَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ أَسْمَآءً سَمَّيْتُمُوهَآ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ
ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلْطَٰنٍ ۚ إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ ۚ أَمَرَ أَلَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّآ إِيَّاهُ ۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ
وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٤٠﴾﴾

«يۇسۇف مۇنداق دېدى: ئىككىڭلارغا بېرىلىدىغان تاماق يېنىڭلارغا كېلىشتىن ئىلگىرى، مەن چۈشۈڭلارنىڭ تەبىرىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن. بۇ رەببىم ماڭا ئۆگەتكەن ئىلىملەردىندۇر. چۈنكى مەن ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ يولىنى تەرك ئەتتىم، ئاتىلىرىم ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنىڭ يولىغا ئەگەشتىم. ئاللاھقا بىرەر

---

① 12 - سۈرە يۇسۇف، 22 - ۋە 23 - ئايەتلەر.

نەرسە شېرىك قىلىشمىز بىز ئۈچۈن توغرا بولمايدۇ. بۇ ئېتىقاد ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان پەزلىدىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ. ئى ئىككى زىندانداشىم! پەرقلىق بىرقانچە رەب ياخشىمۇ، ياكى چەكسىز قۇدرەتلىك، يالغۇز بىر ئاللاھ ياخشىمۇ؟ سىلەر ئۇنى قويۇپ پەقەت ئۆزۈڭلار ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭلار ئاتىۋالغان ئىسىملارغا ئىبادەت قىلىۋاتىسىلەر. ئاللاھ ئۇ ئىسىملارغا ئىبادەت قىلىنىشى توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن. ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى پەقەتلا ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. مانا بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ»①.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يەنە قېرىنداشلىرىنى ئەپۇ قىلىشتىمۇ ئۈرنەكتۇر. ئەينى سۈرە (يۇسۇف)نىڭ 92 - ۋە 100 - ئايەتلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

### 3. مۇسا ئەلەيھىسسالام

مۇسا ئەلەيھىسسالام زالىمغا نەپرەت، مەزلۇمغا مەرھەمەت قىلىشتا ئۈرنەك ياشتۇر. چۈنكى ئۇنى بوۋاق چېغىدا فىرئەۋن بېقىۋالغان، ئۆزىدەك فىرئەۋن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاتىسى دىكتاتور پادىشاھ، مۇھىتى باياشاتچىلىق، ھەشەمەتچىلىك ۋە كەيپ - ساپا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئالدانمىغان. ئۇ زالىمنىڭ ياردەمچىسى بولۇشنى تەرك ئېتىپ، مەزلۇمنىڭ ھىمايىچىسى، ئاجىزنىڭ يار - يۆلەكچىسى ۋە موھتاجنىڭ ياردەمچىسى بولۇشنى تاللىغان. بۇ يولدا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان، چەتكە قېقىلغان، ھەتتا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلانغان ۋە ھىجرەت قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَٱسْتَوَىٰٓ ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ۝١٤﴾

① 12 - سۈرە يۇسۇف، 37 ~ 40 - ئايەتلەر.

«مۇسا قىرانلىق يېشىغا يېتىپ ئەقلى توشقاندا، بىز ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق. بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز»①.

بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدىكى ئايەتلەر يۇقىرىدىكى نۇقتىلارغا دالالەت قىلىدۇ.

### 4. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزى

بۇ ئىككى قىز ئىشلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەملىشىپ، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشتە، ھايا قىلىشتا ۋە ئائىلىسىگە توغرا مەسلىھەت بېرىشتە ئۆرنەك قىزلاردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَمَّا وَرَدَ مَآءَ مَدْيَنَ وَجَدَ عَلَيْهِ أُمَّةً مِّنَ ٱلنَّاسِ يَسْقُونَ وَوَجَدَ مِن دُونِهِمُ ٱمْرَأَتَيْنِ تَذُودَانِ قَالَ مَا خَطْبُكُمَا قَالَتَا لَا نَسْقِى حَتَّىٰ يُصْدِرَ ٱلرِّعَآءُ وَأَبُونَا شَيْخٌ كَبِيرٌ ﴿٢٣﴾ فَسَقَىٰ لَهُمَا ثُمَّ تَوَلَّىٰٓ إِلَى ٱلظِّلِّ فَقَالَ رَبِّ إِنِّى لِمَآ أَنزَلْتَ إِلَىَّ مِنْ خَيْرٍ فَقِيرٌ ﴿٢٤﴾ فَجَآءَتْهُ إِحْدَىٰهُمَا تَمْشِى عَلَى ٱسْتِحْيَآءٍ قَالَتْ إِنَّ أَبِى يَدْعُوكَ لِيَجْزِيَكَ أَجْرَ مَا سَقَيْتَ لَنَا فَلَمَّا جَآءَهُۥ وَقَصَّ عَلَيْهِ ٱلْقَصَصَ قَالَ لَا تَخَفْ نَجَوْتَ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٢٥﴾ قَالَتْ إِحْدَىٰهُمَا يَـٰٓأَبَتِ ٱسْتَـْٔجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنِ ٱسْتَـْٔجَرْتَ ٱلْقَوِىُّ ٱلْأَمِينُ ﴿٢٦﴾﴾

«مۇسا مەديەن سۈيىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ماللىرىنى سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىنى ئۇچراتتى، ئۇلارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ماللىرىنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى ئايالنىمۇ ئۇچراتتى ۋە ئۇلارغا: ‹ئىككىڭلار نېمىشقا ئۇ يەردە تۇرۇۋاتىسىلەر؟› دېدى. ئۇلار: ‹پادىچىلار ئايرىلمىغۇچە بىز سۇغىرالمايمىز. ئاتىمىز بەك ياشىنىپ كەتكەن كىشىدۇر› دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سۇغىرىپ بەردى، ئاندىن سايىغا بېرىپ: ‹رەببىم! ماڭا قانداق ياخشىلىق ئاتا قىلساڭ، مەن ئۇنىڭغا

① 28 - سۈرە قەسەس، 14 - ئايەت.

موھتاجمەن!› دېدى. بۇ ئەسنادا ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى مۇسانىڭ يېنىغا ھايا قىلغان ھالدا مېڭىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: ‹سېنى ئاتام چاقىرىدۇ. ساڭا ماللىرىمىزنى سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىدىكەن › دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىدىن ئۆتكەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، ئۇ كىشى: ‹قورقمىغىن، زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇڭ › دېدى. ئىككى ئايالنىڭ بىرى: ‹ئى دادىكا! بۇ كىشىنى ھەق بېرىپ ئىشلەتكىن. سەن ھەق بېرىپ ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك بولغان بۇ كىشىدۇر › دېدى»[①].

### 5. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يىگىتلىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى دىنىغا دەۋەت قىلغاندا قەۋمى فىرئەۋندىن قورقۇپ ئىمان ئېيتمىغان، لېكىن قەۋمىنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم ياشلار فىرئەۋندىن قورقۇپ تۇرۇپ ئىمان كەلتۈرگەن، چۈنكى بۇ ياشلارنىڭ جاسارىتى قورقۇنچىسىدىن ئېشىپ چۈشكەن. ئۇ ياشلار ئەنە شۇ يىگىتلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَمَآ ءَامَنَ لِمُوسَىٰٓ إِلَّا ذُرِّيَّةٌ مِّن قَوْمِهِۦ عَلَىٰ خَوْفٍ مِّن فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِمْ أَن يَفْتِنَهُمْ ۚ وَإِنَّ فِرْعَوْنَ لَعَالٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٨٣﴾﴾

«مۇساغا ئۆز قەۋمىدىن پەقەت بىر بۆلۈك ياشلار، فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىلىك ئادەملىرىنىڭ قىينىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ ئىشەندى. چۈنكى فىرئەۋن ئۇ يەردە ھەقىقەتەن زومىگەر ئىدى ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى»[②].

### 6. مەريەم ئەلەيھاسسالام

مەريەم ئەلەيھاسسالام ئاللاھقا ئىمان، ئىخلاس، ساداقەت ۋە ئىتائەتتە، ئىپپىتىنى ساقلاشتا ئۆرنەك قىزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلَّتِىٓ أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهَا مِن رُّوحِنَا وَجَعَلْنَٰهَا وَٱبْنَهَآ ءَايَةً لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿٩١﴾﴾

---

① 28 - سۈرە قەسەس، 23 ~ 26 - ئايەتلەر.
② 10 - سۈرە يۇنۇس، 83 - ئايەت.

«ئىپپەتنى ساقلىغان قىزنى زىكىر قىلغىن. بىز ئۇنىڭغا روھىمىزدىن پۈۋلىدۇق، ئۇنى ۋە ئوغلىنى ئالەملەر ئۈچۈن ئايەت قىلدۇق»[1].

﴿وَمَرْيَمَ ٱبْنَتَ عِمْرَٰنَ ٱلَّتِىٓ أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتْ بِكَلِمَـٰتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِۦ وَكَانَتْ مِنَ ٱلْقَـٰنِتِينَ ﴿١٢﴾﴾

«ئاللاھ ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنىمۇ مىسال قىلدى. ئۇ ئىپپەتنى ساقلىغان قىز ئىدى. بىز ئۇنىڭ بالىياتقۇسىغا روھىمىزدىن پۈۋلىدۇق، ئۇ رەببىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى، ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى»[2].

### 7. ئىمراننىڭ ئايالى

يەنى مەريەم ئەلەيهاسسالامنىڭ ئانىسى. بۇ ئايال قورسىقىدىكى بالىسىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان. شۇڭلاشقا ئىخلاسمەنلىكتە ئۆرنەك ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِذْ قَالَتِ ٱمْرَأَتُ عِمْرَٰنَ رَبِّ إِنِّى نَذَرْتُ لَكَ مَا فِى بَطْنِى مُحَرَّرًا فَتَقَبَّلْ مِنِّىٓ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٣٥﴾﴾

«ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى: ‹رەببىم! قورسىقىمدىكى بالامنى ساڭا نەزىر قىلدىم، ئۇ پەقەت سېنىڭ يولۇڭدىلا خىزمەت قىلىدۇ، نەزرىمنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، بىلىپ تۇرغۇچىسەن› دېگەن ئىدى»[3].

**ئەسكەرتىش:** ھامىلدار ئايال ياش ئايال ھېسابلىنىدۇ.

### 8. ئەسھابى كەھف

ئۇلار ئاللاھقا سەمىمىي ئىشەنگەن ۋە ھەقىقىي ئىشەنچ قىلغان، ئۆز ھەقلىرىنى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇغان، قەلبلىرى ئىمان بىلەن يورۇغان،

---

① 21 - سۈرە ئەنبىيا، 91 - ئايەت.

② 66 - سۈرە تەھرىم، 12 - ئايەت.

③ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 35 - ئايەت.

كۆزلىرى جاسارەتكە تولغان يىگىتلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار زالىملارنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىرادىسىنى قورقماستىن ئاشكارىلىغان يىگىتلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِذۡ أَوَى ٱلۡفِتۡيَةُ إِلَى ٱلۡكَهۡفِ فَقَالُواْ رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةٗ وَهَيِّئۡ لَنَا مِنۡ أَمۡرِنَا رَشَدٗا ١٠﴾

«ئۆز ۋاقتىدا بىرقانچە يىگىت غارغا بېرىپ پاناھلانغان ۋە: ‹رەببىمىز! بىزگە ئۆز تەرىپىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن، بىزگە قۇتۇلۇش يولى تەييارلاپ بەرگىن!› دېگەن ئىدى»①.

﴿نَّحۡنُ نَقُصُّ عَلَيۡكَ نَبَأَهُم بِٱلۡحَقِّۚ إِنَّهُمۡ فِتۡيَةٌ ءَامَنُواْ بِرَبِّهِمۡ وَزِدۡنَٰهُمۡ هُدٗى ١٣ وَرَبَطۡنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ إِذۡ قَامُواْ فَقَالُواْ رَبُّنَا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ لَن نَّدۡعُوَاْ مِن دُونِهِۦٓ إِلَٰهٗاۖ لَّقَدۡ قُلۡنَآ إِذٗا شَطَطًا ١٤ هَٰٓؤُلَآءِ قَوۡمُنَا ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةٗۖ لَّوۡلَا يَأۡتُونَ عَلَيۡهِم بِسُلۡطَٰنِۭ بَيِّنٖۖ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا ١٥﴾

«ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىز ساڭا توغرا شەكىلدە ئېيتىپ بېرىمىز: ئۇلار رەببىگە ئىمان ئېيتقان بىرقانچە يىگىت ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلغان ئىدۇق. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ تۆۋەندىكى سۆزنى قىلغاندا بىز ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى مۇستەھكەم قىلغان ئىدۇق: ‹بىزنىڭ رەببىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇر. بىز ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھقا دۇئا قىلمايمىز. بولمىسا قالايمىقان گەپ قىلغان بولىمىز. ئەنە شۇلار بىزنىڭ قەۋمىمىزدۇر. ئۇلار ئاللاھتىن غەيرىينى ئىلاھلار قىلىۋېلىشتى. قەۋمىمىز نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئېنىق دەلىل كەلتۈرمەيدۇ؟ ئاللاھقا يالغان چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟›»②.

① 18 - سۈرە كەھف، 10 - ئايەت.
② 18 - سۈرە كەھف، 13 ~ 15 - ئايەتلەر.

## §3. ساھابىلەردىن ئۆرنەكلەر

### 1. ئۈچ قېرىنداش

بۇلار ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرىتى ئەسناسىدا مەككىدىن چىقىشىغا ياردەمچى بولغان. ئۇلارنىڭ بىرى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ... بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ سەپەر جابدۇقلىرىنى ناھايىتى تېز ھازىرلىدۇق. ئىككىسى ئۈچۈن ئوزۇق تەييارلاپ تېرىدىن ئېتىلگەن بىر كىچىك تاغارغا قويدۇق... تاغارنىڭ ئاغزىنى باغلايدىغان چاغدا ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما بېلىدىكى بەلبېغىدىن بىر پارچە يىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن تاغارنىڭ ئاغزىنى باغلىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ «زاتۇننىتاقەيىن (ئىككى بەلباغلىق)» دەپ ئاتالدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى سەۋر تېغىدىكى بىر غارغا يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ كېچە يوشۇرۇندى.... ھەر كېچىسى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ قالاتتى. ئابدۇللاھ چېچەن ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بىر ياش يىگىت ئىدى. ئۇ سەھەر ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ مەككىدە ياتقان ئادەمدەك بولۇپ سۈبھى ۋاقتىدا قۇرەيش بىلەن بىللە بولاتتى. رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى ھەققىدە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قىلىشقان ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىدە ساقلاپ ئاخشىمى قاراڭغۇلۇق باسقاندا كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئاتىسى ئەبۇ بەكرگە خەۋەر قىلاتتى...

ئۇلارنىڭ يەنە بىرى بولغان ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغان چېغىدا (دادام) ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭغا ئوزۇق تەييارلىدىم، ئوزۇقنى قويغان داستىخاننى ۋە سۇ تۇلۇمىنى باغلايدىغان بىر نەرسە تاپالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرگە: «ۋەللاھى بۇلارنى باغلايدىغانغا بەلبېغىمدىن باشقا بىر نەرسە تاپالمىدىم» دېدىم. ئۇ: «بەلبېغىڭنى ئىككىگە يېرىپ، بىرى

بىلەن تۇلۇمنى، يەنە بىرى بىلەن داستىخاننى باغلىغىن» دېدى. مەن شۇنداق قىلدىم، كېيىن بۇ سەۋەبتىن «ئىككى بەلباغلىق» دەپ ئاتالدىم[①].

## 2. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب

تېخى ئۆسمۈر (بالا) چېغىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاسارەت، پىداكارلىق ۋە ئىلىمدە ئۆرنەك ياشلاردىندۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغاندا ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن چىقىشى ئەسناسىدا مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەست قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ياتىقىدا، ئۇنىڭ ئورنىدا ياتقان. بەدر، ئۇھۇد، خەندەك، ھۇنەين، خەيبەر قاتارلىق غازاتلارغا قاتنىشىپ، بايراقدارلىق رولىنى ئوينىغان.

ئۇ يۈتۈن بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يېنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاتىپ ۋە ۋەھيى كاتىپلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننىڭ تامامىنى ياد ئالغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئىلىملەرگە ۋاقىپ بولغان. ئىلمى قابىلىيىتىنىڭ يۇكسەكلىكى سەۋەبى بىلەن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، خەلىپىلىك زامانلىرىدا ئۇنىڭ فىقھىي پىكىرلىرىگە مۇراجىئەت قىلغان. ئۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ تارىخي يىل نامىسىنى ھىجرەت بىلەن باشلاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنغان[②].

---

① بۇخارى، «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45، «جىھاد»، 123.

② مۇبارەكفۇري، *رەھىقۇل مەختۇم*، 146؛ ئەبۇ ئابدۇللاھ بەدرۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى بەھادىر زەركەشى، *ئەلبۇرھان فىئۇلۇمىل قۇرئان*، تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد ئەبۇل فەزل ئىبراھىم (بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىل كۇتۇبىل ئەرەبىييە، ھ 1376 / م 1957)، 2: 157؛ ئەتھەم رۇھى فىغلالى، «ھەزرىتى ئەلى»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1989)، 2: 371 ~ 374؛ م. ياشار قاندېمىر، «ئەلىنىڭ ئىلمى شەخسىيتى»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1989)، 2: 375 ~ 378.

### 3. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى مەدىنىگە بىر ياش ئىبرىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كېلىشىگە شارائىت تەييارلىغان. ئۇ ياش مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير مەككىنىڭ كېلىشكەن، ئەقىللىق ۋە باي يىگىتى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرقەمنىڭ قورۇسىدا ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يېنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە چىقىپ كەتكەن، لېكىن ئانىسىدىن ۋە قەۋمىدىن قورقۇپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يوشۇرغان. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئارا - سىرە مەخپىي كەلگەن. بىر كۈنى ئوسمان ئىبنى تەلھە ئۇنىڭ ناماز ئوتەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئانىسىغا ۋە قەۋمىگە دەپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسئەبنى قاماپ قويۇشقان. ئۇ تاكى ھەبەشىستانغا قىلىنغان بىرىنچى ھىجرەت ئەسناسىدا چىقىپ ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلغانغا قەدەر قاماقتا قالغان. ئاندىن ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار قايتىپ كەلگەندە ئۇمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قايتقان. بىرىنچى ئەقەبە بەيئەتىدە (نۇبۇۋۋەتنىڭ 11 - يىلى) ھەج مەۋسۇمىدا يەسرىب خەلقىدىن مۇسۇلمان بولغان 12 كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن دىنى ئەھكاملارنى ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر مۇئەللىم تەلەپ قىلغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەسرىبكە مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇ ئىسلام ئەلچىسى بولۇپ يەسرىبتە دەۋەت پائالىيىتى ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا يەسرىبنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە بولۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان①.

### 4. ئەنەس ئىبنى مالىك

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتى بويىچە خىزمىتىنى بىر ياش قىلغان. ئۇ ياش ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك ئۆزىنىڭ بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە مۇيەسسەر بولۇش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

① ئەبۇ ئابدىللاھ مۇھەممەد ئىبنى سەئد ئىبنى مۇنىيئ، *تەبەقاتۇل كۇبرا*، تەھقىقلىغۇچى: ئېھسان ئاببباس (بېيرۇت: دارۇ سادىر، ھ 1387/ م 1968)، 3: 67...؛ مۇبارەكفۇرى، *رەھىقۇل مەختۇم*،129 ~ 132.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا مەن 10 ياشتا ئىدىم، ئانام ياغلىقىنىڭ يېرىمىنى ئىشتان، يېرىمىنى كۆڭلەك قىلىپ ماڭا كىيدۈردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ۋە مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەنەسچاق، خىزمەتلىرىڭنى قىلسۇن دەپ يانلىرىغا ئېلىپ كەلدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلسila. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! ئەنەسنىڭ مېلىنى ۋە بالىسىنى كۆپ قىلغىن!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ 10 يىل خىزمىتىنى قىلدىم، ئۇ ۋاپات بولغاندا 20 ياشتا ئىدىم[①].

### 5. ئۇسامە ئىبنى زەيد

ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازات قىلىۋەتكەن قۇلى ۋە بېقىۋالغان بالىسى زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ئوغلى بولۇپ، جەڭگىۋارلىق، ياخشىلىققا ھېرىسمەنلىك، ئەسكىري قابىلىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆرنەكتۇر. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا يېشى كىچىك دەپ ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن يىغلىغان. خەندەك ۋە مۇتە ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. مۇتە ئۇرۇشى بولغاندا بۇ ئۇرۇشقا دادىسى زەيد بىلەن قاتنىشىپ، دادىسىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى كۆرگەن. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ئەسكىري قابىلىيىتىنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھىجرەتنىڭ 11 - يىلى ئۇ تېخى 17 ياش ۋاقتىدا، باشقىلارنىڭ ئېتىرازلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، قوشۇننىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەرگە ئوخشاش چوڭ ساھابىلەر تۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ئۇنى قوماندان قىلغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن يولغا چىقالمىغان بۇ قوشۇن ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا يولغا چىقىپ زور ئۇتۇقلار قازانغان[②].

دېمەككى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچلىرى ۋە ھالقىلىق پەيتلىرىدە، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى ۋە تارقىلىشىدا،

---

① بۇخارى، «نىكاھ»، 57، «ئەدەب»، 39، «ئىستىئزان»، 10؛ مۇسلىم، «فەزائىلىسساھابە»، 143؛ شەمسۇددىن ئەبۇ ئابدىللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان ئىبنى قايماز زەھەبىي، *سىيەرۇ ئەئلامىننۇبەلا*، تەھقىقلىگۈچى: شۇئەيب ئەرنائۇتنىڭ باشچىلىقىدىكى تەھقىقچىلار گۇرۇپپىسى (بېيرۇت: مۇئەسسەتۇر رىسالە، ھ 1405 / م 1985)، 3: 395.

② مەھمەت سالىھ ئارى، «ئۇسامە بىن زەيد»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2012)، 42: 361 ~ 363.

ئىلىم - مەرىپەتنىڭ يېيىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىدا ياشلارنىڭ رولى چوڭ بولغان. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي.

## §4. ياشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى

ياشلار يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئۈرنەك ياشلارنى ئۈلگە ئېلىپ، «يارامىلىق ياشلار» بولۇشى ۋە ئۆزلىرىنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ھايات، زىممىسىدە ئېغىر مەسئۇلىيەت، يولىدا ئېگىز داۋانلار بار. ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزىنى كەلگۈسىگە تەييارلىمىغان ياشلار ھاياتىنى مەنىسىز ئۆتكۈزىدۇ، مەسئۇلىيىتىنى زايە قىلىدۇ ۋە يولىدىكى تۇنجى داۋاندىن ئاشالمايدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ جازا ۋە ئازابىغا مەھكۇم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى لازىم:

### 1. ياخشى بولۇش

ياخشى بولۇش - ئېتىقادنى توغرىلاش، ئەمەلنى ياخشىلاش، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە مۇئامىلىنى تۈزىتىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنلىرىنى ئۆگىنىش، ئىلكىدىكى ھەر نەرسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى بىلىش، بىر كۈنى ئۇنىڭ ھېسابى ئېلىنىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىش، شۇنداقلا ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا ئىشلىتىشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يېتىش، ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىش، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاش قاتارلىقلار بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بولۇش ئۈچۈن بېكىتكەن ئۆلچىمى[1]، ھەزرىتى لۇقماننىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەر[2] ۋە يۇقىرىدىكى «ئۈرنەك ياشلار»نىڭ ھاياتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

---

① بۇ ئۆلچەم 2 - سۈرە بەقەرەنىڭ 177 - ئايىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

② قاراڭ: 31 - سۈرە لۇقمان، 13 ~ 19 - ئايەتلەر.

### 2. لاياقەتلىك بولۇش

ياخشى بولۇش يەتمەيدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان ئۆزى ياخشى بولۇش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىشقا بۇيرۇلغان①. بۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن قابىلىيەت، لاياقەت ۋە تالانت بولۇشى كېرەك. لاياقەتلىك بولۇش پىكىردە ئىلغار، ئىلىمدە ئۈستۈن، ھۈنەردە ئۇستا، تېخنىكىدا يۇقىرى، ئىقتىسادتا باي ۋە ئىشتا ئاكتىپ بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇلار ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، تىرىشىش، غەيرەت كۆرسىتىش ۋە ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلەش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ.

تۆۋەندە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ «ئوقۇغىن» دەپ باشلىنىشى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا 16 - سۈرە نەھلنىڭ 76 - ئايىتىدە لاياقەتلىك ئادەم بىلەن لاياقەتسىز ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ ۋە «لاياقەتلىك ئادەم»نى «ئىنسانلارنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇيدىغان ۋە توغرا يولدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان كىشى» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. دېمەككى، لاياقەت ئىنسانلارنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇغۇدەك ئىلىم، ئېرپان، قابىلىيەت ۋە سىياسىي كۈچتۇر.

### 3. پايدىلىق بولۇش

بىر ئادەم «ياخشى» ۋە «لاياقەتلىك» بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. بۇ، ئىلكىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىمكانلىرى بىلەن ئائىلىسىگە، مەھەللىسىگە، يۇرتىغا ۋە جامائەسىگە پايدا يەتكۈزۈش بىلەن، قۇربى يەتمىسە باشقىلارنى تەشۋىق قىلىش، قىلغانلارنى تەقدىرلەش ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلەش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

تارىختا ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھاياتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئىسلام باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن②، بەلكى بۇيرۇق قىلىدۇ①. شۇڭا ياشلارنىڭ بۇ

---

① قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 104 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 77 - ئايەت؛ 103 - سۈرە ئەسر، 3 - ئايەت.

② «كىمكى ئۆز قېرىندىشىغا يار - يۆلەك بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدۇ» (مۇسلىم، «زىكىر، دۇئا، تەۋبە ۋە ئىستىغفار»، 38؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 68؛ تىرمىزى، «ھۇدۇد»، 3،

ياردەملىشىش پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىپ باشقىلارغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

### 4. مەسئۇلىيەتچان بولۇش

بۇ ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئائىلىنى بېقىش ۋە قوغداش، تۇغقانلارغا سىيلە - رەھىم قىلىش، قولۇم - قوشنىلارغا، خىزمەتداشلارغا ۋە ھەمراھلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋەزىپىلىرىنىڭ[2] بارلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىق ۋە بۇنىڭغا بىنائەن ياشاشتىن ئىبارەتتۇر.

### 5. پىداكار بولۇش

بۇ ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇشتا، يامانلىقنى تۈگىتىشتە ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتا تەشۋىق ۋە تەبلىغ بىلەن كۇپايىلەنمەستىن، مەيدانغا چۈشۈپ ئىشقا بىۋاسىتە قول تىقىش، ئۆزىنى ۋە ئىمكانلىرىنى ئاتاش، شەخسىي مەنپەئەتنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە پىدا قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

---

«ئەبۇابۇل بىررى ۋەسسىلە»، 19، «ئەبۇابۇل قىرائات»، 10؛ ئىبنى ماجە، «ئىفتىتاھۇل كىتاب»، 17؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 12: 393، 13: 325، 16: 297، 394).

① «ياخشىلىقتا ۋە تەقۋالىقتا ياردەملىشىڭلار» (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 2 - ئايەت).

② 4 - سۈرە نىسا، 36 - ئايەت.

## IV ۋەتەن، مىللەت

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن تۆرەلدۈرۈپ يەر يۈزىگە تارقاتقان[①]. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەسەب، قۇدا - باجىلىق ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان[②]. ئۇلارنى ئۆزئارا تونۇشسۇن دەپ قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە ئايرىغان[③]. ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلسۇن دەپ ئۇلارنىڭ تىللىرىنى ۋە رەڭگىلىرىنى پەرقلىق قىلغان[④]. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن يەر يۈزىدە بىر قارارگاھ (ۋەتەن) ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكى (يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى نېمەتلەر) ئاتا قىلغان[⑤]. بۇلار ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە ئىجتىمائىي ھالدا ياشايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى ھەر ئىنساننىڭ تەبىئىي ھالدا بىر مىللىتى ۋە بىر يۇرتى (ۋەتىنى) بولىدۇ. شۇنىڭدەك، يەر يۈزىدىكى ھەر مىللەتنىڭ بىر خىل تىلى ۋە بىر تۈرلۈك بەدەن رەڭگى بولىدۇ. ھېچكىم ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ۋە ۋەتىنىنى تاللىيالمايدۇ، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئەيىبلەنمەيدۇ ياكى ماختالمايدۇ. چۈنكى ئەيىبلىنىش ئىختىيار بىلەن قىلىنغان يامانلىققا، ماختىلىش ئىختىيار بىلەن قىلىنغان ياخشىلىققا ئاساسەن بولىدۇ[⑥].

ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتكە يېقىنلىق ھېس قىلىش تەبىئىي تۇيغۇدۇر. ئەگەر بىر ئىنسان ۋەتەن ۋە مىللىتىدىن ئايرىلسا، ئەقلى ئۇلارنى ئويلاشتا، كۆڭلى ئۇلارنى سېغىنىشتا، كۆزلىرى ئۇلارغا تەلمۈرۈشتە، قۇلىقى ئۇلارنىڭ خەۋىرىدە بولىدۇ[⑦]. چۈنكى ۋەتىنى ئۇنىڭ چوڭ ئۆيى، مىللىتى ئۇنىڭ چوڭ ئائىلىسىدۇر. كىشى ئۆيىنى ۋە ئائىلىسىنى سۆيۈش بىلەن ئەيىبلەنمەيدۇ. لېكىن بۇ سۆيگۈ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈدىن كۈچلۈك بولماسلىقى كېرەك.

---

① قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت.

② قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 72 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 54 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 21 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 11 - ئايەت.

③ قاراڭ: 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت.

④ قاراڭ: 30 - سۈرە رۇم، 22 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 36 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 24 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 122 - ۋە 124 - ئايەتلەر؛ 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 46 - ئايەت؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 15 - ئايەت.

⑦ بۇنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇ، تەبىئىتى بۇزۇلمىغان ھەر ئىنسان بىلىدۇ.

مىللەتكە بولغان تەۋەلىك تۇيغۇسى ئىسلامغا بولغان تەۋەلىك تۇيغۇسىدىن ئۈستۈن بولماسلىقى لازىم[①].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەتىنىنى سۆيگەن، مىللىتىگە تەۋەلىك ئىپادىلىگەن[②]. ساھابىلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا بىر مىللەتكە ياكى بىر قەبىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھەبەشىي، رۇمىي، فارىسىي، غىفارى... دېگەندەك سۆزلەر قوشۇلغان، ئۇلار ۋەتەنلىرىنى سېغىنىپ شېئىرلار ئوقۇغان، لېكىن ئۇلار ئاللاھ رىزاسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتقان[③]. دېمەككى، ۋەتەننى سۆيۈش، سېغىنىش ۋە كۈيلەش، مىللەتكە تەۋەلىك ھېس قىلىش، يېقىنلىق كۆرسىتىش، ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشىلىق ئارزۇ قىلىش گۇناھ ئەمەس.

## §1. ۋەتەن

### 1. قۇرئاندا ۋەتەن

قۇرئان كەرىمدە ۋەتەن، ئۇيغۇرچىغا يۇرت دەپ تەرجىمە قىلىنىدىغان «دار»[④] ۋە ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «دىيار»[⑤] دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. دىن بىلەن يۇرت، جان بىلەن يۇرت، ئۆلتۈرۈش بىلەن سۈرگۈن قىلىش بىللە زىكىر قىلىنىدۇ. يۇرتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش «ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش» ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ

---

① تەۋبە سۈرىسىنىڭ 24 - ئايىتىدە ئاتىلار، ئوغۇللار، قېرىنداشلار، جۈپتىلەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار، ماللار، تىجارەت ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرگە بولغان سۆيگۈنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈدىن كۈچلۈك بولغىنى ئەيىبلەنگەن. ئۇ ئايەتتىكى ئەھەببە ئىلەيكۇم ﴿أَحَبَّ إِلَيْكُم﴾ بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ سېلىشتۇرما ئىسمىدۇر. ئەرەبچىدە سېلىشتۇرما ئىسىم (ئىسمى تەفدىل) مەۋجۇت ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنىڭ كۆپرەك ياكى كۈچلۈكرەك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

② قاراڭ: 25 - سۈرە فۇرقان، 30 - ئايەت.

③ قاراڭ: 8 - سۈرە ئەنفال، 72 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر، 8 - ئايەت.

④ قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 78 - ، 91 - ۋە 145 - ئايەتلەر؛ 11 - سۈرە ھۇد، 65 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 31 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 37 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 84 - ، 85 - ، 243 - ۋە 246 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 195 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 66 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 47 - ئايەت؛ 11 - سۈرە ھۇد، 67 - ۋە 94 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 5 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 40 - ئايەت؛ 33 - سۈرە ئەھزاب، 27 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر، 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر؛ 60 - سۈرە مۇمتەھىنە، 8 - ۋە 9 - ئايەتلەر.

ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا يۇرت (ۋەتەن)نىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَّا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ لَمْ يُقَٰتِلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ أَن تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوٓاْ إِلَيْهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ﴿٨﴾ إِنَّمَا يَنْهَىٰكُمُ ٱللَّهُ عَنِ ٱلَّذِينَ قَٰتَلُوكُمْ فِى ٱلدِّينِ وَأَخْرَجُوكُم مِّن دِيَٰرِكُمْ وَظَٰهَرُواْ عَلَىٰٓ إِخْرَاجِكُمْ أَن تَوَلَّوْهُمْ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُمْ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٩﴾﴾

«ئاللاھ سىلەرنى دىن توغرىسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن، ئۇلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن توسمايدۇ. ئاللاھ ئادىل بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى پەقەت دىن توغرىسىدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە چىقىرىشقا ياردەملەشكەن كىشىلەرنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ. كىم ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن زالىملاردۇر»①.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە دىن بىلەن يۇرتنى بىرلىكتە زىكىر قىلغان، بىر كىشىنى يۇرتىدىن (ۋەتىنىدىن) ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشنى، دىنى توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېچىش بىلەن تەڭ جىنايەت، شۇنداقلا دۈشمەن تۇتۇشنىڭ سەۋەبى ھېسابلىغان.

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلْمَلَإِ مِنۢ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مِنۢ بَعْدِ مُوسَىٰٓ إِذْ قَالُواْ لِنَبِىٍّ لَّهُمُ ٱبْعَثْ لَنَا مَلِكًا نُّقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِن كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِتَالُ أَلَّا تُقَٰتِلُواْ ۖ قَالُواْ وَمَا لَنَآ أَلَّا نُقَٰتِلَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِن دِيَٰرِنَا وَأَبْنَآئِنَا ۖ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقِتَالُ تَوَلَّوْاْ إِلَّا قَلِيلًا مِّنْهُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٤٦﴾﴾

«ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇسادىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغان كاتتىلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئۆز نەبىسىگە: ‹بىزگە پادىشاھ تىكلەپ

---

① 60 - سۈرە مۇمتەھىنە، 8 ~ 9 - ئايەتلەر.

بەرگىن، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلايلى!› دېگەن ئىدى. ئۇ نەبى ئۇلارغا: ‹سىلەرگە ئۇرۇش پەرز قىلىنسا، ئۇرۇش قىلمىساڭلارچۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹بىز ئاللاھ يولىدا نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمايلى؟ بىز يۇرتلىرىمىزدىن چىقىرىلغان، بالا - چاقىمىزدىن ئايرىۋېتىلگەن تۇرساق!› دېدى. لېكىن ئۇلارغا ئۇرۇش پەرز قىلىنغان ئىدى، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى يۈز ئۆرۈدى. ئاللاھ زالىملارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

بۇ ئايەت يۇرتنى ئىستىبلاچىلاردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ «ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش» ھېسابلىنىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا بۇ ئۇرۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئېنىق دالالەت قىلىدۇ.

﴿وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ ٱقْتُلُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ أَوِ ٱخْرُجُوا۟ مِن دِيَـٰرِكُم مَّا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِّنْهُمْ ۖ وَلَوْ أَنَّهُمْ فَعَلُوا۟ مَا يُوعَظُونَ بِهِۦ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَشَدَّ تَثْبِيتًا ﴿٦٦﴾﴾

«ئەگەر بىز ئۇلارغا: ‹ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار› دەپ يازغان بولساق، بۇنى ئۇلاردىن پەقەت ئازغىنە كىشى قىلاتتى. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتكە ئەمەل قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن خەيرلىك ۋە مۇستەھكەملىگۈچى بولاتتى»[2].

بۇ ئايەتتە جان بىلەن يۇرت، ئۆلتۈرۈش بىلەن سۈرگۈن قىلىش بىرلىكتە زىكىر قىلىنغان ۋە ئىنسانلارنىڭ جېنى بىلەن يۇرتىغا بولغان ئامراقلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن يۇرتلىرىدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە مۇسىبەت ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

﴿إِنَّمَا جَزَٰٓؤُا۟ ٱلَّذِينَ يُحَارِبُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَسْعَوْنَ فِى ٱلْأَرْضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوٓا۟ أَوْ يُصَلَّبُوٓا۟ أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلَـٰفٍ أَوْ يُنفَوْا۟ مِنَ ٱلْأَرْضِ ۚ ذَٰلِكَ لَهُمْ خِزْىٌ فِى ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَهُمْ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٣٣﴾﴾

---

[1] 2 - سۈرە بەقەرە، 246 - ئايەت.

[2] 4 - سۈرە نىسا، 66 - ئايەت.

«ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا قارشى ئۇرۇشىدىغان ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى قوللىرى ۋە پۇتلىرى چاپراس شەكىلدە كېسىلىشى ۋە ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا رەسۋاچىلىقتۇر. ئۇلارغا ئاخىرەتتە چوڭ ئازاب بار»[①].

بۇ ئايەتتە جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان ۋە ئەلنىڭ ئاسايىشلىقىغا دەخلى يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە بېرىلىدىغان جازالار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ جازالارنىڭ ئۆلتۈرۈش ياكى دارغا ئېسىش ياكى قول - پۇتلىرىنى چاپراس كېسىش ۋە ياكى سۈرگۈن قىلىش دەپ بەلگىلىنىشى بىر ئىنساننى ۋەتىنىدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ ئۇنى بىر شەكىلدە ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى قول - پۇتنى كېسىۋېتىشنىڭ قاتارىدا تۇرىدىغان جازا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قاراپ ھىجرەت قىلغان كېچىسى مەككىدە ئېگىز بىر جايغا چىقىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى زېمىنى، ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك زېمىن ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن. ئەگەر سېنىڭ ئاھالەڭ مېنى سەندىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا مەن چىقىپ كەتمەيتتىم»[②].

«سەن نېمىدېگەن گۈزەل شەھەر! مەن سېنى نېمانچە ياخشى كۆرىدىغاندىمەن! ئەگەر قەۋمىم مېنى سەندىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا مەن سەندىن باشقا يەردە ياشىمايتتىم»[③].

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يەرلىشىپ ئۇ يەرنى ئۆزىگە ۋەتەن قىلغاندىن كېيىن سەپەرگە چىقىپ مەدىنىگە قايتسا ۋە مەدىنىنىڭ

---

① 5 - سۈرە مائىدە، 33 - ئايەت.

② تىرمىزى، «مەناقىب»، 69؛ ئىبنى ماجە، «مەناسىك»، 103؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 31: 10؛ دارىمى، «سىيەر»، 67.

③ تىرمىزى، «مەناقىب»، 69.

تاغلىرنى كۆرسە: «ئەنە ئۇھۇد تېغى[1]، ئۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىز ئۇنى ياخشى كۆرىمىز» دەيتتى[2].

### 3. ساھابىلەرنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا ئەبۇ بەكرى ۋە بىلال قىزىتما (تەپ) كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ ھال سورىدىم. ئەبۇ بەكرى قىزىتمىسى تۇتقاندا مۇنداق دېگەن:

*«ئەھلىدىكى ھەر كىشى ئەتىگىنى خۇرسەندۇر،*

*بىراق ئۆلۈم كەشىنىڭ تاسمىسىدىن يېقىندۇر»*[3].

بىلال بولسا، قىزىتمىسى يانغاندا پەرياد قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن:

*«ئاھ، كاشكى شۇئاندا بىلگىلى بولغان بولسىمۇ!*

چىغلىق[4]، *كۇرمەكلىك*[5] *سايدا بىر كېچە قونارمەنمۇ،*

مەجەننە[6] سۇ بويلىرىغا بىر كۈن كېلەرمەنمۇ،

شامە، تەفىل[7] دېگەن تاغلارنى بىر كۆرەرمەنمۇ؟!»[8].

---

① ئۇھۇد - مەدىنە شەھىرىنى قورشاپ تۇرىدىغان تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

② بۇخارى، «زاكات»، 54، «مەغازى»، 24، «جىھاد ۋە سىيەر»، 70، «ئىئتىسام»، 16؛ مۇسلىم، «ھەج»، 462، 503، 503، «فەزائىل»، 11؛ تىرمىزى، «مەناقىب»، 68؛ ئىبنى ماجە، «مەناسىك»، 104؛ ئىمام مالىك، «جامىئ»، 3؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 14: 164.

③ «كُلُّ امْرِئٍ مُصَبَّحٌ فِي أَهْلِهِ، وَالْمَوْتُ أَدْنَى مِنْ شِرَاكِ نَعْلِهِ».

④ چىغ - مەككىنىڭ سايلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت بولۇپ، ئەرەبچىدە «ئىزخىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

⑤ كۇرمەك - مەككىنىڭ سايلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت بولۇپ، ھازىرقى زامان ئەرەبچىسىدە سۇمامە «ثُمامَة» دەپ ئاتىلىدۇ. بىلال رەزىيەللاھ ئەنھۇ بۇنى «جەلىل» دەپ ئىپادىلىگەن - قاراڭ: ئىبنى مەنزۇر، «ج ل ل»، 11: 116.

⑥ مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر جاي - قاراڭ: ئەبۇلفەزل ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى، *فەتھۇلبارى* (بېيرۇت، دارۇل مەئرىفە، ھ 1379)، 1: 186.

⑦ شامە بىلەن تەفىل مەككىدىكى ئىككى تاغنىڭ ئىسمى - قاراڭ: ئەسقەلانى، *فەتھۇلبارى*، 1: 141.

⑧ «أَلَا لَيْتَ شِعْرِي هَلْ أَبِيتَنَّ لَيْلَةً بِوَادٍ وَحَوْلِي إِذْخِرٌ وَجَلِيلُ؛ وَهَلْ أَرِدَنْ يَوْمًا مِيَاهَ مَجَنَّةٍ وَهَلْ يَبْدُوَنْ لِي شَامَةٌ وَطَفِيلُ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلسام، «ئى ئاللاھ! بىزگە مەدىنىنى بىز مەككىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرسەتكىن ياكى تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرسەتكىن» دېدى[①].

بۇ بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدۇر. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد» ۋە نەسەئىينىڭ «سۇنەنى كۇبرا» ئىسىملىك ئەسەرلىرىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن ئەينى ئۆيدە يېتىۋاتقان ئامىر ئىبنى فۇھەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ ئەھۋال سورىغانلىقى، ئۇنىڭمۇ بىر بېيىت بىلەن جاۋاب بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. رىۋايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمى مۇنداق: ئاندىن ئامىر ئىبنى فۇھەيرەگە: قانداق ئەھۋالىڭىز؟ دېسەم، مۇنداق دېدى:

*«ھەقىقەتەن ئۆلۈمنى ھېس قىلدىم مەن ئۆلمەستىن،*

*قورقۇنچاقنىڭ ئۆلۈمى بولىدۇ ئۆز ئۈستىدىن»*[②].

بۇ ساھابىلەرنىڭ تەپ كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىۋېتىپ يۇقىرىدىكى بېيىتلارنى ئوقۇشى، ئۇلارنىڭ مەدىنىدە تۇرۇپ ئانا ۋەتىنى بولغان مەككىنى سېغىنغانلىقىنى ۋە مەككىدىكى ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى ئەسلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ خەۋىرىنى ئاڭلاپ يۇقىرىدىكى دۇئانى قىلمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك، ئەگەر ۋەتەننى سېغىنىش ۋە كۈيلەش، ۋەتەندىكى خاتىرىلىرىنى ئەسلەش خاتالىق بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان بولاتتى.

---

① بۇخارى، «فەزائىلۇل مەدىنە»، 11، «مەناقىبۇل ئەنسار»، 46، «مەردا»، 8، 22؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 41: 79؛ ئىمام مالىك، «جامىئ»، 14.

② «قَدْ رَأَيْتُ الْمَوْتَ قَبْلَ ذَوْقِهِ، إِنّ الْجَبَانَ حَتْفُهُ مِنْ فُوْقِهِ» - ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 419/40، 47/43، 154؛ نەسەئى، *سۇنەنى كۇبرا*، 4: 361.

## §2.مىللەت

### 1. قۇرئاندا مىللەت

قۇرئان كەرىمدە مىللەت قەۋم «قوم» كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ [①]. پەيغەمبەرلەر كۆپىنچە تەبلىغلىرىنى يا قەۋمى (ئى مىللىتىم!) دەپ باشلىغان [②]. فىرئەۋن خانىدانىدىن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن مەخپىي مۇئمىنمۇ قەۋمىگە ئىمانىنى ئاشكارىلىغان ۋە قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان چېغىدا سۆزىنى «ئى قەۋمىم!» دەپ باشلىغان[③]. بۇ ئۇلارنىڭ، قەۋملىرى بىلەن بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق ئارزۇ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى مىللەت چوڭ بىر ئائىلىدۇر، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىگە يېقىنلىق ھېس قىلىشى، كۆيۈنۈشى ۋە ياخشىلىق ئارزۇ قىلىشى تەبىئىيدۇر.

شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمدە ھۇد، سالىھ، نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئىمان كەلتۈرمىگەن قەۋملىرىگە قىلغان دەۋەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەتلەردە «ئۇلارغا قېرىندىشى مۇنداق دېگەن ئىدى...» دەيدۇ[④]. ئۇ قەۋملەر ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن تۇرۇقلۇق

---

① قۇرئان كەرىمدە قەۋم «قوم» كەلىمىسى 300 قېتىمدىن كۆپ ئۆتىدۇ ۋە ھەممىسى «مىللەت» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

② ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ھۇد ئەلەيھىسسالام (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 65 - ۋە 67 - ئايەتلەر؛ 11 - سۈرە ھۇد، 50 - ۋە 52 - ئايەتلەر). سالىھ ئەلەيھىسسالام (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 73 - ۋە 79 - ئايەتلەر؛ 11 - سۈرە ھۇد، 61 - ۋە 64 - ئايەتلەر؛ 27 - سۈرە نەمل، 46 - ئايەت). نۇھ ئەلەيھىسسالام (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 59 - ۋە 61 - ئايەتلەر؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 71 - ئايەت؛ 11 - سۈرە ھۇد، 28 - ۋە 30 - ئايەتلەر؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 23 - ئايەت؛ 71 - سۈرە نۇھ، 2 - ئايەت). ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 78 - ئايەت). لۇت ئەلەيھىسسالام (11 - سۈرە ھۇد، 78 - ئايەت؛ 71 - سۈرە نۇھ، 2 - ئايەت). شۇئەيب ئەلەيھىسسالام (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 85 - ۋە 93 - ئايەتلەر؛ 11 - سۈرە ھۇد، 84 - 85 - ، 88 - ، 89 - ، 92 - ۋە 93 - ئايەتلەر؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 36 - ئايەت). مۇسا ئەلەيھىسسالام (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 54 - ئايەت؛ 6 - سۈرە مائىدە، 20 - ۋە 21 - ئايەتلەر؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 84 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 86 - ئايەت؛ 61 - سۈرە سەف، 5 - ئايەت). ھارۇن ئەلەيھىسسالام (20 - سۈرە تاھا، 90 - ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (6 - سۈرە ئەنئام، 135 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 39 - ئايەت).

③ قاراڭ: 40 - سۈرە غافىر، 29 ~ 40 - ئايەتلەر.

④ قاراڭ: 26 - سۈرە شۇئەرا، 106 - ، 124 - ، 142 - ۋە 161 - ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ پەيغەمبەرلەرنى «ئۇلارنىڭ قېرىندىشى» دېيىشى، «قېرىنداشلىق» ئاتالغۇسى مىللىي قېرىنداشلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**مىللەتنى سۆيۈش**

مىللەتنى سۆيۈشمۇ خۇددى ۋەتەننى سۆيۈشكە ئوخشاش تەبىئىي تۇيغۇدۇر. مىللىتىگە ياخشىلىق ئارزۇ قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە ياخشىلىق قىلىش مىللىتىنى سۆيگەنلىك بولۇپ ئىسلام بۇنى قوللايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَجَآءَ مِنْ أَقْصَا ٱلْمَدِينَةِ رَجُلٌ يَسْعَىٰ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱتَّبِعُوا۟ ٱلْمُرْسَلِينَ ٢٠
ٱتَّبِعُوا۟ مَن لَّا يَسْـَٔلُكُمْ أَجْرًا وَهُم مُّهْتَدُونَ ٢١ وَمَا لِىَ لَآ أَعْبُدُ ٱلَّذِى فَطَرَنِى
وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ٢٢ ءَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً إِن يُرِدْنِ ٱلرَّحْمَٰنُ بِضُرٍّ لَّا تُغْنِ
عَنِّى شَفَٰعَتُهُمْ شَيْـًٔا وَلَا يُنقِذُونِ ٢٣ إِنِّىٓ إِذًا لَّفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ٢٤ إِنِّىٓ ءَامَنتُ
بِرَبِّكُمْ فَٱسْمَعُونِ ٢٥ قِيلَ ٱدْخُلِ ٱلْجَنَّةَ ۖ قَالَ يَٰلَيْتَ قَوْمِى يَعْلَمُونَ ٢٦ بِمَا
غَفَرَ لِى رَبِّى وَجَعَلَنِى مِنَ ٱلْمُكْرَمِينَ ٢٧﴾

«شەھەرنىڭ ئەڭ يىراق تەرىپىدىن بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! ئەلچىلەرگە ئەگىشىڭلار. سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلارغا ئەگىشىڭلار. ئۇلار توغرا يولدىدۇر. مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان زاتقا ئىبادەت قىلمايمەن! سىلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قايتۇرۇلىسىلەر. مەن ئۇنى قويۇپ باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنامدىم؟ ئەگەر رەھمان ماڭا بىرەر زىيان يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا ئۇلارنىڭ شاپائىتى ماڭا قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۆزلىرىمۇ مېنى قۇتقۇزالمايدۇ. مەن ئۇ تەقدىردە ئوچۇق ئازغۇنلۇققا چۆمگەن بولىمەن. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارغا ئىشەندىم. ماڭا قۇلاق سېلىڭلار. ‹جەننەتكە كىرگىن› دېيىلدى[1]. ئۇ كىشى مۇنداق دېدى:

① ئۇ كىشى ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا: «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى.

كاشكى قەۋمىم رەببىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتكە ئېرىشكۈچىلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى!»[①].

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى پەلەستىندە تۇرۇپ ئانتاكىيەگە[②] ئىككى ئەلچى ئەۋەتكەن، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر ئەلچى ئەۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەر توپلام ئۈچ كىشى بولغان. ئۇلار ئانتاكىيەگە كىرىپ دەۋەت قىلغاندا ئاھالە ئۇلارغا قارشى چىققان. شەھەرنىڭ سىرتىدا مەزكۇر ئەلچىلەرنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ ئىمان كەلتۈرگەن ھېلىقى كىشى مىللىتىنىڭ دەۋەتكە قارشى چىققانلىقىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلگەن ۋە مىللىتىگە يۇقىرىدىكى نەسىھەتنى قىلغان. مىللىتى ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئاندىن ئۇ كىشىگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ‹جەننەتكە كىرگىن› دېيىلگەن. ئۇ كىشى بۇ ئەسنادا ئۆزىنىڭ قاتىللىرى بولغان مىللىتىگە جەننەت ئارزۇ قىلغان.

### 3. مىللەتنى يېتەكلەش

مىللەتنى ھەرقانداق ئەھۋالدا نىجاتلىق يولىغا يېتەكلەش پەرزدۇر. يەنى مىللىتىدىن مەيلى ۋاپا كۆرسۇن مەيلى جاپا كۆرسۇن ھېچ پەرۋا قىلماستىن ئۇلارغا دۇنيادا خارلىق ۋە زەبۇنلۇقتىن، ئاخىرەتتە غەزەپ ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى كۆرسىتىش، سەۋەبلىرىنى ئۆگىتىش ۋە شەرتلىرىنى چۈشەندۈرۈش، ئۇ يوللاردا مېڭىشتا، ئۇ سەۋەبلەرنى قىلىشتا ۋە ئورۇنداشتا ئۈلگە بولۇش كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن پەيغەمبەرلەر مۇشۇنداق قىلغان[③]. كۈنىمىزدە بۇ ۋەزىپە مىللەتنىڭ ئىچىدىن چىققان ئۆلىما، زىيالىي ۋە سىياسىيون... لارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنمەكتە. ئۆلىمالار توغرا ئەقىدە ۋە سالىھ ئەمەلگە (كېرەكلىك ئىشقا)، زىيالىيلار ئىلىم - مەرىپەت ۋە توغرا پىكىرگە، سىياسىيونلار ئىتتىپاقلىق ۋە توغرا يۆنىلىشكە مىللەتنى يېتەكلىگەن، شۇنداقلا ئۆزلىرى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان چاغدىلا

---

① 36 - سۈرە ياسىن، 20 ~ 27 - ئايەت.

② تۈركىيەنىڭ ھاتاي ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيەسى.

③ قۇرئان كەرىمدە ئىسمى ئۆتكەن 25 پەيغەمبەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى قىسسەسى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

دىنى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان[1]، مىللىي بۇرچىنى ئۆتىگەن[2] ۋە ئىنسانىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان[3] بولىدۇ.

### 4. مىللەتنى قۇتقۇزۇش

ئەگەر بىر مىللەت مۇستەملىكە ئاستىدا قالغان ياكى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئىچىدىن چىققان يېتەكچىلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنى قۇللۇق ۋە ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيىتى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا زومىگەر پىرئەۋننىڭ زۇلۇمى ئاستىدا قالغان بەنى ئىسرائىلنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللىغان مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار قۇتقۇزغان. ئەلچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى تەبلىغدۇر[4]. زالىمنى زۇلۇمدىن مەنئى قىلىش ۋە مەزلۇمنى قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىشمۇ تەبلىغ قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق:

﴿ثُمَّ بَعَثْنَا مِنۢ بَعْدِهِم مُّوسَىٰ بِآيَاتِنَآ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَظَلَمُواْ بِهَاۖ
فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿١٠٣﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰفِرْعَوْنُ إِنِّى رَسُولٌ مِّن رَّبِّ
ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾ حَقِيقٌ عَلَىٰٓ أَن لَّآ أَقُولَ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْحَقَّۚ قَدْ جِئْتُكُم بِبَيِّنَةٍ مِّن
رَّبِّكُمْ فَأَرْسِلْ مَعِىَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿١٠٥﴾﴾

---

① قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 104 - ، 110 - ۋە 114 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 71 - ۋە 112 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 41 - ئايەت.

② بىر مىللەتكە مەنسۇپ بولۇش ئۇ مىللەتنىڭ ھەر ئەزاسى بىلەن تۇغقان بولغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت).

③ ئاللاھ تائالا جانلىقلارنىڭ ئىچىدە بىرى باشلىق بولۇپ باشقۇرىدىغان، قالغانلىرى ئۇنىڭ تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، باشلىق يېتەكلەيدىغان، قالغانلار بويسۇنىدىغان بىر سىستېما بىكىتكەن. بۇنى قۇرئان كەرىمدە بىر چىشى چۈمۈلىنىڭ (چىشى پادىشاھ چۈمۈلىنىڭ) باشقا چۈمۈلىلەرنى خەتەرگە قارشى ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بىلدۈرگەن (قاراڭ: 27 - سۈرە نەمل، 18 - ئايەت). ئىنسان جانلىقلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىكىدۇر (قاراڭ: 96 - سۈرە تىن، 4 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 70 - ئايەت). شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە يېتەكلەش پائالىيىتىنىڭ ئىنسان بولغانلىقىقا يارىشا بولۇشى كېرەك.

④ قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 35 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 20 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 92 - ۋە 99 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 40 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 82 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 18 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 48 - ئايەت؛ 64 - سۈرە تەغابۇن، 12 - ئايەت.

«بىز ئۇلاردىن كېيىن مۇسانى فىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە ئايەتلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. لېكىن ئۇلار ئۇ ئايەتلىرىمىزگە زۇلۇم قىلدى. قارىغىنا، ئۇ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ مۇسا ئېيتتى: ئى فىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن. ئاللاھ نامىدىن پەقەت ھەقنىلا سۆزلىشىم كېرەك. شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە رەببىڭلاردىن روشەن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن كەتكىلى قويغىن»①.

﴿ٱذْهَبْ أَنتَ وَأَخُوكَ بِـَٔايَٰتِى وَلَا تَنِيَا فِى ذِكْرِى ﴿٤٢﴾ ٱذْهَبَآ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٤٣﴾ فَقُولَا لَهُۥ قَوْلًا لَّيِّنًا لَّعَلَّهُۥ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَىٰ ﴿٤٤﴾ قَالَا رَبَّنَآ إِنَّنَا نَخَافُ أَن يَفْرُطَ عَلَيْنَآ أَوْ أَن يَطْغَىٰ ﴿٤٥﴾ قَالَ لَا تَخَافَآ إِنَّنِى مَعَكُمَآ أَسْمَعُ وَأَرَىٰ ﴿٤٦﴾ فَأْتِيَاهُ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولَا رَبِّكَ فَأَرْسِلْ مَعَنَا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَلَا تُعَذِّبْهُمْ قَدْ جِئْنَٰكَ بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكَ وَٱلسَّلَٰمُ عَلَىٰ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلْهُدَىٰٓ ﴿٤٧﴾ إِنَّا قَدْ أُوحِىَ إِلَيْنَآ أَنَّ ٱلْعَذَابَ عَلَىٰ مَن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٤٨﴾﴾

«سەن ۋە قېرىندىشىڭ مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنى زىكىر قىلىشتا بوشاڭلىق قىلماڭلار. ئىككىڭلار بىرلىكتە فىرئەۋنىڭ يېنىغا بېرىڭلار. چۈنكى ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، نەسىھەت ئېلىشى ياكى ئەيمىنىشى مۇمكىن. مۇسا بىلەن ھارۇن: ‹رەببىمىز! ئۇنىڭ، دەۋىتىمىزنى ئاڭلىمايلا بىزگە يامانلىق قىلىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىدىن قورقىمىز› دېدى. ئاللاھ مۇنداق دېدى: ‹قورقماڭلار، مەن سىلەر بىلەن بىللە. ئاڭلاپ تۇرىمەن، كۆرۈپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇنداق دەڭلار: ‹بىز ئىككىمىز رەببىڭنىڭ ئەلچىلىرى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز بىلەن كەتكىلى قويغىن، ئۇلارنى ئازابلىمىغىن. بىز ساڭا رەببىڭدىن ئايەت ئېلىپ كەلدۇق. ھىدايەتكە

---

① 7 - سۈرە ئەئراف، 103 ~ 105 - ئايەتلەر.

ئەگەشكەن كىشىگە سالام. بىزگە، راستىنى يالغان دەپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ۋەھىي قىلىندى»①.

﴿قَالَ كَلَّا ۖ فَٱذْهَبَا بِـَٔايَـٰتِنَآ ۖ إِنَّا مَعَكُم مُّسْتَمِعُونَ ﴿١٥﴾ فَأْتِيَا فِرْعَوْنَ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولُ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿١٦﴾ أَنْ أَرْسِلْ مَعَنَا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿١٧﴾﴾

«ئاللاھ مۇنداق دېدى: ھەرگىز قورقمىغىن! ئىككىڭلار ئايەتلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، ئاڭلاپ تۇرىمىز. فىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ مۇنداق دەڭلار: بىز ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ئەلچىسىدۇرمىز. ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز بىلەن بىللە كەتكىلى قويغىن»②.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەككە خەلقىدىن تاللاپ ئۇنى قىيامەتكە قەدەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن③. لېكىن ئۇنىڭ تەبلىغى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە ئالدى بىلەن ئۆز يېقىنلىرىغا ۋە ئۆز مىللىتىگە بولغان④. ئۇ قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئەلچى تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ «ئەرەبچە قۇرئان» بولۇشىمۇ بۇنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ⑤. ئۇ مەدىنىدە ئۆزىنى ۋە تەرەپدارلىرىنى ئاسارەتتىن، ۋەتىنىنى ئىستىبلادىن ساقلاش ئۈچۈن مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلغان⑥. ھەر پۇرسەتتە ئانا ۋەتىنى بولغان مەككىنى پەتھە قىلىپ، ئۇ يەردىكى مىللىتىنىڭ زالىملىرىنى زۇلۇمدىن توسۇش، مەزلۇملىرىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش

① 20 - سۈرە تاھا، 42 ~ 48 - ئايەتلەر.

② 26 - سۈرە شۇئەرا، 15 ~ 17 - ئايەتلەر.

③ «بىز سېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق» (21 - سۈرە ئەنبىيا، 107 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 6 - سۈرە ئەنئام، 19 - ، 90 - ۋە 92 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 158 - ئايەت، 12 - سۈرە يۇسۇف، 104 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 1 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 28 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 87 - ئايەت؛ 62 - سۈرە جۇمۇئە، 2 - ئايەت؛ 68 - سۈرە قەلەم، 52 - ئايەت؛ 81 - سۈرە تەكۋىر، 27 - ئايەت.

④ قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 19 - ۋە 92 - ئايەتلەر؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 214 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 7 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 12 - سۈرە يۇسۇف، 1 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 37 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 103 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 113 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 195 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 28 - ئايەت؛ 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 3 - ۋە 44 - ئايەتلەر؛ 42 - سۈرە شۇرا، 7 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 3 - ئايەت؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 12 - ئايەت.

⑥ ئۆز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە قىلغان پۈتۈن ئۇرۇشلار بۇنى كۆرسىتىدۇ.

قىلغان[1] . ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مۇئمىنلارغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا لَكُمْ لَا تُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْ هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهْلُهَا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا ﴿٧٥﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! سىلەرگە نېمە بولدىكىن، ئاللاھنىڭ يولىدا ۋە ‹رەببىمىز! بىزنى بۇ ئاھالىسى زالىم يۇرتتىن چىقارغىن، بىزگە ئۆز تەرىپىڭدىن ۋەلىي ئاتا قىلغىن ۋە بىزگە ئۆز تەرىپىڭدىن ياردەمچى ئاتا قىلغىن› دەپ دۇئا قىلىۋاتقان چارىسىز ئەر، ئايال ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۇرۇشمايۋاتىسىلەر؟»[2].

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَٰتِلُوا۟ ٱلَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ ٱلْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا۟ فِيكُمْ غِلْظَةً ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٢٣﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن بولغان كافىرلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئۇلار سىلەردە قوپاللىق ھېس قىلسۇن. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر»[3].

### 5. ئانا تىلنى ساقلاش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَٰكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَٰكُمْ شُعُوبًا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓا۟ ۚ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ ٱللَّهِ أَتْقَىٰكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴿١٣﴾﴾

«ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى بىر ئەر ۋە بىر ئايالدىن ياراتتۇق، سىلەرنى ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن مىللەتلەرگە ۋە قەبىلىلەرگە

---

[1] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنىڭ فەتھى ھەرىكىتى ۋە ئالدى - كەينىدە يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

[2] 4 - سۈرە نىسا، 75 - ئايەت.

[3] 9 - سۈرە تەۋبە، 123 - ئايەت.

ئايرىدۇق. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ ھۆرمەتلىكىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر. ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، خەۋەرداردۇر»①.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە ئايرىشى، ھەر مىللەتنىڭ تىلىنى ۋە رەڭگىنى پەرقلىق يارىتىش بىلەن بولغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَمِنْ ءَايَٰتِهِۦ خَلْقُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱخْتِلَٰفُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَٰنِكُمْ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّلْعَٰلِمِينَ ﴿٢٢﴾﴾

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى، تىللىرىڭلارنىڭ ۋە رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىمۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىندۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئايەتلەر بار»②.

بۇ پەرقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن بىرى بولۇشى ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىنى ساقلىشىنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى تىل ساقلانمىسا ئۇ پەرق يوقاپ كېتىدۇ، پەرق يوقاپ كەتسە ئۇ ئايەت ساقلانمىغان بولىدۇ. ھەر مىللەتنىڭ رەڭگى تەبىئىي شەكىلدە ساقلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تىلى، ئۆزى دىققەت قىلمىسا ئەسلى ھالىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

مىللىي تىلنى ساقلاش ئۇ تىلدا سۆزلەش، يېزىش، ئوقۇش ۋە ئاڭلاش قاتارلىق قابىلىيەتلەرنى ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇلار چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش شەكىللىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ و ٱلْأَفْـِٔدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٧٨﴾﴾

«ئاللاھ سىلەرنى ئانىلىرىڭلارنىڭ قورساقلىرىدىن چىقاردى، سىلەر ئۇ چاغدا ھېچ نەرسە بىلمەيتتىڭلار. سىلەر ئۈچۈن ئاڭلاش قابىلىيىتىنى، كۆرۈش قابىلىيەتلىرىنى ۋە دىللارنى بار قىلدى. شۈكۈر قىلغايسىلەر!»③.

① 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت.
② 30 - سۈرە رۇم، 22 - ئايەت.
③ 16 - سۈرە نەھل، 78 - ئايەت.

﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ ۝١ عَلَّمَ ٱلۡقُرۡءَانَ ۝٢ خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ ۝٣ عَلَّمَهُ ٱلۡبَيَانَ ۝٤﴾

«رەھمان قۇرئاننى ئۆگەتتى، ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا بايانىنى ئۆگەتتى»[1].

﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوۡمِهِۦ لِيُبَيِّنَ لَهُمۡۖ فَيُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ۝٤﴾

«بىز ھەر ئەلچىنى ئۆز قەۋمىگە بايان قىلىشى ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەلچىلىكنى يەتكۈزىدىغان قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئاندىن ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئەزىزدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[2].

ئاللاھ تائالا بىرىنچى ئايەتتە ئىنساننىڭ تۇغۇلغان چېغىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى، ئىككىنچى ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىنسانغا بايانىنى ئۆگەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۈچىنچى ئايەتتە بولسا، ھەر مىللەتنىڭ بىر تىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇ مىللەتكە ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن دەۋەت قىلىدىغان ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى، بۇنى ئۇ ئەلچىنىڭ ئۇ مىللەتكە بايان قىلىشى (دەۋەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى) ئۈچۈن قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەككى، ھەر ئىنساننىڭ بىر مىللىي تىلى بار. ئۇ بۇ تىل بىلەن مەقسىتىنى ئوبدان چۈشەندۈرىدۇ ۋە مەقسەتنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. بۇ تىل ئۇنىڭ ئانىسىدىن ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ھالەتتە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ چۆرىسىدىكى كىشىلەردىن ئۆگەنگەن تىلىدۇر. تۇغۇلغان ھەر ئىنساننىڭ چۆرىسىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - ئايماقلىرى ۋە يۇرتداشلىرى يەنى ئۇنىڭ ئائىلىسى، قەبىلىسى ۋە مىللىتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بايانىنى (يەنى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشنى ۋە باشقىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىشنى) ئۆگىتىشى ئۇنىڭ تۇغۇلۇپلا ئۆگىنىشكە باشلىغان تىلى ئارقىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدە

---

[1] 55 - سۈرە رەھمان، 1 ~ 4 - ئايەتلەر.
[2] 14 - سۈرە ئىبراھىم، 4 - ئايەت.

ئۇ تىلنى ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مىللىتى ۋاستىسى بىلەن ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ ھاياتى بويىچە بۇ تىلنى ساقلىشى مۇھىمدۇر.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ خۇددى ئۇنىڭ تىلىغا ئوخشاش ئۇنىڭ زوقى، چۈشەنچىسى، پىكرى ۋە كۆزقارىشى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسلام تەلىماتلىرىغا خىلاپ كەلمەيدىغانلىرىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىسلام تەلىماتلىرىغا خىلاپ كېلىدىغانلىرى بولسا ئۇلارنى يوقىتىش كېرەك. مەسىلەن: ئاللاھتىن غەيرىگە قۇربانلىق قىلىش، باتىل دىنلارنىڭ سىمۋولى بولغان كىيىم - كېچەك پاسونلىرىدا كىيىنىش، ئۇلارغا خاس بولغان شەكىللەردە ياسىنىش، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى قىلىش ۋە قوللاش، كۇفرىنىڭ ۋە كافىرنىڭ سىمۋولىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى سېلىش قاتارلىقلارنى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تەرك ئېتىش لازىم[①].

باشقا مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ياخشى خىسلەتتۇر، لېكىن ئۆزىنىڭ تىلىنى ئۇنتۇش يامان ئىللەتتۇر. چۈنكى ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنۇتۇش ئاللاھ تائالا ياراتقان پەرقنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەنلىك ۋە ئاللاھ ئۆگەتكەن بايانىنى ئۇنتۇغانلىق بولىدۇ.

### 6. ئىرقچىلىق ۋە يۇرتۋازلىق

ئۆز ئىرقىنى باشقا ئىرقلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش، ئۆز ئىرقىنىڭ مەنپەئەتىنى باشقا ئىرقلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئۈستىگە قويۇش، باشقا ئىرقلارنى كەمسىتىش ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىق قىلىش قاتارلىقلار ئىرقچىلىق، ئۆز يۇرتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، باشقا يۇرتلۇقلارنى يەكلەش، ياقتۇرماسلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش قاتارلىقلار يۇرتۋازلىق بولۇپ، ئىسلام دىنى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

---

① ئەدىي ئىبنى ھاتەم مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. بويىنۇمدا ئالتۇندىن ئىشلەنگەن كرېست بار ئىدى. ئۇ: «ئى ئەدىي! ئۇ بۇتنى تاشلىۋەتكىن!» دېدى. ... (تىرمىزى، «تەفسىرۇل قۇرئان»، 10). ئەدىي خىرىستىيانلىقنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولغان بىر كىشى ئىدى. بويۇنغا كرېست بەلگىسى ئېسىش ئۇلارنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەتكە قارشى چىققان، چۈنكى ئۇ شېرىك ئېتىقادنى ئىپادىلەيتتى.

ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش باشقا، ئىرقچىلىق قىلىش باشقىدۇر. ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش باشقا، يۇرتۋازلىق باشقىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئىرقچىلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئەۋجىگە چىققان، قەبىلىۋازلىق ۋە مەھەللىۋازلىق كۈچەيگەن بىر دەۋرگە توغرا كەلگەن. ئۇ دەۋردە ئىنسانلارنىڭ يۈرەكلىرىدە قىساس ئوتى كۆيمەكتە، كۆزلىرىدە نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چېچىلماقتا، قوللىرىدا قېرىنداش قانلىرى تۆكۈلمەكتە ئىدى. ھەر قەبىلىنىڭ يازغۇچىلىرى قارشى قەبىلىنى سۆكۈپ يازاتتى، شائىرلىرى كەمسىتىپ ئوقۇيتتى. ھەر گۇرۇھنىڭ ناتىقلىرى قارشى گۇرۇھقا تەنە قىلىپ سۆزلەيتتى، ھەزىلكەشلىرى مەسخىرە قىلىپ چاقچاق قىلاتتى. قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىنتىقام ئۇرۇشلىرى ۋە قىساس كۈرەشلىرى داۋاملاشماقتا ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى بىلەن ئەنە شۇ نەتىجىلەرگە سەۋەبچى بولغان ئىرقچىلىق تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى ئىماني قېرىنداشلىق ئېتىقادى، يۇرتۋازلىق خاھىشىنىڭ ئورنىنى ئىسلامىي بىرلىك چۈشەنچىسى ئالغان. ئۇستۇنلۈكنىڭ ئاساسى تەقۋادارلىق بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئارىسىدا جىدەل - ماجىرا تۈگىمەيدىغان، بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىنسانلار، ئۆز ئارىسىدا سۆيگۈ - مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق ۋە ھەمكارلىق ھۆكۈم سۈرىدىغان قېرىنداشلارغا ئايلانغان[①]. چۈنكى ئىسلام ئۇلارغا ئىرق، رەڭ ۋە تىل قاتارلىقلارنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دەلىل ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئۈستۈنلۈك ئۆلچىمى بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[②].

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىرقچىلىق ۋە يۇرتۋازلىق تۈگىگەن، لېكىن قانداشلىق، تۇغقانلىق ۋە يۇرتداشلىققا ئوخشاش تەبىئىي ھاسىل بولىدىغان مۇناسىۋەتلەر ئەينەن داۋاملاشقان. شېرىكچىلىك، قۇدا - باجىلىق، ھەمكارلىق ۋە دوستلۇققا ئوخشاش ئىنسانلار ئۆزلىرى ئورنىتىدىغان ئالاقىلەرنىڭ توغرا بولغانلىرى ئەينەن داۋاملاشقان، خاتا يەرلىرى تۈزىتىلگەن. ئىسلام ئەنە شۇ مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىلەرگە دىنىي

---

① قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 102 ~ 103 - ئايەتلەر؛ 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 10 - ۋە 13 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 30 - سۈرە رۇم، 22 - ئايەت.

قېرىنداشلىقنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇش شەرتى بىلەن ھۆرمەت قىلغان[1].

## خۇلاسە

ھەر ئىنسان، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، ئۆز ۋەتىنىدە ياشاشنى خالايدۇ، مەجبۇر قالمىسا ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. جۈملىدىن مۇسۇلمان ئىنسانمۇ شۇنداق بولىدۇ: ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، ۋەتىنىدە ياشاشنى خالايدۇ، مەجبۇر قالمىسا ۋەتىنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. مەجبۇر قالغاندا ۋەتىنىدىن چىقىدۇ ۋە بۇ چىقىشنى ئۆزىگە ساۋاب قازاندۇرىدىغان بىر تۈرلۈك «ياخشى ئەمەل» دەپ ھېسابلايدۇ[2]. چۈنكى مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ[3]. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھاجىر ساھابىلەر ئانا ۋەتىنى مەككىنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق ئاللاھ رىزاسىنى ئەلا بىلگەن ۋە چىقىپ كەتكەن. مەدىنىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنمۇ مەككىنى ئۇنتالمىغان، لېكىن ئاللاھنىڭ رىزاسى مەدىنىدە ياشاشتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار مەدىنىدە ياشاۋەرگەن.

ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ دىنىغا بويسۇنۇپ ياشىيالمىغان ۋە دىنىغا بويسۇنۇپ ياشىغىلى بولىدىغان باشقا بىر يۇرت تاپالىغان ۋە كېتىشكە قادىر بولالىغانلار ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ شۇ يۇرتقا كېتىدۇ (ھىجرەت قىلىدۇ). ئۇنداق بىر يۇرت تاپالمىغان ياكى تاپقان تەقدىردىمۇ كېتىشكە قادىر بولالمىغانلار ئۆز ۋەتىنىدە قېلىۋېرىدۇ[4]. بۇلار مەجبۇر قالسا دىنىنى

---

① قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 24 - ئايەت.

② ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن لۇت ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن چىققان (قاراڭ: 21 - سۈرە ئەنبىيا، 68 ~ 71 - ئايەتلەر)، مۇسا ئەلەيھىسسالام قېچىپ چىققان (قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 20 ~ 21 - ئايەتلەر)؛ يەقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلى يۇسۇف بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن چىققان (قاراڭ: 12 - سۈرە يۇسۇف، 99 - ئايەت)؛ مۇھاجىرلار مەجبۇر قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنى بولغان مەككىدىن چىقىپ مەدىنىگە كەتكەن. ئۇلار بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن مەدھىيىلەنگەن (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 213 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 195 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 72 - ۋە 74 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 20 - ۋە 100 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 41 - ۋە 110 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 58 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر، 9 - ئايەت).

③ 9 - سۈرە تەۋبە سۈرىسىنىڭ 24 - ئايىتىدىكى ئەھەببە ئىلەيكۇم ﴿أَحَبَّ إِلَيْكُم﴾ بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئاللاھ سۆيگۈسى سېلىشتۇرما ئىسىم بىلەن ئىپادىلەنگەن.

④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 97 ~ 99 - ئايەتلەر.

يوشۇرىدۇ[1]. مۇسۇلمانلىقى بىلىنىپ قېلىپ ئىمان بىلەن ئۆلۈشنى ياكى كۇفۇر بىلەن ياشاشنى تاللاشقا مەجبۇر قىلىنغان مۇسۇلمانلار، ئىسلامنىڭ تۇنجى شېھىدى سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش ئىمان بىلەن ئۆلۈشنى تاللىسىمۇ بولىدۇ، كۇفۇر سۆزنى ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا ئېيتىپ قويۇپ ياشىيالىسا شۇنداق قىلىپ ياشاشنى تاللىسىمۇ بولىدۇ[2]. ۋەتىنىدىن چىقىرىلغانلار ياشاۋاتقان يەرلىرىدە ئۆز ئانا ۋەتەنلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىشلىرى پەرزدۇر. چۈنكى ئۆز ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇشۇش «ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇش» ھېسابلىنىدۇ[3].

مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئەقىدىسىگە بولغان سۆيگۈسى، ئۇنىڭ ئۆز ئائىلىسى، ئىرقى، مىللىتى، قەبىلىسى ۋە ۋەتىنى قاتارلىقلارغا بولغان سۆيگۈسىگە زىت كەلمەيدۇ. بۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن چىقىۋېتىپ قىلغان سۆزلىرى تەكىتلەيدۇ. يەنى مىللىتىنى سۆيۈش ئىرقچىلىق ئەمەس، ۋەتىنىنى سۆيۈش يۇرتۋازلىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «بىر كىشىنىڭ مىللىتىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئىرقچىلىققا كىرەمدۇ؟» دېگەن سوئالغا «ياق، ئىرقچىلىق كىشىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم قىلىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن[4].

بىر مىللەتكە تەۋە بولۇش ئارتۇقچىلىقمۇ ئەمەس كەمچىلىكمۇ ئەمەستۇر، چۈنكى بۇ يارىتىلىشتىن ھاسىل بولغان تەبىئىي ھالەتتۇر. بىر مىللەتكە تەۋەلىك ھېس قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈش گۇناھ ئەمەس، چۈنكى بۇ تەبىئىي تۇيغۇدۇر. مىللىي كىملىكنى قوغداش مۇھىمدۇر، چۈنكى بۇ ئاللاھ ياراتقان تەبىئىي ھالەتنى ساقلىغانلىقتۇر. مىللەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش پەرزدۇر، چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ

---

① فىرئەۋن خانىدانىنىڭ ئىچىدە ئىمانىنى يوشۇرۇپ ياشىغان مۇئمىن ئادەمگە ئوخشاش (قاراڭ: 40 - سۈرە غافىر، 28 - ئايەت) ۋە مەككە فەتھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى مەككىدە مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ئىمانىنى يوشۇرۇپ ياشىغان مۇئمىن - مۇئمىنەلەرگە ئوخشاش مەخپىي مۇسۇلمان بولۇپ ياشايدۇ (قاراڭ: 48 - سۈرە فەتھ، 25 - ئايەت).

② قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 106 - ئايەت.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 246 - ئايەت.

④ ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 7؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 28: 196.

ۋەزىپىسىدۇر. ئىرقچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم، چۈنكى بۇ ئىسلام قەتئىي چەكلىگەن يامان ئىللەتتۇر.

ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ ئىپادىسى ۋەتەننى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتۇر، قولدىن كەتكەن بولسا قۇتقۇزۇش ۋە قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولدىن كەلگەننى قىلىشتۇر. مىللەتنى سۆيۈشنىڭ ئىپادىسى مىللەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىششى ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىشتۇر.

# V هىجرەت ۋە جىهاد

## §1. ئومۇمى بايان

### 1. هىجرەت ۋە جىهادنىڭ مەنىسى

«هىجرەت» دېگەن سۆز «تەرك ئەتمەك، ئايرىلماق، مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك» دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغان «هەجر، هىجران» سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن ئىسىم بولۇپ، مەنىسى «كىشىنىڭ بىر نەرسىدىن بەدىنى بىلەن ياكى تىلى بىلەن ۋە ياكى قەلبى بىلەن ئايرىلىپ يىراقلىشىشى» دېگەن بولىدۇ. لېكىن بۇ سۆز (هىجرەت) «بىر يەرنى تەرك ئېتىپ باشقا بىر يەرگە كۆچمەك» دېگەن مەنىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۆز دىنى ئاتالغۇدا ئومۇمەن غەيرىي مۇسۇلمانلار دىيارىدىن مۇسۇلمانلار دىيارىغا كۆچۈپ بېرىشنى، خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋە مەككىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىشنى ئىپادىلەيدۇ[①].

«جىهاد» دېگەن سۆز «كۈچ سەرپ قىلماق، تىرىشماق، بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سالماق، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە غەيرەت قىلماق، قىيىنچىلىقلارغا قارشى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەك، بىر ئىشنى قىلىپ چارچىماق، مۇشەققەت چەكمەك، كۈچ، قابىلىيەت، ئىقتىدار» دېگەن مەنىلەردىكى «جەهد، جۇهد» سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، ئىسلامىي تېرمىنولوگىيىدە «ئىسلامىي ئەمرلەرنى ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا قارىتا ياشىماق ۋە باشقىلارغا ئۆگەتمەك، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسماق، ئىسلامنى تەبلىغ قىلماق، نەپسكە ۋە تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلماق، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى ۋە يۈكسىلىشى، قوغدىلىشى ۋە تارقىلىشى ئۈچۈن هەر تۈرلۈك تىرىشچانلىقنى كۆرسەتمەك، بۇ يولدا قىزىق ۋە سوغۇق ئۇرۇشقا كىرمەك» دېگەن شەكىلدىكى ئومۇمىي ۋە ئەتراپلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا جىهاد ئاللاھ ئاتا قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئىمكانلارنى ئاللاھ

---

① ئەهمەد ئۆنكال، «هىجرەت»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1998)، 17: 458؛ ئىبنى مەنزۇر، «هجر»، 5: 250؛ فىيرۇزئابادى، «هجر»، 495؛ جەۋهىرى، «هجر»، 2: 851؛ ئىبنى فارىس «هجر»، 6: 34.

يولىدا ئىشلەتمەك ۋە ئۇ يولدا پىدا قىلماقتۇر. جىهاد دېگەن سۆز فىقھە تېرمىنولوگىيىسىدە كۆپرەك «مۇسۇلمانىنىڭ غەيرىي مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇش قىلىشى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ①.

## 2. ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ أَعۡظَمُ دَرَجَةً عِندَ ٱللَّهِۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ ٢٠ يُبَشِّرُهُمۡ رَبُّهُم بِرَحۡمَةٖ مِّنۡهُ وَرِضۡوَٰنٖ وَجَنَّٰتٖ لَّهُمۡ فِيهَا نَعِيمٞ مُّقِيمٌ ٢١ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجۡرٌ عَظِيمٞ ٢٢﴾

«ئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان، ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغانلارنىڭ، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى دەرىجىلىرى بەك كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار چوقۇم نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى كىشىلەردۇر. رەببى ئۇلارغا ئۆز رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلارغا ئۇ جەننەتلەردە مۇقىم نېمەتلەر بار. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا كاتتا ئەجىر بار»②.

## 3. ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ سەۋەبى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

① راغىب ئىسفەھانى، «جهد»، 208؛ ئەھمەد ئىبنى فارىس، «جهد»، 1: 486؛ فيروز ئابادىي، «جهد»، 275؛ جەۋھەرى، «جهد»، 2: 460؛ ئىبنى مەنزۇر، «جهد»، 3: 133؛ ئەھمەد ئۆزەل، «جىھاد»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1993)، 7: 527 ~ 531؛ ھەيئەت، «جىھاد»، *شامىل ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: شامىل يايىن ئەۋى، 2000)، 1: 394 ~ 398.

② 9 - سۈرە تەۋبە، 20 ~ 22 - ئايەتلەر. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 195 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 100 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 72 - ، 74 - ۋە 75 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 41 - ۋە 110 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 58 - ۋە 59 - ئايەتلەر؛ 59 - سۈرە ھەشر، 8 - ئايەت.

﴿هَلْ أَتَىٰ عَلَى ٱلْإِنسَٰنِ حِينٌ مِّنَ ٱلدَّهْرِ لَمْ يَكُن شَيْـًٔا مَّذْكُورًا ۝١ إِنَّا خَلَقْنَا ٱلْإِنسَٰنَ مِن نُّطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَّبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَٰهُ سَمِيعًۢا بَصِيرًا ۝٢ إِنَّا هَدَيْنَٰهُ ٱلسَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا ۝٣﴾

«ئىنساننىڭ ئۈستىدىن شۇنداق مۇددەت ئۆتتىكى، ئۇ چاغدا ئۇ زىكىر قىلىنغۇچى نەرسە ئەمەس ئىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىز ئىنساننى ئۆرۈقلانغان ئارىلاشما تۇخۇمدىن ياراتتۇق. ئۇنى سىنايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، بىز ئۇنىڭغا يولنى كۆرسەتتۇق. ئۇ يا شۈكۈر قىلغۇچى يا تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ»[1].

ئەسلىدە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى، پەقەتلا ئاللاھ تائالا بار ئىدى[2]. ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان زاماندا ئۆزى خالىغان شەكىللەردە كائىناتنى ۋە كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقات ۋە پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ياراتتى[3]، ئاندىن تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ياراتتى، ئاندىن ئۇ ئىككى ئىنساندىن باشقا ئىنسانلارنى تۆرەلدۈرۈپ يەر يۈزىگە تارقاتتى[4].

ئاللاھ تائالا ئىنساننى سىنايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى قىلدى[5]، ئۇنىڭغا كىتاب نازىل قىلىش ۋە ئەلچى ئەۋەتىش

① 76 - سۈرە ئىنسان، 1 ~ 3 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 57 - سۈرە ھەدىد، 3 - ئايەت.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 229 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 1 - ، 101 - ۋە 102 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 54 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 16 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 45 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 33 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 62 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 62 - ئايەت.

④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت.

⑤ بۇ يەردىكى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ھايۋانلارنىڭ ئاڭلىشى ۋە كۆرۈشىدىن پەرقلىقتۇر. ھايۋانلارمۇ ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، لېكىن ئاڭلىغىنىنى ۋە كۆرگىنىنى تەھلىل قىلىپ يەكۈن چىقىرالمايدۇ. ئىنسانغا روھنىڭ پۈۋلىنىشى بىلەن ھاسىل بولغان بۇ ئالاھىدىلىك ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن نەرسىلەرنى تەھلىل قىلىش، چۈشىنىش ۋە ئۇلار ھەققىدە يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىك ئۆگىنىشنىڭ قورالىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئىنسانىيەتكە ئەسلىتىلگەن سەمئ، ئەبسار ۋە ئەفئىدە ﴿السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ﴾ ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكنى بايان قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر: 16 - سۈرە نەھل، 78 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 36 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 78 - ئايەت؛ 32 - سۈرە سەجدە، 9 - ئايەت؛ 67 - سۈرە مۈلك، 23 - ئايەت.

ئارقىلىق ياخشى - يامان يولنى كۆرسەتتى[1]، شۇنداقلا ياخشىنى ياكى يامانىنى تاللاشتا تولۇق ئىختىيار بەردى[2]. ئۇ بۇ ئىختىيارى بىلەن يا ياخشىنى تاللاپ شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ ياكى يامانىنى تاللاپ تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن خالىغان ئىنسان ئىمان ئېيتىدۇ، خالىغان ئىنسان كافىر بولىدۇ. خالىغان ئىنسان نەپسى بىلەن شەيتانغا ئەگىشىپ يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، خالىغان ئىنسان ئەقلى بىلەن پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ[3].

نەتىجىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىككى تۈرلۈك ئىنسان بولىدۇ: بىرى ئەقلىنى ئىشلەتكەن ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن شۈكۈر قىلغۇچى ئىنسانلار، يەنە بىرى نەپسىگە بېرىلگەن ۋە شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەن تۇزكورلۇق قىلغۇچى ئىنسانلار. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى شۈكۈر قىلغۇچى تەرەپ ياخشىلىق قىلىدۇ، ياخشىلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدۇ[4]. تۇزكورلۇق قىلغۇچى تەرەپ يامانلىق قىلىدۇ، يامانلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە يامانلىققا دەۋەت قىلىدۇ[5].

بۇ كۈرەش بەزىدە تۇزكورلۇق قىلغۇچى تەرەپنىڭ شۈكۈر قىلغۇچى تەرەپكە ئۇرۇش ئېچىشى، شۈكۈر قىلغۇچى تەرەپنىڭ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى (قىتال) شەكلىدە بولىدۇ[6]، بەزىدە تۇزكورلۇق قىلغۇچى تەرەپ ياشاش ئىمكانىيىتى بەرمىگەنلىك سەۋەبىدىن شۈكۈر قىلغۇچى تەرەپنىڭ

---

① قاراڭ: 90 - سۈرە بەلەد، 10 - ئايەت.

② قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 29 - ئايەت.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 256 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 29 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 3 - ۋە 4 - ئايەتلەر.

④ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 177 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 104 - ، 110 - ۋە 114 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 71 - ۋە 112 - ئايەتلەر؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 63 - ۋە 74 - ئايەتلەر؛ 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 15 - ئايەت؛

⑤ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 6 - ، 16 - ۋە 205 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 18 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 67 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 190 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 76 - ئايەت.

ۋەتىنىنى تاشلاپ باشقا بىر يەرگە كۆچۈپ كېتىشى (ھىجرەت) شەكلىدە بولىدۇ[1].

تۇزكورلۇق قىلغۇچى تەرەپنىڭ شۇكۇر قىلغۇچى تەرەپكە ئۇرۇش ئېچىشى، ئۇلارنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشى پەقەت ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈنلا بولغاچقا ئاللاھ تائالا شۇكۇر قىلغۇچى تەرەپكە تاجاۋۇزچى كافىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن[2]، ھەتتا ئەمر قىلغان[3]، ھىجرەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان، شۇنداقلا بۇ ئۇرۇشنى ۋە بۇ ھىجرەتنى ئىبادەت ھېسابلىغان، قىلغۇچىلارغا كاتتا ساۋاب ۋەدە قىلغان[4].

يىغىپ ئېيتقاندا، ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ سەۋەبى ھەق بىلەن باتىلنىڭ بىر - بىرىگە زىت ئىككى نەرسە بولۇشىدۇر. ساۋابى دۇنيادا بەختلىك ھايات، ئاخىرەتتە ئەبەدىي سائادەتتۇر[5].

### 4. ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ مەقسىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ أُوْلَٰٓئِكَ يَرْجُونَ رَحْمَتَ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٢١٨﴾

«ئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر»[6].

---

① قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 195 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 75 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 41 - ۋە 110 - ئايەتلەر؛ 59 - سۈرە ھەشر، 8 - ئايەت.

② قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 39 - ئايەت.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 190 - ئايەت.

④ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 195 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 100 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال 74 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 20 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 41 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 58 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 41 - ، 88 - ۋە 100 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 41 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 69 - ئايەت؛ 61 - سۈرە سەف، 11 - ئايەت.

⑥ 2 - سۈرە بەقەرە ، 218 - ئايەت.

بۇ ئايەت، ھىجرەت ۋە جىھاد قىلىشتىكى مەقسەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى ئىككى ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشنىڭ، شۇنداقلا قۇرئانغا بويسۇنۇشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ۝١٣٢﴾

«ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىڭلار، رەھمەتكە ئېرىشەلەيسىلەر»[1].

﴿وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلْنَٰهُ مُبَارَكٌ فَٱتَّبِعُوهُ وَٱتَّقُواْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ۝١٥٥﴾

«بۇ بىز نازىل قىلغان كىتابتۇر، بەرىكەتلىكتۇر. ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، رەھمەتكە ئېرىشەلەيسىلەر»[2].

بۇ كۆرسىتىدۇكى، ھىجرەت ۋە جىھاد تەلەپكە لايىق قىلىنغاندا، نەتىجىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش بولىدۇ. دەرۋەقە، دىللاردا ئىمان نۇرىنىڭ يورۇشى، دىيارلاردا ئىسلام ئادالىتىنىڭ ھاكىم بولۇشى، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ساقلىنىشى ۋە مۆمىننىڭ قوغدىلىشى قاتارلىقلار بۇ ئىككى ئىبادەتنىڭ لايىق رەۋىشتە ئىجرا قىلىنىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مانا بۇ ياخشىلىقلارنىڭ ئەجرى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولۇپ، ھىجرەت ۋە جىھاد قىلغانلار مۇيەسسەر بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋرۇپالارغا تارقىلىشى ئەنە شۇ ئىبادەتلەرنىڭ سايىسىدا بولغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بۇ ئىككى ئىبادەت ئەڭ ساۋابلىق ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ، ھەر مۇسۇلمان ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى قىلىشقا تىرىشىدۇ. قۇرئان - سۈننەتكە

---

[1] 3 - سۈرە ئال ئىمران، 132 - ئايەت.

[2] 6 - سۈرە ئەنئام، 155 - ئايەت.

ئۇيغۇن قىلغانلار ساۋاب قازىنىدۇ ۋە غايىگە يېتىدۇ. لېكىن قۇرئان - سۈننەتكە ئۇيغۇن قىلمىغانلار گۇناھكار بولىدۇ، يېرىم يولدا قالىدۇ، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ نامىنى بۇلغايدۇ.

كۆڭۈلگە پۈككەن ياخشى نىيەت، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ. قىلماقچى بولغان ئىش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى تەييارلىق قىلىش شەرت. كەم ئالەت بىلەن يولغا چىققانلار كامالەتكە يېتەلمەيدۇ. يېتەرلىك ئىلىم، كېرەكلىك تەييارلىق ۋە لازىملىق كۈچكە ئىگە بولمىغانلار توغرا نىيىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشكە مەھكۇمدۇر. چۈنكى رەھبىرى قۇرئان بولمىغان كىشىنىڭ ھەمراھى شەيتان بولىدۇ، شەيتان ئۇنى توغرا يولدىن توسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توغرا ئىش قىلدىم دەپ خاتا ئىشلارنى قىلىدۇ. ھەممە ئىشى نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَن يَعْشُ عَن ذِكْرِ ٱلرَّحْمَٰنِ نُقَيِّضْ لَهُۥ شَيْطَٰنًا فَهُوَ لَهُۥ قَرِينٌ ﴿٣٦﴾ وَإِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ ٱلسَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ أَنَّهُم مُّهْتَدُونَ ﴿٣٧﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَنَا قَالَ يَٰلَيْتَ بَيْنِى وَبَيْنَكَ بُعْدَ ٱلْمَشْرِقَيْنِ فَبِئْسَ ٱلْقَرِينُ ﴿٣٨﴾﴾

«كىم رەھماننىڭ كىتابىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭغا بىر شەيتان ھەمراھ قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەيتان ئۇنىڭ يېقىنى بولىدۇ. شەيتانلار ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى ھۇزۇرىمىزغا كەلگەندە يېقىنىغا: ‹كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدەك يىراقلىق بولسا ئىدى! سەن نېمىدېگەن يامان يېقىن!› دەيدۇ»[1].

---

① 43 - سۈرە زۇخرۇف، 36 ~ 38 - ئايەتلەر.

## §2. ھىجرەت

### 1. ھىجرەتنىڭ ھۆكمى

بىر مۇسۇلمان ئۆچۈن قەيەردە ياشىسا ياشىسۇن ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىشى مۇھىمدۇر. ياشاۋاتقان يېرىدە ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىيالمايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ يەرنى تاشلاپ دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىغىلى بولىدىغان باشقا بىر جايغا كۆچۈپ كېتىشى پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمۡۖ قَالُواْ كُنَّا مُسۡتَضۡعَفِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ قَالُوٓاْ أَلَمۡ تَكُنۡ أَرۡضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٗ فَتُهَاجِرُواْ فِيهَاۚ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ٩٧﴾

«شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇاتقانلارنى ۋاپات قىلدۇرىدىغان چاغدا ئۇلارغا: ‹قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟› دەيدۇ. ئۇلار: ‹زېمىندا بوزەك قىلىنغۇچىلار ئىدۇق› دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟ ئۇ زېمىندا ھىجرەت قىلغان بولساڭلار!› دەيدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ئورۇنلىشىدىغان يېرى جەھەننەمدۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!»①.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ياشاۋاتقان يېرىدە دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىيالمىغانلار دىنىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان باشقا بىر جايغا ھىجرەت قىلمىسا دوزاخقا تاشلىنىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا قادىر بولالمىغانلارنى ئاللاھ تائالا ئەپۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ داۋامىدىكى ئىككى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِلَّا ٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلۡوِلۡدَٰنِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ حِيلَةٗ وَلَا يَهۡتَدُونَ سَبِيلٗا ٩٨ فَأُوْلَٰٓئِكَ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَعۡفُوَ عَنۡهُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَفُوًّا غَفُورٗا ٩٩﴾

---

① 4 - سۈرە نىسا، 97 - ئايەت.

«پەقەت چارىسىز قالغان ۋە يول تاپالمىغان بوزەك قىلىنغۇچى ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنى ئاللاھ ئەپۇ قىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»[①].

ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن قادىر بولالىغانلارنىڭ دەسلەپتە ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن. ئاخىرىدا ئۆزىمۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان[②]. قادىر بولالمىغانلار مەككىدە قالغان. ئۇلار تاكى مەككە پەتھ بولغانغا قەدەر مەككىدە مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغان[③].

## 1. ھىجرەتنىڭ شەرتى

ھىجرەتنىڭ ئۈچ شەرتى بار:

(1) ھىجرەت قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ياشاۋاتقان يېرىدە دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىغان تەقدىردە زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇشى.

(2) دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىغىلى بولىدىغان بىر جاينىڭ بولۇشى ۋە ھىجرەت قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ بۇ جاينى بىلىشى.

(3) ھىجرەت قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىغىلى بولىدىغان جايغا بېرىشقا قادىر بولۇشى.

بۇ شەرتلەرنى يۇقىرىدىكى ئايەتلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئىككى ھىجرەت توغرىسىدا بەرگەن

---

① 4 - سۈرە نىسا، 98 - ۋە 99 - ئايەتلەر.

② بۇخارى، «لىباس»، 16.

③ 48 - سۈرە فەتھنىڭ 24 - ۋە 25 - ئايەتلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنىڭ تەرجىمىسى مۇنداق: «ئاللاھ شۇنداق زاتكى، مەككىنىڭ ئىچىدە سىلەرنى ئۇلارغا غالىب قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن، سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى ئۇلاردىن توستى. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار كاپىر بولغان، سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقلارنى ئۆز جايىغا يېتىپ بېرىشتىن توسقان كىشىلەردۇر. ئەگەر سىلەر بىلمىگەن مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى بىلمەستىن ئېزىپ قويۇپ، ئەيىبلىنىش ئېھتىماللىڭلار بولمىسا ئىدى، ئاللاھ قوللىرىڭلارنى بىر - بىرىڭلاردىن توسمايتتى. بۇ ئاللاھنىڭ خالىغان كىشىنى رەھمىتىگە ئېرىشتۈرۈشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى ئەلەملىك ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق» (48 - سۈرە فەتھ، 24 - ۋە 25 - ئايەتلەر).

يولىيورۇقلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ھىجرەت شەكلى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ[1]. بۇ شەرتلەرگە دالالەت قىلىدىغان باشقا دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەككە پەتىھ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق»[2]. چۈنكى مەككە پەتىھ بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەندىشىسى قالمىغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھىجرەت توغرۇلۇق سورالغان بىر سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بۈگۈن ھىجرەت يوق. بۇرۇن مۇئمىن زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇپ دىنى بىلەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى تەرەپكە قاچاتتى. لېكىن ھازىر ئاللاھ تائالا ئىسلامنى غالىب قىلدى. مۇئمىن كىشى رەببىگە خالىغان يېرىدە ئىبادەت قىلالايدۇ»[3]. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ يۇرتنى تەرك ئېتىپ باشقا بىر يۇرتقا كۆچۈشتىن ئىبارەت بولغان ھىجرەتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ «زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقۇش» شەرتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا 4 - سۈرە نىسانىڭ 97 - ئايىتىدە ھىجرەت قىلمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىدۇ، 98 - ۋە 99 - ئايەتلىرىدە ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغانلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، 100 - ئايىتىدە بولسا ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە دەرىجىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَن يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يَجِدْ فِي ٱلْأَرْضِ مُرَٰغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً ۚ وَمَن يَخْرُجْ مِنۢ بَيْتِهِۦ مُهَاجِرًا إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدْرِكْهُ ٱلْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١٠٠﴾﴾

① بۇ ئىككى ھىجرەتنىڭ بىرى «ھەبەشىستانغا ھىجرەت»، يەنە بىرى «مەدىنىگە ھىجرەت»تۇر.

② بۇخارى، «جىھاد ۋە سىيەر»1، 27، 194؛ مۇسلىم، «ھەج»، 445، «ئىمارەت»، 85، 86؛ تىرمىزى، «سىيەر» 33؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 3: 448، 5: 350، 17: 358، 25: 176، 178، 35: 495؛ دارىمى، «سىيەر»، 69.

③ بۇخارى، «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45.

«كىم ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، زېمىندا پاناھلىنىدىغان كۆپ جاي ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىم ئۆيىدىن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ ئۆلۈپ قالسا، ئاللاھ چوقۇم ئۇنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر»[1].

بۇ ئايەتمۇ كۆرسىتىدۇكى، ھىجرەت قىلماقچى بولغان كىشى ياشاۋاتقان يېرىدە پاناھلىنىدىغان يەر تاپالمايدۇ، تارچىلىقتا ياشايدۇ، كەڭچىلىكتە ياشىغىلى بولىدىغان بىر جايغا كېتىشكە قادىر بولىدۇ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ شۇ جايغا كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ، يولدا ئۆلۈپ قالمىسا مەنزىلگە يېتىپ بارىدۇ، شۇنداقلا پاناھلىنىشقا يەر تاپىدۇ ۋە كەڭچىلىككە ئېرىشىدۇ.

ياشاۋاتقان يېرىدە مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىپ تارچىلىقتا ياشىغان، كەڭچىلىكتە ياشىغىلى بولىدىغان بىر جاينى تاپقان ۋە ئۇ جايغا كېتىشكە قادىر بولغان كىشى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ياشاۋاتقان يېرىنى تاشلاپ مەزكۇر جايغا بارسا، ئۇ جايدا پاناھلىنىدىغان كۆپ يەر ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ، ناۋادا ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسە ئاللاھ ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن، ئۆزىمۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن، ھەجگە كەلگەن بىرقانچە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار (چۈنكى مەدىنىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېرىشتىن بۇرۇن نۇرغۇن مەدىنىلىكلەر مۇسۇلمان بولغان) بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش توغرىسىدا ئىككى قېتىم توختام تۈزۈشكەن.

ئۇلار بۇ توختامدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ھەرقانداق شارائىتتا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھ يولىدا پۇل - مال چىقىم قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئاللاھنىڭ دىنى توغرىسىدا ھېچكىمدىن قورقماسلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ۋە خوتۇن

[1] 4 - سۈرە نىسا، 100 - ئايەت.

- باللىرنى قوغدىغاندەك قوغداش قاتارلىقلار» ھەققىدە قەتئىي ۋەدە بەرگەن[①].

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، ھىجرەتنىڭ يەنى ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، باشقا بىر يۇرتقا كۆچۈشنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بىر مۇسۇلماننىڭ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق ئىشتا قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

## 2. ھەبەشىستانغا ھىجرەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ساھابىلىرىنىڭ مەككىدە مۇشرىكلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان[②]، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ھېچكىمنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى[③].

شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قېتىمدا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشچىلىقىدا 12 ئەر ۋە 4 ئايال، ئىككىنچى قېتىمدا 83 ئەر، 18 ياكى 19 ئايال ساھابە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان[④].

---

① قاراڭ: سەفىيۇررەھمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد مۇبارەكفۇريي ئەئزەمىي، *رەھىقۇل مەختۇم* (بېيرۇت: دارۇل ھىلال، تارىخسىز)، 138 ~ 146.

② ھەبەشىستان - قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان بىر شەرقىي ئافرىقا دۆلىتىدۇر، پايتەختى ئەددىس ئەبىبەدۇر. سۇدان، جەنۇبى سۇدان، ئېرىترىيە، جىبوتى، سومالى، كەنيا ۋە ئۇگاندا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداشتۇر. كۈنىمىزدە ھەبەشىستان ئېفىئوفىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

③ ئۇ كىشى خىرىستىيان دىنى مۇخلىسلىرىدىن بىرى بولغان نەجاشى ئىسىملىك پادىشاھتۇر.

④ قاراڭ: ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھىشام، *سىيرەتۇن نەبەۋىييە*، تەھقىقلىغۇچىلار: مۇستافا سەقا - ئىبراھىم ئەبيارى - ئابدۇل ھەفىز شەلەبى، 2 - باسما ( بابى ھەلەبى: مەكتەبەتۇ مۇستافا، ھ 1375 / م 1955)، 1: 321 ~ 330؛ ئىبنى ئابدۇلبەرر، *ئەددۇرەر فى ئىختىسارىل مەغازى ۋەسسىيەر*، تەھقىقلىغۇچى: شەۋقى دايىف (مىسىر: مەجلىسۇل ئەئلا لىششۇئۇنىل ئىسلامىييە، ھ 1386/ م 1966)، 1: 54؛ ئەبۇلفەدا ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر قۇرەشى دەمەشقى، *سىيرەتۇن نەبەۋىييە*، تەھقىقلىغۇچى: مۇستافا ئابدۇلۋاھىد (بېيرۇت: دارۇل مەئرىفە، ھ 1395/ م 1976)، 2: 4؛ مۇبارەكفورىي، *رەھىقۇل مەختۇم*، 81، 90 ~ 91.

## 3. مەدىنىگە ھىجرەت

ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنى يولدا توسالمىغانلىقى ۋە بېرىپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئەكىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق غەزەپلەنگەن مۇشرىكلار مەككىدە قالغان مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلايدۇ، ئۇنى پۈتۈن يېقىن - يورۇقلىرى بىلەن بىر جىلغىدا ئۈچ يىل قامايدۇ. بۇ ئەسنادا ئۇنىڭ تەسەللىيچىسى بولغان ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھىمايىچىسى بولغان تاغىسى ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولىدۇ، مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇملىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تۇغۇلغان شەھىرى مەككىنى تەرك ئەتمەيدۇ، شۇنداقلا ۋەزىپىسى بولغان تەبلىغنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئەنە شۇ ئېغىر كۈنلىرىدە ھەر پۇرسەتتە تەبلىغ قىلىدۇ، بولۇپمۇ ھەج مەۋسۇمىنى بەك چىڭ تۇتىدۇ. بىر ھەج مەۋسۇمىدا مەدىنىدىن ① كەلگەن ھاجىلاردىن بىرقانچە كىشى مۇسۇلمان بولىدۇ، بۇلار پەيغەمبىرىمىزگە يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن ئىسلامغا دەۋەت قىلىش توغرىسىدا ئەھدە بېرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇلارغا ياش ساھابە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى قوشۇپ مەدىنىگە ئەۋەتىدۇ. كېيىنكى يىلى يەنە مەدىنىدىن كەلگەن ھاجىلاردىن كۆپ كىشى مۇسۇلمان بولۇپ يۇرتىغا قايتىدۇ.

ئەنە شۇلارنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ تۇنجى ئەلچىسى بولغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەبلىغى بىلەن مەدىنە شەھىرى ئىسلامنىڭ نۇرى بىلەن يورۇشقا باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ شارائىتلار ھازىرلانغاندىن كېيىن مەككىدىكى مۇسۇلمانلارغا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ②.

ئاندىن ساھابىلەردىن قادىر بولالىغانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال مۇشرىكلارنى چۆچۈتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەككە مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىلىپ كېڭەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يىغىندا ئەزالار

---

① مەدىنە - مەككىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، مەككە بىلەن ئارىسىدا 400 كىلومېتىر مۇساپە بولغان بىر شەھەردۇر. مەدىنىنىڭ كونا ئىسمى «يەسرىب»تۇر.

② قاراڭ: مۇبارەكفۇرى، *رەھىقۇل مەختۇم*، 93 - 149.

ئارىسدىكى تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرھال ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا قارار ماقۇللىنىدۇ.

بۇ ئەسنادا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ، مەزكۇر قارارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ [1] . ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا چىقىشتىن بۇرۇن مۇنۇ تەييارلىقلارنى قىلىدۇ:

(1) ئەڭ يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى ئېيتىدۇ، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ.

(2) سەپەر ئۈستىدە يەتكۈدەك ئوزۇق تەييارلايدۇ.

(3) مىنىش ۋە يۈك - تاقلىرىنى ئارتىش ئۈچۈن ياخشى ئىككى ئۇلاغ تەييارلايدۇ.

(4) يول باشلاپ مېڭىشى ئۈچۈن ماھىر بىر يېتەكچى بىلەن پۈتۈشىدۇ[2].

---

① قاراڭ: مۇبارەكفۇرى، *رەھىقۇل مەختۇم*، 149 - 155.

② ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:...پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە مۇسۇلمانلارغا: «سىلەر ھىجرەت قىلىپ كېتىدىغان يۇرتنىڭ ئىككى تاشلىق يەرنىڭ ئارىسىدا خورمىلىق بولغان بىر شەھەر ئىكەنلىكى ماڭا چۈشۈمدە كۆرسىتىلدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى، ئىلگىرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ تولىسى مەدىنىگە قايتتى. ئەبۇ بەكرمۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا تەييارلانغان ئىدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «سەن ئالدىرىما! ماڭىمۇ رۇخسەت بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئەبۇ بەكرى: ئاتام ساڭا پىدا بولسۇن، ئۇنداق بىر رۇخسەتنىڭ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلامسەن؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: «شۇنداق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھقا ھىجرەتتە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن بۇ قېتىم ھىجرەت قىلىشتىن توختىدى ۋە يېنىدىكى كۈچلۈك ئىككى تۆگىسىنى تۆت ئاي سەمۇر ئاتلىق دەرەخنىڭ ياپرىقى بىلەن باقتى. بىر كۈنى بىز چۈش ۋاقتىدا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتۇق. ئۆيدىكىلەردىن بىرى ئەبۇ بەكرگە: ئەنە رەسۇلۇللاھ، ئادەتتە كەلمەيدىغان بىر ۋاقىتتا بېشىنى ئورىۋالغان ھالدا كەپتۇ، دېدى. ئەبۇ بەكرى: ئاتا - ئانام پىدا بولسۇن، ۋەللاھى مۇھىم بىر ئىش بولمىسا بۇ ۋاقىتتا كەلمەيتتى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ كېلىپ رۇخسەت تەلەپ قىلدى، رۇخسەت بېرىلگەن ئىدى، ئۆيگە كىردى. ئاندىن ئەبۇ بەكرگە: «يېنىڭدىكىلەرنى سىرتقا چىقىرىۋەتكىن» دېدى. ئەبۇ بەكرى: ئاتام ساڭا پىدا بولسۇن يا رەسۇلەللاھ! بۇلار سېنىڭ ئەھلىڭدۇر، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ماڭا مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت بېرىلدى» دېدى. ئەبۇ بەكرى: يا رەسۇلەللاھ! ئاتام ساڭا پىدا بولسۇن، ھەمراھ بولامدىمەن؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ھەئە» دېدى. ئەبۇ بەكرى: ئاتام ساڭا پىدا بولسۇن يا رەسۇلەللاھ! شۇ ئىككى تۆگەمدىن بىرىنى ئالغىن، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «پۇلغا ئالىمەن» دېدى. بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ سەپەر

پۈتۈن بۇ تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كېچە بولۇشىنى ساقلايدۇ ۋە كېچە بولغاندا ئورنىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بارلىق تەدبىرلەرنى ئېلىپ، ناھايىتى دىققەت بىلەن يولغا چىقىدۇ، شۇنداقلا كۆزلىگەن مەنزىل مەدىنە شەھىرىگە ساق - سالامەت يېتىپ بارىدۇ①.

## 4. ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغانلار

4 - سۈرە نىسانىڭ 98 - ۋە 99 - ئايەتلىرىدە ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغان چارىسىز ئەر، ئايال ۋە بالىلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتلەر يۇقىرىدا زىكىر قىلىندى. تۆۋەندىكى ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ 6 - يىلى مەككىگە بارغاندا، مەككىدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغان نۇرغۇن ئەر - ئايال مۇئمىنلارنىڭ بارلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۇلارنى تونۇمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

---

جابدۇقلىرىنى ناھايىتى تېز ھازىرلىدۇق. ئىككىسى ئۈچۈن ئوزۇق تەييارلاپ تېرىدىن ئېتىلگەن بىر كىچىك تاغارغا قويدۇق. تاغارنىڭ ئاغزىنى باغلايدىغان چاغدا ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما بىلىدىكى بەلبېغىدىن بىر پارچە يىرتىپ ئۇنىڭ بىلەن تاغارنىڭ ئاغزىنى باغلىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ «زاتۇننىتاقەيىن (ئىككى بەلباغلىق)» دەپ ئاتالدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى سەۋر تېغىدىكى بىر غارغا يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ كېچە يوشۇرۇندى. ھەر كېچىسى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ قالاتتى. ئابدۇللاھ چېچەن ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بىر ياش يىگىت ئىدى. ئۇ سەھەر ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ مەككىدە ياتقان ئادەمدەك بولۇپ سۈبھى ۋاقتىدا قۇرەيش بىلەن بىللە بولاتتى. رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى ھەققىدە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قىلىشقان ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىدە ساقلىۋېلىپ ئاخشىمى قاراڭغۇلۇق باسقاندا كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئاتىسى ئەبۇ بەكرىگە خەۋەر قىلاتتى. ئەبۇ بەكرىنىڭ قۇلى ئامىر ئىبنى فۇھەيرە بۇ ئۈچ كېچە بويىچە ئۇ ئەتراپتا سۈتلۈك ساغلىق قويلارنى باقاتتى ۋە ئاخشامدىن بىر مۇددەت ئۆتكەندە قويلارنى رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ، سېغىپ ئۇلارغا يېڭى سۈت ئىچۈرەتتى. رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى مەككىدىكى چېغىدا ئابدۇ ئىبنى ئەدى قەبىلىسىدىن ماھىر بىر يېتەكچىنى (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىتنى) يول باشلاپ مېڭىشى ئۈچۈن ھەق بېرىپ ماقۇللىشىپ قويغان ئىدى. بۇ كىشى قۇرەيش كافىرلىرىنىڭ دىنىدا ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرى ئۇ كىشىگە ئىشىنىپ تۆگىلىرىنى تاپشۇرغان ۋە ئۈچ كېچىدىن كېيىن تۆگىلەرنى ئېلىپ سەۋر غارىغا كېلىشكە ۋەدىلەشكەن ئىدى. بۇ كىشى ۋەدىلەشكەن بويىچە تۆگىلەرنى ئېلىپ ئۈچىنچى كېچىنىڭ ئەتىگىنى سەۋر غارىغا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ۋە ئەبۇ بەكرى بىلەن بىرلىكتە ئامىر ئىبنى فۇھەيرەمۇ ماڭدى. ھېلىقى يېتەكچى بۇلارنى ساھىللار يولىدىن ئېلىپ ماڭدى (بۇخارى، «مەناقىب»، 45).

① مۇبارەكفۇرى، *رەھىقۇل مەختۇم*، 155 - 167؛ ئىبنى ئابدۇلبەرر، *ئەددۇرەر فى ئىختىسارىل مەغازى ۋەسسىيەر*، 1: 54.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ ٱلَّذِي كَفَّ أَيْدِيَهُمْ عَنكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُم بِبَطْنِ مَكَّةَ مِنۢ بَعْدِ أَنْ أَظْفَرَكُمْ عَلَيْهِمْۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا ﴿٢٤﴾ هُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَصَدُّوكُمْ عَنِ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَٱلْهَدْىَ مَعْكُوفًا أَن يَبْلُغَ مَحِلَّهُۥۚ وَلَوْلَا رِجَالٌ مُّؤْمِنُونَ وَنِسَآءٌ مُّؤْمِنَٰتٌ لَّمْ تَعْلَمُوهُمْ أَن تَطَـُٔوهُمْ فَتُصِيبَكُم مِّنْهُم مَّعَرَّةٌۢ بِغَيْرِ عِلْمٍۖ لِّيُدْخِلَ ٱللَّهُ فِى رَحْمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ لَوْ تَزَيَّلُوا۟ لَعَذَّبْنَا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿٢٥﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، مەككىنىڭ ئىچىدە سىلەرنى ئۇلارغا غالىب قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن، سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى ئۇلاردىن توستى. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار كافىر بولغان، سىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقلارنى ئۆز جايىغا يېتىپ بېرىشتىن توسقانلاردۇر. ئەگەر سىلەر بىلمىگەن مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى بىلمەستىن ئېزىپ قويۇپ، ئەيىبلىنىش ئېھتىماللىقلار بولمىسا ئىدى، ئاللاھ قوللىرىڭلارنى بىر - بىرىڭلاردىن توسمايتتى. بۇ ئاللاھنىڭ خالىغان كىشىنى رەھمىتىگە ئېرىشتۈرۈشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كافىرلارنى قىينىغۇچى ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق»①.

بۇ ئايەتنىڭ «ئەگەر سىلەر بىلمىگەن مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار بولمىسا ئىدى، ئۇلارنى بىلمەستىن ئېزىپ قويۇپ، ئەيىبلىنىش ئېھتىماللىقلار بولمىسا ئىدى، ئاللاھ قوللىرىڭلارنى بىر - بىرىڭلاردىن توسمايتتى» دېگەن مەنىدىكى قىسمى ھىجرەت قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ تۇرۇقلۇق ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغان مۇئمىنلارنىڭ كافىرلارنىڭ ئارىسىدا باشقا مۇئمىنلار تەرىپىدىن تونۇلمىغۇدەك شەكىلدە ياشىسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

---

① 48 - سۈرە فەتھ، 24 - ۋە 25 - ئايەتلەر.

## §3. جىھاد

بۇ سۆز ئۇيغۇرچىغا ئەرەبچىدىن «دىن يولىدىكى ئۇرۇش» دېگەن مەنىسى بىلەن كىرگەن. ئەسلىدە بۇ مەنە خاتا ئەمەس، لېكىن بۇ، جىھاد دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. چۈنكى «دىن يولىدا ئۇرۇش» جىھادنىڭ مەنىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە جىھاد دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ھۆكمى، ئوبيېكتىلىرى ۋە تۈرلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

### 1. جىھادنىڭ ھۆكمى

جىھاد قىلىش پەرزدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَٱبْتَغُوٓا۟ إِلَيْهِ ٱلْوَسِيلَةَ وَجَـٰهِدُوا۟ فِى سَبِيلِهِۦ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٣٥﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئاللاھقا يېقىنلىشىش يولىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر»[①].

﴿وَجَـٰهِدُوا۟ فِى ٱللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِۦ ۚ هُوَ ٱجْتَبَىٰكُمْ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِى ٱلدِّينِ مِنْ حَرَجٍ ۚ مِّلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَٰهِيمَ ۚ هُوَ سَمَّىٰكُمُ ٱلْمُسْلِمِينَ مِن قَبْلُ وَفِى هَـٰذَا لِيَكُونَ ٱلرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا۟ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ ۚ فَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱعْتَصِمُوا۟ بِٱللَّهِ هُوَ مَوْلَىٰكُمْ ۖ فَنِعْمَ ٱلْمَوْلَىٰ وَنِعْمَ ٱلنَّصِيرُ ﴿٧٨﴾﴾

«ئاللاھ يولىدا ئۆز لايىقىدا جىھاد قىلىڭلار. ئۇ سىلەرنى بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن تاللىدى. دىندا سىلەرنى ھېچبىر ئېغىر ئىشقا تەكلىپ قىلمىدى. بۇ ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنى. ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرىكى كىتابلاردا ۋە قۇرئاندا ‹مۇسۇلمان› دەپ ئاتىدى. ئاللاھ بۇنى، ئەلچىسىنى سىلەرگە ئۈلگە بولسۇن، سىلەرنى باشقا ئىنسانلارغا ئۈلگە بولسۇن دەپ قىلدى. ئۇنداقتا نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھنىڭ پاناھىغا سېغىنىڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ

---

① 5 - سۈرە مائىدە ، 35 - ئايەت.

ئىگەئىلاردۇر. ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە ۋە نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!»①.

﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا۟ وَجَـٰهَدُوا۟ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّـٰدِقُونَ ﴿١٥﴾﴾

«مۇئمىنلار پەقەت، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىشەنگەن، ئاندىن كېيىن شۈبھىلەنمىگەن، ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار راستچىللاردۇر»②.

يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتتە ئاللاھ تائالا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئىككىنچى ئايەتتە بولسا جىھادنىڭ مال بىلەن ۋە جان بىلەن قىلىنىدىغان بىر تۈرلۈك ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئايەت ۋە جىھاد توغرىسىدىكى باشقا ئايەت - ھەدىسلەردىن جىھادنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك بولىدىغانلىقى چىقىدۇ.

## 2. جىھادنىڭ تۈرلىرى

### 1) ئىلىم بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد

ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى قىلىنىدىغان جىھادنىڭ بىر تۈرى ئىلىم بىلەن قىلىنىدىغان جىھاددۇر. چۈنكى پۈتكۈل يامانلىقلارنىڭ سەۋەبى جاھالەتتۇر. ھەقكە يەتمەكچى بولغان كىشىنىڭ جاھالەتتىن قۇتۇلۇشى لازىم، ھەقنى يەتكۈزمەكچى بولغان كىشىنىڭمۇ كېرەكلىك ئىلىم بىلەن پۇختا قوراللىنىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱدْعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلْحِكْمَةِ وَٱلْمَوْعِظَةِ ٱلْحَسَنَةِ ۖ وَجَـٰدِلْهُم بِٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ ۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ ۖ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١٢٥﴾﴾

---

① 22 - سۈرە ھەج، 78 - ئايەت.
② 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 15 - ئايەت.

«سەن ئىنسانلارنى رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەت بىلەن ۋە ياخشى نەسىھەت بىلەن چاقىرغىن، ئۇلار بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يولغا كەلگۈچىلەرنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ»[1].

ئىلمىي تەبلىغ ۋە ھېكمەتلىك دەۋەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلامىيەتتە تەبلىغ ۋە دەۋەت پائالىيىتىنىڭ ئىسمى «ئىلىم بىلەن جىھاد»دۇر. بۇ قۇرئان كەرىمدە «قۇرئان بىلەن جىھاد» دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى قۇرئان ئىلىمنىڭ مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلَا تُطِعِ ٱلْكَٰفِرِينَ وَجَٰهِدْهُم بِهِۦ جِهَادًا كَبِيرًا ﴿٥٢﴾﴾

«كافىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن ۋە ئۇلارغا قارشى قۇرئان بىلەن چوڭ جىھاد قىلغىن»[2].

قۇرئان بىلەن جىھاد قىلىش ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىلىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن، ئۇنىڭدىكى ھەق ۋە ھەقىقەتنى ھېچ نەرسىدىن قورقماستىن ۋە ھېچكىمدىن تارتىنماستىن ئۆز پېتى سۆزلەش بىلەن بولىدۇ. مانا بۇ ئىلىم بىلەن قىلىنغان جىھاد «چوڭ جىھاد»دۇر.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «زالىم ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىدا ھەقنى سۆزلەش ئۇلۇغ جىھاددۇر»[3].

تەبلىغ ۋە دەۋەت قىلىش ئەساسىدا «ھېكمەت ۋە چىرايلىق نەسىھەت»نىڭ پايدىسى بولماي، قارشى تەرەپ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە توغرا كېلىپ قالغان تەقدىردە يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە «ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە» مۇنازىرىلىشىش كېرەك. يەنى كافىر، مۇناپىق ۋە مۇشرىكلارغا ھەقنى ئۇيغۇن زاماندا، ئىلمىي يوسۇندا، چىرايلىق رەۋىشتە، تاتلىق تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش، زېرىكمەي - تېرىكمەي يەتكۈزۈش كېرەك. خۇددى بىر كېسەل ئادەمنى داۋالىماقچى بولغان دوختۇردەك

[1] 16 - سۈرە نەھل، 125 - ئايەت.
[2] 25 - سۈرە فۇرقان، 52 - ئايەت.
[3] نەسەئى، «بەيئەت»، 37؛ ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 20؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 17: 228، 31: 125، 126.

سوغۇققانلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. مانا بۇ ئۇلارغا قارشى قىلىنغان جىھادنىڭ بىر تۈرىدۇر.

## 2) مال بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد

مال بىلەن جىھاد قىلىش ئاللاھ بەرگەن مال - مۈلۈكنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلىش دېمەكتۇر. ھەر كىمگە مەلۇمكى، دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن پۇل - مالنىڭ رولى چوڭ، ئەھمىيىتى بۈيۈكتۇر. ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى، ھەقنىڭ مۇزەپپەر بولۇشى، ھەقىقەتنىڭ ھاكىم بولۇشى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك مال، بايلىق ۋە پۇللارنى پىدا قىلىش «مال بىلەن جىھاد» قىلىنىدىغانلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ جىھاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپ ئايەتىدە «مال بىلەن ۋە جان بىلەن جىھاد» زىكىر قىلىنىدۇ[1]. ھەتتا بەزى ئايەتلەردە مال بىلەن جىھاد قىلىش «ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرگەنلىك» ھېسابلىنىدۇ[2].

مال بىلەن جىھاد قىلىش قۇرئان كەرىمدە بۇ قەدەر تەكىتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ساھابىلەر ئۆزلىرى قىيىنچىلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان تۇرۇقلۇق ئىلكىدىكىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان[3]. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەردلىكى ۋە سېخىيلىقى تىللارغا داستاندۇر[4].

ساھابىلەردىن تارتىپ تا قىيامەتكىچە مۇسۇلمان بايلارنىڭ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن مەكتەپ - مەدرىسە ۋە مەسچىت - جامە سالدۇرۇشى، كىتاب باستۇرۇشى ۋە تارقىتىشى، ئىسلامنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش، گۈللىتىش ۋە يۈكسەلدۈرۈش، مۇسۇلمانلارنى قوغداش ۋە ھىمايە قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ماددىي ياردەمدە بولۇشى ئۇلارنىڭ «ئاللاھ يولىدا مال

---

① قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 95 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 72 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 20 - ، 41 - ، 44 - ، 81 - ۋە 88 - ئايەتلەر؛ 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 15 - ئايەت؛ 61 - سۈرە سەف، 11 - ئايەت.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 245 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 12 - ئايەت؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 11 - ۋە 18 - ئايەت؛ 64 - سۈرە تەغابۇن 17 - ئايەت؛ 73 - سۈرە مۇززەممىل، 20 - ئايەت.

③ قاراڭ: 59 - سۈرە ھەشر، 9 - ئايەت.

④ بۇلار ساھابىلەرنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا تەپسىلىي زىكىر قىلىنىدۇ.

بىلەن جىهاد» قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم قىيامەتكىچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نازىل قىلىنغان كىتابتۇر.

### 3) جان بىلەن قىلىنىدىغان جىهاد

جىهاد قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. ھەر مۇسۇلماننىڭ ئىلمى بىلەن ۋە مېلى بىلەن داۋاملىق جىهاد قىلىشى، يەنى ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھىمايە قىلىنىشى، ھەقنىڭ ھاكىم بولۇشى ۋە ھەقىقەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشى پەرزدۇر. بەزىدە ئىسلام دىيارىنىڭ قوغدىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايە قىلىنىشى ياكى قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن قولغا قورال ئېلىپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەڭ چوڭ جىھاددۇر ۋە شەرتى توشقاندا قەتئىي پەرزدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلْيُقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يَشْرُونَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا بِٱلْءَاخِرَةِ ۚ وَمَن يُقَٰتِلْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٧٤﴾ وَمَا لَكُمْ لَا تُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْ هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهْلُهَا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا ﴿٧٥﴾﴾

«دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتنىڭ بەدىلىگە ساتىدىغانلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشسۇن. كىمكى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز يېقىندا ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز. ئى مۇئمىنلار! سىلەرگە نېمە بولدىكىن، ئاللاھنىڭ يولىدا ۋە ‹رەببىمىز! بىزنى بۇ ئاھالىسى زالىم يۇرتتىن چىقارغىن، بىزگە ئۆز تەرىپىڭدىن ۋەلىي ئاتا قىلغىن ۋە بىزگە ئۆز تەرىپىڭدىن ياردەمچى ئاتا قىلغىن› دەپ دۇئا قىلىۋاتقان چارىسىز ئەر، ئايال ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۇرۇشمايۋاتىسىلەر؟»[1].

---

[1] 4 - سۈرە نىسا، 74 ~ 75 - ئايەتلەر.

﴿وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ١٩٠﴾

«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى سىلەر ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇڭلار. لېكىن تاجاۋۇز قىلماڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»①.

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ ٱلۡكُفَّارِ وَلۡيَجِدُواْ فِيكُمۡ غِلۡظَةٗۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ١٢٣﴾

«ئى مۆئمىنلار! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن بولغان كافىرلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئۇلار سىلەردە قوپاللىق ھېس قىلسۇن. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر»②.

﴿كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ وَهُوَ كُرۡهٞ لَّكُمۡۖ وَعَسَىٰٓ أَن تَكۡرَهُواْ شَيۡـٔٗا وَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ وَعَسَىٰٓ أَن تُحِبُّواْ شَيۡـٔٗا وَهُوَ شَرّٞ لَّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ٢١٦﴾

«سىلەرگە ئۇرۇش پەرز قىلىندى، لېكىن سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر ياقتۇرمىغان نەرسە سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. سىلەر ياقتۇرغان نەرسە سىلەر ئۈچۈن زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»③.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئىسلام دىيارىنى قوغداش، مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش ياكى ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. باشقا ئىككى ئايەتتە ئۇرۇشنىڭ يەنى جان بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ ئىككى شەرتى بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### (1) قورال تەييارلاش

مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 190 - ئايەت.
② 9 - سۈرە تەۋبە، 123 - ئايەت.
③ 2 - سۈرە بەقەرە، 216 - ئايەت.

﴿وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا ٱسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ ٱلْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ ٱللَّهُ يَعْلَمُهُمْ ۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَىْءٍ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ ﴿٦٠﴾﴾

«دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قۇۋۋەت ۋە جەڭ ئاتلىرى تەييارلاڭلار. ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇ باشقا دۈشمەنلەرنى سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇلارنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدا نېمە چىقىم قىلساڭلار، ئۇنىڭ ساۋابى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەر زۇلۇمغا ئۇچرىتىلمايسىلەر»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنگە قارشى قۇۋۋەت تەييارلاشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ «قۇۋۋەت» ھەققىدىكى ھەدىسى مۇنداق:

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنبەر ئۈستىدە «دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قۇۋۋەت تەييارلاڭلار» دېگەن مەنىدىكى ئايەتنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۈچ قېتىم: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، قۇۋۋەت ئوق ئاتماقتۇر» دېدى[2].

دېمەككى، ئايەتتىكى «قۇۋۋەت»تىن مەقسەت، ئۇرۇشتا دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ھەر خىل قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىلاردۇر، ئۇلار بىلەن مەزكۇر دۈشمەنلەرنى ئېتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشتۇر. ئۇلارنى ياساش، ئۇلار بىلەن دۈشمەننى ئېتىشنى ئۆگىنىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان پۈتكۈل لازىمەتلەرنى تولۇقلاش «قۇۋۋەت تەييارلىغانلىق»تۇر، شۇنداقلا يۇقىرىدىكى ئايەتكە ئەمەل قىلغانلىقتۇر.

يەنى دۈشمەنگە قۇرۇقلۇق، ھاۋا ۋە دېڭىزدا ئىشلىتىلىدىغان قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە ۋە زامانىۋى شەكىلدە ياساش،

---

① 8 - سۈرە ئەنفال، 60 - ئايەت.

② مۇسلىم، «ئىمارەت»، 167؛ ئەبۇ داۋۇد، «جىھاد»، 24؛ تىرمىزى، «تەفسىر»، 9؛ ئىبنى ماجە، «جىھاد»، 19؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 28: 643؛ دارىمى، «جىھاد»، 14.

ئەسكەرلەرنى قوراللىق، ھاۋا ۋە دېڭىز قىسىملىرى، پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملارغا ئايرىپ يېتىشتۈرۈش، يېتەرلىك ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولۇش ۋە پۇختا ئۇرۇش تاكتىكىسى ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش «دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قۇۋۋەت تەييارلىغانلىق» بولىدۇ.

دۈشمەنگە قارشى «تەييارلانغان قۇۋۋەت» ئەنە شۇ سەۋىيەدە بولۇپ ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە باشقا پۈتۈن دۈشمەنلەرنى قورقىتىدىغان، ئۇلارنى مۇسۇلمانغا چېقىلىشتىن، ئىسلام دىيارىغا كۆز تىكىشتىن تەپ تارتقۇزىدىغان ھالەتتە بولۇشى لازىم.

60 يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، ئايەتتىكى (8 - سۈرە ئەنفالنىڭ - ئايىتىدىكى) تۇرھىبۇنە ﴿تُرْهِبُونَ﴾ دېگەن پېئىل ھەرگىزمۇ ئىرھابىيلىقا (تېررورلۇققا) دەلىل بولمايدۇ. چۈنكى بۇ پېئىل بىھى ﴿بِهِ﴾ دېگەن ئۇلانمىسى بىلەن بىرلىكتە مەنە ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسىدۇر. چۈنكى تۇرھىبۇنە ﴿تُرْهِبُونَ﴾ دېگەن پېئىل بىھى دېگەن ئۇلانمىسى بىلەن بىرلىكتە بىر پېئىل جۈملىسى بولۇپ، باشتىكى ئەئىددۇ ﴿أَعِدُّوا﴾ دېگەن بۇيرۇق پېئىلىنىڭ پائىلى (ئىگىسى)نىڭ ياكى مەپئۇلى (تولدۇرغۇچىسى)نىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ھالەت جۈملىسىدۇر. ھالەت جۈملىسى ئەرەبچىدە ساھىبىھالەت (ھالەت ئوبيېكتى)نىڭ ئىش - ھەرىكەت ئورۇنلانغان چاغدىكى ھالىتىنى ۋە ئىش - ھەرىكەت مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتىكى تاشقى مۇھىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتە پائىل (ئىگە) ئەئىددۇنىڭ مۇخاتەب زەمىرى (ئىككىنچى شەخس ئالمىشى) بولغان ئەنتۇم (سىلەر)دۇر. مەپئۇل (تولدۇرغۇچى) مەستەتەئتۇم ﴿مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾نىڭ بېشىدىكى ما (نەرسە)دۇر. بىھى ﴿بِهِ﴾ دىكى زەمىر (ئالماش) ئەئىددۇ دېگەن بۇيرۇق پېئىلىنىڭ مەپئۇلى بولغان ما (نەرسە)نى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن بۇلارغا ئاساسەن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ئى مۇئمىنلار! سىلەر دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كۈچۈڭلار يەتكەن نەرسىنى تەييارلاڭلار. ئۇ نەرسە قۇۋۋەت ۋە جەڭ ئاتلىرىدىن ئىبارەت. سىلەر ئۇ نەرسىنى تەييارلىغان چېغىڭلاردا ئۇ نەرسە بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىدىغان ھالەتتە بولۇڭلار ياكى ئۇ نەرسە مەزكۇر دۈشمەنلەرنى قورقىتىدىغان ھالەتتە تەييارلانسۇن». تۇرھىبۇنە بىھى

دېگەن پېئىل جۈملىسى مەيلى پائىلنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرسۇن مەيلى مەپئۇلنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرسۇن مەنە ئۆزگەرمەيدۇ. ھەر ئېھتىمالدا دۈشمەنلەرنى قورقىتىدىغان نەرسە تەييارلانغان قورال - ياراغلاردۇر.

(2) ئەسكەر تەييارلاش

ئاللاھ تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَرِّضِ ٱلْمُؤْمِنِينَ عَلَى ٱلْقِتَالِ ۚ إِن يَكُن مِّنكُمْ عِشْرُونَ صَـٰبِرُونَ يَغْلِبُوا۟ مِا۟ئَتَيْنِ ۚ وَإِن يَكُن مِّنكُم مِّا۟ئَةٌ يَغْلِبُوٓا۟ أَلْفًا مِّنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ ﴿٦٥﴾ ٱلْـَٔـٰنَ خَفَّفَ ٱللَّهُ عَنكُمْ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمْ ضَعْفًا ۚ فَإِن يَكُن مِّنكُم مِّا۟ئَةٌ صَابِرَةٌ يَغْلِبُوا۟ مِا۟ئَتَيْنِ ۚ وَإِن يَكُن مِّنكُمْ أَلْفٌ يَغْلِبُوٓا۟ أَلْفَيْنِ بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّـٰبِرِينَ ﴿٦٦﴾﴾

«ئى نەبىي! مۇئمىنلارنى ئۇرۇش قىلىشقا تەرغىب قىلغىن. ئەگەر سىلەردىن سەۋرلىك يىگىرمە كىشى بولسا، ئىككى يۈز كافىرنى يېڭىدۇ. ئەگەر سىلەردىن يۈز كىشى بولسا، مىڭ كافىرنى يېڭىدۇ. چۈنكى ئۇلار چۈشەنمەيدىغان قەۋمدۇر. ئەمدى ئاللاھ يۈكۈڭلارنى يېنىكلەتتى ۋە سىلەردە ئاجىزلىق بارلىقىنى بىلدى. بۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىلەردىن سەۋرلىك يۈز كىشى بولسا، ئىككى يۈز كافىرنى يېڭىدۇ. ئەگەر سىلەردىن مىڭ كىشى بولسا، ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىككى مىڭ كافىرنى يېڭىدۇ. ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»①.

ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئايەتتە مۇئمىنلارنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغان مۇئمىنلارنى، ئۇلارنىڭ سانىنى ۋە بۇ سانىنىڭ شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. بۇ، مۇئمىنلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش قىلىش سەنئىتىنى (ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى)، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ۋە ھەر تۈرلۈك قورال - ياراغنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان، شۇنداقلا ھەر دائىم ئۇرۇشقا ھازىر تۇرغۇزۇلغان كىشىلەرنىڭ (مۇنتىزىم ئەسكەرنىڭ) بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

① 8 - سۈرە ئەنفال، 65 - ۋە 66 - ئايەتلەر.

**خۇلاسە**

جىھاد ئىبادىتىنىڭ ئۇرۇشۇش قىسمىنى باشلاشتىن بۇرۇن مەزكۇر قۇۋۋەتنى ھەر جەھەتتىن دۈشمەننىڭكىدىن ئۈستۈن سەۋىيەدە (دۈشمەن قورقىدىغان ئاللاھىدىلىكتە) تەييارلاش بىلەن بىرلىكتە شارائىتقا قاراپ مۇئەييەن مىقداردا ۋە زامانغا ماس ھەربىي تەلىم - تەربىيەگە ئىگە ئەسكەر تەييارلاش كېرەك. زۆرۈر تېپىلمىغۇچە ئۇرۇشقا كىرمەسلىك، كىرىپ قالسا قولدىن كەلگەن تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىش لازىم.

23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ ھەممىسى جىھاد بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىكى 13 يىللىق ھاياتىدا ھېچ ئۇرۇش بولمىغان، ئۇ مەككىدىكى چېغىدا ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان بىلەن جىھاد قىلغىن»[1] دېگەن مەنىدىكى ئەمرى بويىچە جىھادنىڭ ئىلىم بىلەن بولىدىغان قىسمىنى ئىجرا قىلغان: ھەقنى يەتكۈزگەن، ھەق يولدا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغان ۋە ھېچ بوشاشماستىن يولدا ئۇدۇل ماڭغان. ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش (تەبلىغ)، غايىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولغانلىقى ئۈچۈن مەككىنىڭ چوڭلىرى تەكلىپ قىلغان پادىشاھلىق، بايلىق ۋە باشقا دۇنياۋى مەنپەئەتلەرنى رەت قىلغان[2]. مەدىنىدىكى 10 يىللىق ھاياتىدا تالاي قېتىم ئۇرۇش بولغان. ئۇ ئۇرۇشقا ھەر دائىم ھەر جەھەتتىن تەييار تۇرغان.

### 3. جىھادنىڭ ئوبيېكتلىرى

ئىنساننىڭ ئۈچ تۈرلۈك دۈشمىنى بار بولۇپ، ئۇ دۈشمەنلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش جىھاد قىلغانلىقتۇر. مەزكۇر دۈشمەنلەر ۋە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ يوللىرى تۆۋەندىكىچە:

#### 1) نەپس

نەپس تېزلا ھاسىل بولىدىغان راھەتنى خالايدۇ، ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى ياخشى كۆرىدۇ، نەقنى كۆزلەيدۇ، كېيىن يۈز بېرىدىغان قىيىنچىلىقلارنى

---

① 25 - سۈرە فۇرقان، 52 - ئايەت.

② قاراڭ: مۇبارەكفۇرى، *رەھىقۇل مەختۇم*، 84؛ ئىبنى ھىشام، *سىيرەتۇن نەبەۋىيە*، 1: 266.

ئويلىمايدۇ، ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پەرۋا قىلمايدۇ[1]، شۇنداقلا قەلب (قلب)نى ئەقىلگە بويسۇنۇشتىن توسۇپ، ئۆزىنىڭ خاھىشلىرى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا كۆندۈرۈپ، بەدەننىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ[2]. مۇنداقچە ئېيتقاندا نەپس شەيتاننىڭ ئەڭ چوڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلىش ئەڭ قىيىن جىھاددۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا قارشى تۇرۇشى زور، ئۆز نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىغا خىلاپلىق قىلىشى قىيىن، ئۆز نەپسىنىڭ تەلەپلىرىگە قوشۇلماسلىقى تەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىپ غەلىبە قىلالمىغان كىشى دۈشمىنىگە قارشى جىھاد قىلىشقا ئۆزىدە كۈچ ۋە جاسارەت تاپالمايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىد نەپسىگە قارشى جىھاد قىلغان كىشىدۇر»[3]. بۇ مەنىدە كۆپ ھەدىس بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىنىڭ خاتا ئارزۇلىرىغا، ھەتتا نەپسىنىڭ قۇرۇق ۋە مەنىسىز ئىستەكلىرىگە قارشى تۇرۇپ ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كەتمەي چىڭ تۇرۇشىنىڭ «نەپسىگە قارشى جىھاد قىلغانلىق» بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

نەپسكە قارشى جىھاد ئىسلامنى ياخشى ئۆگىنىش، ئىسلامغا ئەمەل قىلىش، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە بۇ يولدىكى قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① قاراڭ: 12 - سۈرە يۇسۇف، 53 - ئايەت.

② چۈنكى نەپس راھەتنى كۆزلەيدۇ، مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئەقىل ھەقنى كۆرسىتىدۇ، خاتالىقتىن توسىدۇ. قەلب قارار قىلىدۇ، بەدەن ئىجرا قىلىدۇ. شۇڭا ئەقىل قەلبنى ھەقىقەتنى ئاساس قىلىپ قارار قىلىشقا چاقىرىدۇ، نەپس مەنپەئەتنى ئاساس قىلىپ قارار قىلىشقا ئۈندەيدۇ. قەلب ئەقىلگە بويسۇنۇپ قارار قىلسا توغرا قارار قىلىدۇ، ناۋادا نەپسكە بويسۇنۇپ قارار قىلسا خاتا قارار قىلىدۇ. بەدەن، توغرا بولسۇن، خاتا بولسۇن قەلبنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار. ئۇ گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئۇ گۆش بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ گۆش قەلبتۇر» (بۇخارى، «ئىمان»، 39؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 107؛ ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 14؛ دارىمى، «بۇيۇئ»، 1). خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر ئەقلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلار ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلىنىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىماندا ئەقىل بىلەن چۈشىنىش ئەمەس، قەلب بىلەن تەستىقلاش ئاساس قىلىنغان.

③ تىرمىزى، «جىھاد» 2؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 39: 375، 381، 386، 387.

﴿وَٱلْعَصْرِ ۝١ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَفِى خُسْرٍ ۝٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْحَقِّ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ ۝٣﴾

«ئەسر بىلەن قەسەمكى، ئىنسان ئەلۋەتتە زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەر زىيان ئىچىدە ئەمەس»[1].

﴿وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِۦ وَنَهَى ٱلنَّفْسَ عَنِ ٱلْهَوَىٰ ۝٤٠ فَإِنَّ ٱلْجَنَّةَ هِىَ ٱلْمَأْوَىٰ ۝٤١﴾

«كىم رەببىنىڭ ماقامىدىن قورقىدىكەن ۋە نەپسىنى خاھىشىدىن توسىدىكەن، ئۇنىڭ جايى چوقۇم جەننەت بولىدۇ»[2].

## 2) شەيتان

شەيتان نەپسنىڭ مەشقاۋۇلىدۇر. ئۇ نەپسكە داۋاملىق سەتنى چىرايلىق، چىرايلىقنى سەت كۆرسىتىدۇ، ئۇ نەپسنى يامانلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ، نەخ پايدىغا ھەۋەسلەندۇرۇپ كېيىنكى زىياننى ئويلىماسلىققا تەشۋىق قىلىدۇ، پەرزلەردىن سوۋۇتۇپ ھاراملارغا قىزىقتۇرىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىنياندۇرۇپ يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالادىن قىيامەت كۈنىگىچىلىك ياشاش ۋەدىسىنى ئالغاندا ئىنسانلارنى توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَالَ فَبِمَآ أَغْوَيْتَنِى لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَٰطَكَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ۝١٦ ثُمَّ لَءَاتِيَنَّهُم مِّنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَٰنِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ ۖ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَٰكِرِينَ ۝١٧﴾

---

[1] 103 - سۈرە ئەسر.

[2] 79 - سۈرە نازىئات، 40 - ۋە 41 - ئايەتلەر.

«ئىبلىس ئېيتتى: مەن ئۇلار ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭدا ئولتۇرىمەن. ئاندىن چوقۇم ئۇلارغا ئالدىلىرىدىن، ئارقىلىرىدىن، ئوڭلىرىدىن ۋە سوللىرىدىن كېلىمەن. كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ساڭا شۈكۈر قىلمايدۇ»①.

دېمەككى، شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا كەلگەن، كىرگەن ۋە ئۇنىڭدا ماڭغانلارنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇنى دۈشمەن بىلىش ۋە دۈشمەن تۇتۇش، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىش ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر، پەرزدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَٱتَّخِذُوهُ عَدُوًّا ۚ إِنَّمَا يَدْعُوا۟ حِزْبَهُۥ لِيَكُونُوا۟ مِنْ أَصْحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ ۝٦﴾

«شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلاردۇر. ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار. ئۇ ئۆز گۇرۇھىنى دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشقا چاقىرىدۇ»②.

شەيتانغا قارشى جىھاد ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە پەرۋا قىلماسلىق، ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق، ئۇ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلار بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۚ وَمَن يَتَّبِعْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِ فَإِنَّهُۥ يَأْمُرُ بِٱلْفَحْشَآءِ وَٱلْمُنكَرِ ۚ وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ مَا زَكَىٰ مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ أَبَدًا وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يُزَكِّى مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ۝٢١﴾

«ئى مۇئمىنلار! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەنلەر بىلىپ قويسۇنكى، شەيتان ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قەبىھ ئىشلارغا ۋە يامان سۆز - ھەرىكەتلەرگە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچكىم پاك

① 7 - سۈرە ئەئراف، 16 - ۋە 17 - ئايەتلەر
② 35 - سۈرە فاتىر، 6 - ئايەت.

بولالمايتتى. لېكىن ئاللاھ خالىغان كىشىنى پاكلايدۇ. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[①].

### 3) تاجاۋۇزچى

تاجاۋۇزچى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئۆزلىرى مۇسۇلمان جامائەسى تۇرۇقلۇق باشقا بىر مۇسۇلمان جامائە بىلەن ئۇرۇشقان، باشقا مۇسۇلمانلار ئىسلاھ قىلىپ قويغاندىن كېيىن يەنە قارشى جامائەگە تاجاۋۇز قىلغان جامائە. بۇ تاجاۋۇزچى جامائەگە قارشى قىلىنىدىغان جىھاد ئۇرۇش قىلىشتۇر يەنى قىتالدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِن طَآئِفَتَانِ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱقْتَتَلُواْ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَهُمَاۖ فَإِنۢ بَغَتْ إِحْدَىٰهُمَا عَلَى ٱلْأُخْرَىٰ فَقَٰتِلُواْ ٱلَّتِي تَبْغِي حَتَّىٰ تَفِيٓءَ إِلَىٰٓ أَمْرِ ٱللَّهِۚ فَإِن فَآءَتْ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَهُمَا بِٱلْعَدْلِ وَأَقْسِطُوٓاْۖ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُقْسِطِينَ ۝٩ إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَ أَخَوَيْكُمْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ۝١٠﴾

«ئەگەر مۇئمىنلاردىن ئىككى جامائە بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغان تەرەپ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇ قايتسا، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزىتىڭلار. ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ئادىل بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلار قېرىنداشتۇر. ئۇنداقتا ئىككى قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاپ قويۇڭلار، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، رەھمەتكە ئېرىشەلەيسىلەر»[②].

---

① 24 - سۈرە نۇر، 21 - ئايەت.
② 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 9 - ۋە 10 - ئايەتلەر.

(2) مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىنى ئىشغال قىلغان غەيرىي مۇسۇلمانلار. بۇ خىل تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جىھادمۇ ئۇرۇش قىلىشتۇر يەنى قىتالدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ١٩٠ وَٱقۡتُلُوهُمۡ حَيۡثُ ثَقِفۡتُمُوهُمۡ وَأَخۡرِجُوهُم مِّنۡ حَيۡثُ أَخۡرَجُوكُمۡۚ وَٱلۡفِتۡنَةُ أَشَدُّ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۚ وَلَا تُقَٰتِلُوهُمۡ عِندَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ حَتَّىٰ يُقَٰتِلُوكُمۡ فِيهِۖ فَإِن قَٰتَلُوكُمۡ فَٱقۡتُلُوهُمۡۗ كَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ١٩١﴾

«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى سىلەرمۇ ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇڭلار. لېكىن تاجاۋۇز قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار سىلەرنى چىقارغان يەردىن سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىڭلار. فىتنە ئۆلتۈرۈۋېتىشتىنمۇ ياماندۇر. مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدا ئۇلار سىلەرگە ئۇرۇش ئاچمىغىچە سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۇ يەردە ئۇرۇشماڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇ كافىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداقتۇر»①.

﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلۡمَلَإِ مِنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ مِنۢ بَعۡدِ مُوسَىٰٓ إِذۡ قَالُواْ لِنَبِيّٖ لَّهُمُ ٱبۡعَثۡ لَنَا مَلِكٗا نُّقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ قَالَ هَلۡ عَسَيۡتُمۡ إِن كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ أَلَّا تُقَٰتِلُواْۖ قَالُواْ وَمَا لَنَآ أَلَّا نُقَٰتِلَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَدۡ أُخۡرِجۡنَا مِن دِيَٰرِنَا وَأَبۡنَآئِنَاۖ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيۡهِمُ ٱلۡقِتَالُ تَوَلَّوۡاْ إِلَّا قَلِيلٗا مِّنۡهُمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ٢٤٦﴾

«ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇسادىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغان كاتتىلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەبىيسىگە: ‹بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلايلى!› دېگەن ئىدى. ئۇ نەبىي ئۇلارغا: ‹سىلەرگە ئۇرۇش پەرز قىلىنسا، ئۇرۇش قىلمىساڭلارچۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹بىز ئاللاھ يولىدا نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلمايلى؟ بىز يۇرتلىرىمىزدىن

① 2 - سۈرە بەقەرە، 190 ~ 191 - ئايەتلەر.

ھەيدەپ چىقىرىلغان، بالا - چاقىلىرىمىزدىن ئايرىۋېتىلگەن تۇرساق!› دېدى. لېكىن ئۇلارغا ئۇرۇش پەرز قىلىنغان ئىدى، ئازغىنىسىدىن باشقىسى يۈز ئۆرۈدى. ئاللاھ زالىملارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[①].

بۇ ئايەت ۋەتەننى ئىشغالىيەتتىن، بالا - چاقىنى ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 4) زالىم

بۇ مۇسۇلمانلارغا ھەر تۈرلۈك زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋەتكەن، چىقىپ كېتىشكە چارە تاپالمىغانلارنى ئاسارەتتە تۇتۇۋاتقانلار بولۇپ، بۇلارغا قارشى قىلىنىدىغان جىھادمۇ ئۇرۇش قىلىشتۇر يەنى قىتالدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا لَكُمْ لَا تُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلْوِلْدَٰنِ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا مِنْ هَٰذِهِ ٱلْقَرْيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهْلُهَا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا وَٱجْعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا ﴿٧٥﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! سىلەرگە نېمە بولدىكىن ئاللاھنىڭ يولىدا ۋە: «رەببىمىز! بىزنى بۇ ئاھالىسى زالىم يۇرتتىن چىقارغىن، بىزگە ئۆز تەرىپىڭدىن ۋەلىي ئاتا قىلغىن ۋە بىزگە ئۆز تەرىپىڭدىن ياردەمچى ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقان چارىسىز ئەر، ئايال ۋە باللارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۇرۇشمايۋاتىسىلەر؟»[②].

﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَٰتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا۟ ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ ﴿٣٩﴾ ٱلَّذِينَ أُخْرِجُوا۟ مِن دِيَٰرِهِم بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّآ أَن يَقُولُوا۟ رَبُّنَا ٱللَّهُ ۗ... ﴿٤٠﴾﴾

«ئۇرۇش ئېچىلغانلارغا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلدى. چۈنكى ئۇلار زۇلۇمغا ئۇچرىدى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 246 - ئايەت.

② 4 - سۈرە نىسا، 75 - ئايەت.

قادىردۇر. ئۇلار پەقەت ‹رەببىمىز ئاللاھتۇر› دېگەنلىكى ئۈچۈنلا يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان كىشىلەردۇر»①.

## §4. سەۋەب ۋە نەتىجە

### 1. غەپلەت ۋە جازاسى

ئاللاھ تائالا «ئىززەت ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ۋە مۇئمىنلارغا مەنسۇپ ، لېكىن مۇناپىقلار بىلمەيدۇ» ② دېگەن مەنىدىكى ئايىتىدە مۇئمىنلارغىمۇ ئىززەت ۋەدە قىلغان، «ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئەڭ ئۈستۈن بولغۇچىلار سىلەر بولىسىلەر» ③ دېگەن مەنىدىكى ئايىتىدە غالىبلىق ماقامىدا بولۇش ئۈچۈن مۇئمىن بولۇشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. تۆۋەندىكى ئايەتتە بولسا، مۇئمىنلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان:

﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي ٱلْأَرْضِ كَمَا ٱسْتَخْلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ ٱلَّذِي ٱرْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا ۚ يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْـًٔا ۚ وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٥٥﴾﴾

«ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مۇنداق ۋەدە بەردى: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلىدۇ، خۇددى ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى ھۆكۈمران قىلغىنىدەك. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۇلارغا مۇستەھكەم قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ، ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن رازى بولغان دىندۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى خاتىرجەملىككە ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى

---

① 22 - سۈرە ھەج، 39 - ۋە 40 - ئايەتلەر.
② قاراڭ: 63 - سۈرە مۇنافىقۇن، 8 - ئايەت.
③ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 139 - ئايەت.

شېرىك قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن كافىر بولغانلار ھەقىقەتەن فاسىقلاردۇر»[1].

بۇ ئايەت ئېنىق ۋە قەتئىي دالالەت قىلىدۇكى، ئاللاھ تائالا زېمىندا ھۆكۈمران قىلىشنى، دىنىنى مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە قورقۇنچىسىنى خاتىرجەملىككە ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلغان مۇئمىنلار ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمىغان مۇئمىنلاردۇر.

ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەق، ئاللاھ ۋەدىسىگە ئەسلا خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇنداقتا كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خارلىقتا، قىيىنچىلىقتا ۋە زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان، زالىملارغا قارشى قوزغالغان بولسىمۇ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيۋاتقان مۇسۇلمانلار ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە سۈپەتلەنگەن مۇئمىنلار ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلار تۇنجى نازىل بولغان ئايىتى «ئوقۇغىن!» بىلەن باشلانغان بىر كىتابنىڭ ئېتىقادچىسى، «بۆشۈكتىن، تۆشۈككىچە ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان»[2] بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى تۇرۇقلۇق ئوقۇمىغان، ئۆگەنمىگەن، كەشپ - ئىجادىيەت ساھەسىدە ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن ۋە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق ياراتمىغان پاسسىپ مۇسۇلمانلاردۇر. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا: «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ كىتابىغا[3] مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار»[4] دەۋاتسا، مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ ئۆز مەزھېپىنىڭ كىتابلىرىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان، ئاللاھ تائالا «سىلەرگە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ياخشى ئۈلگە»[5] دەۋاتسا، ئۆز مەزھېپىنىڭ قۇرغۇچىسىنى، ئۆز تەرىقىتىنىڭ پېشۋاسىنى ئۈلگە قىلىۋالغان مۇسۇلمانلاردۇر.

---

① 24 - سۈرە نۇر، 55 - ئايەت.

② بۇ سۆز بۇ شەكلى بىلەن ھەدىس ئەمەس، لېكىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىلىم ھەققىدىكى ھەدىسلىرىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ.

③ بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قۇرئان، ئاللاھنىڭ مەھكەم ئارغامچىسىدۇر» دېگەن ھەدىسىگە ئاساسەن «ئاللاھنىڭ كىتابى» دەپ ئىزاھلاندى. (قاراڭ: تىرمىزى، «فەزائىلىل قۇرئان»، 13؛ دارىمى، «فەزائىلىل قۇرئان»، 1.

④ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 103 - ئايەت.

⑤ 33 - سۈرە ئەھزاب، 21 - ئايەت.

دېمەك، ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى مۆئمىن ھېسابلاش ياكى باشقىلار تەرىپىدىن مۆئمىن دەپ تونۇلۇش ۋە ياكى مۆئمىنلارنىڭ نەسلى بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ. مۇھىم بولغىنى، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىنىدىغان مۆئمىنلىقتۇر. تارىخ بويىچە ئىززەتتى خورلۇق بىلەن، غالىبلىقى مەغلۇبلۇق بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرغان مۆئمىنلار قۇرئان كەرىمدە تونۇتۇلغان مۆئمىنلار ئەمەس، بەلكىدە ئەنە شۇ «مۇسۇلمانلار»نىڭ بىرىدۇر.

بۈگۈن مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىغا ھەر تۈرلۈك زۇلۇم ۋە مۇسىبەت كەلمەكتە: قانلىرى تۆكۈلمەكتە، ماللىرى بۇلاڭ - تالاڭ، شەھەرلىرى بومباردىمان قىلىنماقتا. ئۇلار قاچماقتا، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلماقتا، تۇتۇلماقتا، زىندانلارغا تاشلانماقتا. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك پۈتۈن بۇلارنىڭ سەۋەبى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئۇ مۆئمىنلار بولماسلىقىدۇر. يەنى بۇلارنىڭ يىللاردىن بۇيان ئاللاھنىڭ كىتابىغا لايىق رەۋىشتە ئەمەل قىلمىغانلىقى، رەسۇلۇللاھقا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەگەشمىگەنلىكىدۇر.

دەرۋەقە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقلىرىغا لايىق رەۋىشتە ئەمەل قىلمىدى، قۇرئان كەرىم چەكلىگەن ئىشلاردىن تەلەپكە لايىق دەرىجىدە يىراق تۇرمىدى، قۇرئان كەرىم قىلغان نەسىھەتلەرگە ئەستايىدىل قۇلاق سالمىدى، قۇرئان كەرىم بايان قىلغان قىسسەلەردىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئىبرەت ئالمىدى، رەسۇلۇللاھقا تولۇق ئەگەشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلىم ئۆگىنىشنى تەرك ئەتتى، پەن - تېخنىكا ۋە كەشىپ - ئىجادىيەت ساھەلىرىدە باشقىلار بىلەن تەڭ ماڭمىدى، ئىشلىمىدى، ئىرىشمىدى، يېدى، ئىچتى، ياتتى. لازىملىق نەرسىلىرىنى ئۆزلىرى ياسىماي، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى، ياسىغان تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ۋە ئىجاد قىلغان يېڭىلىقلىرىنى سېتىۋېلىپ ئۇلارنى باي قىلدى.

قىسقىسى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي ھاياتىنى قۇرئان - ھەدىسكە قارىتا شەكىللەندۈرمىدى. ئەكسىچە ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزىنى ئوقۇشنى، رەسۇلۇللاھنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى دوراشنى، ئۈستىگە ئاسماندىن رەھمەت يېغىشى ۋە ئالدىغا زېمىندىن بەرىكەت چىقىشى ئۈچۈن يېتەرلىك دەپ چۈشەندى ۋە ئىشەندى. مۇسۇلمان بايلار بايلىقلىرىنى

ۋەتىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقىنىڭ ئويغىنىشى، ۋەتىنىدە ئىلىم - بىلىمنىڭ گۈللىنىشى، پەن - تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ھۈنەر - سانائەتنىڭ ئومۇملىششى ئۈچۈن سەرپ قىلمىدى. ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان سۈننەتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى) ئۇلارنى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەر بىلەن جازالىدى.

دېمەككى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىلمىشى سەۋەب، باشلىرىغا كېلىۋاتقىنى نەتىجە بولدى. كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ نەتىجىدۇر، سەۋەبى ئۇلارنىڭ قىلمىشىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇسۇلمانىنىڭ بايلىرى كەيپ - ساپا سۈرۈش بىلەن، باي بولمىغانلىرى قورساق بېقىش ئۈچۈن كونا قالاق ئۇسۇلدا ئىشلەش بىلەن، ياشلىرى بىكارچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى. بۇنى پەرق ئەتكەن ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۇ ئىلىمسىز مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىغا ئۆزىنىڭ قولچوماقلىرىنى باشلىق قىلىپ قويدى. بۇ قولچوماقلارنىڭ زۇلۇم پىچاقلىرى ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىگە يەتكەندە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يوللارغا تۆكۈلدى، مەيدانلارغا چىقتى. نەتىجىدە ئۇلار يىللاردىن بۇيان ئۆتكۈزۈپ كەلگەن كەمچىلىكلىرى تۈپەيلىدىن غەلىبە قىلالمىدى. يىغىپ ئېيتقاندا مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن زىيان تارتمىدى، مۇسۇلمانلار ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن زىيان تارتتى.

كۈنىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا جاھىللىق ۋە نادانلىق شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۆزلىرىنى مۇجاھىد دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ جىھاد چۈشەنچىسى جىھاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسلانمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىسى «جىھاد قىلدۇق»دەپ بىر يەرنى پارتلىتىدۇ، بەزىسى بىر يەرگە ئوت قويىدۇ، بەزىسى بىر مەسۇم ئىنساننى ئۆلتۈرىدۇ، بەزىسى بىر ئىجتىمائىي سورۇندا ۋەقە چىقىرىدۇ. بۇ ئىشلار مۇسۇلمانغا پايدا كەلتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ تېررورچى ئېلان قىلىنىشىغا، شۇنداقلا ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىش ياكى ئۇلارنى يوقىتىش لازىملىقىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئەسلىدە بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى «ئىسلامىي جىھاد» ئەمەس، ئىسلام ئۇ ئىشلاردىن ئادا - جۇدادۇر. چۈنكى ئىسلام ھېچبىر ئىنساننىڭ ئۆزگە

ئەمەس، خاتالىقىغا قارشى تۇرىدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنى يوق قىلىشنى ئەمەس، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئاساس قىلىدۇ. زېمىننى ۋەيران قىلىشنى ئەمەس، گۈللەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ باشلىرىغا قىلىچ تەڭلەپ ئۇلارنى مەجبۇرى ھالدا بويسۇندۇرۇش يولىنى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەقلىلىرىگە دەلىل تەڭلەپ ئۇلارنى ئىلمىي يوسۇندا قايىل قىلىش يولىنى تۇتىدۇ. قۇرئان كەرىمنى دىققەت بىلەن تەپەككۇر قىلغان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنى ئىمان ۋە ئىنساپ بىلەن تەتقىق قىلغان ھەر كىشى بۇنى تونۇپ يېتىدۇ.

## 2. خاتا ھەرىكەت ۋە مەغلۇبىيەت

ھىجرەت - يۇرتنى تاشلاپ قارىسىغا «تەۋەككۈل»دەپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىش ئەمەس، بەلكىدە ياشاۋاتقان يۇرتىدا قىلالمىغان ياخشى ئىشنى قىلىش غايىسى بىلەن، ئۇ ئىشنى قىلغىلى بولىدىغان بىرەر يۇرتنى ئالدىن ئۇقۇشۇپ، ئۇ يەرگە بېرىشنىڭ يولىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ھەر جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن شۇ يۇرتقا بېرىشتۇر. ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئىككى ھىجرەت (ھەبەشىستانغا ۋە مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت) ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن يولىيورۇق ۋە ئىجرا قىلغان تاكتىكىلار بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ[①].

جىھاد - ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا مۇسۇلمان بولۇپ ياشاش ئۈچۈن ۋە ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىلگىرىكى ھەر نەرسىنى سەرپ قىلىش دېمەكتۇر. مۇسۇلمان بولۇپ ياشاش ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتقا توغرا ئىشلاردا ماسلىشىش، خاتالىق بىلەن زۇلۇمغا مۇمكىن بولغان يول ۋە مۇۋاپىق بولغان ئۇسۇل بىلەن قارشى تۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ. ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى بولسا ئىسلامغا ھېكمەت ۋە چىرايلىق نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلىش، ئىسلامنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەھكام، ئەخلاق ۋە ئەدەبلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا، ئۇيغۇن پۇرسەتتە، تاتلىق تىل ۋە گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ. بۇلار ئىلمىي قابىلىيەت، ئىجتىمائىي سالاھىيەت ۋە سىياسىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردۇر.

---

① تەتقىقاتىمىزنىڭ «ھىجرەت» بۆلۈمىدە بۇ توغرىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ھاسىل قىلىش، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلىش ئەڭ چوڭ جىھاددۇر. چۈنكى بۇ ئىلىم بىلەن يەنى قۇرئان بىلەن قىلىنغان جىھاددۇر[1].

مەزلۇم مۇسۇلمانلارنىڭ مۇمكىن بولغان يەرگىچە ئۆز ۋەتىنىدە تۇرۇپ جىھاد قىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ بۇ جىھادى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان زالىملارنىڭ كۆزلىرىگە كىرگەن بىر تىكەن، يۈرەكلىرىگە سانجىلغان بىر يىڭنە بولۇپ ئۆز ماكانلىرىدا مەھكەم ئولتۇرۇشى، ۋەتىنىنى ئۇلارغا بىكارلاپ بەرمەسلىكى، ئوقۇشى، ئۆگىنىشى، بىلىم ئىگىسى بولۇشى، پەن - تېخنىكا ئىگىلىشى، شۇنداقلا ھايات يولىدا ئۇلار بىلەن ھەر جەھەتتە تەڭ ماختالايدىغان سەۋىيەگە چىقىشى، ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىلمىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆگىنىشى ۋە ھۈنەر - سەنئەت ساھەسىدە يۈكسىلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[2].

ئۇلارنىڭ مەككە پەتھە بولۇشتىن ئىلگىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىغان مۇئمىنلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى كۈتۈپ مەككىدە مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغاندەك ياشىشى[3]، فىرئەۋن خانىدانىنىڭ ئىچىدە ئىمانىنى يوشۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن پەيت كۈتكەن مۇئمىن ئادەمدەك پەيت كۈتۈشى[4] ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ دىنى ۋە مىللىي مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم. «ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ»[5]. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جىھاد ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ 23 يىللىق ھاياتىنىڭ تامامى جىھاد، لېكىن ھەممىسى ئۇرۇش ئەمەس. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇلارنى چۈشىنىشى، بىلىشى ۋە تونۇپ يېتىشى ئىنتايىن مۇھىم.

---

① قاراڭ: 25 - سۈرە فۇرقان، 52 - ئايەت. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا تەپسىلىي توختالدۇق.

② بۇ ئىشلارنىڭ جىھاد ئىكەنلىكى يۇقىرىدا تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

③ قاراڭ: 48 - سۈرە فەتھ، 25 - ئايەت.

④ قاراڭ: 40 - سۈرە غافىر، 28 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 286 - ئايەت.

### 3. ھوشيارلىق ۋە يوقالماسلىق

مۇسۇلمان ئۆز جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئىجابىي پائالىيەتلەرگە قوشۇلىدۇ، ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن قوللايدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەتتا ئالدىنقى سەپتە ماڭىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ ئۆز جەمئىيىتىدىكى سەلبىي ھادىسىلەرگە قوشۇلمايدۇ، ئۇلارنى قوللىمايدۇ، ئۇلارغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارشى تۇرۇشى ياخشى ئۇسلۇب، گۈزەل ئۇسۇل ۋە مۇۋاپىق يول بىلەن بولىدۇ.

جىھادنىڭ قورال - ياراغ بىلەن قىلىنىدىغان قىسمىنى قىلىشقا شەرتى توشمايدىغان يەنى تەلەپكە لايىق قۇۋۋىتى ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسكىرىي كۈچى بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ، مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارىتا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسىگە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى فىرئەۋنگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيەسى مىسال بولىدۇ. فىرئەۋن ئۆز ۋاقتىدا كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا نۇرغۇنلىغان خەلق بار ئىدى، فىرئەۋن ئۇ خەلقلەرنى ئالدىغان ئىدى، ئۇلار بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا بويسۇنغان ئىدى. ئاللاھ تائالا فىرئەۋننىڭ ئەمرىنى، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئېششىنى ۋە ئازغۇنلۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِآيَاتِنَا وَسُلْطَانٍ مُّبِينٍ ﴿٩٦﴾ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَاتَّبَعُوٓا أَمْرَ فِرْعَوْنَ ۖ وَمَآ أَمْرُ فِرْعَوْنَ بِرَشِيدٍ ﴿٩٧﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز مۇسانى ئايەتلىرىمىز بىلەن ۋە روشەن دەلىل بىلەن فىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ ئادەملەر فىرئەۋننىڭ ئەمرىگە بويسۇندى. ھالبۇكى، فىرئەۋننىڭ ئەمرى ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس ئىدى»[1].

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى فىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىشقا، ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ بىلەن پاكىت قويۇشقا ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

---

[1] 11 - سۈرە ھۇد، 96 - ۋە 97 - ئايەتلەر.

﴿ٱذۡهَبۡ أَنتَ وَأَخُوكَ بِـَٔايَٰتِي وَلَا تَنِيَا فِي ذِكۡرِي ﴿٤٢﴾ ٱذۡهَبَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٤٣﴾ فَقُولَا لَهُۥ قَوۡلٗا لَّيِّنٗا لَّعَلَّهُۥ يَتَذَكَّرُ أَوۡ يَخۡشَىٰ ﴿٤٤﴾﴾

«سەن ۋە قېرىندىشىڭ مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنى زىكىر قىلىشتا بوشاڭلىق قىلماڭلار. ئىككىڭلار بىرلىكتە فىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار. چۈنكى ئۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، نەسىھەت ئېلىشى ياكى ئەيمىنىشى مۇمكىن»①.

ئاللاھ تائالا فىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَنَادَىٰ فِرۡعَوۡنُ فِي قَوۡمِهِۦ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَلَيۡسَ لِي مُلۡكُ مِصۡرَ وَهَٰذِهِ ٱلۡأَنۡهَٰرُ تَجۡرِي مِن تَحۡتِيٓۚ أَفَلَا تُبۡصِرُونَ ﴿٥١﴾ أَمۡ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡ هَٰذَا ٱلَّذِي هُوَ مَهِينٞ وَلَا يَكَادُ يُبِينُ ﴿٥٢﴾ فَلَوۡلَآ أُلۡقِيَ عَلَيۡهِ أَسۡوِرَةٞ مِّن ذَهَبٍ أَوۡ جَآءَ مَعَهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ مُقۡتَرِنِينَ ﴿٥٣﴾﴾

«فىرئەۋن قەۋمىنىڭ ئىچىدە نىدا قىلىپ مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى مەندە ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۆستەڭلەر مېنىڭ ئاستىمدىن ئېقىۋاتامدۇ؟ كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ ياكى مەن بۇ ئەرزىمەس ۋە ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان ئادەمدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالتۇن بىلەزۈكلەر تاشلاپ بېرىلمىدى؟ ياكى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟»②.

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى يوقاتماقچى بولغان، لېكىن فىرئەۋن ئۇلاردىن بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھېچقانداق ئىش تاپالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆز قەۋمىدىن مۇسانى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ھالبۇكى، ئۇ بىر دىكتاتور

① 20 - سۈرە تاھا، 42 ~ 44 - ئايەتلەر.
② 43 - سۈرە زۇخرۇف، 51 ~ 53 - ئايەتلەر.

ئىدى، شۇنداقلا خالىغىنىنى ھېچكىمدىن سورىمايلا قىلالايتتى. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِىٓ أَقْتُلْ مُوسَىٰ وَلْيَدْعُ رَبَّهُۥٓ ۖ إِنِّىٓ أَخَافُ أَن يُبَدِّلَ دِينَكُمْ أَوْ أَن يُظْهِرَ فِى ٱلْأَرْضِ ٱلْفَسَادَ ﴿٢٦﴾﴾

«فىرئەۋن مۇنداق دېدى: مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرەي، مۇسا رەببىگە دۇئا قىلسۇن. مەن ئۇنىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى مەملىكەتتە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىشىدىن قورقىمەن»[1].

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھېچقانداق باھانە تاپالماي ئاخىرى ئۆز قەۋمىنىڭ دىنىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغدايدىغان، ئۇلارنىڭ ئېتىبارىنى ساقلايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان ھەمدە بۇ باھانە بىلەن ئۇلارنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋنگە، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرستى بەرمىگەن، فىرئەۋنىنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدىغان بىرەر ھەرىكەت قىلمىغان، بەلكىدە ئۇ ئۆز قەۋمىنى سەۋر قىلىشقا، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا، نامازنى ئۆيلىرىدە ئۆتەشكە، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى فىرئەۋنىنىڭ زۇلۇمىغا نىشان قىلىپ بەرمەسلىككە بۇيرۇغان. مۇشۇنداق بولغاندا فىرئەۋن ئۇلارنى يوق قىلىۋېتىشقا سەۋەب تاپالمايتتى. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰقَوْمِ إِن كُنتُمْ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ فَعَلَيْهِ تَوَكَّلُوٓا۟ إِن كُنتُم مُّسْلِمِينَ ﴿٨٤﴾ فَقَالُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلْنَا رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٥﴾ وَنَجِّنَا بِرَحْمَتِكَ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾ وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰ وَأَخِيهِ أَن تَبَوَّءَا لِقَوْمِكُمَا بِمِصْرَ بُيُوتًا وَٱجْعَلُوا۟ بُيُوتَكُمْ قِبْلَةً وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨٧﴾﴾

«مۇسا: ‹ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن بولساڭلار، ئەگەر مۇسۇلمان بولىدىغان بولساڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل

---

[1] 40 - سۈرە غافىر، 26 - ئايەت.

قىلىڭلار› دېدى. ئۇلار مۇنداق دېدى: ‹بىز پەقەت ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلدۇق، رەببىمىز! بىزنى زالىم قەۋمنىڭ قىينىشى بىلەن ئىمتىھان قىلمىغىن، بىزنى ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن كافىر قەۋمدىن قۇتقۇزغىن». بىز مۇساغا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىغا مۇنداق دەپ ۋەھيي قىلدۇق: ئىككىڭلار مىسىردا قەۋمىڭلار ئۈچۈن ئۆيلەر تەييارلاڭلار. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆيلىرىڭلارنى نامازگاھ قىلىڭلار، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەڭلار. ئى مۇسا! مۇئمىنلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن»[①].

پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇغان ۋە تەكشۈرگەن ھەر كىشى تونۇپ يېتىدۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز زامانىسىدىكى مۇستەبىتلەرگە قارشى مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇتقان يولنىڭ ئوخشىشىنى تۇتقان. تارىختا ئۆتكەن ھېچبىر پەيغەمبەر زالىم ھۆكۈمرانغا مۇئمىن جامائەتنى يوق قىلىۋېتىش پۇرسىتىنى بەرمىگەن، ئۇنىڭغا باھانە بولىدىغان ھېچبىر ئىش قىلمىغان ۋە ھېچبىر يولغا كىرمىگەن.

ئاللاھ تائالا باشقىلارغا يامانلىق تىلەشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، لېكىن مەزلۇمنىڭ زالىمغا يامانلىق تىلىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿لَّا يُحِبُّ ٱللَّهُ ٱلۡجَهۡرَ بِٱلسُّوٓءِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ إِلَّا مَن ظُلِمَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا ١٤٨﴾

«ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىدىن باشقىسىنىڭ يامان سۆزنى ئاشكارا سۆزلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ[②]. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[③].

---

① 10 - سۈرە يۇنۇس، 84 ~ 87 - ئايەتلەر.

② زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى بۇ قائىدىنىڭ تېشىدا. چۈنكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى پەرياد قىلالايدۇ؛ زالىمغا توۋلاپ دۇئايىبەت قىلالايدۇ، ئۇنىڭدىن زۇلۇم كۆرگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ يامانلىقلىرىنى سۆزلىيەلەيدۇ؛ ھەتتا يامان سۆزلىرىگە ئوخشاش يامان سۆزلەر بىلەن قارشىلىقمۇ بېرەلەيدۇ. قاراڭ: ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئىبنى يەزىد ئىبنى كەسىر ئىبنى غالىب تەبەرى، *جامىئۇل بەيان فىي تەئۋىلىل قۇرئان*، تەھقىقلىغۇچى: ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر (بېيرۇت: مۇئەسسەتۇررىسالە، ھ 1420 / م 2000)، 9: 346.

③ 4 - سۈرە نىسا، 148 - ئايەت.

يەنى ئاللاھ بىر كىشىنىڭ باشقا بىر كىشىگە يامانلىق تىلەپ ئاشكارا دۇئا قىلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. لېكىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى زۇلۇم قىلغۇچىغا يامانلىق تىلەپ ئاشكارا دۇئا قىلسا بولىدۇ[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ فىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ خانىدانىغا يامانلىق تىلەپ ئاشۇنداق دۇئا قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَقَالَ مُوسَىٰ رَبَّنَآ إِنَّكَ ءَاتَيْتَ فِرْعَوْنَ وَمَلَأَهُۥ زِينَةً وَأَمْوَٰلًا فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّوا۟ عَن سَبِيلِكَ ۖ رَبَّنَا ٱطْمِسْ عَلَىٰٓ أَمْوَٰلِهِمْ وَٱشْدُدْ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُوا۟ حَتَّىٰ يَرَوُا۟ ٱلْعَذَابَ ٱلْأَلِيمَ ﴿٨٨﴾﴾

«مۇسا ئېيتتى: رەببىمىز! سەن فىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە بۇ قىسقا مۇددەتلىك ھاياتتا زىننەت ۋە ھەر خىل مال - مۈلۈك بەردىڭ. رەببىمىز! بۇ ئۇلارنىڭ سېنىڭ يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈنمۇ؟ رەببىمىز! ئۇلارنىڭ ماللىرىنى قۇرۇتىۋەتكىن، قەلبلىرىنى قاتتىق قىلىۋەتكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەلەملىك ئازابنى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمىسۇن»[2].

نۇھ ئەلەيھىسسالامۇ شۇنداق دۇئا قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَقَالَ نُوحٌ رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى ٱلْأَرْضِ مِنَ ٱلْكَـٰفِرِينَ دَيَّارًا ﴿٢٦﴾ إِنَّكَ إِن تَذَرْهُمْ يُضِلُّوا۟ عِبَادَكَ وَلَا يَلِدُوٓا۟ إِلَّا فَاجِرًا كَفَّارًا ﴿٢٧﴾ رَّبِّ ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِىَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتِ ۖ وَلَا تَزِدِ ٱلظَّـٰلِمِينَ إِلَّا تَبَارًۢا ﴿٢٨﴾﴾

«نۇھ ئېيتتى: ‹رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن! چۈنكى سەن ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ ۋە فاجىر، تۈزكورلاردىن باشقىنى تۇغمايدۇ. رەببىم! ماڭا، ئاتا - ئانامغا، ئۆيۈمگە مۆئمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە، مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللارغا

① قاراڭ: تەبەرى، *جامىئۇل بەيان فىي تەئۋىلىل قۇرئان*، 9: 343.

② 10 - سۈرە يۇنۇس، 88 - ئايەت.

مەغپىرەت قىلغىن، زالىملارغا ھالاكەتتىن باشقا بىر نەرسە زىيادە قىلمىغىن!»[①].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ توغرىدا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردەك يول تۇتقان. مەككىدە تۇرغان 13 يىللىق ئۇزۇن زامان ئىچىدە مۇئمىنلارغا قوراللىق جىھاد قىلىش رۇخستى بەرمىگەن. ئەگەر بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان بولسا ئىدى، دۈشمەنلەرگە مۇئمىنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن پۇرسەت بەرگەن بولاتتى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قەتلىئام قىلىشىغا باھانە تېپىپ بەرگەن بولاتتى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋە دۆلەتنىڭ ئۇلى تۇتۇلغان، ئارمىيەنىڭ ئاساسى قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇئمىنلارغا ئۆزلىرىنى قوغداش رۇخستى بېرىلدى. چۈنكى بۇ چاغدا مۇئمىنلارنىڭ يامانلىق قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشى ئۇلارنىڭ يوق بولۇپ كېتىشلىرىگە سەۋەبچى بولماستىن، بەلكىدە ھەقنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇراتتى ۋە باتىلنىڭ يوق بولۇشىغا ھەسسە قوشاتتى.

## خۇلاسە

• بۈگۈن يەر يۈزىدە مەدىنىگە ئوخشاش ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان بىرەر مۇسۇلمانلار دۆلىتى ياكى ھەبەشىستانغا ئوخشاش ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرگە پاناھلىق بېرىدىغان بىرەر ئادىل پادىشاھ دۆلىتى مەۋجۇت بولغان تەقدىردە، ياشاۋاتقان يېرىدە مۇسۇلمانلىق سۈپىتى بىلەن خاتىرجەم ياشىيالمىغان مۇسۇلمانلاردىن شۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بىرىگە كېتىشكە قادىر بولالىغانلارنىڭ ھىجرەت قىلىشى پەرزدۇر.

• مۇسۇلمان قەيەردە ياشىسا ياشىسۇن ھەر دائىم قولىدىن كەلگەن جىھادنى قىلىدۇ يەنى مۇسۇلمان ئۆز نەپسى ۋە شەيتان بىلەن ھەر دائىم كۈرەش قىلىدۇ، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى، تارقىلىشى ۋە قوغدىلىشى، ئىلىم - مەرىپەت نۇرىنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايە قىلىنىشى ۋە قوغدىلىشى ئۈچۈن ئىلمى، پىكرى، ئەقلى ۋە مېلى بىلەن قولىدىن كەلگەن

① 71 - سۈرە نۇھ، 26 ~ 28 - ئايەتلەر.

تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ. قوراللىق قىلىنىدىغان جىهادنىڭ شەرتلىرى ھازىرلىنىپ باشلانسا ئۇنىڭغا قاتنىشىدۇ.

● بۈگۈن مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىغا كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مۇسۇلمانلار بولماسلىقىدۇر. شۇڭا سۈننەتۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى) ئۇلارغا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا ۋەدە قىلىنغان نېمەتلەردىن مەھرۇم قېلىش جازاسى بەرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَآ أَصَٰبَكُم مِّن مُّصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتۡ أَيۡدِيكُمۡ وَيَعۡفُواْ عَن كَثِيرٍ ٣٠﴾

«سىلەرگە قانداق مۇسىبەت يەتسە ئۆز قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن يېتىدۇ، ئاللاھ تولىسىنى ئەپۇ قىلىدۇ»[1].

﴿... إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡۗ وَإِذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِقَوۡمٍ سُوٓءًا فَلَا مَرَدَّ لَهُۥۚ وَمَا لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَالٍ ١١﴾

«... ھەرقانداق قەۋم ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ھەرگىزمۇ ئۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئاللاھ بىرەر قەۋمگە يامانلىق ئىرادە قىلسا ئۇنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر قوغدىغۇچىسى يوقتۇر»[2] .

﴿مَّنۡ عَمِلَ صَٰلِحٗا فَلِنَفۡسِهِۦۖ وَمَنۡ أَسَآءَ فَعَلَيۡهَاۗ وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ٤٦﴾

«كىم ياخشى ئىش قىلسا پايدىسى ئۆزىگىدۇر. كىم يامان ئىش قىلسا زىيىنى ئۆزىگىدۇر. رەببىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر»[3].

● ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا غالىب كېلىش ئۈچۈن بىر قانۇن يولغا قويغان. ئۇ قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلار غالىب كېلىدۇ. ئۇھۇد مەيدانىدا پەيغەمبىرىمىز باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا مۇشرىكلار غالىب كەلگەن. دېمەككى، ئۇرۇش

---

① 42 - سۈرە شۇرا، 30 - ئايەت.
② 13 - سۈرە رەئد، 11 - ئايەت.
③ 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 46 - ئايەت.

قانۇنغا بويسۇنمىغان مۇسۇلمانلار، ئۆز ئارىسىدا پەيغەمبەر بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ كېتىدۇ.

مۇسۇلمانلار «بىز ئۇنداق مىللەت، بىز تارىختا ئۇنداق ئىش قىلغان مىللەت، بىزدىن پالانى ئالىم چىققان، پوكۇنى زات يېتىشكەن» دەپ ئۆتمۈشىدىن پەخىرلىنىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئىسلام دىيارى دەپ ئاتىلىدىغان يەردە ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن ۋە ياكى باشقىلارنىڭ مۇسۇلمان دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان دەپ چۈشىنىشىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى، شۇنداقلا ئىزدىنىشى، ئۆگىنىشى، ئىشلىشى ۋە سۈننەتۇللاھقا مۇۋاپىق ئىش قىلىشى شەرت①.

بىز تارىختا ئۆتكەن ئالىم، سېخىي ۋە قەھرىمان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۇلار بىلەن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز. لېكىن بۇ يەردە شۇنى بىلىشىمىز زۆرۈركى: ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى بىزنىڭ «ياخشى ئادەم» بولۇشىمىزغا يەتمەيدۇ. «ياخشى ئادەم» بولۇشىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىز ياخشى ئىش قىلىشىمىز لازىم، چۈنكى مۇسۇلماننىڭ بالىسى بولۇش باشقا، مۇسۇلمان بولۇش باشقىدۇر. ھەقنى كۆرگەنلىك باشقا، ھەقنى كۆزلىگەنلىك باشقىدۇر. ھەقىقەتنى چۈشەنگەنلىك باشقا، ھەقىقەتكە ئىشەنگەنلىك باشقىدۇر. ھەققانىيەتنى تونۇغانلىق باشقا، ھەققانىيەتتە تۇرغانلىق باشقىدۇر.

دەرۋەقە، دۇنيادا ھېچبىر چېمپىيون، چېمپىيون ئاتىنىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن چېمپىيون ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە ھەر چېمپىيون ئۆزىنىڭ تەنھەرىكەت ساھەسى بويىچە پۈتۈن مۇسابىقىلەردە بىرىنچى بولۇپ چېمپىيون بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىرىنچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مۇكاپات لوڭقىسىنى ئالىدۇ.

---

① ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى - ئىنسانغا ئۆز قىلمىشىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە يوقتۇر﴾ (53 - سۈرە نەجم، 39 - ئايەت).

خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇسۇلمانلىق، تەقۋادارلىق، مەردلىك، سېخىيلىق ۋە باتۇرلۇق قاتارلىق ئالىي خىسلەتلەر ساھەسىدىمۇ ھەر چېمپىيوننىڭ چېمپىيون بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇسابىقىگە بىۋاستە قاتنىشىشى ۋە بىرىنچى بولۇپ چىقىشى شەرت. شۇنداق بولغاندا ئۇ، دۇنيادا سائادەت، ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت بولغان مۇكاپات لوڭقىسىنى ئالالايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣﴾

«رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىش، كەڭلىكى ئاسمانلارغا ۋە زېمىنغا تەڭ كېلىدىغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئالدىراڭلار! ئۇ جەننەت تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان»①.

﴿سَابِقُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا كَعَرۡضِ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ أُعِدَّتۡ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۚ ذَٰلِكَ فَضۡلُ ٱللَّهِ يُؤۡتِيهِ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ٢١﴾

«رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىش، كەڭلىكى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ كەڭلىكىدەك كېلىدىغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن بەسلىشىڭلار. ئۇ جەننەت ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن تەييارلانغان. بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر، ئاللاھ ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزلىنىڭ ئىگىسىدۇر»②.

• مۇسۇلمان ھەر جايدا ۋە ھەر چاغدا ھەقنى كۆزلەيدۇ ۋە ھەقنى سۆزلەيدۇ، لېكىن بەزى شارائىتلاردا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى يوشۇرۇپ ياشىسا ياشايدۇكى، ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە يېقىنلىرىغا زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشتىن يىراق تۇرىدۇ. ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، نامازلىرىنى ئۆيىدە ئۆتىسە ئۆتەيدۇكى، ئۆزىنى خەتەرگە ئاتمايدۇ. ئۆز جەمئىيىتىدىكى

---

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 133.
② 57 - سۈرە ھەدىد، 21 - ئايەت.

توغرا ئىشلارنى قوللايدۇ، خاتا ئىشلارغا ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ھەر دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە ۋە ئۆزىنى ياردەمسىز قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسى ياكى ئاللاھنىڭ ئىمتىھانى دەپ چۈشىنىدۇ. ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ، خاتالىقى بولسا تۈزىتىدۇ. بولمىسا سەۋر قىلىدۇ ۋە ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، شۇنداقلا ئىماندىن يانمايدۇ، ئىسلامدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئوڭ - سولغا بۇرۇلماستىن توغرا يولدا ئۇدۇل ماڭىدۇ.

قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان قىسسەلەر تارىخىي ۋەقەلەر بولۇپ، ئۇ ۋەقەلەر ھەر زامان ۋە ھەر ماكان تەكرارلىنىدۇ. مۇئمىن ئەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ ئالدىدا تېگىرقاپ ئىماننى ۋە ئىشەنچىسىنى يوقاتماستىن، ئىلگىرىكى مۇئمىن قېرىنداشلىرى شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ ئالدىدا ئىماننى ساقلاپ قالغاندەك، ئىماننى ساقلاپ قالىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ جىھاد قىلغانلىقىدۇر.

# VI  ئىلىم - پەن

## §1. «ئىلىم»نىڭ مەنىسى ۋە رولى

«ئىلىم»نىڭ لۇغەت مەنىسى شەيئىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەك دېگەن بولىدۇ. ئىستىلاھىي (ئاتالغۇ) مەنىسى بولسا ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بىرەر نەرسە ياكى بىرەر ساھە توغرىسىدا توپلانغان مەلۇمات دېگەن بولىدۇ①. بۇ ئۇيغۇرچىدا «ئىلىم - پەن» دەپ ئاتىلىدۇ②.

قۇرئان كەرىمدە ئىلىمنىڭ، سىياسى ۋە ئەسكەرىي ئەمەل تۇتۇش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان سالاھىيەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ③. ئايەتلەرنى توغرا چۈشىنىش، ئاللاھ تائالانى توغرا تونۇش، ئاخىرەت ھاياتىنى توغرا تەسەۋۋۇر قىلىش، كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ماھىيىتىنى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش قاتارلىقلارنىڭ قورالى ھېسابلىنىدۇ④.

## §2. «ئىلىم»نىڭ ماھىيىتى ۋە مەنبەسى

ئاللاھ تائالا تۇنجى نازىل قىلغان ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ ۝١ خَلَقَ ٱلْإِنسَـٰنَ مِنْ عَلَقٍ ۝٢ ٱقْرَأْ وَرَبُّكَ ٱلْأَكْرَمُ ۝٣ ٱلَّذِى عَلَّمَ بِٱلْقَلَمِ ۝٤ عَلَّمَ ٱلْإِنسَـٰنَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ۝٥﴾

---

① قاراڭ: ئەھمەد مۇختار ئابدۇلھەمىد ئۆمەر، «علم»، *مۇئجەمۇل لۇغەتىل ئەرەبىييەتىل مۇئاسىرە* (سەئۇدى ئەرەبىستان: ئالەمۇل كۇتۇب، ھ 1429 / م 2008)، 2: 1541؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «علم»، 2: 624؛ ئابلىز ياقۇپ ۋە باشقىلار، «ئىلىم»، *ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى* (قىسقارتىلمىسى)، (ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999)، 1352.

② قاراڭ: ئابلىز ياقۇپ ۋە باشقىلار، «ئىلىم - پەن»، 1352.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 247 - ئايەت.

④ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 7 - ۋە 18 - ئايەتلەر؛ 28 - سۈرە قەسەس، 80 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 28 - ئايەت.

«ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن! ئۇ ئىنسانىنى يىپىشقاق قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن! رەببىڭ ئەڭ سېخىيدۇر. ئۇ شۇنداق زاتكى، قەلەم بىلەن ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگىنىنى ئۆگەتتى»①.

ئايەتتىكى «ئوقۇغىن» ھازىر ساڭا نازىل قىلىنىشقا باشلىغان قۇرئاننىڭ لەۋزىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلغىن ۋە مەنىلىرىنى زېھنىڭدا چەملىگىن دېگەن بولىدۇ. «رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن» دېمەك، ئوقۇشنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىش بىلەن باشلىغىن، ھەر ئوقۇشىڭدا ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، ئۇنىڭغا تايانغىن، ئۇنىڭغا تېۋىنغىن، ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئىجرا قىلىشتا پەقەت ئۇنىڭ رىزاسىنىلا كۆزلىگىن، شۇنداقلا سۆز - ھەرىكەتلىرىڭنى بۇنىڭغا قارىتا قىلغىن. شۇنىڭدەك، ھەر ئوقۇشۇڭدا ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى يوقتىن ياراتقان، ئۆزىنىڭ ھەر مەخلۇقنى لازىملىق نەرسە بىلەن تەمىنلەۋاتقان، پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى ھاكىمىيتى ئاستىدا تۇتتۇۋاتقان زات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىن دېگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بىرىنچى ئايەتتە ئوقۇشقا ئەمىر قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىلىق سۈپىتىنى، ئىككىنچى ئايەتتە ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرى نازىل قىلغان كىتابى، يەنە بىرى ياراتقان كىتابى بولۇپ، ئىككى تۈرلۈك كىتابى بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئايەتتە ئالدى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاندىن ئۇنىڭ ھەر ئۇممىتىنى ئۆزىنىڭ نازىل قىلغان ۋە ياراتقان ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ:

*«ئى مۇھەممەد! ئى مۇئمىن! مەن ھازىر نازىل قىلىشقا باشلىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇغىن، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى ئۆگەنگىن! شۇنىڭدەك، مەن تەبىئەتتە ياراتقان ئايەتلەرنى ئوقۇغىن، ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ئۆگەنگىن!».*

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەمىر قىلىشى، ھەر مۇسۇلماننى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى

① 96 - سۈرە ئەلەق، 1 ~ 5 - ئايەتلەر.

تەلەپكە لايىق ئادا قىلغۇدەك دەرىجىدە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنى بىلىشكە ئەمر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئوقۇش كۇنىمىز تىلىدا ئىلاھىيات ئوقۇش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇگۈنكى تەجۋىد، تەفسىر، ھەدىس، فىقھە، ئەخلاق، ئاقائىد ۋە دىنلەر تارىخى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر ئەسلىدە ئەنە شۇ ئىلاھىيات ئىلىملىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ ئىلىملەرنى ئوقۇشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە ئۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ۋاستە بولىدىغان مورفولوگىيە، سىنتاكسىس ۋە ئىستىلىستىكا قاتارلىق ئىلىملەرنى ئوقۇشقىمۇ ئەمر قىلغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ تەبىئەت ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەمر قىلىشى، ھەر مۇسۇلماننى ئۆزىدىن باشلاپ ئەتراپىدىكى تەبىئەت (مەخلۇقات)نىڭ ماھىيەتلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىلىمنى ئوقۇش كۇنىمىز تىلىدا تەبىئىي پەن ئوقۇش دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالا دەسلەپتە نازىل قىلغان ئايەتلىرىدە بىزنى فىزىكا، خىمىيە، مېدىتسىنا، بىنارىكارلىق، بىئولوگىيە، جۇغراپىيە ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق بىلىملەرنى ئوقۇشقا ئەمر قىلغان.

«ئوقۇغىن! رەببىڭ ئەڭ سېخىيدۇر» دېمەك، ئاللاھ تائالا تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىپ ئىنسانىيەتنىڭ خىزمىتىگە سۇنغان، سەن ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى ۋە ئۇلاردىن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى ئۆگەنگىن دېگەن بولىدۇ. بۇ پۈتكۈل پەن - تېخنىكا ۋە ھۈنەر - سەنئەتنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئۇ شۇنداق زاتكى، قەلەم بىلەن ئۆگەتتى، ئىنسانغا ئۇنىڭ بىلمىگىنىنى ئۆگەتتى»

ئاللاھ تائالانىڭ ئوقۇشقا ئىككى قېتىم ئەمر قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قەلەم بىلەن ئۆگەتكەنلىكىنى ۋە ئىنسانغا ئۇنىڭ بىلمىگىنىنى ئۆگەتكەنلىكىنى زىكىر قىلىشى، ئىنساننى قەلەم بىلەن ئۆگىنىلىدىغان بارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىلىمنى ئوقۇش كۇنىمىز تىلىدا ئىجتىمائىي پەن ئوقۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەككى، ئاللاھ تائالا بىزنى تۇنجى نازىل قىلغان ئايەتلىرىدە سەنئەت، سىياسەت، ئىقتىساد، تارىخ، پسىخولوگىيە، تىل - ئەدەبىيات، ئەخلاق قاتارلىق ئىلىملەرنى ئوقۇشقىمۇ بۇيرۇغان.

**ئەسكەرتىش:**

ئايەتتىكى قەلەم كۆنىمىزدىكى خەت يېزىش ۋە شەكىل سىزىش ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: قەلەم، ماشىنكا، كومپيۇتېر ۋەھاكازا قاتارلىق ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسى قەلەم ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان بىلىملەرنى ئوقۇغان ۋە ئۆگەنگەن كىشى ئالىم، ئۇنداق قىلمىغان كىشى جاھىل ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىنسان بۇ دۇنياغا جاھىل كېلىدۇ. جاھىل ئۆزىنىڭ بۇ جاھىللىقى بىلەن قالغان كىشىدۇر، ئالىم ئاللاھ ئاتا قىلغان قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىدىكى جاھالەتنى يوقاتقان كىشىدۇر[1]. بۇ ئىككى تۈرلۈك ئىنسان ئەسلا ئوخشاش بولمايدۇ[2].

## §3. ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى

ئىنسان بۇ دۇنياغا بىكار يارىتىلمىغان[3]، ئەكسىچە ئۇ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان[4]. «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ئۇلۇغلاپ ئىتائەت قىلماق دېگەن بولۇپ[5]، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش - ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىتائەت قىلىش، چەكلىمىلىرىدىن كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن ساقلىنىش ۋە نەسىھەتلىرىگە چىن ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىش دېمەكتۇر. بۇلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇش ۋە لايىق رەۋىشتە ئادا قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك سەۋىيەدە ئىلىم بولمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تۇنجى نازىل قىلغان ۋەھيىسىنى «ئوقۇغىن!» بىلەن باشلىغان، شۇنداقلا ئۇ ۋەھيىدە پۈتۈن ئىلىم - پەنلەرنى ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە ۋە قانات يايدۇرۇشقا بۇيرۇغان.

---

① قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 78 - ئايەت.

② قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 9 - ئايەت.

③ قاراڭ: 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 115 - ئايەت؛ 75 - سۈرە قىيامەت، 36 - ئايەت.

④ قاراڭ: 51 - سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

⑤ راغىب ئىسفەھانى، «عبد»، 542؛ ئىبنى مەنزۇر، «عبد»، 3: 273؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «عبد»، 2: 579.

## §4.ئىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَمَّنْ هُوَ قَٰنِتٌ ءَانَآءَ ٱلَّيْلِ سَاجِدًا وَقَآئِمًا يَحْذَرُ ٱلْءَاخِرَةَ وَيَرْجُواْ رَحْمَةَ رَبِّهِۦ ۗ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ۗ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٩﴾﴾

«ئەنە شۇ كافىر ياخشىمۇ؟ ياكى ئاخىرەت ئەندىشىسى ۋە رەببىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈمىدى بىلەن كېچىنىڭ ۋاقىتلىرىنى سەجدە قىلىپ ۋە قىيامدا تۇرۇپ ئۆتكۈزگەن كىشى ياخشىمۇ؟ ئېيتقىنكى: ‹بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟› بۇنى پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ»[1].

﴿... يَرْفَعِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْعِلْمَ دَرَجَٰتٍ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١١﴾﴾

«... ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى كۆتۈرىدۇ. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[2].

﴿... إِنَّمَا يَخْشَى ٱللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ ٱلْعُلَمَٰٓؤُاْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ ﴿٢٨﴾﴾

«... ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا ئەيمىنىدۇ. ئاللاھ ئەزىزدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»[3].

## §5.ئۆگىنىشنىڭ ھۆكمى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ ﴿١﴾ خَلَقَ ٱلْإِنسَٰنَ مِنْ عَلَقٍ ﴿٢﴾ ٱقْرَأْ وَرَبُّكَ ٱلْأَكْرَمُ ﴿٣﴾ ٱلَّذِى عَلَّمَ بِٱلْقَلَمِ ﴿٤﴾ عَلَّمَ ٱلْإِنسَٰنَ مَا لَمْ يَعْلَمْ ﴿٥﴾﴾

---

① 39 - سۈرە زۇمەر، 9 - ئايەت.
② 58 - سۈرە مۇجادەلە، 11 - ئايەت.
③ 35 - سۈرە فاتىر، 28 - ئايەت.

«ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن! ئۇ ئىنسانى ئىنسانى يېپىشقاق قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن! رەببىڭ ئەڭ سېخىيدۇر. ئۇ شۇنداق زاتكى، قەلەم بىلەن ئۆگەتتى، ئىنسانغا ئۇنىڭ بىلمىگىنىنى ئۆگەتتى»[①].

قۇرئان كەرىمنىڭ دەسلەپتە نازىل بولغان بۇ ئايەتلىرى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ[②]. نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرى ئىلىمنىڭ بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئالىملارنىڭ دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[③]. شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەر كىشىنىڭ ئوقۇغۇچى بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلىقنىڭ ئالىملىق سەۋىيەسىگە يېتىشى ئۈچۈن بۇنى كىچىك ياشتىلا باشلاش كېرەك. ياخشى، لاياقەتلىك، پايدىلىق ۋە مەسئۇلىيەتچان كىشلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، ئاتا - ئانىلارنىڭ، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلىشى، ئوقۇتۇشى ۋە يېتەكلىشىگە باغلىق. بۇ توغرىدا كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

جەمئىيەت ئەر - ئاياللاردىن تەركىب تاپقانلىقى ۋە بۇ جەمئىيەتكە ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېغىشى ئۈچۈن ھەر ئىككى جىنسنىڭ «ياخشى ئىش قىلغۇچى» بولۇشى كېرەك[④]. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم شەرت، چۈنكى ياخشى - يامانىنى بىلمىگەنلەرنىڭ ياخشى ئىشنى تەلەپكە لايىق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا ھەر ئىككى جىنسنىڭ يەنى ئوغۇللارنىڭ ۋە قىزلارنىڭ ئوخشاشلا ئوقۇشى، ئىلىملىك بولۇپ يېتىلىشى كېرەك. لېكىن كۆپىنچە كىشلەر ئوغۇل بالىنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك قىز بالىلارنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ شۇنى بىلىشى لازىمكى، ئاللاھ تائالا بىزنى بىر ئەر ۋە بىر ئايالدىن ياراتقان[⑤]، بىزگە قىز - ئوغۇل پەرزەنتلەر بەخش ئېتىپ[⑥]، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ بۇ قىسقا مۇددەتلىك

---

① 96 - سۈرە ئەلەق، 1 ~ 5 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 96 - سۈرە ئەلەق، 1 - ئايەت.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 247 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 7 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 162 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 49 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 6 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 28 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 9 - ئايەت؛ 58 - سۈرە مۇجادەلە، 11 - ئايەت.

④ «چۈنكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر» (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 56 - ئايەت).

⑤ قاراڭ: 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 42 - سۈرە شۇرا، 40 - ئايەت.

ھاياتىمىزنى زىننەتلىگەن[1]. نەتىجىدە ئىنسانلار ئەر ۋە ئايال دەپ ئىككى جىنسقا ئايرىلغان[2]. ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادا ئاللاھقا بەندە، رەسۇلۇللاھقا ئۈممەت بولۇپ ياشاش تەكلىپى ھەر ئىككى جىنسقا قارىتىلغان[3].

شۇنىڭ ئۈچۈن كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەرلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغاندەك ئاياللارمۇ ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدۇر. ئەرلەرنىڭ ئاللاھ ئاتا قىلغان نازۇنېمەتلەردىن قانچىلىك بەھرىمەن بولۇش ھەققى بولسا ئاياللارنىڭمۇ شۇنچىلىك ھەققى بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئاللاھقا قانداق شۈكۈر قىلىش مەجبۇرىيىتى بولسا ئاياللارنىڭمۇ شۇنداق مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھەر ئىككى جىنسقا ئوخشاش ئىنساني ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلغان. جۈملىدىن ھەر ئىككى جىنسقا روھ، ئەقىل، دىل ۋە بەش سەزگۈ ئەزا قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى بەرگەن. ئالاھىدىلىكلەر ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىلەر ئوخشاش يۈكلەنگەن. رۇخسەتلەر ئوخشاش بېرىلگەن، ئىمكانلار ئوخشاش سۇنۇلغان. مەسىلەن:

ئىمان ئاساسلىرى، ئىسلام ئەركانلىرى ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاش يۈكلەنگەن. سەپەر ئۈستىدە، كېسەللىك ھالەتتە روزىنى كېيىن تۇتۇش رۇخستى، نامازنى ئادا قىلىشتا بەزى شارائىتقا قاراپ تۇغدۇرۇلغان (قادىر بولالمىغانلارنىڭ تەيەممۇم قىلىپ، ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ناماز ئوقۇشى... قاتارلىق رۇخسەتلەرگە ئوخشاش) ئاسانچىلىقلار بېرىلگەن. ھەر ئىككى جىنس ئوخشاش ئىنساني ئالاھىدىلىك بىلەن يارىتىلىپ، كائىناتتىكى نازۇنېمەتلەر ھەر ئىككىسى ئۈچۈن ئوخشاش مۇساپىدە قويۇلغان.

ئىككى جىنسنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرىگە قاراپ ئۇلارغا يۈكلەنگەن بەزى ۋەزىپىلەرنىڭ شەكلى پەرقلىق بولغان. جۈملىدىن: ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا ھەر جىنسنىڭ پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرى دىققەتكە ئېلىنىپ ۋەزىپە تەقسىم قىلىنغان. مەسىلەن: ئانىلارغا باللارنى ئېمىتىش ۋەزىپىسى،

---

① قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 46 - ئايەت.
② قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت.
③ قاراڭ: 33 - سۈرە ئەھزاب، 35 - ئايەت.

ئاتىلارغا ئانىلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قامداش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. ئائىلىنى بېقىش ۋەزىپىسى ئەرلەرگە، ئائىلىنىڭ ئامانەتدارلىق ۋەزىپىسى ئاياللارغا يۈكلەنگەن.

پۈتۈن بۇ ۋەزىپىلەرنى تونۇپ لايىق رەۋىشتە ئادا قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە ئىلىم بولمىسا بولمايدۇ. ئاللاھ ئاتا قىلغان قابىلىيەتلەرنى توغرا ئىشلىتىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەۋىيە بولمىسا بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن دىنىمىز ھەر ئىككى جىنسقا ئىلىم تەلەپ قىلىشنى پەرز، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى زۆرۈر قىلغان.

يۇقىرىدىكى ئايەت - ھەدىسلەردە بولمىسۇن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەت - ھەدىسلەردە بولمىسۇن ئىلىم ئوقۇشقا تەشۋىق قىلىدىغان، ئىلىم ئوقۇشقا ئەمر قىلىدىغان، ئىلىم ئوقۇشنى پەرز قىلىدىغان ھېچبىر ئايەتتە ياكى ھېچبىر ھەدىستە قىز - ئوغۇل پەرقى يوقتۇر. چۈنكى يۇقىرىدىكى ۋەزىپىلەرنى تونۇش ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئەر - ئايال ئايرىماستىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پەرزدۇر.

مانا بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئوغۇل بالىلارنى ئوقۇتۇش قانچىلىك مۇھىم بولسا قىز بالىلارنى ئوقۇتۇشمۇ شۇنچىلىك مۇھىمدۇر، ھەتتا تېخىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى قىزلار ئانا نامزاتىدۇر، ئانىلار بالىلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى، دەسلەپكى تەربىيەچىسى ۋە ئاۋۋالقى يېتەكچىسىدۇر.

## *§6. ئۆگىنىشنىڭ سەۋەبلىرى*

### 1. ھۆرمەتنى ساقلاش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدۡ كَرَّمۡنَا بَنِيٓ ءَادَمَ وَحَمَلۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ وَرَزَقۡنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلۡنَٰهُمۡ عَلَىٰ كَثِيرٖ مِّمَّنۡ خَلَقۡنَا تَفۡضِيلٗا ٧٠﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم ئەۋلادىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق. ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا توشۇدۇق. ئۇلارغا پاك رىزىقلارنى بەردۇق. ئۇلارنى نۇرغۇن مەخلۇقاتىمىزدىن ئۈستۈن قىلدۇق»①.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئەر - ئايال دەپ ئايرىماستىن ئادەم ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارنى ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھۆرمەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى باشقا ئايەتلەردە بايان قىلدۇ. مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر مۇنداق:

﴿هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسمانلارغا يۈزلىنىپ ئۇلارنى يەتتە ئاسمان قىلىپ تەكشىلىدى. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»②.

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِي سَخَّرَ لَكُمُ ٱلْبَحْرَ لِتَجْرِيَ ٱلْفُلْكُ فِيهِ بِأَمْرِهِۦ وَلِتَبْتَغُواْ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٢﴾ وَسَخَّرَ لَكُم مَّا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا مِّنْهُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأَيَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٣﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ بۇنى، ئۆزى بېكىتىپ قويغان قانۇنىيەت بويىچە دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ ئۈزۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى. ئاللاھ يەنە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تەرىپىدىن ئىنئام سۈپىتىدە سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئايەتلەر بار»③.

---

① 17 - سۈرە ئىسرا 70 - ئايەت.
② 2 - سۈرە بەقەرە، 29 - ئايەت.
③ 45 - سۈرە جاسىيە، 12 - ۋە 13 - ئايەتلەر.

﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴿٥٦﴾﴾

«مەن جىن ۋە ئىنسانلارنى ماڭا ئىبادەت قىلىشلىرى ئۈچۈنلا ياراتتىم»①.

بۇ ئايەتلەر دالالەت قىلىدۇكى، ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئىنساننى پەقەتلا ئۆزىگە (ئاللاھقا) ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ياراتقان. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا قىلغان ھۆرمىتىدۇر. بۇ ھۆرمەتنى ساقلاشنى بىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىش لازىم.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن كائىناتتىن ئىبارەت بۇ مېھمانخانىنى يارىتىپ، ئۇنى بارلىق نازۇنېمەتلەر بىلەن بېزىگەندىن كېيىن ئىنساندىن ئىبارەت مېھماننى ئۇ نازۇنېمەتلەردىن پايدىلىنالايدىغان قابىلىيەتتە يارىتىپ، ئۇنى بۇ مېھمانخانىغا باشلاپ، ئۇ نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن «قېنى مەرھەمەت!» دېگەن.

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق ئىنساننى ئاللاھتىن غەيرىيگە قۇللۇق قىلىپ «ھۆرمەت»نى ئاياغ ئاستى قىلماسلىققا، قۇللۇقنى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى، پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى قامدىغۇچى ۋە باشقۇرغۇچىسى بولغان ئاللاھقىلا قىلىپ، ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسىگە چىقىشقا بۇيرۇغان②.

ئىنسان ئەنە شۇ ئىلاھىي ئەمر - پەرمانلارغا بويسۇنغاندىلا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ ياشىيالايدۇ، شۇنداقلا ئىلاھىي ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۇ دۇنيادىكى ئەبەدىي ھاياتىنىڭ جەننەتتە باشلىنىپ، جەننەتتە داۋاملىششىنى كاپالەت ئاستىغا ئالغان بولىدۇ. مەزكۇر ئەمر - پەرمانلارنى تونۇش، ئادا قىلىش ئۇسۇللىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك.

---

① 51 - سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

② بۇ ھەقتە كىتابنىڭ «قۇرئاندا ئىنسان» بۆلۈمىنىڭ «ئىنساننىڭ ھۆرمىتى» قىسمىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

### 2. شۈكۈر قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ ۝٧﴾

«ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلار: ‹ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە تېخىمۇ كۆپ بېرىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى ئازابىم بەك قاتتىقتۇر!› دەپ جاكارلىغان ئىدى»[1].

بۇ ئايەت يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان «ھۆرمەت»نى ساقلاش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە تېخىمۇ كۆپ ھۆرمەت كۆرۈشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يول مەزكۇر نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. «شۈكۈر»نىڭ مەنىسى شۈكۈر سۆزىنى تەلەپپۇز قىلىش ئەمەس، بەلكىدە نېمەت بەرگۈچىنى تونۇش، سۆز ۋە ھەرىكەتتە بىلەن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش، نېمەتتىن نېمەت بەرگۈچى رازى بولىدىغان شەكىلدە بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنى لايىق رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلىم كېرەك.

### 3. ۋەزىپىنى تونۇش

«ئىنسان» تېمىسىدا زىكىر قىلىنغان ئايەتلەردىن ئېنىق بىلىنىدۇكى، ئىنساننىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن ئۈچ، ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئۈچ بولۇپ جەمئىي ئالتە ۋەزىپىسى بار:

نەزەرىيە جەھەتتىكى ئۈچ ۋەزىپىسى:

- كائىناتنى تونۇش،
- ئۆزىنى تونۇش،
- ئاللاھنى تونۇش.

ئەمەلىيەت جەھەتتىكى ئۈچ ۋەزىپىسى:

---

[1] 14 - سۈرە ئىبراھىم، 7 - ئايەت.

- توغرا يولدا مېڭىش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىغا ھەسسە قوشۇش،

- كائىناتتىكى نازۇنېمەتلەردىن توغرا شەكىلدە پايدىلىنىش، ئۆزىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كائىناتتىكى نەرسىلەرگە زىيان يەتكۈزمەستىن ئۇلاردىن رۇخسەت قىلىنغان دائىرە ئىچىدە پايدىلىنىشىغا يول ئېچىش خىزمىتىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش،

- ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە قۇللۇق قىلىش، ئۆزىنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھقىلا قۇللۇق قىلىش شارائىتىنى يارىتىشقا تىرىشىش.

ئەنە شۇ ئالتە تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئادا قىلغانلىق يۇقىرىدىكى نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ.

## §7.ئىلىم يۇرتلىرى

### 1. مەكتەپ

دىنىمىز ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغان ئىلىم، يۇقىرىدا (ئىلىم تېمىسىدا) ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، پۈتكۈل ھۈنەر - سەنئەت، بارلىق پەن - تېخنىكا ۋە جىمى ئىلىم - بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ دىنى ئىلىم، پەننى ئىلىم دەپ ئايرىلمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ ئىلىملەرنى ئوقۇشقا ئەمر قىلىشى، ئۇ ئىلىملەر ئوقۇتىلىدىغان جايلارنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇۋاپىق ھالدا تەييارلىنىشىغىمۇ ئەمر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مەزكۇر ئىلىملەرنى مۇۋاپىق شارائىت بولمىسا تەھسىل قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر رايونغا ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك مىقداردا، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ھەر تۈرلۈك مەكتەپ، مەدرىسە، ئىنستىتۇت، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تەجرىبىخانا قاتارلىقلارنى سېلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق ۋە تاماقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆز ساھەسى بويىچە مۇتەخەسسىس بولۇپ يېتىشىشىنى كاپالەت ئاستىغا ئېلىش شۇ رايون خەلقىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

## 2. مەسچىت

مەسچىت - جامەلەر ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىغا ۋە ئىچىدە ئۆز ئىسمىنىڭ زىكىر قىلىنىشىغا ئىجازەت بەرگەن ئۆيلەردۇر[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىت - جامەلەر يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ جايلىرىدۇر. ئۇ جايلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېغىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ جايلاردا ھەر كۈنى بەش قېتىم كېلىپ شاھ، گاداي، خوجايىن، خىزمەتچى، باي، پېقىر، ئالىم، جاھىل مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بىر سەپتە تۇرۇپ ناماز ئۆتەيدۇ. بۇ ئارقىلىق تەقۋالىق تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ، قېرىنداشلىق ئېڭى ئۆسىدۇ ۋە ئىتتىپاقلىق روھى جانلىنىدۇ. پۈتۈن بۇلارنىڭ يېنىدا ھەر مۇسۇلمان ئىجتىمائىي قىينچىلىقلاردىن ۋاقىپلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش يوللىرىنى ئىزدەشكە ۋە ھەل قىلىشقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشىدۇ.

دېمەككى، مەسچىت - جامەلەر جامائەتنى تەربىيەلەش، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇئەسسەسەلەردۇر، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدۇر ۋە ھەر ياشتىكى مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇۋاپىق مەكتەپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ مۇئەللىمى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەسرىب دېگەن شەھەرگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن تەركىب تاپقان ساھابىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، تۇنجى قىلغان ئىجتىمائىي پائالىيىتى مەسچىت سېلىش بولغان[2]. بۇ بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ بەش ۋاخ نامازنى بىر جايدا جامائەت بولۇپ ئۆتەش، ئۇلارنىڭ دىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىلمىي ئىشلىرىنى ئۆگىتىش مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ شەھەرنىڭ ئىسلام دىيارىغا ئايلانغانلىقىنى ۋە يېڭى تۇغۇلغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغانلىقىنى دۇنياغا ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ مەسچىت پۈتۈن دۇنياغا مەنىۋى نۇر چاچقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مەسچىت سېلىنغان شەھەرنىڭ كونا ئىسمى بولغان «يەسرىب» كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ھالدا

---

[1] 24 - سۈرە نۇر، 36 - ئايەت.

[2] 9 - سۈرە تەۋبىنىڭ 108 - ئايىتىدە بۇ مەسچىت زىكىر قىلىنىدۇ ۋە ماختىلىدۇ.

دېيىشى بىلەن «نۇرلاندۇرۇلغان شەھەر» دېگەن مەنىدە «مەدىنە مۇنەۋۋەرە» دەپ ئاتالغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىت - جامە، ھەر ياشتىكى ۋە ھەر سەۋىيەدىكى مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدۇ. مەسچىت سېلىش، مەسچىت سېلىشقا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىش، بىر جايدا مەسچىتنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇش ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا يَعۡمُرُ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَلَمۡ يَخۡشَ إِلَّا ٱللَّهَۖ فَعَسَىٰٓ أُوْلَٰٓئِكَ أَن يَكُونُواْ مِنَ ٱلۡمُهۡتَدِينَ ۝١٨﴾

«ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى ئۆتىگەن، زاكاتنى بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى مۇمكىن»①.

بۇ ئايەتتىكى «مەسچىتنى ئاۋات قىلىش» ئومۇمىي بىر ئىپادە بولۇپ، مەنىسى مەسچىتنى ماددىي جەھەتتىن سېلىش، رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش ۋە بۇلارغا ياردەملىشىش، مەنىۋى جەھەتتىن مەسچىتتە ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، زىكىر - تەسبىھ، دۇئا - تىلەكتە بولۇش ۋە ئىلىم ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش دېگەن بولىدۇ. يەنى بۇ ئىشلارنىڭ ھەر بىرىنى قىلغانلىق «مەسچىتنى ئاۋات قىلغانلىق» بولىدۇ.

---

① 9 - سۈرە تەۋبە، 18 - ئايەت.

### 3. ۋەخپە

#### 1) مەنىسى

ۋەخپە دېگەن سۆز ئەسلى ئەرەبچە «وقف» بولۇپ، لۇغەت مەنىسى تۇرغۇزماق، توختاتماق دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ شەرئىي مەنىسى بولسا، بىرەر مۈلۈكنى (يەر، سۇ، ئۆي - ئىمارەت، كىتاب، مال - چارۋا قاتارلىقلارنى) ئاللاھ يولىدا تۇرغۇزۇپ، ئۇ مۈلۈكنىڭ پايدىلىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش دېگەن بولىدۇ. ۋەخپە قىلىنغان نەرسىمۇ ۋەخپە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: مەسچىت - جامە، مەكتەپ - مەدرىسە، دارىلئېيتام ۋە دارىلئاجىزىن... قاتارلىق خەيرىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە تەسەررۇپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن مۈلۈكلەر ۋەخپە دەپ ئاتىلىدۇ. دىنىمىز بۇ ئىشقا تەشۋىق قىلىدۇ.

#### 2) دەلىلى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا نَحْنُ نُحْيِ ٱلْمَوْتَىٰ وَنَكْتُبُ مَا قَدَّمُواْ وَءَاثَٰرَهُمْۚ وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَٰهُ فِيٓ إِمَامٖ مُّبِينٖ ﴿١٢﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، بىز ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ۋە قالدۇرغان ئەسەرلىرىنى يازىمىز. بىز ھەر نەرسىنى روشەن دەپتەردە بىر - بىرلەپ خاتىرىلىدۇق»[①].

﴿إِذَا ٱلسَّمَآءُ ٱنفَطَرَتْ ﴿١﴾ وَإِذَا ٱلْكَوَاكِبُ ٱنتَثَرَتْ ﴿٢﴾ وَإِذَا ٱلْبِحَارُ فُجِّرَتْ ﴿٣﴾ وَإِذَا ٱلْقُبُورُ بُعْثِرَتْ ﴿٤﴾ عَلِمَتْ نَفْسٞ مَّا قَدَّمَتْ وَأَخَّرَتْ ﴿٥﴾﴾

«ئاسمان يېرىلغان چاغدا، يۇلتۇزلار چېچىلغان چاغدا، دېڭىزلەر بىر - بىرىگە قوشۇلغان چاغدا، قەبرىلەرنىڭ ئىچى تېشىغا قىلىنغان چاغدا، ھەر ئادەم قىلغان ئىشلىرىنى ۋە قالدۇرغان نەرسىلىرىنى بىلىدۇ»[②].

---

① 36 - سۈرە ياسىن، 12 - ئايەت.
② 82 - سۈرە ئىنفىتار،1 ~ 5 - ئايەتلەر.

مانا بۇ ئايەتلەردىكى «قالدۇرغان ئەسەر ۋە نەرسىلەر» بىرەر مۈلكنى ئاللاھ يولىدا ۋەخپە قىلغان كىشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ ۋەخپىنىڭ ساۋابى ئۇ كىشىنىڭ ئەمەل دەپتىرىگە يېزىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىشقا تەشۋىق قىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدىكى «سەدىقە جارىيە» ۋە «پايدىلىق ئىلىم» مۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ:

«ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ بارلىق ئەمىلى توختايدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەمىلىنىڭ ساۋابى توختىمايدۇ: بىرىنچى، سەدىقە جارىيە (ئىنسانلارغا مەنپەئەتى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە). ئىككىنچى، پايدىلىق ئىلىم (باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئىلىم ۋە يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلەر). ئۈچىنچى، ئارقىسىدىن ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت»①.

## 3) شەكلى

ۋەخپە قىلىش ئىككى تۈرلۈك ئىشنىڭ بىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ بىرى پېئىل يەنە بىرى سۆز. مەسىلەن:

بىر كىشى بىرەر مەسچىت ياكى بىرەر مەكتەپ سالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇ مەسچىتنى ياكى مەكتەپنى سالغانلىقى (پېئىلى) ئۇلارنى ۋەخپە قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ مەن بۇ مەسچىتنى ئاللاھ يولىدا ۋەخپە قىلدىم دېيىشىگە ھاجەت يوق. چۈنكى ئۇ ئىمارەتلەرنى سېلىش پائالىيىتى ئۇلارنىڭ ۋەخپە قىلىنىدىغانلىقىغا ئوچۇق - ئاشكارا دالالەت قىلىدۇ.

مەسچىت - جامە ياكى مەكتەپ - مەدرىسەدىن باشقا بىرەر نەرسىنى ۋەخپە قىلماقچى بولغان كىشى ئۇ نەرسىنى ۋەخپە قىلغانلىقىنى يېزىپ مۆھۈرلىشى ياكى جامائەتنىڭ ھۇزۇرىدا سۆزلەپ ئېلان قىلىشى كېرەك.

---

① مۇسلىم، «ۋەسىيەت»، 14؛ ئەبۇ داۋۇد، «ۋەسايا»، 14؛ تىرمىزى، «ئەھكام»، 36؛ نەسەئى، «ۋەسايا»، 8؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 14: 438؛ دارىمي، «مۇقەددىمە»، 46.

ۋەخپىنى سېتىشقا ياكى ھەدىيە قىلىشقا ۋە ياكى مىراس قىلىپ بۆلۈشۈشكە بولمايدۇ. ئۇ قايسى ياخشى يولغا ۋەخپە قىلىنغان بولسا شۇ يولغا تەسەررۇپ قىلىنىشى كېرەك.

# VII ئەدەبىيات - سەنئەت

ئەدەبىيات - تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كۈرەشلەرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان سەنئەت بولۇپ، سەھنە ئەسىرى، شېئىر، ھېكايە ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ①. سەنئەت - ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، رېئاللىققا قارىغاندا تىپىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بولۇپ، ئەدەبىيات بىلەن بىرلىكتە رەسساملىق، نەققاشلىق، بىناكارلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، كىنو ۋە ئەلنەغمە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ②. كىتابنىڭ «مۇھىت» بۆلۈمىدە بىناكارلىق توغرىسىدا «مېمارچىلىق» سەرلەۋھىسى ئاستىدا مەلۇمات بېرىلدى. بۇ يەردە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قالغان قىسىملىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## §1.ئەدەبىيات

ئەدەبىيات - ئاساسەن سۆز ئۇستىلىقى بولۇپ، ياخشىغا ئىشلىتىلسە ياخشى، يامانغا ئىشلىتىلسە يامان بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسى بولغان شېئىر ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلشُّعَرَآءُ يَتَّبِعُهُمُ ٱلْغَاوُۥنَ ﴿٢٢٤﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّهُمْ فِى كُلِّ وَادٍ يَهِيمُونَ ﴿٢٢٥﴾ وَأَنَّهُمْ يَقُولُونَ مَا لَا يَفْعَلُونَ ﴿٢٢٦﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ وَذَكَرُوا۟ ٱللَّهَ كَثِيرًا وَٱنتَصَرُوا۟ مِنۢ بَعْدِ مَا ظُلِمُوا۟ ۗ وَسَيَعْلَمُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ أَىَّ مُنقَلَبٍ يَنقَلِبُونَ ﴿٢٢٧﴾﴾

«شائىرلارغا ئازغۇنلار ئەگىشىدۇ. قارىغىنا! ئۇلار ھەر ۋادىدا تېڭىرقاپ يۈرۈيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى قىلمىغان ۋە قىلمايدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ.

① قاراڭ: ئەھمەد مۇختار ئابدۇلھەمىد ئۆمەر، «أدب»، 1: 74؛ ئابلىز ياقۇب ۋە باشقىلار، «ئەدەبىيات»، 1: 243.

② قاراڭ: ئەھمەد مۇختار ئابدۇلھەمىد ئۆمەر، «فن»، 3: 1748؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «فن»، 2: 703؛ ئابلىز ياقۇب ۋە باشقىلار، «سەنئەت»، 3: 492.

لېكىن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغان ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىنتىقام ئالغان شائىرلار ئۇنداق ئەمەس. زالىملار يېقىندا ئۆزلىرىنىڭ تامامەن يىقىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ»[①].

مەككە مۇشرىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «شائىر» دېگەن[②]. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بەرگەن[③]، جۈملىدىن بۇ ئايەتتە شائىرلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇرئاننىڭ ھېكمەت ۋە ھۆكۈم ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان. ئاندىن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغان ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىنتىقام ئالغان شائىرلارنى ئىستىسنا قىلغان. بۇ كۆرسىتىدۇكى، ھەقنى مۇداپىئە قىلىپ، ھەققانىيەتنى ياقلاپ شېئىر يېزىشقا ۋە ئوقۇشقا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىكنى قامچىلاپ، يالغاننى ۋە يامانىنى سۆكۈپ، ياخشى خىسلەتلەرگە مۇھەببەت، يامان ئىللەتلەرگە نەپرەت ئىپادىلەپ شېئىر ئوقۇشقا ۋە يېزىشقا بولىدۇ. شېئىر ئارقىلىق ئىسلامغا تەنە قىلغان ياكى مۇسۇلمانغا ھاقارەت قىلغان ۋە ياكى ئىسلامىي تەۋەررۇكلەرنى مەسخىرە قىلغان ئادەملەرگە ئوخشاش ماھىيەتتە شېئىر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئىنتىقام ئالغانلىق، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ يامانلىقنى ئاشكارا سۆزلىشى ۋە تاجاۋۇز قىلغۇچىغا ئوخشىشى بىلەن تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ[④].

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىر توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

---

① 26 - سۈرە شۇئەرا، 224 ~ 227 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 21 - سۈرە ئەنبىيا، 5 - ئايەت؛ 37 - سۈرە سافات، 36 - ئايەت؛ 52 - سۈرە تۇر، 30 - ئايەت.

③ 36 - سۈرە ياسىن، 69 - ئايەت؛ 69 - سۈرە ھاققە، 41 - ئايەت.

④ قاراڭ: 26 - سۈرە شۇئەرا، 227 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 148 - ئايەت؛ 2 - سۈرە بەقەرە، 194 - ئايەت.

«شېئىرمۇ بىر تۈرلۈك سۆزدۇر، ئۇنىڭ ياخشىسى سۆزنىڭ ياخشىسىغا ئوخشاشتۇر، قەبىھى سۆزنىڭ قەبىھىگە ئوخشاشتۇر»①،

«شېئىرنىڭ بەزىسى ھېكمەتتۇر»②

دەرۋەقە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىر ساھابىلىرى بار ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ياكى ئىسلامغا تەنە - ھاقارەت قىلىپ شېئىر ئوقۇغان مۇشرىكلارغا شېئىر بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. شېئىر بىلەن ھەقنى مەدھىيەلەيتتى، ھەقكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە، ھەسسان ئىبنى سابىت، كەئب ئىبنى مالىك ۋە كەئب ئىبنى زۇھەير قاتارلىق ساھابىلەردۇر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي).

ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسى بولغان شېئىرنىڭ ياخشىلىقىقا ئىشلىتىلىش شەرتى بىلەن جائىز بولۇشى، ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭمۇ ياخشىلىققا ئىشلىتىلىش شەرتى بىلەن جائىز بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنىڭغا بايانىنى ئۆگەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿خَلَقَ ٱلۡإِنسَٰنَ ۝٣ عَلَّمَهُ ٱلۡبَيَانَ ۝٤﴾

«رەھمان ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا بايانىنى ئۆگەتتى»③.

«بايان»نىڭ مەنىسى مەقسىتىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەش قابىلىيىتى دېگەن بولۇپ، بۇنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسى پاساھەت بىلەن سۆز قىلىش، شېئىر ئىجاد قىلىش ۋە يېزىقچىلىق سەنئىتىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ توغرىدا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

---

① مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى، *ئەدەبۇل مۇفرەد*، تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى، 4 - باسما (سەئۇدى ئەرەبىستان: دارۇسسىددىق، ھ 1418 / م 1997)، 321.

② بۇخارى، «ئەدەب»، 90؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 95؛ تىرمىزى، «ئەدەب»، 69؛ ئىبنى ماجە، «ئەدەب»، 41؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 25: 63، 35: 88؛ دارىمى، «ئىستىئزان»، 68.

③ 55- سۈرە رەھمان، 3 - ۋە 4 - ئايەتلەر.

«بايانىڭ بەزىسى سېھرىي كۈچكە ئىگىدۇر»[1].

## §2. سەنئەت

### 1. رەسساملىق ۋە نەققاشلىق

رەسساملىق - رەسىم سىزىش ۋە فوتو ئاپپاراتى بىلەن رەسىمگە تارتىش سەنئىتى، نەققاشلىق - نەقىش ئويۇش سەنئىتى دېمەكتۇر. ھەيكەلتاراشلىق بولسا، لايغا ئوخشاش يۇمشاق ماددىلارنى مەلۇم شەكىلدە قاتۇرۇش ياكى مېتال، ياغاچ، تاش قاتارلىق ماتېرىياللاردىن چېكىش، ئويۇش، يونۇش ئارقىلىق تەسۋىرى شەكىل ياساش سەنئىتىدۇر[2].

بۇ ئۈچ سەنئەت بىر - بىرىگە يېقىن كەسىپلەردۇر. قۇرئان كەرىمدە رەسساملىق ۋە نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق بىرەر ئىپادە يوق، لېكىن ھەيكەلتاراشلىقنىڭ مۇباھلىقىغا (قىلسا بولىدىغان سەنئەت ئىكەنلىكىگە) دالالەت قىلىدىغان ئىككى ئايەت بار. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

﴿... وَإِذْ تَخْلُقُ مِنَ ٱلطِّينِ كَهَيْـَٔةِ ٱلطَّيْرِ بِإِذْنِى فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيْرًۢا بِإِذْنِى ۖ ... ﴿١١٠﴾﴾

«مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەن لايدىن قۇش شەكلىدە بىر نەرسە ياساپ ئىچىگە پۈۋلەيتتىڭ، ئۇ مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەن قۇش بولاتتى»[3].

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى بايان قىلغان ئايىتىنىڭ ئىچىدە ئۆتىدۇ. دېمەككى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇچارقاناتلارنىڭ شەكلىگە ئوخشاش ھەيكەل ياسايتتى. ھەيكەل ئىچىگە پۈۋلىنىپ ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن ھەقىقىي ئۇچارقاناتقا ئايلىنىپ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولاتتى. بۇ، رەسىم

---

① بۇخارى، «نىكاھ»، 48، «تىب»، 50؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 93 - 94؛ تىرمىزى، «ئەبۋابۇل بىررى ۋەسسىلە»، 81؛ مۇۋەتتا، «كەلام»، 7؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 4: 486، 5: 26، 52، 156، 194، 6: 318، 7: 360، 8: 275، 9: 188، 217، 498.

② قاراڭ: ئەھمەد مۇختار ئابدۇلھەمىد ئۆمەر، « فن»، 3: 1748؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «فن»، 2: 703؛ ئابلىز ياقۇپ ۋە باشقىلار، «ھەيكەلتاراشلىق»، 556، 1107، 1149 ~ 1150.

③ 5 - سۈرە مائىدە، 110 - ئايەت.

سىزىش، رەسىمگە تارتىش ۋە ھەيكەل ياساشنىڭ جائىزلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى ھەيكەل ياساش بۇ ئۈچ سەنئەتنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىدىكىدۇر. يۇقىرى سەۋىيەدىكىنىڭ جائىز بولۇشى تۆۋەن سەۋىيەدىكى ئىككىسىنىڭمۇ جائىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئايەتنىڭ بۇ مەزمۇنىغا بەزىلەر مۇنداق دەپ ئېتىراز بىلدۈرىدۇ: بۇ ئايەت جانلىق نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزىش ۋە ھەيكىلىنى ياساشنىڭ جايىزلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئايەتتىكى ھەيكەل مۆجىزە بولۇشى ئۈچۈن ياسالغان. بۇ ئالاھىدە ئەھۋالدۇر، شۇڭلاشقا ئۇنىڭدىن «رەسىم سىزىش، سۈرەتكە تارتىش ۋە ھەيكەل ياساش جائىز» دېگەن ئومۇمىي ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىرازى ئورۇنسىزدۇر، قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ «مۆجىزەم بولسۇن» دەپ بىرەر ھارام ئىشنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

﴿يَعۡمَلُونَ لَهُۥ مَا يَشَآءُ مِن مَّحَٰرِيبَ وَتَمَٰثِيلَ وَجِفَانٖ كَٱلۡجَوَابِ وَقُدُورٖ رَّاسِيَٰتٍۚ ... ١٣﴾

«ئۇلار سۇلەيمان ئۈچۈن سۇلەيماننىڭ تەلىپى بويىچە سارايلار، ھەيكەللەر، كۆلدەك لېگەنلەر ۋە مۇقىم قازانلارنى ياسايتتى...»[①].

بۇ ئايەت دالالەت قىلىدۇكى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ھەيكەل ياساشقا ئەمر قىلاتتى. ئەگەر ھەيكەل ياساش ھارام بولۇپ، ئاللاھنىڭ بىر پەيغەمبىرى بولغان سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇ ھارامغا ئەمر قىلغان بولسا، ئاللاھ تەرىپىدىن چوقۇم ئاگاھلاندۇرۇلغان بولاتتى. لېكىن بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيكەل ياساشنى خالىغانلىقىنى (بۇيرۇغانلىقىنى)، بۇيرۇلغان جىنلارنىڭ ئۆزلىرى بۇيرۇلغان ھەيكەللەرنى ئۇنىڭغا ياساپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قىلىنغان ئىنئام سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ.

① 34 - سۈرە سەبەئ، 13 - ئايەت.

رەسمگە تارتىش، رەسىم سىزىش، سىنغا ئېلىش ۋە ھەيكەل ياساش قاتارلىق ئىشلارنى يامان كۆرىدىغان، ئۇلارنى مەنئى قىلىدىغان ۋە «ھارام» دەپ ھۆكۈم قىلىدىغانلار يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلەن بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلمىغان ياكى رىۋايەتلەرنى كۆرۈپلا ئايەتلەرگە قارىماستىن ھۆكۈم چىقىرىۋەتكەن ۋە ياكى رەسىم ۋە ھەيكەلدىن مەقسەت قىلىنغان نەتىجىنى ئېتىبارغا ئالمىغان، شۇنداقلا مەسىلە ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرالمىغان.

رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەل ياساشتىن مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئاللاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش ۋە ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا ئوخشاش يارىتىش دەيدىغان بەزى رىۋايەتلەر بار.

شۈبھىسىزكى، ئاللاھتىن غەيرىيگە چوقۇنۇش ئوچۇق - ئاشكارا كۇفرىلىقتۇر، دىندىن چىققانلىقتۇر. چوقۇنۇلغان نەرسە ھەيكەل بولسۇن ياكى ئىنسان بولسۇن ياكى بىرەر ھايۋان ۋە ياكى تەبىئەت مەنزىلىرىدىن بىرەر مەنزىرە بولسۇن ھېچ پەرقى يوق. ئۇلارنىڭ قانداقلا بىرىگە چوقۇنۇش كۇفرىلىقتۇر، شېرىكتۇر، ھارامدۇر. لېكىن بىرەر نەرسىگە چوقۇنۇش ئۇ نەرسىنىڭ يامان نەرسە ياكى ھارام نەرسە ۋە ياكى ياسىلىشى چەكلەنگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. مەسىلەن: خىرىستىيانلار ئىيسا ۋە مەريەم ئەلەيھىسسالاملارغا چوقۇنىدۇ، بىز مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئىسمى زىكىر قىلىنسا سالاتۇسالام يوللايمىز. قۇياشقا ۋە ئايغا چوقۇنىدىغانلار بار، لېكىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى ئايىتى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئەگەر بىرەر قەۋم بىرەر تۈرلۈك ئاپتوموبىلغا چوقۇنسا، بۇ يولۇچى ۋە يۈك توشۇش ئۈچۈن ئۇ ئاپتوموبىلنى ياساشنىڭ ھاراملىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. يەر يۈزىدە كالىغا چوقۇنىدىغانلار بار، لېكىن ئۇلارنىڭ چوقۇنۇشى بىلەن كالىنىڭ ھارام بولۇپ قالغىنى يوق.

ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا ئوخشاش يارىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىنساننىڭ ياسىشى ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن، ئىنساننىڭ ياسىغىنى ئاللاھنىڭ ياراتقىنى بىلەن ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇش ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر، خالاس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... أَمۡ جَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ خَلَقُواْ كَخَلۡقِهِۦ فَتَشَٰبَهَ ٱلۡخَلۡقُ عَلَيۡهِمۡۚ قُلِ ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ شَيۡءٖ وَهُوَ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّٰرُ ١٦﴾

«... ياكى ئۇلار ئاللاھقا، ئاللاھ ياراتقاندەك ياراتقان، ياراتقىنى ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا ئوخشىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى شېرىك قىلدىمۇ؟ ئېيتقىنكى: ئاللاھ ھەر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇ بىردۇر، چەكسىز قۇدرەتلىكتۇر»①.

بۇ ئايەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق مەنتىقلىق دەلىلىنىڭ يوقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىلاھلىق ۋە ياراتقۇچىلىق سۈپەتلىرىدە يەككە - يېگانىدۇر، ئاللاھنىڭ پېئىلى ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىدىن بىرىنىڭ پېئىلى بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ھەر پېئىلى مۆجىزىدۇر (باشقىسى ئوخشىشىنى قىلالمايدىغان ئالاھىدىلىكتىدۇر)، ئىنساننىڭ پېئىلى مۆجىزە ئەمەس، بىر ئىنسان قىلغاننى يەنە بىر ئىنسان قىلالايدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا ياراتقاندەك يارىتالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

﴿أَمۡ خُلِقُواْ مِنۡ غَيۡرِ شَيۡءٍ أَمۡ هُمُ ٱلۡخَٰلِقُونَ ٣٥ أَمۡ خَلَقُواْ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۚ بَل لَّا يُوقِنُونَ ٣٦﴾

«ياكى ئۇلار ھېچ نەرسىسىز يارىتىلدىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىلارمۇ؟ ياكى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۇلار ياراتتىمۇ؟ ياق، ئۇلار جەزمەن ئىشەنمەيدۇ»②.

① 13 - سۈرە رەئد، 16 - ئايەت.
② 52 - سۈرە تۇر، 35 - ۋە 36 - ئايەتلەر.

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٞ فَٱسۡتَمِعُواْ لَهُۥٓۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَن يَخۡلُقُواْ ذُبَابٗا وَلَوِ ٱجۡتَمَعُواْ لَهُۥۖ وَإِن يَسۡلُبۡهُمُ ٱلذُّبَابُ شَيۡـٔٗا لَّا يَسۡتَنقِذُوهُ مِنۡهُۚ ضَعُفَ ٱلطَّالِبُ وَٱلۡمَطۡلُوبُ ﴿٧٣﴾ مَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدۡرِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴿٧٤﴾﴾

«ئى ئىنسانلار! بىر مىسال بايان قىلىندى. ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار: سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان زاتلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ بىرەر چىۋىن يارىتالمايدۇ، ھەتتا چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسە ئېلىپ قاچسا، چىۋىندىن ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئالالمايدۇ. دېمەككى، تەلەپ قىلغۇچىمۇ، تەلەپ قىلىنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر! ئۇلار ئاللاھنى ئۆز لايىقىدا قەدىرلىمىدى. ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، ئەزىزدۇر»[1].

توغرا، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەت بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ بىر دانە چىۋىن يارىتالمايدۇ. رەسىم سىزىش، رەسىمگە تارتىش ۋە ھەيكەل ياساش ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا ئوخشاش يارىتالىق بولىدۇ دېگەنلىك، ئالدى بىلەن ئۇ ئىشلارنى قىلغانلىقنى ئاللاھنىڭ يارىتالىقىغا ئوخشاتقانلىق، ئاندىن رەسىم بىلەن ھەيكەلنى ئاللاھ ياراتقان مەخلۇققا ئوخشاتقانلىق، نەتىجىدە رەسسام بىلەن ھەيكەلتاراشنى ئاللاھ تائالاغا ئوخشاتقانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «ئۇلار ئاللاھنى ئۆز لايىقىدا قەدىرلىمىدى» دېگەن سۆزى بىلەن بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان.

دەرۋەقە، رەسىمنىڭ ھاراملىقىغا دائىر رىۋايەتلەردىكى «ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا ئوخشاش يارىتالىق» بولىدۇ دېگەن ئىپادە، ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا ئوخشاش يارىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رىۋايەتلەرنى ئايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا چۈشىنىش كېرەك، مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى تاشلاپ قويۇپ رىۋايەتكە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقارماسلىق لازىم. بولمىسا ئاجىز رىۋايەتلەردىن، رىۋايەتكە قوشۇلغان جۈملىلەردىن ۋە ئويدۇرما ئىپادىلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

---

[1] 22 - سۈرە ھەج، 73 - ۋە 74 - ئايەتلەر.

مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەردىكى تەھدىتلەرنى، چوقۇنۇش ئۇچۇن ھەيكەل ياساش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى ھەيكەل ياساشنىڭ مۇباھلىقى (رۇخسەت بېرىلگەن ئىش ئىكەنلىكى) توغرىسىدا ئايەتلەر بار. ئۇ ئايەتلەر يۇقىرىدا زىكىر قىلىندى. قۇرئان كەرىمدە ھەيكەل ئەيىبلەنگەن ئايەتتە ھەيكەلنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئەيىبلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَآ إِبْرَٰهِيمَ رُشْدَهُۥ مِن قَبْلُ وَكُنَّا بِهِۦ عَٰلِمِينَ ﴿٥١﴾ إِذْ قَالَ
لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦ مَا هَٰذِهِ ٱلتَّمَاثِيلُ ٱلَّتِىٓ أَنتُمْ لَهَا عَٰكِفُونَ ﴿٥٢﴾ قَالُوا۟ وَجَدْنَآ
ءَابَآءَنَا لَهَا عَٰبِدِينَ ﴿٥٣﴾ قَالَ لَقَدْ كُنتُمْ أَنتُمْ وَءَابَآؤُكُمْ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٥٤﴾﴾

«بىز ئىلگىرى ئىبراھىمغا ئەقلىي كامالەتنى بەرگەن ئىدۇق. بىز ئۇنى بىلەتتۇق. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: ‹شۇ ھەيكەللەرگە نېمە ئۈچۈن چوقۇنىسىلەر؟› دېگەن ئىدى. ئۇلار: ‹ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇلارغا چوقۇنغان ئىكەن› دېدى. ئۇ: ‹سىلەرمۇ، ئاتا - بوۋاڭلارمۇ ھەقىقەتەن ئېزىپ كەتكەن ئىكەنسىلەر!› دېدى»[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سامىرىينى ئەيىبلىشىمۇ، سامىرىينىڭ موزاينىڭ ھەيكىلىنى مۇسانىڭ ۋە بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىلاھى دەپ دەۋا قىلىشىدىن، شۇنداقلا ئىنسانلارنى دىنىدىن چىقىرىشىدىن بولغان[2].

يىغىپ ئېيتقاندا قۇرئان كەرىمدە ھەيكەل ياساش ئەيىبلەنمىگەن، بەلكى ھەيكەلگە چوقۇنۇش ئەيىبلەنگەن. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيكەل ياساشقا ئەمر قىلغانلىقى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇش ھەيكىلى ياسىغانلىقى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيكەلگە چوقۇنۇشنى ئەيىبلىگەنلىكى قاتارلىقلار ئېنىق دالالەت قىلىدۇكى، ھەيكەلنىڭ ھۆكمىنىڭ ھارام ياكى مۇباھلىقىنى ئۇنى ياساشتىكى مەقسەت بەلگىلەيدۇ. ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇش ئۈچۈن ھەيكەل ياساش قەتئىي

---

① 21 - سۈرە ئەنبىيا، 51 ~ 54 - ئايەتلەر.
② قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 86 ~ 97 - ئايەتلەر.

ھارامدۇر، بۇنىڭدا ھېچبىر ئەقىل ئىگىسى شەك قىلمايدۇ. لېكىن باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ھەيكەل ياساش ھارام ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىدىكى ھەيكەللەرنى ئۆرۈۋەتكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرگەن چاغدا كەبىدە 360 دانە بۇت بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ياغاچنى ئۇلارغا سانجىغان ۋە مۇنداق دېگەن[1]:

﴿وَقُلْ جَآءَ ٱلْحَقُّ وَزَهَقَ ٱلْبَٰطِلُ ۚ إِنَّ ٱلْبَٰطِلَ كَانَ زَهُوقًا ﴿٨١﴾﴾

«ھەق كەلدى، باتىل يوقالدى. باتىل چوقۇم يوقىلىدۇ»[2].

چۈنكى ئۇ بۇتلار ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە چوقۇنۇلغان تاغۇتلار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنى كەبىنى تازىلاش ئۈچۈن ئىدى.

**مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت:**

ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدىراھماندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ تەبۇك غازىتىدىن (ياكى خەيبەر غازىتىدىن) قايتقان ئىدى. ئۇ ئەسنادا شامال چىقىپ سۇپامنىڭ پەردىسىنىڭ بىر تەرىپىنى ئېچىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئويۇنچۇق قىزلىرىم كۆرۈنۈپ قالدى. رەسۇلۇللاھ: «ئائىشە! بۇ نېمە؟» دېدى، قىزلىرىم دېدىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى، ياماقلىقلاردىن ئېتىلگەن ئىككى دانە قانىتى بار بىر ئاتنى كۆرۈپ، «ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرگىنىمچۇ؟» دېدى، ئات دىدىم، «ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نېمە؟» دېدى، ئىككى قانات دېدىم، «ئىككى قانىتى بار ئات؟!» دېدى، سۇلەيماننىڭ قاناتلىرى بار ئاتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ دېدىم، شۇنىڭ بىلەن كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا ئېزىق چىشلىرىنى كۆردۈم[3].

---

① مۇسلىم، «جىھاد ۋە سىيەر»، 87.
② 17 - سۈرە ئىسرا، 81 - ئايەت.
③ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 61.

### خۇلاسە

ھەيكەلتاراشلىق قىلىش جائىز بولىدۇ. بۇ جائىز بولغان يەردە ياخشىلىققا ۋاستە قىلىش ئۈچۈن قول بىلەن ياكى كومپيۇتېر بىلەن ھەر تۈرلۈك رەسىملەرنى سىزىش (كارتون فىلىملەر)، فوتو ئاپپاراتى بىلەن رەسىمگە تارتىش، سىنغا ئېلىش، ھەيكەل ياساش قاتارلىقلارنى قىلىش تەبىئىي جائىز بولىدۇ. چۈنكى رەسىم سىزىش، رەسىمگە تارتىش ھەيكەل ياساشقا ئوخشاش ھېسابلىنىدىغان، بەلكى ئۇلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئىشلاردۇر.

### 2. كىنو ۋە تىياتىر

كىنو - كۆرگۈچىلەرنىڭ ئالدىدىكى ئېكراندا تەسۋىرلەنگەن ھەرىكەتلىك سۈرەتلەردۇر. بۇنىڭ سېنارىيەسىنى يېزىش، فىلىمگە ئېلىش، قويۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش سەنئەتى كىنوچىلىق دەپ ئاتىلىدۇ. تىياتىر - ئارتىستلارنىڭ رول ئېلىشى بىلەن سەھنىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان ھېكايەدىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ سېنارىيەسىنى يېزىش، رول ئېلىپ ئويناش ۋە قويۇش سەنئەتى تىياتىرچىلىق دەپ ئاتىلىدۇ①.

ئەسلىدە كىنوچىلىق ۋە تىياتىرچىلىق بىرەر ۋەقەنى ئەتراپلىق ھالدا ئېسىدە ساقلىۋېلىپ ياكى تەپسىلىي شەكىلدە يېزىۋېلىپ، كېيىنچە ئۇنى ئەسلەش، يېزىۋالغىنىنى ئوقۇپ مەزكۇر ۋەقەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ياكى ئۇ ۋەقەدىن خەۋەرسىز قالغانلارنىڭ قۇلىقىغا ئۇ ۋەقەنى تەپسىلىي دەپ بېرىش ۋە قەغەزدىكىنى ئوقۇپ بېرىش قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى، مىسال كەلتۈرۈش ۋە تەمسىل قىلىشنىڭ جانلىق ھالىتىدۇر. چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ بىرى مەسىلىنى قۇلاققا، يەنە بىرى كۆزگە ئاڭلىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا تاشقى ئالەمدىن ئىلىم ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن بۇ ئىككى قورالنى ئاتا قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت تۆۋەندىكىچە:

① ئەھمەد مۇختار ئابدۇلھەمىد ئۆمەر «سىينەما»، 2: 1152، «مەسرەھىييە» 1055؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «مەسرەھىيە»، 1: 426، «سىنەما»، 1: 455؛ ئابلىز ياقۇپ ۋە باشقىلار، «تىياتىر»، 378، «كىنو»، 946.

﴿وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٧٨﴾﴾

«ئاللاھ سىلەرنى ئانىلىرىڭلارنىڭ قورساقلىرىدىن چىقاردى، سىلەر ئۇ چاغدا ھېچ نەرسە بىلمەيتتىڭلار. سىلەر ئۈچۈن قۇلاق، كۆز ۋە دىللارنى بار قىلدى. شۈكۈر قىلغايسىلەر!»[①].

كۆزقاراشلارنىڭ مىسال كەلتۈرۈش بىلەن، ھادىسىلەرنىڭ تەمسىل قىلىش بىلەن چۈشەندۈرۈلۈشى، مەسىلىنىڭ ئېنىق بىلىنىشىگە ۋاستە بولىدۇ. چۈنكى مىسال كەلتۈرۈش ۋە تەمسىل قىلىش چوڭقۇر مەنىنى كۆز ئالدىغا چىقىرىدۇ، زېھىندىن يىراق ھەقىقەتنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئەقىل بىلەن بىلىنىدىغان ھېكمەتلەرنى سەزگۈر ئەزالار بىلەن بىلگىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

تىياتىر ۋە كىنودىمۇ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر مىسال بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئوخشىتىش بىلەن جانلاندۇرۇلىدۇ. مەنىلەر ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

تەمسىل قىلىشتىن مەقسەت باشقىلارغا بىلىم ئۆگىتىش بولسا، بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَبَعَثَ ٱللَّهُ غُرَابًا يَبْحَثُ فِى ٱلْأَرْضِ لِيُرِيَهُۥ كَيْفَ يُوَٰرِى سَوْءَةَ أَخِيهِ ۚ قَالَ يَٰوَيْلَتَىٰٓ أَعَجَزْتُ أَنْ أَكُونَ مِثْلَ هَٰذَا ٱلْغُرَابِ فَأُوَٰرِىَ سَوْءَةَ أَخِى ۖ فَأَصْبَحَ مِنَ ٱلنَّٰدِمِينَ ﴿٣١﴾﴾

«ئۇ ئەسنادا ئاللاھ بىر قاغا ئەۋەتتى، قاغا يەرنى چوقۇيتتى. بۇ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ: ‹ۋاي ئىست! مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇپ، قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمەلمەپتىمەن!› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى»[②].

① 16- سۈرە نەھل، 78 - ئايەت.
② 5 - سۈرە مائىدە، 31 - ئايەت.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا، ئىنسان جەستىنى دەپنە قىلىشنى بىر قاغىنىڭ يەرنى چوقۇشنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىش بىلەن ئۆگەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

باشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك كىنوچىلىق ۋە تىياتىرچىلىق بىر ۋاستە بولۇپ، ۋاستىنىڭ ھۆكمى نەتىجىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر نەتىجە ئېتىقادنىڭ تۈزىتىلىشى، تەقۋادارلىقنىڭ كۈچىيىشى، ياخشى ئەخلاقنىڭ يېيىلىشى، راستچىللىق، سەمىمىيلىك ۋە مېھرىبانلىقنىڭ ئومۇملىشى، ئەجدادلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرىنىڭ جانلىنىشى، مۇھىتنىڭ قوغدىلىشى ۋە گۈللەندۈرۈلۈشى قاتارلىقلار بولسا، بۇ كىنوچىلىق ۋە تىياتىرچىلىقنى قىلىشقا، ياردەملىشىشكە، فىلىم ۋە ئويۇنلىرىنى كۆرۈشكە ئەلۋەتتە بولىدۇ، ھەتتا ياخشى بولىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى ساھەلەردە كىنوچىلىق ۋە تىياتىرچىلىق قىلىش ياخشىدۇر، بەلكى زۆرۈردۇر:

- تەبلىغ

ھەقنى يەتكۈزۈش، توغرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش، باتىلنى يوقىتىش، خاتالىقنى چەكلەش ۋە يامانلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن كىنوچىلىق ۋە تىياتىرچىلىقتىن پايدىلىنىش، ھەر تۈرلۈك ئىجابىي ۋە سەلبىي فىلىملەرنى ئىشلەش، سېنارىيە يېزىش، رول ئېلىپ ئويناش، شۇنداقلا بۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا قويۇپ ئۇلارنىڭ ھەققە رىغبەت، باتىلدىن نەپرەت قىلىشىغا سەۋەبچى بولۇش كېرەك.

نامازنى زامانىۋى جامەلەردە ئۆتەش، ئەزاننى مىكروفوندا ئوقۇش، قۇرئاننى چىرايلىق بېسىش ۋە ھەجگە ئايروپىلاندا بېرىش توغرا بولغاندەك، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىمۇ ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بىلەن قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى مۇھىم بولغىنى تەبلىغ قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى ٱلْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿١٠٤﴾﴾

«سلەردىن خەيرلىك ئىشلارغا چاقىرىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان بىر ئۈممەت بولسۇن. مۇرادىغا يەتكۈچىلەر ئەنە شۇلاردۇر»[1].

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ ۗ وَلَوْ ءَامَنَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُم ۚ مِّنْهُمُ ٱلْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿١١٠﴾﴾

«سلەر ئىنسانلار ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ خەيرلىك ئۈممەتسىلەر، ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسىسىلەر ۋە ئاللاھقا ئىشىنىسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتابمۇ ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى بولاتتى. ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى فاسىقتۇر»[2].

﴿ٱدْعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلْحِكْمَةِ وَٱلْمَوْعِظَةِ ٱلْحَسَنَةِ ۖ وَجَٰدِلْهُم بِٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ ۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ ۖ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١٢٥﴾﴾

«سەن ئىنسانلارنى رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەت بىلەن ۋە ياخشى نەسىھەت بىلەن چاقىرغىن، ئۇلار بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. رەببىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يولغا كەلگۈچىلەرنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ»[3].

﴿وَٱلْعَصْرِ ﴿١﴾ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَفِى خُسْرٍ ﴿٢﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْحَقِّ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ ﴿٣﴾﴾

«ئەسر بىلەن قەسەمكى، ئىنسان ئەلۋەتتە زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەر زىيان ئىچىدە ئەمەس»[4].

---

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 104 - ئايەت.
② 3 - سۈرە ئال ئىمران، 110 - ئايەت.
③ 16 - سۈرە نەھل، 125 - ئايەت.
④ 103 - سۈرە ئەسر.

• تارىخ

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۝٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ۝٧﴾

«بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن: سەن ئىنئام قىلغان، غەزىپىڭگە يولۇقمىغان ۋە ئازمىغانلارنىڭ يولىغا»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ سۆزىدە ئۆزى ئىنئام قىلغان، غەزىپىگە يولۇققان ۋە ئېزىپ كەتكەن كىشىلەرنى زىكىر قىلىدۇ، باشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بايان قىلىدۇ:

1 - ئاللاھ ئىنئام قىلغان كىشىلەر: نەبىيلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلاردۇر (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 69 - ئايەت).

2 - قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققان كىشىلەرنىڭ تۆۋەندىكى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلار (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 61 - ۋە 90 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 112 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 60 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 152 - ئايەت)، مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەنلەر (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 93 - ئايەت)، ھەقىقەتكە قارشى تەرسالىق قىلغانلار (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 71 - ئايەت.)، جەڭ مەيدانىدىن قاچقانلار (قاراڭ: 8 - سۈرە ئەنفال، 16 - ئايەت)، مۇرتەدلەر (قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 106 - ئايەت)، تۇزكورلار (قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 81 - ئايەت)، ئاللاھنىڭ دىنى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىدىغانلار (قاراڭ: 42 - سۈرە شۇرا، 16 - ئايەت)، ئېپپەتنى ساقلىمىغان تۇرۇقلۇق ئۆزىنى ئاقلاش ئۇچۇن ئېرىگە تۆھمەت قىلغان ئايال (قاراڭ 24 - سۈرە نۇر، 9 - ئايەت)، مۇنافىق ئەر ۋە مۇنافىق ئاياللار، مۇشرىك ئەر ۋە مۇشرىك ئاياللار (قاراڭ: 48 - سۈرە فەتھ 6 - ئايەت).

3 - قۇرئان كەرىمدە ئېزىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تۆۋەندىكى كىشىلەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: ئاللاھنىڭ كالامىنى يالغان دېگۈچىلەر (قاراڭ: 23 - مۇئمىنۇن، 105 - ۋە 106 - ئايەتلەر.)، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كافىر بولغانلار (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 12 -

[1] 1 - سۈرە فاتىھە، 6 - ۋە 7 - ئايەتلەر.

ئايەت)، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلار (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 167 - ئايەت)، دىندا چېكىدىن ئاشۇرۋۋەتكەنلەر (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 77 - ئايەت)، گۇمانغا ئەگەشكەنلەر (قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 116 - ئايەت)، دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىدىن ئۈستۈن كۆرگەنلەر (14 - سۈرە ئىبراھىم، 3 - ئايەت)، فاسىقلار (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 108 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 77 - ئايەت)، ئاللاھدىن غەيرىيگە دۇئا قىلغانلار (قاراڭ: 46 - سۈرە ئەھقاف، 5 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 12 - ئايەت)، ئاللاھنى قويۇپ شەيتانلارنى ۋەلىي قىلىۋالغانلار (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 30 - ئايەت)، زالىملار (قاراڭ: 19 - سۈرە مەريەم، 38 - ئايەت)، ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلار (قاراڭ: 33 - سۈرە ئەھزاب، 36 - ئايەت)، ئاللاھنىڭ زىكرىگە قەلبى قاتتىق بولغۇچىلار (قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 22 - ئايەت)، ئاللاھنىڭ دەۋەتچىسىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغانلار (قاراڭ: 46 - سۈرە ئەھقاف، 32 - ئايەت)، قىيامەتنى ۋە ئاخىرەتتىكى ھېسابنى ئىنكار قىلغانلار (قاراڭ: 42 - سۈرە شۇرا، 18 - ئايەت)، مۇنافىقلار (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 8 ~ 16 - ئايەتلەر)، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابنى يوشۇرغانلار (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 174 - ۋە 175 - ئايەتلەر)، كافىرلار (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 136 - ئايەت)، مۇشرىكلار (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 116 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 30 - ئايەت)، مال - مۈلكىگە ۋە دۇنيانىڭ زىننىتىگە ئالدانغانلار (قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 88 - ئايەت)، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلەر (قاراڭ: 12 - سۈرە يۈسۈف، 30 - ئايەت)، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يىراقلاشقانلار (قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 52 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 6 - ئايەت)، دەلىلسىز ھالدا ئاللاھ توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەنلەر (قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 8 - ۋە 9 - ئايەتلەر)، يامان ئادەمنى دوست تۇتقانلار (قاراڭ: 25 - سۈرە فۇرقان، 28 - ۋە 29 - ئايەتلەر)، راستنى يالغان دېگەنلەر (قاراڭ: 68 - سۈرە قەلەم، 7 - ۋە 8 - ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى دۇئانىڭ، نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە ئوقۇشىمىز كېرەك بولغان فاتىھە سۈرىسىدە ئورۇن ئېلىشى، ئۇ دۇئانى ھەر رەكئەت نامازدا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ ئىنئام قىلغان كىشىلەرنىڭ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققان كىشىلەرنىڭ ۋە توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى، يولىنى، تارىخىنى ۋە ھاياتىنى، ئۆگىنىشنىڭ، شۇنداقلا ئاللاھ ئىنئام قىلغان كىشىلەرنى ئۈلگە ئېلىشنىڭ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققان كىشىلەردىن ۋە ئېزىپ كەتكەن كىشىلەردىن ئىبرەت ئېلىشنىڭ لازىملىقىغىمۇ دالالەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەر، راستچىل، شېھىت، ياخشىلارنى (تىلى ۋە قەلىمى بىلەن ئىلمىي خىزمەت قىلغان ئۆلىما، مۇسۇلمانلارنى ھەق يولغا باشلىغان داھىي ۋە ھەق يولغا جان - مېلىنى پىدا قىلغان قەھرىمانلارنى) ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى تىياتىر، فىلىم، كارتون فىلىملەردە جانلاندۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇ كىشىلەرنى تونۇش ۋە تونۇتۇشنى، چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تارىخىنى ئېغىزدا سۆزلەپ بىلدۈرۈش بىلەن فىلىمدە كۆرسىتىپ بىلدۈرۈش ئوخشاشتۇر، بىرى كۆزگە، يەنە بىرى قۇلاققا قارىتىلىدۇ.

- ھۆججەت

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە سەير قىلىپ ئىنكارچى، مۇشرىك ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراش، ئۆزىنىڭ (ئاللاھنىڭ) قۇدرىتىنى چۈشىنىش، ھېكمىتىنى ئۆگىنىش، بۇرۇنقى ئۇممەتلەردە ئىجرا قىلىنغان ئىلاھىي قانۇننى (سۈننەتۇللاھنى) تەتقىق قىلىش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن يەر يۈزىدە سەير قىلىشقا بۇيرۇيدۇ[①]. شۇنىڭدەك، ئاسماننىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە زىننەتلىنىشى، تۆگىلەرنىڭ يارىتىلىشى، ئاسماننىڭ كۆتۈرۈلىشى، تاغلارنىڭ تىكلىنىشى ۋە زېمىننىڭ يېيىلىشى قاتارلىقلارنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ[②].

ئەنە شۇ ساھەلەردە ھەر تۈرلۈك ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ئىشلەپ، تېلېۋىزور ۋە كىنوخانىلاردا قويۇش، يەر يۈزىدە سەير قىلالمىغان ياكى قىلالىغان تەقدىردىمۇ، يېتەرلىك دەرىجىدە ماددىي ۋە مەنىۋى تەييارلىقى بولمىغانلىقتىن، لايىق رەۋىشتە سەير قىلالمىغان كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ مەقسەتلەرگە يېتىشىنى ئاسانلاشتۇرغانلىق بولىدۇ.

---

① قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 137 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 6 - ۋە 11 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 36 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 46 - ئايەت؛ 27 - سۈرە نەمل، 69 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 20 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 9 - ۋە 42 - ئايەتلەر؛ 35 - سۈرە فاتىر، 44 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 21 - ۋە 82 - ئايەت؛ 47 - سۈرە مۇھەممەد، 10 - ئايەت.

② قاراڭ: 50 - سۈرە قاف، 6 - ئايەت؛ 88 - سۈرە غاشىيە، 17 ~ 20 - ئايەتلەر.

## 3. كۆلكە - چاقچاق

ئاللاھ تائالا ئىنساننى چارچاش، ئۇخلاش، كۈلۈش، يىغلاش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ياراتقان[1]. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش، ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش ۋە مەسئۇلىيىتىدىكى باشقا ئىنسانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەشكە بۇيرۇغان[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان داۋاملىق ئويلايدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ، پىلانلايدۇ ۋە ئىشلەيدۇ[3]. ئۇ، بۇ مۇشەققەتلىك ھاياتىدا چارچايدۇ، سۆيۈنىدۇ ۋە قايغۇرىدۇ. چارچىغاندا ئارام ئېلىش، سۆيۈنگەندە كۈلۈش ۋە قايغۇرغاندا يىغلاش ئۇنىڭ تەبىئىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بۇ ئىشلاردىن مەنئى قىلىنمايدۇ، بەلكىدە مۇئەييەن چەك - چېگرا ئىچىدە قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئارام ئېلىش ھورۇنلۇقنى، كۈلۈش گۇناھ ياكى مەسخىرە قىلغانلىقنى، يىغلاش سەۋر قىلمىغانلىقنى ئىپادىلىمىسىلا، ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلىدۇ[4].

كۈلكە - كۈلۈشنىڭ نەتىجىسى بولغان ئاۋاز، چاقچاق كۈلۈشكە سەۋەبچى بولىدىغان قىزىقارلىق گەپ ياكى ھەرىكەت دېمەكتۇر. يۇمۇر،

① قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 83 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 92 - ۋە 120 - ئايەتلەر؛ 11 - سۈرە ھۇد، 71 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۇسۇف، 16 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 62 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 58 - ئايەت؛ 27 - سۈرە نەمل، 19 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 43 - ئايەت؛ 78 - سۈرە نەبەئ، 9 - ئايەت.

② قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 10 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 12 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 73 - ئايەت؛ 78 - سۈرە نەبەئ، 11 - ئايەت؛ 67 - سۈرە مۇلك، 15 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 32 ~ 34 - ئايەتلەر؛ 2 - سۈرە بەقەرە، 198 - ئايەت. 17 - سۈرە ئىسرا، 26 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 38 - ئايەت؛ 51 - سۈرە زارىيات، 19 - ئايەت؛ 70 - سۈرە مەئارىج، 25 - ئايەت.

③ قاراڭ: 84 - سۈرە ئىنشىقاق، 6 - ئايەت.

④ 4 - سۈرە نىسا، 71 - ۋە 72 - ئايەتلەر بىلەن 9 - سۈرە تەۋبەنىڭ 38 - ئايىتىدە ھورۇنلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. 9 - سۈرە تەۋبە، 81 - ۋە 82 - ئايەتلەردە گۇناھ ھېسابلىنىدىغان كۈلۈش بايان قىلىنغان. 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 110 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 47 - ئايەت؛ 53 - سۈرە نەجم، 59 - ۋە 60 - ئايەتلەر؛ 83 - سۈرە مۇتەففىفىن، 29 - ئايەت قاتارلىق ئايەتلەردە مەسخىرە ھېسابلىنىدىغان كۈلۈش بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇسىبەت ۋە ئېغىرچىلىق ئالدىدا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغان (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 45 - ۋە 153 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 200 - ئايەت)، بىر - بىرىگە سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرگەن (قاراڭ: 90 - سۈرە بەلەد، 17 - ئايەت؛ 103 - سۈرە ئەسر، 3 - ئايەت). يىغلاش نورمالدىن ئېشىپ كەتسە ئەنە شۇ سەۋر قىلىشقا بولغان ئىلاھىي ئەمر ۋە تەۋسىيەلەرگە خىلاپ كېلىدۇ.

كۈلدۈرگە ۋە كومېدىيەلەر بىرەر چاقچاق تۈرىدۇر. ئەنتوت بولسا بىر تۈرلۈك تىياتىردۇر [1] . بۇلارنى يۇقىرىدىكى ئۆلچەم بويىچە مۇئەييەن چەك - چېگرالار ئىچىدە يېزىش، سەھنىلەشتۈرۈش، ئىجابىي ۋە سەلبىي رول ئېلىپ ئويناش ۋە قاتنىششقا بولىدۇ. ئۇ چەك - چېگرالار تۆۋەندىكىچە:

• يالغاندىن ساقلىنىش. چۈنكى يالغان ئېيتىش گۇناھتۇر[2]. بىرەر پەزىلەتنى مەدھىيەلەپ ياكى بىرەر رەزىللىكنى قامچىلاپ قىزىقارلىق قىلىپ يېزىلغان سەھنە ئەسىرىنى ئورۇنلاش باشقا، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان ئېيتىش باشقىدۇر. مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت تۆۋەندىكىچە:

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان ئېيتقان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي!»[3].

• بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتىن ساقلىنىش. چۈنكى غەيۋەت قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىش گۇناھتۇر[4].

• ئىسلامىي ۋەزىپىلىرىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك. چۈنكى ئىسلام «ساقلاشقا تېگىشلىك بەش زۆرۈر نەرسە»نىڭ بىرىدۇر [5] . شۇنداقلا مۇسۇلمانلىقنىڭ شەرتىدۇر.

• ئىسلامغا ياكى ئىسلامىي تەۋەررۈكلەرگە تەنە - ھاقارەت قىلىشتىن ساقلىنىش. چۈنكى ئۇلارغا تەنە - ھاقارەت قىلىپ چاقچاقلىشىش كۇفرىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر[6].

---

① قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيەسى، «فىكھ»، 2: 699، «مەلھاھ»، 2: 843، «ھەزل»، 2: 985؛ ئابلىز ياقۇپ ۋە باشقىلار، «كومېدىيە»، 899، «كۈلدۈرگە»، 928، «ئەنتوت»، 1310، «يۇمۇر»، 1416.

② يالغان ئېيتىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى بۇ كىتابنىڭ «گۇناھلار» بۆلۈمىدە بايان قىلىندى.

③ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 88؛ تىرمىزى، «زۇھد»، 9؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 33: 244، 248، 262؛ دارىمى، «ئىستىئزان»، 66.

④ قاراڭ: 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 11 - ۋە 12 - ئايەتلەر.

⑤ بۇ بەش نەرسە بۇ كىتابنىڭ «تەنھەرىكەت ۋە مۇسابىقە» بۆلۈمىدە بايان قىلىندى.

⑥ قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 65 - ۋە 66 - ئايەتلەر.

## 4. ناخشا - مۇزىكا

ئەرەبچىدە ناخشا ۋە ناخشا ئېيتىش غىنائ «الغناء» كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. لۇغەت كىتابلىرىدا غىنائ كەلىمىسى - قاپىيىلىك سۆزلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىش، شۇنداق ئېيتىلغان سۆز دېگەن شەكىلدە ئىزاھلىنىدۇ. مۇزىكا (موسيقا) - چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن مۇئەييەن قائىدىلەر دائىرىسىدە ئىجرا قىلىنغان تەسىرلىك ۋە مەنىلىك ئاۋازدىن ئىبارەتتۇر①.

ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش ۋە ئۇلارنى ئاڭلاش توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بىرەر بەلگىلىمە يوق، مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر پەرقلىق. شۇڭا ئۆلىمالار بۇ توغرىدا ئىختىلاپلاشقان: بەزىلەر «ناخشا - مۇزىكا ھارام، ناخشا ئېيتىشقا، مۇزىكا چېلىشقا ۋە ئۇلارنى ئاڭلاشقا قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن②، بەزىلەر «ئىسلام تەلىماتىغا ئۇيغۇن بولۇش ۋە دىنى ۋەزىپىلەرگە توسالغۇ بولماسلىق شەرتى بىلەن ناخشا ئېيتىشقا، مۇزىكا چېلىشقا ۋە ئۇلارنى ئاڭلاشقا بولىدۇ» دېگەن③. مەسىلە ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ بۇ توغرىدا تالاش - تارتىش تۈگىمىگەن. شۇڭا بىز بۇ يەردە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ۋە دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن قۇرئان - سۈننەت پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، ئىنشائاللاھ!

---

① قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «غىنا». 2: 665.

② ئىبنى قەييىم جەۋزىيە (ھ 691 - 751 / م 1292 - 1350)، ئابدۇللاھ ئىبنى باز (ھ 1330 - 1420 / م 1910 - 1999) ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىن (ھ 1347 - 1441 / م 1929 - 2001) ئۇلاردىندۇر. ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى ئۈچۈن قاراڭ: ئىبنى قەييىم جەۋزىيە، *ئىغاسەتۇللەھفان مىن مەسايىدىش شەيتان* (رىياد - ئەرەبىستان: مەكتەبەتۇلمەئارىف، تارىخسىز)، 2: 13؛ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن، *فەتاۋا*، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلمەقسۇد ئابدۇررەھىم، 4 - باسما (رىياد - ئەرەبىستان: دارۇ ئالەمىل كۇتۇب، ھ 1414 / م 1994)، 2: 929 ~ 930؛ ئىبنى باز، *مەجمۇئۇ فەتاۋا*، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئىبنى سەئد شۇۋەيئىر (نەشرىيات ۋە تارىخسىز)، 3: 391.

③ ئىبنى ھەزم (ھ 384 - 456 / م 994 - 1064)، مۇھەممەد غازالى (ھ 1335 - 1416 /م 1917 - 1996) ۋە يۇسۇف قەرداۋى ئۇلاردىندۇر. ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى ئۈچۈن قاراڭ: ئىبنى ھەزم، *مۇھەللا بىلئاسار* (بېيرۇت: دارۇل فىكر، تارىخسىز)، 9: 60؛ قەرداۋى، *فەتاۋا مۇئاسىرە*، 3 - باسما (كۇۋەيت: دارۇلقەلەم، ھ 1408 / م 1987)، 1: 688 - 691؛ مۇھەممەد غەزالى، *ئەسسۇننەتۇن نەبەۋىييە بەينە ئەھلىل فىقھى ۋە ئەھلىل ھەدىس* (قاھىرە: دارۇششۇرۇق، 2007)، 71 - 99.

## 1) «ھارام» دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى

● ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشۡتَرِي لَهۡوَ ٱلۡحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عَذَابٞ مُّهِينٞ ۝٦﴾

«ئىنسانلاردىن شۇنداق كىشىلەر باركى، ھېچبىر ئىلمىگە ئاساسلانماستىن ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن بىھۇدە سۆزنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلارغا خارلىغۇچى ئازاب بار»[1].

بۇ ئايەتتىكى لەھۋەلھەدىسنى ﴿لَهْوَ الْحَدِيثِ﴾ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما غىنائ (ناخشا - مۇزىكا) دەپ تەپسىر قىلغان. ساھابىنىڭ تەپسىرى دەلىلدۇر.

● ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى ياكى مالىك ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمدىن زىنانى، يىپەكنى، ھاراقنى ۋە چالغۇ ئەسۋابلارنى ھالال سانايدىغان قەۋملەر بولىدۇ»[2].

## 2) «مۇباھ - رۇخسەت» دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى

● شەيئىيلەردە مۇباھلىق ئاساستۇر. يەنى ھەر نەرسە ئەسلىدە مۇباھتۇر، ھاراملىقى توغرۇلۇق بىرەر ھۆكۈم كەلمىگەن ھەر نەرسە ئەسلى مۇباھلىقى بىلەن قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا... ۝٢٩﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ياراتتى،...»[3].

---

① 31 - سۈرە لۇقمان، 6 - ئايەت.
② ئۇسەيمىن، *فەتاۋا، 2:* 929 ~ 930.
③ 2 - سۈرە بەقەرە ، 29 - ئايەت.

• ناخشا - مۇزىكىنىڭ هاراملىقىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەك كۈچتە بىرمۇ سەھىھ ھەدىس يوق. بۇ توغرىدا كەلگەن رىۋايەتلەر ياكى زەئىپ ياكى ئويدۇرما ۋە ياكى خەۋىرى ۋاھىد بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا ۋە مۇناسىۋەتلىك سەھىھ ھەدىسلەرگە خىلاپتۇر.

• 31 - سۈرە لۇقماننىڭ 6 - ئايىتىدىكى لەھۋەلھەدىس ﴿لَهْوَ الْحَدِيثِ﴾ ئىپادىسىدە ناخشا - مۇزىكىنىڭ هاراملىقىغا دەلىل يوق، چۈنكى ئۇ ئىپادىنىڭ «غىنا» دېگەن تەپسىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىرى ئەمەس، بەلكىدە ئىبنى مەسئۇدنىڭ تەپسىرىدۇر. شۇڭا ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن ئۇ ئىپادىنى پەرقلىق تەپسىر قىلغانلارمۇ بار[1].

## 3) بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز

### (1) ھۆكۈمنى ئاللاھ چىقىرىدۇ

بىر نەرسىنىڭ ياكى بىر ئىشنىڭ هاراملىقى قۇرئان كەرىمنىڭ ئوچۇق ئىپادىسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھتىن غەيرىي ھېچكىم بىرەر نەرسە توغرىسىدا ھۆكۈم بەلگىلەش (قانۇن چىقىرىش) ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس[2]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الٓر ۚ كِتَٰبٌ أُحۡكِمَتۡ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتۡ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ خَبِيرٍ ۝١
أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَ ۚ إِنَّنِي لَكُم مِّنۡهُ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ ۝٢﴾

«ئەلىف، لام، را. بۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەر نەرسىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن، ئايەتلىرى ئىخچام ۋە ئېنىق قىلىپ تۈزۈلگەن ھەمدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلماڭلار. مەن ئاللاھ تەرىپىدىن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن»[3].

---

① مۇھەممەد غەزالى، *ئەسسۇننەتۇن نەبەۋىييە بەينە ئەھلىل فىقھى ۋە ئەھلىل ھەدىس*، 82 - 84؛ قەرداۋى، فەتاۋا مۇئاسىرە، 1: 688 ~ 693؛ ئىبنى ھەزم، *مۇھەللا بىلئاسار*، 4:4.

② قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 57 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۇسۇف، 40 - ۋە 67 - ئايەتلەر؛ 40 - سۈرە غافىر، 12 - ئايەت.

③ 11 - سۈرە ھۇد، 1 ~ 2 - ئايەتلەر.

بۇ ئايەت دالالەت قىلىدۇكى، ھۆكۈملەرنى پەقەتلا ئاللاھ تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇش ئىبادەتتۇر. ئىبادەتنى ئاللاھتىن غەيرىيگە قىلىش شېرىكتۇر. ئاللاھنىڭ كىتابىدا «ھارام» دېيىلمىگەن نەرسە توغرىسىدا «ھارام» دەپ چىقىرىلغان ھۆكۈمگە بويسۇنۇش ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلغانلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە بىرەر ھۆكۈم بولمىسا، ئۇ نەرسە ئۆزىنىڭ مۇباھلىقى بىلەن قالىدۇ.

(2) ھەدىسلەردىن دەلىللەر :

● رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: يېنىمدا ئەنسارلاردىن ئىككى قىز بۇئاس① كۈنى ئەنسارلار ئېيتىشقان سۆزلەر بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، بۇ ئەسنادا ئەبۇ بەكرى (يەنى ئاتام) كىردى، مېنى ئازارلىدى ۋە: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدە شەيتان چالغۇسىمۇ؟» دېدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ: «ئى ئەبۇ بەكرى، ئۇلارنى چالغىلى قويغىن، چۈنكى ھەر قەۋمنىڭ بايرىمى بار، بۇ بىزنىڭ بايرىمىمىز» دېدى②.

● رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە ئەنسارلاردىن بىر يېقىنىنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ كېلىپ مۇنداق دېدى: «قىزنى يوللىدىڭلارمۇ؟» دېدى، ئۇلار: ھەئە دېدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نەغمە قىلىدىغان كىشىمۇ ئەۋەتتىڭلارمۇ؟» دېدى، ئائىشە: ياق دېدى، رەسۇلۇللاھ: «ئەنسارلار، غەزەل ئېيتىش ئادىتى بولغان قەۋمدۇر. كاشكى ئۇلارغا: ‹يېنىڭلارغا بىز كەلدۇق، يېنىڭلارغا بىز كەلدۇق - بولسۇن بۇ توي بىزلەرگە ھەمدە سىزلەرگە قۇتلۇق› دەيدىغان بىرىنى ئەۋەتكەن بولساڭلار» دېدى③.

---

① بۇئاس مەدىنىگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئارىسىدا بولغان ئاخىرقى ئۇرۇشتۇر، رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كېلىشى بىلەن ئۇ ئىككى قەبىلە ئۆزئارا قېرىنداش بولۇشۇپ كونا قان دەۋالىرى توگىگەن.

② بۇخارى، «ئىيدەين»، 3، «مەناقىب»، 46؛ مۇسلىم، «ئىيدەين»، 16؛ ئىبنى ماجە، «نىكاھ»، 21؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 40: 53، 89، 41: 216، 426، 44: 570.

③ ئىبنى ماجە، «نىكاھ»، 21؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 23: 379، 380، 267/27.

• رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئەۋۋىزنىڭ قىزى رۇبەييىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ تويۇم بولغان كۈنى ئەتىگەن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ ئەسنادا بىرقانچە قىزچاق داپ چېلىپ بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەن ئاتىلىرى ھەققىدە مەرسىيە ئوقۇۋاتاتتى، تاكى بىر قىز: «ئارىمىزدا نەبى بار بىلىدۇ: ئەتە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ» دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق دېمىگىن، دەۋاتقىنىڭنى دېگىن» دېدى[①].

• رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەمر ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر توي ئەسناسىدا قۇرەزە ئىبنى كەئب ۋە ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارىنىڭ يېنىغا كىردىم، بىرقانچە قىز ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، چىداپ تۇرالماي: «سىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى ساھابىسى ۋە بەدىر ئەھلىدىن تۇرۇقلۇق يېنىڭلاردا مۇشۇنداق ئىش قىلىنسا بولامدۇ؟» دەپ تاشلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «خالىساڭ ئولتۇرۇپ بىز بىلەن ئاڭلىغىن، خالىساڭ كەتكىن، بىزگە تويدا ئويناشقا رۇخسەت بېرىلدى» دېدى[②].

بۇ رىۋايەتلەر ناخشا ئېيتىش، ناخشا ئاڭلاش، ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئەر كىشىنىڭ ئاڭلىشى قاتارلىقلارنىڭ جائىزلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

### (3) ناخشا - مۇزىكا فىترەتكە خىلاپ ئەمەس

ئىسلام فىترەت دىنىدۇر، يەنى جانلىقلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان دىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، فىترەتكە قارشى ئۇرۇش ئاچمايدۇ. جانلىقلارنىڭ تەبىئىتى ناخشا - مۇزىكا، شېئىر - غەزەللەرنى ئاڭلاشقا مايىل كېلىدۇ، ناخشا ئاڭلاش بىلەن سۆيۈنىدۇ ۋە ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى:

قانداق مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر بوۋاق بالا ئانىسىنىڭ ئەللەي ئېيتىشى بىلەن يىغلاشتىن توختايدۇ، ئۇخلايدۇ ۋە ئارام ئالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئېيتىلغان ئەللەينىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ. تەبىئىتى شۇنچە قوپال بولغان تۆگە، ھەيدىگۈچىنىڭ ناخشىسى بىلەن مېڭىشىنى

---

① بۇخارى، «مەغازى»، 9، «نىكاھ»، 49؛ ئەبۇ داۋۇد، «سۈنەن»، ئەدەب، 59؛ تىرمىزى، «نىكاھ»، 6؛ ئىبنى ماجە، «نىكاھ»، 21.

② نەسەئى، «نىكاھ»، 80.

تېزلىتىدۇ[1]. خامانغا قېتىلغان كالا، ئېشەكلەر ھەيدىگۈچىنىڭ لاي - لاي ئېيتىشى بىلەن مېڭىشقا كۆنىدۇ.

ئىنسانلار قاتتىق سۆيۈنگەن چاغلىرىدىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ناخشا ئېيتىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئويناپ تاشلايدۇ. مەسىلەن: مەدىنە ئاھالىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ قارشى ئالغان. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمىگەن. ئۇلار ئېيتقان ناخشا تۆۋەندىكىچە:

تولۇن ئاي كۆرۈندى بىزگە «سەنىيياتۇلۋەدا»دىن،

شۈكۈر بۇرچ دەۋەت ئاللاھقا بولسىلا دەۋەتچىدىن،

بىزگە يوللانغان ئى ئەلچى! ئېلىپ كەلدىڭ «مەقبۇل دىن»[2].

31 - سۈرە لۇقماننىڭ 6 - ئايىتىدىكى «بىھۇدە سۆز» دېگەن مەنىدىكى لەھۋەلھەدىس ﴿لَهْوَ الْحَدِيثِ﴾ كەلىمىسىگە كەلسەك، ئۇ ئايەتنى داۋامىدىكى يەتتىنچى ئايەت ۋە ئالدىدىكى ئايەتلەر بىلەن بىر پۈتۈن ھالدا چۈشىنىش كېرەك. ئاللاھ تائالا ئۇ ئايەتلەردە ئىككى تۈرلۈك گۇرۇھ توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ:

بىرىنچىسى مۇئمىنلار گۇرۇھى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھنىڭ تۆگە ھەيدىگەچ ناخشا ئېيتىپ ماڭىدىغان بىر ئادىمى بار ئىدى، ئىسمى ئەنجەشە ئىدى، ئاۋازى چىرايلىق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئاستا - ئاستا ، ئى ئەنجەشە! شېشىلەرنى سۇندۇرۇۋەتمە!» دېدى. قەتادە: «يەنى ئاياللارنىڭ ئاجىزلىرىنى» دەپ قىستۇرۇپ قويغان. (بۇخارى، «ئەدەب»، 116؛ مۇسلىم، «فەزائىل»، 73). بۇ رىۋايەتتىكى «شېشىلەرنى سۇندۇرۇۋەتمە» دېگەن ئىپادىنىڭ مەنىسى قەتادەنىڭ ئىزاھاتىدىن قارىغاندا «ناخشىنى بەزى كۆڭلى ئاجىز ئاياللار تەسىرلىنىپ قالمىغۇدەك ئېيتقىن» دېگەن بولىدۇ.

② قاراڭ: ئىبنى قەييىم جەۋزىيە، *زادۇلمەئاد*، 27 - باسما (بېرۇت: مۇئەسسەتۇر رىسالە/ كۇۋەيت: مەكتەبەتۇل مەنارىل ئىسلامىييە، ھ 1415 / م 1994)، 3: 480؛ مۇبارەكفورى، *رەھىقۇل مەختۇم*، 401. بۇ ناخشىنىڭ ئەرەبچە تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «طَلَعَ الْبَدْرُ عَلَيْنَا، مِنْ ثَنِيَّاتِ الْوَدَاعِ. وَجَبَ الشُّكْرُ عَلَيْنَا، مَا دَعَا لله داعٍ. أَيُّهَا الْمَبْعُوثُ فِينَا، جِئْتَ بِالْأَمْرِ الْمُطَاعِ».

﴿الٓمٓ ﴿١﴾ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْكِتَٰبِ ٱلْحَكِيمِ ﴿٢﴾ هُدًى وَرَحْمَةً لِّلْمُحْسِنِينَ ﴿٣﴾
ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلْءَاخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ
هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ ۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٥﴾﴾

«ئەلىف، لام، مىم. بۇلار ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇ كىتاب ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر. ئۇلار نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەيدىغان، زاكاتنى بېرىدىغان، ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار رەببىدىن كەلگەن ھىدايەت ئۈستىدە بولغانلاردۇر ۋە مۇرادىغا يەتكۈچىلەر ئەنە شۇلاردۇر»①.

ئىككىنچىسى مۇناپىقلار گۇرۇھى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَشْتَرِى لَهْوَ ٱلْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ
وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا ۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿٦﴾ وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِ ءَايَٰتُنَا وَلَّىٰ
مُسْتَكْبِرًا كَأَن لَّمْ يَسْمَعْهَا كَأَنَّ فِىٓ أُذُنَيْهِ وَقْرًا ۖ فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٧﴾﴾

«ئىنسانلاردىن شۇنداق كىشىلەر باركى، ھېچبىر ئىلمگە ئاساسلانماستىن ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن بىھۇدە سۆزنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلارغا خارلىغۇچى ئازاب بار. ئۇلارغا ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا تەكەببۇرلۇق قىلىپ يۈز ئۆرۈيدۇ، گويا ئۇ ئايەتلەرنى ئاڭلىمىغاندەك، گويا ئىككى قۇلىقىدا ئېغىرلىق باردەك ئىش قىلىدۇ. سەن ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن»②.

مەزكۇر «لەھۋەلھەدىس (بىھۇدە سۆز)» ئىپادىسىنى «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ‹غىنائ (ناخشا - مۇزىكا)› دەپ تەپسىر قىلغان» دېگەن رىۋايەتتىكى «تەپسىر» تابىئىن ئۆلىمالىرىنىڭ ئارىسىدا كەلىمىنىڭ «بىردىنبىر توغرا تەپسىرى» دەپ قوبۇل قىلىنمىغان. مەزكۇر ئىپادىنى تابىئىنلاردىن داھھاكنىڭ «شېرىك»، ئاتا ئىبنى ئەبى رەباھنىڭ

① 31 - سۈرە لۇقمان، 1 ~ 5 - ئايەتلەر.
② 31 - سۈرە لۇقمان، 6 - ۋە 7 - ئايەتلەر.

«باتىل» دەپ تەپسىر قىلغانلىقى بۇنى كۆرسىتىدۇ[1]. ئۇ ئىپادىنى دەسلەپكى مۇفەسسىرلەردىن مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيمان (ھ 83 - 150 /م 702 - 767) «باتىل سۆز»[2]، يەھيا ئىبنى سەللام (ھ 124 - 200 / م 742 - 815) «شېرىك»[3]، فەررائ (ھ 144 - 207 / م 761 - 822) «ئەجەملەرنىڭ كىتابى»[4] دەپ تەپسىر قىلغان.

### خۇلاسە

پۈتۈن بۇلارغا ئاساسەن، ناخشا - مۇزىكا مۇئەييەن شەرتلەر ئاستىدا مۇباھ بولىدۇ. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

- ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولماسلىقى.
- ئىسلامغا ۋە ئىسلامىي تەۋررۈكلەرگە تەنە قىلماسلىقى.
- تېكىستلىرى شېرىك ئىپادىلىمەسلىكى.
- يالغان، يامان ۋە باتىلنىڭ تەشۋىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى.
- تېكىست ۋە ئىجراسىدا تۆھمەت ۋە مەسخىرە ئىپادىلىمەسلىكى.
- ۋاقىت ئىسراپچىلىقىغا ئېلىپ بارماسلىقى.
- تەلىم - تەربىيە ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشكە توسالغۇ بولماسلىقى.
- ماددىي ياكى مەنىۋى ھېچبىر زىيانغا ئۇچراتماسلىقى.
- ئىسلامغا زىت كەلمەيدىغان مىللىي ئەنئەنىلەرنى كەمسىتمەسلىكى.

---

[1] قاراڭ: جەمالۇددىن ئەبۇلفەرەج ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد جەۋزى، *زادۇلمەسىير فى ئىلمىتتەفسىر*، تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇررەززاق مەھدى (بېيرۇت: دارۇلكۇتۇبىل ئەرەبى ھ 1422 / م 2001)، 3: 430.

[2] قاراڭ: مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيمان، *تەفسىرى مۇقاتىل*، تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇللاھ مەھمۇد شىھاتە (بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىت تۇراس، 1423)، 3: 432.

[3] قاراڭ: يەھيا ئىبنى سەللام ئىبنى ئەبي سەئلەبە، *تەفسىرى يەھيا ئىبنى سەللام*، تەھقىقلىغۇچى: دوكتور ھىند شەلەبى (بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1425 / م 2004)، 2: 669.

[4] ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبنى زىياد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەنزۇر دەيلەمى فەررائ، *مەئانىل قۇرئان*، تەھقىقلىغۇچى: ئەھمەد يۇسۇف نەجاتى/ مۇھەممەد ئەلى نەججار/ ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل شەلەبى (مىسر: دارۇل مىسرىييە لىتتەئلىفى ۋەتتەرجەمەتى، تارىخسىز)، 2: 326.

- ئەخلاقسىزلىق، ھاياسىزلىق ۋە شەھۋانىيەت ئىپادىلىمەسلىكى.

بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا تۆۋەندىكى ناخشا مۇزىكىلارغا رۇخسەت بېرىلىدۇ:

- توي - تۆكۈن ناخشا - مۇزىكىلىرى.
- ھېيت - بايرام ناخشا - مۇزىكىلىرى.
- مىللەتنىڭ كىملىكىگە ئايلانغان ناخشا - مۇزىكىلار. مەسىلەن:

مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت مارشى، ئەسكەر مارشى، ئىستىقلال مارشى، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيەت، يۇرت - مەھەللىسىنىڭ ئىقلىمى ۋە مەنزىرىسى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ناخشىلىرى قاتارلىقلارنى ئېيتىشقا، مۇزىكىلىرىنى چېلىشقا بولىدۇ.

بۈنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ مىللىي تەۋەررۈكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان 12 مۇقامنى ۋە ھەر رايوننىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسى نەسىللەرگە مىراس قالدۇرۇش لازىم. چۈنكى مىللىي كىملىكنى قوغداش مۇھىمدۇر. بۇ ھەقتە كىتابنىڭ «ۋەتەن - مىللەت» بۆلۈمىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

- ۋەتەننى، ئەجدادلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى ۋە ئىسلامىي تەۋەررۈكلەرنى كۈيلەيدىغان ناخشا - مۇزىكىلار.
- ياخشىلىقنى مەدھىيەلەپ ياكى يامانلىقنى قامچىلاپ ئىجرا قىلىنىدىغان ناخشا - مۇزىكىلار.
- ئىلىم - مەرىپەت، پەن - تېخنىكا، ئىتتىپاقلىق ۋە پائالىيەتچانلىققا مۇھەببەت ئىپادىلەيدىغان؛ جاھالەت، نادانلىق، تەپرىقە ۋە ھۇرۇنلۇققا نەپرەت ئىپادىلەيدىغان ناخشا - مۇزىكىلار.
- گۈزەل ئەخلاققا تەشۋىق قىلىشنى، ناچار ئىللەتلەردىن توسۇشنى ئىپادىلەيدىغان ناخشا - مۇزىكىلار.

● باللارغا ئوقۇش - ئۆگىنىش، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە دىيانەتنى سۆيدۈرۈش، ئەمەل - ئىبادەتكە قىزىقتۇرۇش، ئۇلارنىڭ زېھنىگە پاك ئىمان ۋە توغرا ئېتىقادنى يەرلەشتۈرۈش، ھايۋانلارنى قوغداش ۋە مۇھىتنى ئاسراش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنغان باللار ناخشا - مۇزىكىلىرى.

ناخشا - مۇزىكىنى ئومۇمەن ھارام دېگۈچىلەرگە مەلۇم بولغايكى، ئاللاھ تائالا ھالال ياكى ھارام قىلىش ھوقۇقىنى ھېچكىمگە بەرمىگەن. ئاللاھ تائالا ھارام قىلمىغان نەرسىنى «ھارام» دېگۈچىلەر ئاللاھقا يالغان چاپلىغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَقُولُواْ لِمَا تَصِفُ أَلۡسِنَتُكُمُ ٱلۡكَذِبَ هَٰذَا حَلَٰلٞ وَهَٰذَا حَرَامٞ لِّتَفۡتَرُواْ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ لَا يُفۡلِحُونَ ١١٦﴾

«تىللىرىڭلار توقۇغان يالغانغا ئاساسلىنىپ: ‹ئۇ ھالال، بۇ ھارام› دېمەڭلار. بولمىسا ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان بولىسىلەر. ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغانلار ھەرگىزمۇ مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ»[1].

[1] 16 - سۈرە نەھل، 116 - ئايەت.

## VIII تەنھەرىكەت ۋە مۇسابىقە

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَالُواْ يَـٰٓأَبَانَا مَالَكَ لَا تَأۡمَ۬نَّا عَلَىٰ يُوسُفَ وَإِنَّا لَهُۥ لَنَـٰصِحُونَ ﴿١١﴾ أَرۡسِلۡهُ مَعَنَا غَدٗا يَرۡتَعۡ وَيَلۡعَبۡ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَـٰفِظُونَ ﴿١٢﴾﴾

«شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئاتىمىز! ساڭا نېمە بولدىكىن يۇسۇف توغرۇلۇق بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا راستىنلا كۆيۈنگۈچى كىشىلەرمىز. ئەتە ئۇنى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، يەپ - ئىچىپ يايرىسۇن، ئوينىسۇن. بىز ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز»[①].

﴿وَجَآءُوٓ أَبَاهُمۡ عِشَآءٗ يَبۡكُونَ ﴿١٦﴾ قَالُواْ يَـٰٓأَبَانَآ إِنَّا ذَهَبۡنَا نَسۡتَبِقُ وَتَرَكۡنَا يُوسُفَ عِندَ مَتَـٰعِنَا فَأَكَلَهُ ٱلذِّئۡبُۖ وَمَآ أَنتَ بِمُؤۡمِنٖ لَّنَا وَلَوۡ كُنَّا صَٰدِقِينَ ﴿١٧﴾﴾

«ئۇلار ئاخشىمى ئاتىلىرىنىڭ يېنىغا يىغلاشقان ھالدا كېلىپ: ئى ئاتىمىز! بىز يۇسۇفنى نەرسە - كېرەكلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ مۇسابىقىلەشكىلى كەتكەن ئىدۇق، ئۇ ئەسنادا ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ! راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن دېيىشتى»[②].

بۇ ئايەتلەر دالالەت قىلىدۇكى، ئويۇن ئويناش، ھەر تۈرلۈك مۇسابىقە ۋە تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش مەنئى قىلىنمايدۇ، لېكىن قۇرئان كەرىمنىڭ بىر پۈتۈن روھىدىن قارىغاندا ئۇلارنى، «بەش زۆرۈرىي نەرسە»نى ساقلاش شەرتى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

- دىن

① 12 - سۈرە يۇسۇف، 11 - ۋە 12 - ئايەتلەر.
② 12 - سۈرە يۇسۇف، 16 - ۋە 17 - ئايەت.

بۇ يەردىكى «دىن» ئىسلامنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ ... ﴿١٩﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا دىن ئىسلامدۇر»①.

ئىسلامنى ساقلاش - ئىمان شەرتلىرىنى ئورۇنداش②، ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش③، مۇئامىلە قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش④، ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش⑤ ۋە شەرئىي ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىش⑥، شۇنداقلا ئۇلارغا دەۋەت قىلىش⑦ ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش⑧ قاتارلىقلار بىلەن بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار»، «ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار»، «ئاللاھنى زىكىر قىلىڭلار»، «ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتلەر ئەنە شۇ «دىننى ساقلاش»نىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

- جان

---

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 19 - ئايەت.

② ئۇ شەرتلەر ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر (4 - سۈرە نىسا، 136 - ئايەت بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ).

③ بەش ۋاخ نامازنى ئۆتەش ، زاكاتنى بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە ھەج قىلىش قاتارلىقلار (بۇ ئىبادەتلەر بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى).

④ بۇ ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىش، باشقا ئىنسانلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش، مۇھىتنى ئاسراش ۋە ھايۋانلارنى قوغداش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ (بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا كىتابنىڭ بۇ قىسمىنىڭ ۋە بىرىنچى قىسمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملىرىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى).

⑤ بۇ ھەقتە بۇ كىتابنىڭ «ھەمكارلىق» بۆلۈمىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى - (ھەمكارلىق - ھۆكمى ۋە ساھەسى).

⑥ يەنى ئىسلامنىڭ نىكاھ، تالاق ۋە مىراس ئەھكاملىرىغا ئوخشاش ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرىنى، ئۆتنە - يېرىم، ئېلىم - سېتىم ۋە توختام - كېلىشىم ئەھكاملىرىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش.

⑦ 2 - سۈرە بەقەرەنىڭ 159 - ئايىتى، 3 - سۈرە ئال ئىمراننىڭ 104 - ئايىتى ۋە 30 - سۈرە رۇمنىڭ 41 - ئايىتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

⑧ 31 - سۈرە لۇقماننىڭ 17 - ئايىتى ۋە 103 - سۈرە ئەسىر بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

جانىي ساقلاش - ھاياتنى ساقلاپ قېلىش دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ھاياتنى داۋاملاشتۇرسۇن دەپ پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بەرگەن[①] ۋە ئىسراپ قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئۇ نەرسىلەردىن يەپ - ئىچىشكە بۇيرۇغان[②]. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى ھېس قىلغانلارغا ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن ھاياتنى قۇتقۇزۇپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشكە رۇخسەت قىلغان[③].

ئىجتىمائىي ھاياتتا ئادالەتنى قوغداش ۋە ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن قىساسنى پەرز قىلغان[④]. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن توسقان[⑤]. ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك خەتەرگە ئېتىشتىن توسقان[⑥]. جانىي ساقلاش ئۈچۈن دۈشمەنگە دوستلۇق ئىزھار قىلىشقا[⑦] ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا كۇفرى سۆزنى قىلىشقا[⑧] رۇخسەت قىلغان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جانىي ساقلاشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

- ئەقىل

ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىنى ئايرىم شەكىل ۋە پەرقلىق خۇسۇسىيەت بىلەن يارىتىپ، ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ يول كۆرسىتىشى ئۇ نەرسىنى ياراتقاندا ئۇنىڭ تەبىئىتىگە پايدا - زىياننى بىلىش

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 168 - ۋە 172 - ئايەتلەر؛ 5 - سۈرە مائىدە، 4 -، 5 - ۋە 88 - ئايەتلەر؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 51 - ئايەت.

② قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 31 - ئايەت.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 173 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 3 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 119 - ۋە 145 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 145 - ئايەت.

④ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 178 - ۋە 179 - ئايەتلەر.

⑤ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 29 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 33 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت مۇنداق: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم ئۆزىنى تاغدىن ئېتىپ ئۆلۈۋالسا، دوزاختا ئۆزىنى مەڭگۈ تاغدىن ئېتىپ تۇرىدۇ. كىم زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالسا، دوزاختا مەڭگۈ زەھەر ئىچىپ تۇرىدۇ. كىم ئۆزىگە بىرەر تۆمۈر پارچىسى تىقىپ ئۆلۈۋالسا، دوزاختا ئۇ تۆمۈرنى قارنىغا مەڭگۈ تىقىپ تۇرىدۇ» (بۇخارى، «تىب»، 56؛ مۇسلىم، «ئىمان»، 175؛ تىرمىزى، «تىب»، 7؛ نەسەئى، «جەنائىز»، 68؛ ئەبۇ داۋۇد، «تىب»، 11؛ دارىمى، «دىيات»، 10.

⑥ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 95 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 28 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 106 - ئايەت.

قابىلىيىتىنى سىڭدۈرۈش بىلەن بولغان. كائىناتتىكى ھەر نەرسە ئۆزىنىڭ بۇ قابىلىيىتى بىلەن پايدىلىقنى ئايرىپ ئۇنى ئىستېمال قىلىدۇ، زىيانلىقنى ئايرىپ ئۇنىڭدىن ساقلىنىدۇ، شۇنداقلا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ①.

ئاللاھ تائالا جۈملىدىن ئىنساننىمۇ شۇنداق ياراتقان. يەنى ئاللاھ تائالا ھەر ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ھەق بىلەن باتىل، چىرايلىق بىلەن سەت ۋە راست بىلەن يالغاننى ئايرىش قابىلىيىتىنى سىڭدۈرۈپ ياراتقان. ئەنە شۇ قابىلىيەت ئەقىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئەقىلنى ئىشلەتكەنلەر ئاسمان، زېمىن ۋە بارلىق مەخلۇقاتنىڭ يارىتىلىشىغا قاراپ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى، تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن تەمىنلىنىپ مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىنى تونۇپ يېتىدۇ②. ئەقىلنى ئىشلەتمىگەنلەر شېرىك پاتقىقىغا پاتىدۇ③، خۇراپات ئەخلەتلىرىنىڭ ئاستىدا قالىدۇ④، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشالمايدۇ⑤. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئەقىلنى يېتىلدۈرۈپ ئۆز رولىنى جارى قىلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن مەنئى قىلغان⑥. بۇ ئەقىلنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

- نەسىل

ئاللاھ تائالا تۇنجى ئىنساننى ۋە ئۇنىڭ جۈپتىنى ئۆزى بىۋاسىتە ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە نەسىل قالدۇرالايدىغان قابىلىيەتنى سىڭدۈرگەن. ئۇلارنىڭ نەسىل قالدۇرۇشى بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئىنسان تۆرىلىپ تۇرۇشى يولغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئەر ۋە ئاياللاردىن تەركىپ

---

① قاراڭ: 20 - سۈرە تاھا، 50 - ئايەت؛ 87 - سۈرە ئەئلا، 3 - ئايەت.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 164 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 4 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 12 - ۋە 67 - ئايەتلەر؛ 30 - سۈرە رۇم، 24 - ۋە 28 - ئايەتلەر؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 5 - ئايەت.

③ قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 103 - ئايەت.

④ قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 100 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 59 - سۈرە ھەشر، 14 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 90 - ئايەت.

تاپقان نۇرغۇن ئىنسانلار يەر يۈزىگە تارقالغان[1]. يەر يۈزىدە ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىشى نەسىل قالدۇرۇش ئارقىلىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن نىكاھلىنىشقا ۋە نىكاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇپ[2]، زىناغا يېقىنلىشىشتىن توسقان[3]، ھەتتا زىناغا يېقىنلىشىشقا سەۋەبچى بولىدىغان ھەرىكەتلەردىنمۇ توسقان[4]. ئائىلىنىڭ ئىلاھىي نېئمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[5].

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلارنى ئائىلە ئەزالىرىنى دوزاختىن ساقلاشقا بۇيرۇغان[6]. بۇ، نەسلنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. نەسىل تۆۋەندىكى ئىككى ئىش بىلەن ساقلىنىدۇ:

1 - ئۆزىنىڭ نەسىل قالدۇرۇش قابىلىيىتىنى ساقلاش، نىكاھلىنىپ نەسىل قالدۇرۇش، نەسلنى ماددىي جەھەتتىن بېقىش، مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيەلەش قاتارلىقلار بىلەن بولىدۇ. چۈنكى بۇلارنى قىلمىغانلار يۇقىرىدىكى ئىلاھىي ئەمر - پەرمانلارغا بويسۇنمىغان بولىدۇ.

2 - ئۆز قەبىلە ۋە مىللىتىنى باشقا قەبىلە ۋە مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە ئۆز ئانا تىلىنى قوغداش، ئۇلارنى ئۆز نەسلىگە مىراس قالدۇرۇش، ئۆز نەسلىنىڭمۇ ئۇ مىراسنى ساقلاپ نەسلىدىن - نەسلىگە مىراس قالدۇرۇشىنى كاپالەت ئاستىغا ئېلىش قاتارلىقلار بىلەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى مىللەتلەرگە ئايرىغان[7]، ھەر مىللەتنىڭ تىلىنى بىرەر ئايەت سۈپىتىدە پەرقلىق قىلغان[8]. ئۆز مىللىتىگە خاس بولغان ئايرىم ھالەتنى ۋە ئاللاھنىڭ بىر ئايىتى بولغان ئانا تىلىنى ساقلىماسلىق ئۆز نەسلىنىڭ مۇنقەرىز بولۇپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا ئۆز نەسلىنى ساقلىمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

---

① قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 189 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 75 - ئايەت.

② قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 3 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 32 - ئايەت.

③ قاراڭ: 17 - سۈرە ئىسرا، 32 - ئايەت.

④ قاراڭ: 24 - سۈرە نۇر، 30 - ۋە 31 - ئايەتلەر.

⑤ قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 72 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 21 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 66 - سۈرە تەھرىم، 6 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 30 - سۈرە رۇم، 22 - ئايەت.

**ئەسكەرتىش:**

ئاللاھ تائالا نەسىل قالدۇرۇش قابىلىيىتى بەرمىگەن كىشلەر[1] ئۆز مىللىتىنىڭ نەسلىنى ساقلاشقا ھەسسە قوشسا بۇ توغرىدىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ھەر كىشىنىڭ مىللىتى ئۇنىڭ ئائىلىسى ھېسابلىنىدۇ. بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرى ئۆز نەسلىنى ساقلاشقا بۇيرۇلىدۇ.

- مال

ئاللاھ تائالا مال - مۈلۈكنى ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئاساسى قىلغان، ئۇنى ئەقلى پىشىپ يېتىلمىگەنلەرگە بېرىشتىن توسقان[2]. مال - مۈلۈكنى ئۆز يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان[3]. شۇنىڭدەك، ناھەق يوللار [4] بىلەن قولغا كەلتۈرۈشتىن توسۇپ، تىجارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان[5]. مال - مۈلۈكنى بوزۇپ چېچىشتىن توسقان[6]. بۇلار مال - مۈلۈكنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

### *§1. تەنھەرىكەت*

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «بەش زۆرۈري نەرسە»نى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن پۈتۈن تەنھەرىكەت (سپورت)لارنى قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: سۇ ئۈزۈش ۋە يۈگۈرۈشكە ئوخشاش بەدەننى كۈچەيتىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا، ئوقيا ئېتىش، ئات كۆندۈرۈش ۋە ئات چاپتۇرۇشقا ئوخشاش ئۇرۇش تەييارلىقى ھېسابلىنىدىغان ئويۇنلارنى ئۆگىنىشكە ۋە ئويناشقا بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

---

[1] قاراڭ: 42 - سۈرە شۇرا، 50 - ئايەت.

[2] قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 5 - ئايەت.

[3] قاراڭ: 62 - سۈرە جۇمۇئە، 10 - ئايەت؛ 67 - سۈرە مۇلك، 15 - ئايەت.

[4] ناھەق يوللار: 1 - قۇرئاننىڭ مەنىسىنى يوشۇرۇش (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 174 - ئايەت)، 2 - پارىخورلۇق قىلىش (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 188 - ئايەت)، 3 - جازانىخورلۇق قىلىش (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 275 - ئايەت)، 4 - ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 38 - ئايەت)، 5 - قىمار ئويناش (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 90 - ئايەت)، 6 - دىنى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئاللاھنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلىش (قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 34 - ئايەت)، 7 - ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بېرىش (قاراڭ: 83 - سۈرە مۇتەففىفىن، 1 - ، 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر).

[5] قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 29 - ئايەت.

[6] قاراڭ: 17 - سۈرە ئىسرا، 26 - ۋە 27 - ئايەتلەر.

### 1. سۇ ئۈزۈش

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يېڭى گۆش يېسۇن ۋە زىننەت بۇيۇملىرى چىقارسۇن دەپ ئۇلارغا دېڭىزلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان[①]. ئاندىن «يېڭى گۆش»نىڭ «دېڭىزنىڭ ئوۋى ۋە يېمەكلىكى» ئىكەنلىكىنى [②]، «زىننەت بۇيۇملىرى»نىڭ «مەرۋايىت ۋە مارجان» ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[③]. بۇ دېڭىزدىكى ھەر تۈرلۈك بېلىقلارنى ئوۋلاش ۋە ئۈنچە - مارجان، مەرۋايىتلارنى ئىزدەپ تېپىش قاتارلىقلارنى بىلىشنىڭ، شۇنداقلا سۇ ئۈزۈش ۋە غەۋۋاسلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پۈتۈن بۇلار سۇ ئۈزۈش ۋە سۇ ئاستىغا چۆكۈش سپورتى ۋە مۇسابىقىسى قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى دېڭىز ئوۋچىسى ۋە غەۋۋاسلار بۇ ئارقىلىق يېتىشىدۇ.

### 2. يۈگۈرۈش ۋە تەنھەرىكەت

قۇرئان كەرىمدە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇش سىياسىي ۋە ئەسكىرىي ساھەدە ئەمەل تۇتۇشقا كېرەكلىك بولغان سالاھىيەتلەرنىڭ قاتارىدا زىكىر قىلىنغان [④]، خىزمەت كېلىشىمدىكى ئاساسلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان[⑤]. بۇ ھەر تۈرلۈك تەنھەرىكەت ۋە يۈگۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

### 3. ئوقيا ئېتىشنى ۋە ئات چاپتۇرۇشنى ئۆگىنىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 14 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 12 - ئايەت.
② قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 96 - ئايەت.
③ قاراڭ: 55 - سۈرە رەھمان، 19 ~ 23 - ئايەتلەر.
④ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 247 - ئايەت.
⑤ قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 26 - ئايەت.

﴿وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن قُوَّةٖ وَمِن رِّبَاطِ ٱلۡخَيۡلِ تُرۡهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمۡ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمۡ لَا تَعۡلَمُونَهُمُ ٱللَّهُ يَعۡلَمُهُمۡۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيۡءٖ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تُظۡلَمُونَ ٦٠﴾

«دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قۇۋۋەت ۋە جەڭ ئاتلىرى تەييارلاڭلار. ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇ باشقا دۈشمەنلەرنى سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇلارنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدا نېمە چىقىم قىلساڭلار، ئۇنىڭ ساۋابى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەر زۇلۇمغا ئۇچرىتىلمايسىلەر»[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنگە قارشى قۇۋۋەت ۋە جەڭ ئاتلىرى تەييارلاشقا بۇيرۇغان. مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت تۆۋەندىكىچە:

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنبەر ئۈستىدە «دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قۇۋۋەت تەييارلاڭلار» دېگەن مەنىدىكى ئايەتنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۈچ قېتىم: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، قۇۋۋەت ئوق ئاتماقتۇر» دېدى[2].

دېمەككى، ئايەتتىكى «قۇۋۋەت»تىن مەقسەت، ئۇرۇشتا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ھەر خىل قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىلاردۇر. ئۇلارنى تەييارلاش ھەر تۈرلۈك مەشىق ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ئۇلار بىلەن مەزكۇر دۈشمەنلەرنى ئېتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشتۇر.

«جەڭ ئاتلىرى»دىن مەقسەت بولسا، ئارمىيەنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى مىنىپ جەڭگە ماڭغۇدەك، جەڭگە قاتناشقۇدەك ۋە جەڭدە دۈشمەننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇدەك سەۋىيەدە ئۆگىتىلگەن ئاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى تەييارلاش ئۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپ «جەڭ ئېتى» بولۇشى ئۈچۈن چېنىقتۇرۇش، ئۆگىتىش ۋە كۆندۈرۈش قاتارلىقلاردۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى مىنىپ جەڭگە

---

① 8 - سۈرە ئەنفال، 60 - ئايەت.

② مۇسلىم، «ئىمارەت»، 167؛ ئەبۇ داۋۇد، «جىھاد»، 24؛ تىرمىزى، «تەفسىرۇلقۇرئان»، 9؛ ئىبنى ماجە، «جىھاد»، 19.

قاتنىشش، ئاتنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ دۇشمەنگە ئوق ئېتىش ۋە مەغلۇپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە چەۋەنداز يىگىتلەرنى يېتىشتۈرۈش دېمەكتۇر.

## §2. زامانىمىزدىكى مۇسابىقىلەر

پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، تىكتاك توپ، قول توپى، سۇ توپى، سۇ ئۈزۈش ۋە يۈگۈرۈش قاتارلىق تەنھەرىكەت ئويۇنلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنى يۇقىرىدىكى «بەش زۆرۈري نەرسە»نى ساقلاش شەرتى بىلەن ئويناشقا، كۆرۈشكە، قاتنىششقا ۋە كوماندا تەشكىللەشكە بولىدۇ. مەسىلەن: سپورتچىلار ئەۋرەت يەرلىرىنى يۆگەش، نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئۆتەش، ھېچكىم بىرەر نەرسە تىكىشمەسلىك (قىمار ئوينىماسلىق)، ھەركىم دىن، جان، ئەقىل، نەسىل ۋە مالغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش شەرتى بىلەن پۈتۈن تەنھەرىكەتلەرنى قىلىشقا، بارلىق مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزۈشكە ۋە جىمى سپورت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا، شۇنداقلا ئۇلارغا ۋاستە بولۇشقا بولىدۇ.

# IX كېلىشىم - توختام

## §1. ئېلىم - سېتىم ۋە تىجارەت

### 1. ئېنىقلىمىسى

ئېلىم - سېتىم، بىر تەرەپ مالنى تاپشۇرۇپ بېرىپ ياكى پۈتتۈشكەن خىزمەت (ئىش)نى قىلىپ بېرىپ پۇلنى ئېلىش، يەنە بىر تەرەپ مالنى ياكى پۈتتۈشكەن خىزمەت (ئىش)نى تاپشۇرۇپ ئېلىپ پۇلنى تۆلەش ھەرىكىتىدۇر[1]. بازاردىن ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش، باققالدىن مېۋە - چېۋە، كۆكتاتچىدىن ئوتياش سېتىۋېلىش، بىر يەردە كۈنلۈك ياكى ئايلىق ئىشلەپ ئىش ھەققىنى ئېلىش - بېرىش قاتارلىقلار بۇ ھەرىكەتكە مىسال بولىدۇ.

تىجارەت - پايدا تېپىش ئۈچۈن مەبلەغنى بىرەر ئىشتا ئايلاندۇرۇش دېگەن بولۇپ، بۇ مال ۋە ئىش ئېلىم - سېتىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ دائىرىلىك پائالىيەتتۇر[2]. سودىگەرچىلىك، كارخانىچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قاتارلىق پائالىيەتلەر تىجارەتكە مىسال بولىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر ئېلىم - سېتىم تىجارەت ھېسابلانمايدۇ، لېكىن ھەر تىجارەت ئېلىم - سېتىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 2. ھۆكمى

ئاللاھ تائالا ئېلىم - سېتىم قىلىشنى ھالال قىلغان، تىجارەت قىلىشقا تەشۋىق قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿... وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلْبَيْعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰا۟ ... ﴿٢٧٥﴾﴾

---

[1] راغىب ئىسفەھانى، «بيع»، 155.

[2] راغىب ئىسفەھانى، «تجر»، 164. ئېلىم - سېتىم ۋە تىجارەت قۇرئان كەرىمدىمۇ بۇ مەنىلەردە كەلگەن (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 216 - ۋە 282 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 29 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 24 - ئايەت؛ 12 - سۈرە يۇسۇف، 20 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 37 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 29 - ئايەت.

«ئاللاھ ئېلىم - سېتىمنى ھالال، ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنى ھارام قىلغان»[1].

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَكُم بَيۡنَكُم بِٱلۡبَٰطِلِ إِلَّآ أَن تَكُونَ تِجَٰرَةً عَن تَرَاضٖ مِّنكُمۡۚ ... ﴿٢٩﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار. لېكىن ئۇ ماللارنى ئۆزئارا رازى بولۇشۇپ قىلىشقان تىجارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ يېسەڭلار بولىدۇ»[2].

﴿فَإِذَا قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ فَٱنتَشِرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَٱبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِ ٱللَّهِ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرٗا لَّعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٠﴾﴾

«ناماز ئادا قىلىنىپ بولغاندا دەرھال زېمىنغا تارقىلىڭلار، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر»[3].

### 3. ساھەسى

ئېلىم - سېتىم ۋە تىجارەت پائالىيەتلىرى ھالال نەرسىلەردە ئېلىپ بېرىلسا توغرا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ كُلُواْ مِمَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ حَلَٰلٗا طَيِّبٗا وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٌ ﴿١٦٨﴾﴾

«ئى ئىنسانلار! زېمىندىكى ھالال ۋە پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. چۈنكى شەيتان سىلەرنىڭ ئاشكارا دۈشمىنىڭلاردۇر»[4].

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 275 - ئايەت.
② 4 - سۈرە نىسا، 29 - ئايەت.
③ 62 - سۈرە جۇمۇئە، 10 - ئايەت.
④ 2 - سۈرە بەقەرە، 168 - ئايەت.

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَـٰتِ مَا رَزَقْنَـٰكُمْ وَٱشْكُرُواْ لِلَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿١٧٢﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! بىز سىلەرگە بەرگەن پاك رىزىقلاردىن يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار. ئەگەر ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار!»[1].

تىجارەتنىڭ ساھەسى توغرىسىدا بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ «ئىجتىمائىي ھايات» بۆلۈمىدە «ئىش ۋە ئىشچى» پاراگرافىنىڭ «رۇخسەت بېرىلگەن ئىشلار» بۆلىكىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى.

### 4. نەق ۋە نېسى

ئادەتتىكى ئېلىم - سېتىمنى ۋە تىجارەتتىكى ئېلىم - سېتىمنى نەق قىلىشقىمۇ بولىدۇ، نېسى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. نېسى قىلغان تەقدىردە شەرتلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى فَٱكْتُبُوهُ ۚ وَلْيَكْتُب بَّيْنَكُمْ كَاتِبٌۢ بِٱلْعَدْلِ ۚ وَلَا يَأْبَ كَاتِبٌ أَن يَكْتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ ٱللَّهُ ۚ فَلْيَكْتُبْ وَلْيُمْلِلِ ٱلَّذِى عَلَيْهِ ٱلْحَقُّ وَلْيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥ وَلَا يَبْخَسْ مِنْهُ شَيْـًٔا ۚ فَإِن كَانَ ٱلَّذِى عَلَيْهِ ٱلْحَقُّ سَفِيهًا أَوْ ضَعِيفًا أَوْ لَا يَسْتَطِيعُ أَن يُمِلَّ هُوَ فَلْيُمْلِلْ وَلِيُّهُۥ بِٱلْعَدْلِ ۚ وَٱسْتَشْهِدُواْ شَهِيدَيْنِ مِن رِّجَالِكُمْ ۖ فَإِن لَّمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَٱمْرَأَتَانِ مِمَّن تَرْضَوْنَ مِنَ ٱلشُّهَدَآءِ أَن تَضِلَّ إِحْدَىٰهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَىٰهُمَا ٱلْأُخْرَىٰ ۚ وَلَا يَأْبَ ٱلشُّهَدَآءُ إِذَا مَا دُعُواْ ۚ وَلَا تَسْـَٔمُوٓاْ أَن تَكْتُبُوهُ صَغِيرًا أَوْ كَبِيرًا إِلَىٰٓ أَجَلِهِۦ ۚ ذَٰلِكُمْ أَقْسَطُ عِندَ ٱللَّهِ وَأَقْوَمُ لِلشَّهَـٰدَةِ وَأَدْنَىٰٓ أَلَّا تَرْتَابُوٓاْ ۖ إِلَّآ أَن تَكُونَ تِجَـٰرَةً حَاضِرَةً تُدِيرُونَهَا بَيْنَكُمْ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَلَّا تَكْتُبُوهَا ۗ وَأَشْهِدُوٓاْ إِذَا

[1] 2 - سۈرە بەقەرە، 172 - ئايەت.

﴿تَبَايَعْتُمْۚ وَلَا يُضَآرَّ كَاتِبٌ وَلَا شَهِيدٌۚ وَإِن تَفْعَلُواْ فَإِنَّهُۥ فُسُوقُۢ بِكُمْۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱللَّهُۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٨٢﴾﴾

«ئى مۆئمىنلار! ئۆزئارا قەرەللىك قەرز مۇئامىلىسى قىلىشقان چېغىڭلاردا ئۇنى يېزىپ قويۇڭلار. ئاراڭلاردىن خەت يازالايدىغان بىر كىشى ئۇنى ئادىللىق بىلەن يازسۇن. خەت يازالايدىغان كىشى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكىنىدەك يېزىشتىن باش تارتمىسۇن، يازسۇن. ھەق زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشى ئېيتىپ بەرسۇن. ئۇ رەببى ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلسۇن، قەرزىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتمىسۇن. ئەگەر ھەق زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشى ئەقىلسىز ياكى كۆچسىز بولسا ۋە ياكى ئېيتىپ بېرىشكە قادىر بولالمىسا ئۇنىڭ ۋەلىيسى ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن. ئەر كىشىلىرىڭلاردىن ئىككى گۇۋاھچىنى گۇۋاھچى قىلىڭلار. ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچى ئىككى ئەر بولمىسا، ئۆزۈڭلار رازى بولىدىغان گۇۋاھچىلاردىن بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال بولسۇن. بۇ ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئېزىپ قالسا يەنە بىرىنىڭ ئەسلىتىشى ئۈچۈندۇر. گۇۋاھچىلار چاقىرىلغاندا كەلمەي قالمىسۇن. سىلەر پۈتۈكچىلەر! قەرز كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن ئۇنى قەرەلى بىلەن بىرلىكتە يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. بۇ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا توغرا، گۇۋاھلىق ئۈچۈن ساغلام، شۈبھىلەنمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئۇيغۇن بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاراڭلاردا نەق قىلىشىدىغان تىجارەت بولسا، ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئۇنى يازمىساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. ئېلىم - سېتىم قىلىشقان چېغىڭلاردا گۇۋاھچى ھازىر قىلىڭلار. پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن. ئەگەر ئۇلارغا زىيان يەتكۈزسەڭلار توغرا يولدىن چىققان بولىسىلەر. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۆگەتمەكتىدۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»①.

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، ئېلىم - سېتىمنى نەق قىلىشقىمۇ بولىدۇ، نېسى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئېلىم - سېتىم ئىككى تەرەپ ئۆزئارا رازىلىشىپ قىلىشىدىغان تىجارەتنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن پەرقلىق باھادىكى ئېلىم - سېتىم مۇئامىلىسى چەكلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 282 - ئايەت.

• بىر كۆينەكچى دۇكاندار دۇكىنىدا ئەتىگەن 20 كويدىن ساتقان كۆينەكلەرنى چۈشتىن كېيىن 17، 18 كويدىن، كەچقۇرۇنى 15، 16 كويلاردىن ساتىدۇ. بۇ پەرقلىق باھالارنىڭ ھەممىسى شۇ كۆينەكلەرنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەتىگەن 20 كويدىن سېتىلغان كۆينەكنى كەچتە 15 كويغا ئالغان كىشى دۇكانچىنىڭ 5 كوي ھەققىنى يەپ كەتكەن بولمىغاندەك، كەچتە 15 كويدىن سېتىلغان كۆينەكنى ئەتىگەندە 20 كويغا ئالغۇچىمۇ دۇكانچىغا 5 كوي ئۆسۈم بەرگەن بولمايدۇ.

• نېسي سودىدا، مالنىڭ نەق باھاسى 100 كوي، نېسى باھاسى 120 كوي بولسا بولىۋېرىدۇ. ئەگەر نېسى سودا بىر مالنى، پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش شەرتى بىلەن نېسى ئېلىش/سېتىش بولسا، زامان ۋە ماكانلارنىڭ ۋە ھەر قېتىمدا تۆلىنىدىغان پۇلنىڭ ئېنىق بولۇشى لازىم. مالنىڭ پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش سودىسىدا مال باھاسىنىڭ، نەق باھاسىدىن يۇقىرى بولۇشى ئۆسۈم مۇئامىلىسى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ ئېلىم - سېتىمدۇر. ئېلىم - سېتىمدا ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېلىشىپ مەلۇم بىر مالنى ياكى مۇئەييەن بىر خىزمەتنى مەلۇم بىر مىقدار پۇل بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. بۇ پۇل، مىقدارى قانچىلىك بولسا بولسۇن شۇ مالنىڭ ياكى شۇ خىزمەتنىڭ بەدىلى بولىدۇ.

ئەگەر بىر ساتقۇچى ساتقان مېلىنى باشقا بىرىدىن ئېلىپ، ئالغۇچىنى ئالدىمىغان ۋە ئىككى تەرەپ ئۆزئارا رازى بولۇشقان ئاساستا ئۆزى ئالغان باھادىن يۇقىرى بىر باھادا ساتقان بولسا، ئارتۇقى پايدا ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى 100 كويغا بىر گىلەم سېتىۋېلىپ 110 كويغا ساتقان بولسا، گىلەمنىڭ بەدىلى بۇ ئادەم ئالغاندا 100 كوي، ساتقاندا 110 كوي بولغان بولىدۇ. بۇ ئىش تىجارەت ھېسابلىنىدۇ. 10 كوي پۇل ساتقۇچىنىڭ پايدىسى بولىدۇ.

### 5. تىجارەت بىلەن ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ پەرقى

تىجارەتتە پۇل بىلەن مال ياكى پۇل بىلەن خىزمەتتىن ئىبارەت پەرقلىق ئىككى نەرسە، ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ ئۆزئارا رازىلىشىپ كېلىشىشى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىدە پۇل بىلەن پۇل ياكى ئوخشاش ئىككى نەرسە بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ ئۆزئارا

رازىلىشىپ كېلىشىشى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك كېلىشىمنىڭ ئىككىلىسىدە ئۆزئارا رازىلىشىش مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوبيېكتى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرى تىجارەت، يەنە بىرى ئۆسۈملۈك مۇئامىلە دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا تىجارەت يولغا قويۇلغان، ئۆسۈملۈك مۇئامىلە هارام قىلىنغان.

تىجارەتتە ئالغۇچى ئالغىنىنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدۇ. بۇ بەدەل ساتقۇچىغا نىسبەتەن پايدا قوشۇلغان بەدەل ياكى زىيان قوشۇلغان بەدەل ۋە ياكى ئىزى بولغان بەدەل بولىدۇ. ئەمما ئۆسۈملۈك مۇئامىلىدە ئالغۇچى ئالغىنىنىڭ ئوخشىشىنى ۋە ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشۇپ ئۆستۈرۈپ تۆلەيدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ، بەرگۈچى بەرگىنىنى ۋە زىيادىسىنى ئالىدۇ، هېچقاچان زىيان تارتمايدۇ. تىجارەتتە تىجارەتچى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئىككى كىشى بىلەن ياكى بىر كىشى بىلەن ئىككى قېتىم كېلىشىم تۈزىدۇ: بىرى سېتىۋېلىش، يەنە بىرى سېتىش. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىدە جازانىخور، بىر كىشى بىلەن بىر قېتىملىق كېلىشىمنىڭ ئىچىدە ئىككى كېلىشىم تۈزىدۇ: بىرى مەلۇم مىقداردىكى قەرزنى ئېلىش - بېرىش كېلىشىمى، يەنە بىرى بىر مۇددەتتىن كېيىن قەرزنى قايتۇرۇش ۋە تاپشۇرۇۋېلىش كېلىشىمى. تىجارەتتە سەرمايىگە قوشۇلغان ئارتۇق نەرسە پايدا، جازانىدە قەرزگە قوشۇلغان ئارتۇق نەرسە ئۆسۈم هېسابلىنىدۇ.

تىجارەت بازارنى جانلاندۇرىدۇ، ئىشسىزلارغا ئىش ئىمكانى يارىتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشتا ۋە هۈنەر - سەنئەتتە توغرا رىقابەتكە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مالنىڭ ۋە ئىشنىڭ سۈپىتى ياخشىلىنىدۇ، مەمۇرچىلىق بولىدۇ، باهالار چۈشىدۇ، نەتىجىدە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يۈكسىلىدۇ. جازانىخورلۇق بازاردىكى پۇلنى تارتىپ جازانىخورنىڭ قولىغا يىغىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى تۆۋەنلەيدۇ، كارخانىچىلار ماللىرىنى ئارزۇ قىلغىنىدەك ساتالمايدۇ - دە، ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ئىشچىلىرىنى ئازايتىدۇ، بارا - بارا ئىش توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ كارخانىلىرىنى تاقايدۇ. نەتىجىدە جازانىخورنىڭ قولىدا پۇل كۆپ، كارخانىچىنىڭ قولىدا مال كۆپ، بازار كاسات، هۆپىگەرلەر چارىسىز، ئىشچىلار ئىشسىز بولۇشتەك پاجىئەلىك مەنزىرە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاللاھ تائالا ئىلىم - سېتىمنى ھالال، جازانىخورلۇقنى ھارام قىلغان»①، تىجارەتكە تەشۋىق قىلغان. (ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلساڭلار گۇناھكار بولمايسىلەر دېگەن مەنىدىكى ئايەتلەر بۇنى كۆرسىتىدۇ).

## *§2.ئۆسۈملۈك مۇئامىلە (رىبا)*

### 1. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ ماھىيىتى

ئۆتنە - يېرىم مۇئامىلىسى، دىرنى قايتۇرغاندا ئۇنىڭ بەلگىلىك نىسبىتى بويىچە ئارتۇق تۆلەش شەرتى بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، ئۇ مۇئامىلە ئۆسۈملۈك مۇئامىلە، دىرنىڭ ئارتۇقى ئۆسۈم، دىرنىڭ ئۆزى (پۇل ياكى ئاشلىق) جازانە بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئاتالغۇ رىبا «الربا/الربوا» كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ②. بۇ كەلىمە ئۆسمەك، زىيادە بولماق، چوڭايماق، كۆپەيمەك ۋە ئۆرلىمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغان «ربو»دىن تۈرلەنگەن③.

**مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:**

﴿وَمَآ ءَاتَيۡتُم مِّن رِّبٗا لِّيَرۡبُوَاْ فِيٓ أَمۡوَٰلِ ٱلنَّاسِ فَلَا يَرۡبُواْ عِندَ ٱللَّهِۖ وَمَآ ءَاتَيۡتُم
مِّن زَكَوٰةٖ تُرِيدُونَ وَجۡهَ ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُضۡعِفُونَ ٣٩﴾

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 276 - ئايەت.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 275 -، 276 - ۋە 278 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 130 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 161 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 39 - ئايەت.

③ ئەبۇ ئابدى راھمان خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەمر ئىبنى تەمىم، فەراھىدى، «ربو»، *كىتابۇلئەين*، تەھقىقلىغۇچى: مەھدى مەخزۇمى، ئىبراھىم سامەررائى (دارۇ ۋە مەكتەبەتۇل ھىلال: تارىخسىز)، 8: 283؛ ئەھمەد ئىبنى فارىس، «ربو»، 2: 483؛ راغىب ئىسفەھانى، «ربو»، 340؛ ئىبنى مەنزۇر «ربو»، 14: 304 - 307؛ فىيرۇزئابادى، «ربو»، 1286؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيەسى، «ربو»، 1: 326. قۇرئان كەرىمدە، «ربو» دىن تۈرلەنگەن، لېكىن «ربا» كەلىمىسىدىن پەرقلىق شەكىللەردە ئون كەلىمە كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى كۆپمەك، ئۆسمەك، زىيادە بولماق، چوڭايماق ۋە ئۆرلىمەك دېگەن سۆزلەرنىڭ پەرقلىق شەكىللىرىنى ئىپادىلەيدۇ (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 265 - ۋە 276 - ئايەتلەر؛ 13 - سۈرە رەئد، 17 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 92 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 5 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 50 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 39 - ئايەت؛ 41 - سۈرە فۇسسىلەت، 39 - ئايەت؛ 69 - سۈرە ھاققە، 10- ئايەت).

«ئىنسانلارنىڭ ماللىرى ئىچىدە ئۆسسۇن دەپ جازانىگە بەرگەن نەرسەڭلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆسمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن زاكىتىڭلار ئۇنداق ئەمەس. زاكات بەرگەنلەر قاتمۇقات كۆپەيتكۈچىلەردۇر»[1].

بۇ ئايەت ئۆزىنىڭ مېلىنى باشقىلارنىڭ ماللىرى ئىچىدە ئۆسسۇن دەپ بېرىشنىڭ ئۆسۈملۈك مۇئامىلە، ئارتۇق ئېلىنغان قىسمىنىڭ ئۆسۈم، بېرىلگەن نەرسىنىڭ جازانە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جازانىگە بېرىلگەن نەرسە، زاكات بىلەن قارىمۇقارشى زىكىر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆسۈملۈك قەرز ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىلەرنى تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ تەكىتلەيدۇ:

﴿... وَإِن تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُءُوسُ أَمْوَٰلِكُمْ لَا تَظْلِمُونَ وَلَا تُظْلَمُونَ ﴿٢٧٩﴾﴾

«ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار ئەسلى ماللىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭدۇر. زۇلۇممۇ قىلمايسىلەر، زۇلۇمغىمۇ ئۇچرىمايسىلەر»[2].

ئەسلى مال قەرز بېرىلگەن مالدۇر. ئېلىم - سېتىمدا ئەسلى مال بولمايدۇ، چۈنكى ئېلىم - سېتىم، پەرقلىق ئىككى نەرسىنىڭ بىر-بىرىگە يەنە بىرىنى تېگىشىشتىن ئىبارەتتۇر. قەرز مۇئامىلىسىدە قەرزنى ئارتۇق تۆلەش شەرت قىلىنغان بولسا، شۇ ئارتۇقنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولسا بولسۇن ئۆسۈمدۇر.

﴿وَإِن كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ مَيْسَرَةٍ ۚ وَأَن تَصَدَّقُوا۟ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٨٠﴾﴾

«ئەگەر قەرزدار قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا ھالى ياخشىلانغۇچە مۆھلەت بېرىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار ئېلىشىڭلارنى سەدىقە قىلىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»[3].

---

[1] 30 - سۈرە رۇم، 39 - ئايەت.
[2] 2 - سۈرە بەقەرە، 279 - ئايەت.
[3] 2 - سۈرە بەقەرە، 280 - ئايەت.

بۇ ئايەتتىكى سەدىقە قىلىشقا تەشۋىق قىلىنىدىغان ئىلىش، ئۆسۈملۈك قەرز مۇئامىلىسىنىڭ نەتىجىسىدە قەرزدارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئەسلى قەرزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، جازانىخورلۇقنىڭ ئۆسۈملۈك قەرز مۇئامىلىسى بىلەن ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ ٱلرِّبَوٰٓاْ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٢٧٨﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار ۋە قېلىپ قالغان ئۆسۈمنى ئالماڭلار»[1].

بۇ ئايەتتە «رىبا» كەلىمىسى ئۆسۈملۈك مۇئامىلە نەتىجىسىدە قەرز ئالغۇچىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ تېخىچە ئېلىنمىغان ئۆسۈم مەنىسىدە كەلگەن.

﴿... ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡبَيۡعُ مِثۡلُ ٱلرِّبَوٰاْۗ وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلۡبَيۡعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰاْۚ ... ﴿٢٧٥﴾﴾

«... بۇ ئۇلارنىڭ: ‹ئېلىم - سېتىم خۇددى ئۆسۈملۈك مۇئامىلىگە ئوخشاش› دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئېلىم - سېتىمنى ھالال، ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنى ھارام قىلغان...»[2].

بۇ ئايەتتە «رىبا» كەلىمىسى «ئېلىم - سېتىم» مەنىسىدىكى «بەيئ» بىلەن قارىمۇقارشى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆسۈملۈك قەرز مۇئامىلىسى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ ﴿٢٧٦﴾﴾

«ئاللاھ جازانىنى خورىتىدۇ، سەدىقىلەرنى ئۆستۈرىدۇ. ئاللاھ ھېچبىر گۇناھكار ۋە تۇزكورنى ياخشى كۆرمەيدۇ»[3].

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 278 - ئايەت.
② 2 - سۈرە بەقەرە، 275 - ئايەت.
③ 2 - سۈرە بەقەرە، 276 - ئايەت.

بۇ ئايەتتە «رىبا» كەلىمىسى «سەدىقىلەر» مەنىسىدىكى «صدقات» كەلىمىسى بىلەن قارىمۇقارشى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆسۈملۈك قەرز مۇئامىلىسى بىلەن قەرز ئالغۇچىغا بېرىلگەن ئۆسۈملۈك قەرزنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ ٱلرِّبَوٰاْ لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ ٱلَّذِي يَتَخَبَّطُهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ مِنَ ٱلۡمَسِّۚ ... ٢٧٥﴾

«جازانە ۋە ئۆسۈم يەيدىغانلار، شەيتان چاپلىشىۋالغان ساراڭ ئادەم تۇرغاندەكلا تۇرىدۇ...»①.

«رىبا» كەلىمىسى بۇ ئايەتتە ئۆسۈملۈك قەرز (جازانە) ھەمدە ئۆسۈم مەنىسىدە كەلگەن.

**مۇناسىۋەتلىك بەزى رىۋايەتلەر تۆۋەندىكىچە:**

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«نېسىدىن باشقىسىدا رىبا يوق»②.

«قولدىن قولغا (نەق) بولغان مۇئامىلىدە رىبا يوق»③.

بۇ رىۋايەتلەرمۇ ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ، «قەرز ئالغۇچى قەرز بەرگۈچىگە قەرزنىڭ مۇئەييەن نىسبىتى بويىچە ئارتۇق تۆلەش شەرتى بىلەن قىلىنغان ئۆتنە - بېرىم مۇئامىلىسى»، ئۆسۈمنىڭ «قەرزدىن ھاسىل بولغان پايدا»، جازانىنىڭ «ئۆسۈم شەرتى بىلەن بېرىلگەن قەرز» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى ئېلىم - سېتىمنىڭ نېقمۇ بولىدۇ، نېسىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن قەرزنىڭ نېقى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرىدىكى ئىككى ھەدىس رىبانىڭ پەقەت نېسىلا بولىدىغان قەرز مۇئامىلىسىنىڭ ئۆسۈملۈك بولغىنىدا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 275 - ئايەت.

② بۇخارى، «بۇيۇئ»، 79؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 101، 102؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 50.

③ مۇسلىم، «مۇساقات»، 103؛ دارىمى، «بۇيۇئ»، 42.

مەسلەن: قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا بىر يىللىق 10% ئۆسۈم بىلەن 100 تىللا قەرز بەرگەن بولسا، بۇ 100 تىللا جازانە، بۇ مۇئامىلە ئۆسۈملۈك مۇئامىلە بولىدۇ. ناۋادا قەرزدار يىل توشقاندا بۇ قەرزنى ئۆسۈمى بىلەن 110 تىللا قىلىپ قايتۇرغان بولسا، ئارتۇق تۆلەنگەن 10 تىللا ئۆسۈم بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىكى ئايەت - ھەدىسلەردە «رىبا» دەپ ئاتىلىدۇ.

### 2. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ ھۆكمى

ئۆسۈملۈك مۇئامىلە قىلىش ھارامدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُواْ ٱلرِّبَوٰٓاْ أَضۡعَٰفٗا مُّضَٰعَفَةٗۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ١٣٠﴾

«ئى مۇئمىنلار! قاتمۇقات ئۆسۈمنى يېمەڭلار ۋە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر»[①].

﴿... وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلۡبَيۡعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰاْۚ ... ٢٧٥﴾

«... ئاللاھ ئېلىم - سېتىمنى ھالال، ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنى ھارام قىلغان...»[②].

### مۇناسىۋەتلىك بەزى رىۋايەتلەر:

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار» دېگەندە بەزىلەر: يا رەسۇلەللاھ! ئۇ قايسى گۇناھلار؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەك، سېھىرگەرلىك قىلماق، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەك، جازانە ۋە ئۆسۈم يېمەك، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋالماق، غازاتتىن

---

① 3 -سۈرە ئال ئىمران، 130 - ئايەت.

② 2 - سۈرە بەقەرە، 275 - ئايەت.

قاچماق، ئىپپەتلىك، پاك ئاياللارغا «زىنا قىلدى» دەپ بوھتان چاپلىماق»①.

● ئەبۇ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆسۈم ئالغۇچىنى، ئۆسۈم بەرگۈچىنى، ئۆسۈم مۇئامىلىسىنى يېزىپ بەرگۈچىنى ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىنى لەنەتلىدى»②.

### 3. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىنىڭ ئاقىۋىتى

رىبانىڭ ئاقىۋىتىگە كەلسەك، بۇ ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلىش، ئۆسۈم ئېلىش - بېرىش ۋە چەكلىمىگە پەرۋا قىلماي جازانىخورلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ ٱلرِّبَوٰٓاْ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ۝٢٧٨ فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ فَأۡذَنُواْ بِحَرۡبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَإِن تُبۡتُمۡ فَلَكُمۡ رُءُوسُ أَمۡوَٰلِكُمۡ لَا تَظۡلِمُونَ وَلَا تُظۡلَمُونَ ۝٢٧٩﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار ۋە قېلىپ قالغان ئۆسۈمنى ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى تەرىپىدىن سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلغانلىقىنى بىلىپ قويۇڭلار. ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار ئەسلى ماللىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭدۇر. زۇلۇممۇ قىلمايسىلەر، زۇلۇمغىمۇ ئۇچرىمايسىلەر»③.

﴿يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ ۝٢٧٦﴾

---

① بۇخارى، «ۋەسايا»، 23؛ مۇسلىم ، «ئىمان»، 145؛ ئەبۇ داۋۇد، «ۋەسايا»، 10؛ نەسەئى، «ۋەسايا»، 12.

② بۇخارى، «بۇيۇئ»، 25؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 105؛ ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئ»، 4؛ تىرمىزى، «بۇيۇئ»، 2؛ ئىبنى ماجە، «تىجارات»، 58.

③ 2 - سۈرە بەقەرە، 278 - ۋە 279 - ئايەتلەر.

«ئاللاھ جازانىنى خورىتىدۇ، سەدىقىلەرنى ئۆستۈرىدۇ. ئاللاھ ھېچبىر گۇناھكار ۋە تۇزكورنى ياخشى كۆرمەيدۇ»[1].

## مۇناسىۋەتلىك بەزى رىۋايەتلەر:

• ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جازانىخورلۇق يوقسۇللۇققا ئېلىپ بارىدۇ»[2].

• ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جازانىخورلۇق باش كۆتۈرگەن جەمئىيەتنىڭ خەلقىنى نامراتلىق بېسىپ كېتىدۇ. پارىخورلۇق تارقىلىپ كەتكەن جەمئىيەتنىڭ خەلقى قورقۇنچاق بولۇپ كېتىدۇ»[3].

• ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا جازانىخورلۇق ۋە زىناخورلۇق باش كۆتۈرسە، ئۇ قەۋم چوقۇم ئاللاھنىڭ جازاسىغا دۇچار بولىدۇ»[4].

### 4. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەدبىرى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئۆتنە - يېرىم قىلىنىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش، بۇغداي، ئارپا، تۇز ۋە خورمىنىڭ ئېلىم - سېتىمى توغرىسىدا بىر قانۇن يولغا قويغان ۋە ئۇ نەرسىلەرنى بۇ قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ - سېتىشنى ئۆسۈملۈك مۇئامىلە دەپ ھېسابلىغان. ئۇ قانۇننىڭ ماددىلىرى تۆۋەندىكىچە:

#### 1) تەڭمۇتەڭ ۋە نەقمۇنەق شەرتى

مەزكۇر ئالتە تۈرلۈك نەرسىدىن بىرىنى ئۆز تۈرىگە ساتقاندا ھەر ئىككىسىنىڭ تەڭمۇتەڭ ۋە نەقمۇنەق بولۇشى لازىم، بولمىسا بۇ ئېلىم -

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 276 - ئايەت.

② ئىبنى ماجە، «تىجارات»، 58؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 6: 297، 7: 126.

③ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 29: 356.

④ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 6: 358.

سېتىم ئۆسۈملۈك مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

● ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، ئارپىنى ئارپىغا، بۇغداينى بۇغدايغا، تۇزنى تۇزغا، خورمىنى خورمىغا تەڭمۇتەڭ ۋە نەقمۇنەق سېتىشقا بولىدۇ. كىمكى زىيادە قىلسا ياكى زىيادە تەلەپ قىلسا ئۆسۈملۈك مۇئامىلە قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالغۇچى بىلەن بەرگۈچى ئوخشاشتۇر»[1].

«ئالتۇننى ئالتۇنغا ھەر ئىككى بەدەل تەڭمۇتەڭ بولمىسا ساتماڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن پەرقلىق قىلماڭلار. كۈمۈشنى كۈمۈشكە تەڭمۇتەڭ بولمىسا ساتماڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن پەرقلىق قىلماڭلار. بۇلاردىن يوقنى بارغا ساتماڭلار»[2].

«ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، ۋەزنى ۋەزنىگە، نەقمۇنەق ۋە تەڭمۇتەڭ بولمىسا ساتماڭلار»[3].

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر سا[4] سۈپەتلىك خورمىنى ئىككى سا سۈپەتسىز خورمىغا سېتىۋالغانلارغا: «بۇ قىلغىنىڭلار ئۆسۈملۈك مۇئامىلىدۇر. ئۇنداق قىلماڭلار! ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئەگەر سۈپەتلىك خورما سېتىۋالماقچى بولساڭلار، سۈپەتسىز خورماڭلارنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا سۈپەتلىك خورمىنى سېتىۋالساڭلار بولىدۇ» دېگەن[5].

---

① بۇخارى، «بۇيۇئ»، 54؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 82؛ ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئ»، 12؛ تىرمىزى، «بۇيۇئ»، 23؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 44؛ ئىبنى ماجە، «تىجارات»، 48، 50.

② بۇخارى، «بۇيۇئ» 78؛ مۇسلىم «مۇساقات»، 75، 76؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 47.

③ بۇخارى، «بۇيۇئ»، 78؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 88؛ ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئ»، 13؛ تىرمىزى، «بۇيۇئ»، 24؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 47؛ ئىبنى ماجە، «تىجارات»، 48.

④ بىر سا، مىڭ قىرىق دىرھەم ئېغىرلىقىدىكى بۇغداي ياكى ئارپا سىغىدىغان بىر ئۆلچەمدۇر. بىر سا - شەرئىي دىرھەمگە ئاساسەن تەخمىنەن 2 كىلو 917 گرام، ئەنئەنىۋى دىرھەمگە ئاساسەن 3 كىلو 333 گرام كېلىدۇ (ھامدى دۆندۈرەن، «سائ»، *شامىل ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى*، 8: 79).

⑤ بۇخارى، «ۋەكالەت»، 11؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 96، 97.

• سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۆل خورمىغا قۇرۇق خورما ئېلىشتىن مەنئى قىلدى[①].

• ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئالتۇنغا ئالتۇن نۆكچىسى بولسۇن دىنارى بولسۇن، كۈمۈشكە كۈمۈش نۆكچىسى بولسۇن دىرھەمى بولسۇن نەقمۇنەق ۋە تەڭمۇتەڭ ئېلىپ - سېتىلىدۇ. بۇغدايغا بۇغداي كەمچەنگە كەمچەن ۋە نەقمۇنەق سېتىلىدۇ. ئارپىغا ئارپا كەمچەنگە كەمچەن ۋە نەقمۇنەق سېتىلىدۇ. خورمىغا خورما كەمچەنگە كەمچەن ۋە نەقمۇنەق سېتىلىدۇ. تۇزغا تۇز كەمچەنگە كەمچەن ۋە نەقمۇنەق سېتىلىدۇ. كىم زىيادە قىلسا ياكى زىيادە تەلەپ قىلسا، ئۆسۈملۈك مۇئامىلە قىلغان بولىدۇ. كۈمۈشكە ئالتۇننى نەقمۇنەق سېتىشتا كۈمۈشنىڭ مىقدارى ئارتۇق بولسا ھېچنېمە بولمايدۇ، لېكىن نېسى سېتىشقا بولمايدۇ. ئارپىغا بۇغداينى سېتىشتا ئارپىنىڭ مىقدارى ئارتۇق بولسا ھېچنېمە بولمايدۇ. لېكىن نېسى سېتىشقا بولمايدۇ»[②].

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بۇغدايغا بۇغداي، ئارپىغا ئارپا، خورمىغا خورما ۋە تۇزغا تۇز كەمچىنى كەمچەنگە، ۋەزنى ۋەزنىگە سېتىلىدۇ. كىم زىيادە قىلسا ياكى زىيادە قىلىشنى قوبۇل قىلسا، جازانىخورلۇق قىلغان بولىدۇ. تۈرلىرى پەرقلىق بولغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[③].

«ئالتۇنغا ئالتۇن ۋەزنى ۋەزنىگە، ئوخشىشى ئوخشىشىغا، كۈمۈشكە كۈمۈش ۋەزنى ۋەزنىگە، ئوخشىشى ئوخشىشىغا سېتىلىدۇ. كىم زىيادە قىلسا ياكى زىيادە تەلەپ قىلسا قىلغىنى ئۆسۈملۈك مۇئامىلىدۇر»[④].

---

① ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئ»، 18؛ تىرمىزى، «بۇيۇئ»، 14؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 36؛ ئىبنى ماجە، «تىجارات»، 53.

② ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئ»، 12؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 44.

③ مۇسلىم، «مۇساقات»، 83؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 42؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد* 232/2.

④ مۇسلىم، «مۇساقات»، 84؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 45.

«دىنارغا دىنار ساتقاندا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارتۇقلۇق بولسا بولمايدۇ. دىرھەمگە دىرھەم ساتقاندا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارتۇقلۇق بولسا بولمايدۇ»[1].

• رىۋايەت قىلىنىدۇكى، فەدالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

خەيبەردە مارجان ۋە ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بىر بۇلاپكا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا كەلتۈرۈلدى. بۇ بۇلاپكا سېتىشقا چىقىرىلغان غەنىيمەتلەردىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇ بۇلاپكىدىكى ئالتۇننى چىقىرىشقا بۇيرۇدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئالتۇنغا ئالتۇن ساتقاندا ھەر ئىككى بەدەلنىڭ تەڭمۇتەڭ بولۇشى كېرەك»[2].

خەيبەر كۈنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. يەھۇدىيلار بىلەن بازاردا سودا - سېتىق قىلاتتۇق. بىر ۋۇقىيە (37.3 گىرام) ئالتۇننى ئىككى - ئۈچ دىنارغا ئېلىپ - ساتاتتۇق. رەسۇلۇللاھ ئەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئالتۇننى ئالتۇنغا ھەر ئىككى بەدەل ئوخشاش ئېغىرلىقتا بولغاندىلا ئېلىپ - سېتىڭلار»[3].

خەيبەر كۈنى مارجان ۋە ئالتۇن ئارىلاش بىر بۇلاپكىغا ئېرىشتىم ۋە ئۇنى ساتماقچى بولدۇم. بۇ ئەھۋال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلىنغان ئىدى، «ئۇنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئايرىغىن، ئاندىن كېيىن ئۇنى ساتقىن» دېدى[4].

• ھەنەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر ئۇرۇشتا فەدالە ئىبنى ئۇبەيد بىلەن بىللە ئىدۇق. مېنىڭ ۋە دوستلىرىمنىڭ نېسىۋىمىزگە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە جەۋھەردىن ياسالغان بىر بۇلاپكا چۈشتى. مەن ئۇنى سېتىۋالماقچى بولۇپ، فەدالە ئىبنى ئۇبەيدىدىن سورىدىم، ئۇ ئېيتتى: بۇلاپكىنىڭ ئالتۇننى ئايرىپ، ئۇنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە، سېنىڭ ئالتۇنۇڭنى تارازىنىڭ يەنە بىر پەللىسىگە قويغىن، ئاندىن ئوخشىشى

---

① مۇسلىم، «مۇساقات»، 85؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 45.

② مۇسلىم، «مۇساقات»، 89.

③ مۇسلىم، «مۇساقات»، 91.

④ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 48.

ئوخشىشىغا بولمىسا ھەرگىز ئالمىغىن. شۇبھىسىزكى، مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

«كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولسا، ئوخشىشى ئوخشىشىغا بولمىسا ئالتۇن - كۈمۈشتىن بىر نەرسە سېتىۋالمىسۇن»[1].

● ئەبۇل مىنھال مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بىر شېرىكىم مەۋسۇمغىچىلىك ياكى ھەجگىچىلىك نېسىگە كۈمۈش ساتقاندىن كېيىن، كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلدى. مەن: بۇ ئىشنىڭ توغرا بولماپتۇ دېسەم، ئۇ: مەن ئۇنى بازاردا ساتتىم، ھېچكىم ماڭا قارشى چىقمىدى دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بەرائ ئىبنى ئازىبنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە بىز مۇشۇنداق سودا - سېتىق قىلىشاتتۇق، ئۇ: «نەقمۇنەق بولسا بولىدۇ، نېسى بولغىنى ئۆسۈملۈك مۇئامىلىدۇر» - دېگەن ئىدى. قالدىسىغا سەن زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ مەندىن چوڭ تىجارەتچى.

شۇنىڭ بىلەن مەن زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم. ئۇمۇ بەرائ ئىبنى ئازىبقا ئوخشاش جاۋاب بەردى[2].

● ئوسمان ئىبنى ئەففاندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر دىنارنى ئىككى دىنارغا، بىر دىرھەمنى ئىككى دىرھەمگە ساتماڭلار»[3].

### 2) نەقمۇنەق شەرتى

يۇقىرىدىكى ئالتە تۈرلۈك نەرسىدىن بىرىنى باشقا تۈردىكى بىرىگە ساتقاندا ھەر ئىككى بەدەلنىڭ نەقمۇنەق بولۇشى لازىم، بولمىسا قىلىنغان مۇئامىلە ئۆسۈملۈك مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

---

① مۇسلىم، «مۇساقات»، 92.

② مۇسلىم، «مۇساقات»، 86؛ نەسەئى، «بۇيۇئ» 49.

③ مۇسلىم، «مۇساقات»، 78.

● ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئالتۇنغا ئالتۇن، كۈمۈشكە كۈمۈش، بۇغدايغا بۇغداي، ئارپىغا ئارپا، خورمىغا خورما ۋە تۇزغا تۇز ئوخشىشى ئوخشىشىغا، تەڭمۇتەڭ ۋە نەقمۇنەق ئېلىپ - سېتىلىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرى پەرقلىق بولسا، نەقمۇنەق بولۇش شەرتى بىلەن خالىغىنىڭلارچە ئېلىپ - ساتساڭلار بولىدۇ»[1].

«ئالتۇننى كۈمۈشكە ساتقاندا ھەر ئىككى بەدەل نەق بولۇش شەرتى بىلەن كۈمۈشنىڭ مىقدارى ئالتۇننىڭ مىقدارىدىن كۆپرەك بولسا بولىۋېرىدۇ، لېكىن نېسىسى بولمايدۇ. بۇغداينى ئارپىغا ساتقاندا ھەر ئىككى بەدەل نەق بولۇش شەرتى بىلەن ئارپىنىڭ مىقدارى بۇغداينىڭ مىقدارىدىن كۆپرەك بولسا بولىۋېرىدۇ، لېكىن نېسىسى بولمايدۇ»[2].

«رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزنى كۈمۈشكە ئالتۇننى، ئارپىغا بۇغداينى ۋە بۇغدايغا ئارپىنى نەقمۇنەق بولۇش شەرتى بىلەن خالىغىنىمىزچە سېتىشقا بۇيرۇدى»[3].

● ئەبۇ مىنھال مۇنداق دەيدۇ: مەن بەرائ ئىبنى ئازىب ۋە زەيد ئىبنى ئەرقەمدىن پۇلنى پۇلغا سېتىش توغرۇلۇق سورىدىم. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن: ئۇ مەندىن ياخشى دېدى ۋە ھەر ئىككىسى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئالتۇننى كۈمۈشكە نېسى سېتىشتىن توستى» دېدى[4].

● ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دىنارغا دىنار ، دىرھەمگە دىرھەم سېتىلسا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارتۇقلۇق بولسا بولمايدۇ. كىمنىڭ كۈمۈشكە ئېھتىياجى بولسا، ئۇنى ئالتۇنغا تېگىشسۇن. كىمنىڭ ئالتۇنغا ئېھتىياجى بولسا، ئۇنى كۈمۈشكە تېگىشسۇن. پۇل تېگىشىش ئالغىن - بەرگىن، شەكلىدە بولىدۇ»[5].

---

① مۇسلىم، «مۇساقات»، 81.
② ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئ»، 12.
③ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 43.
④ بۇخارى، «بۇيۇئ» 80.
⑤ ئىبنى ماجە، «تىجارات»، 78.

• ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبى بەكرە ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈمۈشنى كۈمۈشكە، ئالتۇننى ئالتۇنغا سېتىشتىن مەنئى قىلدى. پەقەت ئوخشىشى ئوخشىشىغا بولسا سېتىشقا رۇخسەت قىلدى. بىزنى ئالتۇننى كۈمۈشكە خالىغىنىمىزچە، كۈمۈشنى ئالتۇنغا خالىغىنىمىزچە سېتىشقا بۇيرۇدى»[1]. بىر كىشى: قولدىن قولغىمۇ؟ (نەقمۇنەقمۇ؟) دەپ سورىغان ئىدى، «مەن شۇنداق ئاڭلىدىم» دېدى[2].

• ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئالتۇننى كۈمۈشكە ياكى كۈمۈشنى ئالتۇنغا ساتاتتىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ ئىشنى سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىرى بىلەن ئۇنداق سودا قىلىشساڭ سەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ھېساب قالسا ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغىن»[3].

### 3) بۇ تەدبىر بىلەن تاقىۋېتىلگەن جازانىخورلۇق يوللىرى

ئىنسانلار ئالتۇنغا ئالتۇن، كۈمۈشكە كۈمۈش، ئارپىغا ئارپا، بۇغدايغا بۇغداي، تۇزغا تۇز ۋە خورمىغا خورما ئېلىش ئېھتىياجى ھېس قىلىپ كەتمەيدۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر ئېلىم - سېتىم ئەركىن قويۇۋېتىلگەن ۋە ئۆسۈملۈك مۇئامىلە چەكلەنگەن بىر يەردە، قەرز مۇئامىلىسىنى ئېلىم - سېتىمدەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى سۆزلىرى بىلەن بۇ يولنى تاقىۋەتكەن ۋە بۇنىڭغا مۇنۇ سۆزى بىلەن دىققەت تارتقان: «بىر دىنارنى ئىككى دىنارغا، بىر دىرھەمنى ئىككى دىرھەمگە، بىر سانى ئىككى ساغا ساتماڭلار. ئۆسۈملۈك مۇئامىلىگە كىرىپ قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن»[4].

ئەسلىدە ئالتۇن بېرىپ ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىش ئېلىم - سېتىمدۇر. شۇنىڭدەك، مەلۇم سۈپەتتىكى بۇغدايغا ئېھتىياجى بولغان بىر كىشىنىڭ ئۇ بۇغداينى باشقا بىر تۈرلۈك بۇغدايغا ئېلىشىمۇ، دېڭىز تۇزىغا ئېھتىياجى بولغان كىشىنىڭ ئۇ تۇزنى تاش تۇزغا ئېلىشىمۇ ئېلىم - سېتىمدۇر. بۇنداق

---

[1] بۇخارى، «بۇيۇئ»، 81؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 88.
[2] مۇسلىم، «مۇساقات»، 88.
[3] نەسەئى، «بۇيۇئ»، 51.
[4] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد* 10: 125.

سودىنىڭ ئۆسۈملۈك قەرزگە ۋاستە قىلىنىشى ئۈچۈن سودىنىڭ نىسى بولۇشى ۋە بەدەللەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئالتە تۈرلۈك نەرسىدىن بىرىنى ئۆز تۈرىگە ساتقاندا ھەر ئىككى بەدەلنىڭ نەقمۇنەق ۋە تەڭمۇتەڭ بولۇشىنى، پەرقلىق تۈرگە ساتقاندا ھەر ئىككى بەدەلنىڭ نەقمۇنەق بولۇشىنى شەرت قىلىش ئارقىلىق بۇ يول بىلەن جازانىخورلۇق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالغان.

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق دەيدۇ: بۇ بۇغدايغا شۇ بۇغداينى تېگىشمەكچى بولساڭ، ھەر ئىككى بەدەل تەڭ ۋە نەق بولۇش شەرتى بىلەن تېگىشكىن. مېنىڭ بۇغدىيىم سۈپەتلىك، دەيدىغان بولساڭ سېنىڭكىنى پۇلغا ساتقىن، ئۇنىڭكىنى پۇلغا ئالغىن. مەسىلەن: سېنىڭ بۇغدىيىڭنى بىر كويغا ساتقىن، ئۇنىڭ بۇغدىيىنى 90 سىنىتقا ئالغىن. بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ تەكىتلەيدۇ:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنى خەيبەرگە مەسئۇل قىلغان ئىدى. ئۇ كىشى بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بىر تۈرلۈك ياخشى خورما ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «خەيبەرنىڭ خورمىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداقمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. ئۇ كىشى: ياق، بىز بۇنىڭدىن بىر سانى باشقا خورمىدىن ئىككى ساغا، ئىككى سانى ئۈچ ساغا ئالىمىز دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە مۇنداق دېدى: «ئۇنداق قىلمىغىن، سېنىڭ خورمىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى دىرھەمگە ساتقىن، ئاندىن بۇ ياخشى خورمىنى دىرھەمگە ئالغىن»①.

## (1) بىرىنچى شەرت ئېتىۋەتكەن يول

ئۇ ئالتە تۈرلۈك نەرسىدىن بىرىنىڭ ئۆز تۈرى بىلەن ئېلىپ - سېتىلىشىدا تەڭمۇتەڭ ۋە نەقمۇنەق بولۇش شەرتى قويۇلمىغان بولسا ئىدى، 10 دىنار قەرز بېرىپ، مۇددەت توشقاندا 11 دىنار ئېلىش جازانىخورلۇق، 10 دىنارنى 11 دىنارغا نىسى سېتىش جائىز بولغان بولاتتى ۋە جازانىخورلۇقنى چەكلەشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايتتى.

---

① بۇخارى، «بۇيۇئ»، 89، «ۋەكالەت»، 3، «مەغازى»، 37، «ئىئتىسام»، 21؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 94، 95؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 41.

شۇنىڭدەك، جازانىخورنىڭ 10 دىنار قەرز سورىغان كىشىگە، ئالدىنئالا پۈتۈشكەن بويىچە بىرىنى كىپىل قىلىپ ياكى مۇئەييەن قىممەتتە بىرەر ئەشيانى گۆرۈگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن مەلۇم مۇددەت بىلەن 11 دىنار قەرز بېرەتتى، ئاندىن كېيىن قەرز ئالغۇچىنىڭ قولىدىكى 11 دىنارنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا نەق 10 دىنارغا سېتىۋالاتتى. ھەتتا بۇ شەكىلدە قەرز بېرىدىغان مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلغان بولاتتى: 10 دىنار قەرز ئالماقچى بولغان بىر كىشى بەلگىلەنگەن رەسمىيەت بويىچە بىر ئۇستەلدىن 11 دىنار قەرەللىك قەرز ئالاتتى، يەنە بىر ئۇستەلدە ئۇ 11 دىنارنى نەق 10 دىنارغا ساتاتتى. نەتىجىدە قەرز ئالغۇچى كىشى ئۇ يەردىن 10 دىنار بىلەن ئايرىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ قەرزى 11 دىنار بولاتتى. جازانىخورنىڭ ئىشلىرى بۇ شەكىلدە يۈرۈشۈپ كېتەتتى.

(2) ئىككىنچى شەرت ئېتىۋەتكەن يول

ئۇ ئالتە تۈرلۈك نەرسىدىن بىرىنى باشقا تۈردىكى بىرى بىلەن ئېلىپ - سېتىشتا نەقمۇنەق شەرتى قويۇلمىغان بولسا ئىدى، ئېلىم - سېتىم پەردىسى ئاستىدا ئۆسۈملۈك مۇئامىلە قىلىش مۇمكىن بولاتتى. مەسىلەن: 1 دىنار 10 دىرھەم قىممىتىدە بولسا، 1000 دىرھەم 100 دىنار قىممىتىدە بولىدۇ. ئەگەر بۇلارنى نېسى تېگىشىش چەكلەنمىسە ئىدى، جازانىخور قولىدىكى 1000 دىرھەمنى 110 دىنارغا بىر يىللىق نېسى ساتقان ۋە سېتىش پەردىسى ئاستىدا 10% ئۆسۈملۈك قەرز بەرگەن بولاتتى.

بۇ خىل جازانىخورلۇقنى بۇغداي ۋە ئارپىدىمۇ ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولاتتى. ئىككى كەمچەن بۇغداي، ئۈچ كەمچەن ئارپىنىڭ قىممىتىدە بولسا، جازانىخور 400 كەمچەن ئارپىغا 200 كەمچەن بۇغداينى بىر يىللىق نېسى بېرىدۇ ۋە ئېلىم - سېتىم پەردىسى ئاستىدا ئۆسۈملۈك مۇئامىلە قىلالايدۇ. ھەر ئىككى بەدەلنىڭ تەڭمۇتەڭ بولۇش شەرتى بۇ يولنىمۇ ئېتىۋەتكەن.

### خۇلاسە

ئالغان تەرەپ ئۆسۈم تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆتنە - يېرىم قىلىش ئۆسۈملۈك مۇئامىلىدۇر، بۇنداق ئۆتنە - يېرىمدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن پايدا ئۆسۈمدۇر، ئۆتنە بېرىلگەن پۇل - مال جازانىدۇر، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر.

ئۆتنە - يېرىم ئىشلىرىنىڭ ئۆسۈمسىز بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۆتنە - يېرىم قىلغىلى بولىدىغان مەزكۇر ئالتە تۈرلۈك نەرسىنى ئۆز تۈرى بىلەن تېگىشىدىغان ئىش بولسا، بەدەللەرنىڭ تەڭمۇتەڭ ۋە نەقمۇنەق بولۇشى، باشقا تۈردىكى بىرى بىلەن تېگىشىدىغان ئىش بولسا بەدەللەرنىڭ نەقمۇنەق بولۇشى كېرەك.

ئەمما تېگىشىش ئالتۇنغا بۇغداي، كۈمۈشكە ئارپا، قەغەز پۇلغا تۇز دېگەندەك تامامەن پەرقلىق ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدا بولسا، بۇ تەقدىردە بەدەللەرنىڭ نەقمۇنەق بولۇشىمۇ، تەڭمۇتەڭ بولۇشىمۇ شەرت قىلىنمايدۇ، بۇنىڭ شەكلى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ ئۆزئارا رازىلىشىپ كېلىشىشىگە باغلىق، چۈنكى بۇ مۇئامىلە ئېلىم - سېتىم ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا نېقمۇ، نېسىسىمۇ جائىز بولىدۇ.

بانكىلاردىن كرېدىت ئېلىش، ئىسمى قانداق بانكا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋە ئېلىنىدىغان كرېدىت نېمىگە ئىشلىتىلسە ئىشلىتىلسۇن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جازانىخورلۇقنىڭ زامانىۋىلاشقان شەكلىدۇر. چىرايلىق ئىسىم ئىگىسىنىڭ چىرايلىقلىقىغا دالالەت قىلمايدۇ، ھالالغا ئېرىشىش مەقستى ھارامنى ھالالغا ئايلاندۇرمايدۇ.

بەزى بانكىلارنىڭ ھەسسىدارلىق، پايدا ئورتاقلىقى، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىش دېگەندەك يالغان تەشۋىقاتلىرى ۋە ياغلىما گەپلىرىگە ئالدىنىپ، ئۇلارغا پۇل (ئالتۇن، كۈمۈش، قەغەز پۇل ۋە ھاكازا) قويۇش شاكىلات يالىتىلغان زەھەرنى يېگەنلىك بىلەن ئوخشاشتۇر.

بەزى سەرراپلارنىڭ «ئالتۇن - كۈمۈش ياكى نەق پۇلنى بىزگە ياتقۇزغانلارغا مۇنچە پىرسەنت پايدا بېرىمىز، پۇلنى كۆپەيتىپ بېرىمىز...» دېگەندەك سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، پۇلنى ئۇلارغا ياتقۇزغانلار ئۆسۈملۈك مۇئامىلە قىلغان بولىدۇ، جازانىخورلۇق قىلغان بولىدۇ.

ھەر مۇسۇلماننىڭ شۇنى بىلىشى ۋە ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىمكى:

مۇسۇلمان - ئاللاھقا تەسلىم بولغان كىشىدۇر. ئاللاھقا تەسلىم بولۇش - ئاللاھ ئەمر قىلغان ئىشلارنى ئادا قىلىش، چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ناماز بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاقىت، روزا بىلەن زاكات يىلدا بىر ۋاقىت، ھەج ئۆمۈردە بىر ۋاقىت پەرزدۇر، ئەمما ھارامدىن ساقلىنىش ھەر ۋاقىت پەرزدۇر.

## §3. سۇغۇرتا

### 1. ئېنىقلىمىسى

ئىنسانلار تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئۆزىگە ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتىغا تەبىئىي ئاپەت ياكى كۈتۈلمىگەن ھادىسە تۈپەيلىدىن زىيان - زەخمەت يېتىشى، ئۆي - جايلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ئوتتا كۆيۈپ كېتىشى ياكى سۇدا ئېقىپ كېتىشى ۋە ياكى ئوغرىلىنىشى، كېمە - پاراخوتلىرىنىڭ بوران - چاپقۇنغا يولۇقۇپ چۆكۈپ كېتىشى، ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئادەملەرنى سوقۇۋېتىپ يارىلاندۇرۇپ قويۇشى، ياشانغاندا ھەر جەھەتتىن قىيىنلىپ قېلىشى، ئۆلگەن چېغىدا بالا - چاقىسىنىڭ چارىسىز قېلىشى قاتارلىقلاردىن قورقىدۇ، ئۇلاردىن ساقلىنىشقا، ناۋادا يۈز بەرگەن تەقدىردە زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كەلگۈسىنى كاپالەت ئاستىغا ئېلىشقا ئېھتىياج ھېس قىلىدۇ.

سۇغۇرتا تۈزۈمى ئەنە شۇ ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن بىر تۈرلۈك ئىقتىسادىي تۆلەم تۈزۈمىدۇر. بۇ تۈزۈمدە سۇغۇرتىلاش سۇغۇرتىلانغۇچى مۇئەييەن ھەق تۆلەيدىغان، سۇغۇرتىلىغۇچى ئۇ ھەقنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك زىيىنىنى تولدۇرۇش، ئۇ ئۆلگەن ياكى مېيىپ بولغان ۋە ياكى كېسەل بولغان ۋاقىتلاردا ۋە ياكى توختامدا پۈتۈشكەن ياش چېكىگە يەتكەندە ئۇنىڭ تەرىپىگە سۇغۇرتا پۇلى بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان تىجارىي پائالىيەتتۇر.

بۇ پائالىيەت ئىقتىسادىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ئازساندىكى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئەزالارنىڭ زىيىنىنى، زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئەزالار ئۈستىگە ئېلىش كېلىشىمىدۇر، قانۇنىي نۇقتىدىن قارىغاندا سۇغۇرتىلىغۇچى سۇغۇرتىلانغۇچىغا ياكى ئۈچىنچى تەرەپكە زىيان تۆلىمى تۆلەشنى ئۈستىگە ئېلىش، سۇغۇرتىلانغۇچى

سۈغۇرتىلىغۇچىدىن سۇغۇرتا سېتىۋېلىش ئارقىلىق زىياننى ئۈنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىدۇر.

### 2. مەقسىتى

#### 1) ھەمكارلىشىش

بۇ خىل سۇغۇرتىدا بىرقانچە كىشى ئۆزئارا رازىلىشىپ ھەر بىرى ھەر ئاي مەلۇم مىقداردا مەبلەغ قويۇپ بىر فوند يىغىشقا، ئاندىن ئۆز ئەزالىرىدىن زىيانغا ئۇچرىغانلارنىڭ زىيىنىنى ئۇ فونددىن تۆلەپ بېرىشكە كېلىشىدۇ. مانا بۇ ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى ياكى ئىئانە سۇغۇرتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. قوشۇلغان پايلار چىقىمدىن ئاشسا ئەزالارنىڭ ئۇ پايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بولىدۇ، ئەگەر يېتىشمىسە ئەزالار قوشۇمچە پاي قوشىدۇ. ھەمكارلىق سۇغۇرتىسىنىڭ ئەزالىرى پايدا تېپىشقا ئەمەس، بەلكىدە ئەزالارغا يەتكەن زىياننى تولدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەسلىدە ئەزالىرىنىڭ بەزىسىگە يەتكەن زىياننى ئۈلۈشۈپ تولدۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن توختام تۈزۈشكەن. ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقى ئۆز ئارىسىدا ئايلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەم سۇغۇرتىلىغۇچى ھەم سۇغۇرتىلانغۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۇغۇرتا ھەمكارلاشقۇچىلار سايلىغان ھەيئەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى سايلىغان ھەيئەتنى ئۆزلىرى بەلگىلىگەن پىرىنسىپلەر ئىچىدە نازارەت قىلىدۇ ۋە زۆرۈر تاپسا ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى قارارلاشتۇرغان ۋاقىتتا باشقىسىنى سايلايدۇ.

#### 2) پايدا تېپىش

بۇ خىل سۇغۇرتىدا سۇغۇرتىلانغۇچى تەرەپ، سۇغۇرتىلىغۇچى تەرەپ دەپ ئىككى تەرەپ بولىدۇ. سۇغۇرتىلىغۇچى تەرەپ پايدا تېپىشنى، سۇغۇرتىلانغۇچى تەرەپ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. سۇغۇرتىلىغۇچى تەرەپ توختام بويىچە پۈتۈشكەن مۇددەتتە بەلگىلەنگەن پاينى تۆلەيدۇ. سۇغۇرتىلىغۇچى تەرەپ ئۇنىڭغا مۇئەييەن مۇددەت ئىچىدە يەتكەن زىياننى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. ناۋادا ئۇ زىيان تارتمىغان بولسا تۆلىگەن

پايلىرى سۇغۇرتىلىغۇچى تەرەپكە قالىدۇ، ئاز زىيان تارتقان بولسا چىقىمدىن ئاشقان پۇلى قالىدۇ، كۆپ زىيان تارتقان بولسا بۇ تەرەپ زىيان تارتقان بولىدۇ. بۇ سۇغۇرتىنى سۇغۇرتا شىركىتى دۆلەتنىڭ تىجارەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن باشقۇرىدۇ.

### 3. ئوبيېكتىلىرى

#### 1) مال

مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ماددىي بايلىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پايدا - مەنپەئەتنى سۇغۇرتا ئوبيېكتى قىلغان سۇغۇرتا تۈرىدۇر. ئاساسلىقى دېڭىز سۇغۇرتىسى، يۈك توشۇش سۇغۇرتىسى، قۇرۇلۇش سۇغۇرتىسى، ئاۋىئاتسىيە سۇغۇرتىسى، ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى، ئائىلە مۈلكى سۇغۇرتىسى، ئوغرىلىنىش سۇغۇرتىسى، تىجارەت ئۈزۈلۈپ قىلىش سۇغۇرتىسى (بۇ پايدىنىڭ توختاپ قېلىش سۇغۇرتىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى قاتارلىقلاردۇر.

#### 2) جان

جان (جسماني) سۇغۇرتىسى ئىنساننىڭ تېنىنى ئوبيېكتى قىلغان سۇغۇرتا تۈرى بولۇپ، ئاساسلىقى بەدەننىڭ تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى، كېسەللىك سۇغۇرتىسى (داۋالىنىش سۇغۇرتىسىمۇ دېيىلىدۇ)، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى (بۇ، هايات سۇغۇرتىسىنى ياكى ئۆلۈم سۇغۇرتىسىنى ۋە ياكى هەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

#### 3) مەسئۇلىيەت

بۇ سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ هەق - تەلەپ زىيىنىنى تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى سۇغۇرتا نىشانى قىلغان سۇغۇرتا تۈرىدۇر. قانۇنغا ئاساسەن سۇغۇرتىلانغۇچى باشقىلارنىڭ زىيىنىغا ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەشكە توغرا كەلگەندە، هەممىنى سۇغۇرتىلىغۇچى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، بۇ خىل سۇغۇرتا ئادەتتە زىياننى تۆلەش سۇغۇرتىسىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: كېمە سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى، ئايروپىلان سۇغۇرتىسى، قۇرۇلۇش

سوغۇرتىسى، دېڭىز - ئوكيان نېفىت ئېچىش سوغۇرتىسى قاتارلىقلار سوغۇرتىلىغۇچىغا ئۈچىنچى تەرەپنىڭ زىيىنىنى تۆلەش مەسئۇلىيىتى يۈكلەيدۇ. بۇ سوغۇرتا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) جامائەت مەسئۇلىيەت سوغۇرتىسى. بۇنىڭدا سوغۇرتىلىغۇچى سوغۇرتىلانغۇچىنىڭ باشقىلارغا يەتكۈزگەن جىسمانىي ياكى ئىقتىسادىي زىيىنىغا تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

(2) ياللىغۇچى مەسئۇلىيەت سوغۇرتىسى (بۇ ئەمگەك سوغۇرتىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇنىڭدا سوغۇرتىلىغۇچى ياللىغۇچىنىڭ ياللانغۇچىغا يەتكۈزگەن جىسمانىي زەخىملىنىشكە ئىقتىسادىي تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

(3) مەھسۇلات مەسئۇلىيەت سوغۇرتىسى. بۇنىڭدا سوغۇرتىلىغۇچى مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىدىن كېلىپ چىققان تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

(4) كەسپىي مەسئۇلىيەت سوغۇرتىسى. بۇنىڭدا سوغۇرتىلىغۇچى دوختۇر، ئادۋوكات، بوغالتىر، ئىنژېنېر قاتارلىق ئەركىن كەسپتىكىلەرنىڭ خىزمەتتىكى سەۋەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلارنى تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

(5) كاپالەتلىك تۆلەم سوغۇرتىسى. بۇنىڭ تولۇق ئاتىلىشى كاپالەت ۋە تۆلەم سوغۇرتىسى بولۇپ، بۇنىڭدا سوغۇرتىلىغۇچى سوغۇرتىلانغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ياكى سەل قارىشى تۈپەيلىدىن ئۈچىنچى تەرەپكە يەتكەن زىيانلارنى تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

### 4) ئىناۋەت

ئىناۋەت سوغۇرتىسى. بۇ ئۈچىنچى تەرەپنىڭ سوغۇرتىلانغۇچىغا ئادا قىلىدىغان مەسئۇلىيىتىنى نىشان قىلغان سوغۇرتا تۈرى بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) سەممىيەت كېپىللىك سوغۇرتىسى. بۇنىڭدا ياللىغۇچى ياللانغۇچىنىڭ قانۇنسىز قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلارنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

(2) ۋەدىسىدە تۇرۇش سۇغۇرتىسى. بۇنىڭدا سۇغۇرتىلىغۇچى توختام تۈزۈشكەن تەرەپلەردىن بىرىنىڭ توختامغا خىلاپلىق قىلىشى تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

### 4. سۇبىيېكتىلىرى

#### 1) شەخس

بۇ يەككە سۇغۇرتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى كىشى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ھەر تۈرلۈك كاپالەت ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇ ئاساسەن ئىختىيارىي بولىدۇ. بۇنىڭدا سۇغۇرتا توختامنى ئىككى تەرەپ باراۋەر، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىختىيارىي ھالدا تۈزىدۇ، يەنى سۇغۇرتىلانغۇچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن سۇغۇرتىغا قاتنىشىش قاتناشماسلىقنى، سۇغۇرتا ئوبيېكتىنى، سوممىسىنى ۋە مۇددىتىنى بەلگىلەيدۇ. سۇغۇرتىلىغۇچىمۇ سۇغۇرتا قىلىش قىلماسلىقنى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك سۇغۇرتا تۈرلىرى ۋە مەزمۇنىنى تاللىيالايدۇ.

#### 2) كوللېكتىپ

كوللېكتىپ (ئىجتىمائىي) سۇغۇرتا ئادەتتە جىسمانىي سۇغۇرتا بولۇپ، ئۇ سۇغۇرتا توختامى ئارقىلىق، بىر كوللېكتىپنىڭ ئەزالىرىغا جىسمانىي سۇغۇرتا كاپالىتى تەمىنلەيدىغان سۇغۇرتىدۇر. جىسمانىي سۇغۇرتىدا سۇغۇرتىلاتقۇچى «كوللېكتىپ تەشكىلات»، مەسىلەن: ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قاتارلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلار بولۇپ، سۇغۇرتىلانغۇچىلار كوللېكتىپ ئىچىدىكى خادىملاردۇر. كوللېكتىپ سۇغۇرتا كوللېكتىپنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى، تەمىنلىنىش سۇغۇرتىسى، كۈتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە ياشانغاندا كۈتىنىش سۇغۇرتىسى (دەم ئېلىشقا چىقىش) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۇغۇرتىلار كۆپىنچە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

بۇ ئاساسەن مەجبۇري بولىدۇ. بۇ قانۇنىي سۇغۇرتا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇنى ھۆكۈمەت سۇغۇرتىلانغۇچى ۋە سۇغۇرتىلىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا چىقارغان قانۇنى ۋە يولغا قويغان سىياسىتى بىلەن بەلگىلەيدۇ. تەرەپلەر بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە، خالىسۇن - خالىمىسۇن چوقۇم بەلگىلىمە بويىچە سۇغۇرتا بېجىرىشى كېرەك. بۇ سۇغۇرتا باشلانغان چاغدا سۇغۇرتىلىغۇچى تەرەپنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتى ئۆزلۈكىدىن باشلىنىدۇ، ئۇ سۇغۇرتا سوممىسىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ئالىدۇ، بۇنى تەرەپلەرنىڭ ھېچبىرى ئۆزى تاللىيالمايدۇ. مەجبۇري سۇغۇرتىنىڭ يەنە بىر شەكلى بولسا ھۆكۈمەت مەلۇم كەسىپ ياكى مەلۇم ئىگىلىك ۋە ياكى مەلۇم پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا قاتنىشىشنى مەجبۇري قىلغان، بولمىسا ئۇلارنى شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىلى قويمايدىغان سۇغۇرتىدۇر.

## 5. ھۆكمى

### 1) ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيەسىنىڭ باياناتى:

ھىجرىيە 1396 - يىلى (مىلادىيە 1976 - يىلى) مەككە مۇكەررەمەدە ئېچىلغان ئىسلام ئىقتىسادى خەلقئارا بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيى بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى قارارلارنى ماقۇللىغان:

ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى جائىزدۇر. چۈنكى ھەمكارلىق سۇغۇرتىسى ئىئانە قىلىش ۋە ياخشىلىققا ياردەملىشىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۇغۇرتىدا ھەر ئەزا ھەسسىدارلارغا يېتىدىغان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يەتكەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن پاي قوشىدۇ، پايدا ئۈندۈرۈۋېلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت خەتەرنى ئۈلۈشۈش ۋە زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ھەسسە قوشۇشتۇر، خالاس.

تىجارىي سۇغۇرتىغا كەلسەك، بۇ جائىز ئەمەس. بۇنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنىڭ ئاساسلىق ئىككى سەۋەبى بار:

(1) غەرەر[1]. بۇ خىل سۇغۇرتىدا غەرەرنىڭ بارلىقى ئېنىق. چۈنكى ئۇ غەرەر كېلىشىملىرىدىن يەنى بار ياكى يوقلۇقى ئېھتىماللىق بولغان نەرسە توغرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىملەردىن ھېسابلىنىدۇ. «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام غەرەر سودىسىدىن توسقان» دېگەن سەھىھ ھەدىس بار. بۇ ھەدىسنى ئىشەنچلىك راۋىلار رىۋايەت قىلغان[2].

(2) جازانىخورلۇق. چۈنكى سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەبلەغلىرىنى جازانىخورلۇقتا ئىشلىتىدۇ، شۇنداقلا سۇغۇرتا ئالغۇچىغا قولغا كەلتۈرگەن ئۆسۈمدىن ئايرىپ بېرىش ئېھتىمالى بولىدۇ. ئۆسۈم ئىسلامدا قەتئىي ھارامدۇر[3].

## 2) مۇباھ دېگەن كۆزقاراش

يۇقىرىقى ئىسلام فىقھ ئاكادېمىيەسىنىڭ كۆپچىلىك ئالىملىرى ئۇزۇن مۇنازىرىلەردىن كېيىن ماقۇللىغان قارارنىڭ خۇلاسىسىدۇر. لېكىن ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىدىن بۇ قارارنىڭ ئەكسىچە پىكىر بايان قىلغانلارمۇ بار[4]. جۈملىدىن ئاكادېمىيە ئەزاسى سۈرىيەلىك مەشھۇر ئالىم مۇستافا ئەھمەد زەرقا ئاكادېمىيەنىڭ باش سېكرېتارىغا بىر مەكتۇپ يوللىغان.

---

① لۇغەتتە خەتەر، ئالدىماق، ھىيلە قىلماق، ئۆزىنى ۋە مېلىنى خەتەرگە ئاتماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغان غەرەر كەلىمىسىنىڭ ئىستىلاھىي (ئاتالغۇ) مەنىسى ئاقىۋىتى مەجھۇل، ئاقىۋىتى نامەلۇم ۋە قولغا كەلتۈرۈپ، كەلتۈرمەسلىك بىلىنمىگەن نەرسە دېگەن بولىدۇ (قاراڭ: ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى زەيىن شەرىف جۇرجانىي، *تەئرىفات*، تەھقىقلىغۇچى: نەشرىياتنىڭ باشچىلىقىدىكى ئىلمىي ھەيئەت (بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىيە، ھ 1403 / م 1983)، 161؛ مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەبى سەھل سەرەخسىي، *مەبسۇت* (بېيرۇت، دارۇل مەئرىفە، ھ 1414 / م 1993›، 12: 194). شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقسىز پايدىغا يول ئاچقۇدەك دەرىجىدە ئېنىقسىزلىق ئۆز ئىچىگە ئالغان سودا كېلىشىملىرى غەرەر سودىسى (بەيئۇل غەرەر) دەپ ئاتالغان (قاراڭ:: ئىبراھىم كافى دۆنمەز، «غەرەر» *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1996)، 13: 367.

② بۇخارى، «بۇيۇئ»، 61؛ مۇسلىم، «بۇيۇئ»، 4؛ ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئ»، 25؛ تىرمىزى، «بۇيۇئ»، 17؛ نەسەئى، «بۇيۇئ»، 27؛ ئىبنى ماجە، «تىجارات»، 23.

③ ۋەھبە زۇھەيلى، «سۇغۇرتا ۋە ئۇنى قايتۇرۇش»، *ئىسلام فىقھ ئاكادېمىيەسى ژورنىلى* 2 (ھ 1409 / م 1989): 375 ~ 382.

④ ئابدۇللەتىف فەرفۇر، «ئىسلام فىقھىدا سۇغۇرتا كېلىشىملىرى ۋە سۇغۇرتىنى قايتۇرۇش - غەرب فىقھى بىلەن سېلىشتۇرمىلىق تەتقىقات»، *ئىسلام فىقھ ئاكادېمىيەسى ژورنىلى* 2 (ھ 1409 / م 1989): 394 ~ 433.

مەكتۇب ئاكادېمىيەنىڭ ژورنىلىنىڭ مەزكۇر قارار نەشر قىلىنغان سانىدا بېسىلغان. مەكتۇبنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

**جانابىي باش سېكرېتارغا:**

**سۇغۇرتا ۋە ئۇنى قايتۇرۇش توغرىسىدا**

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

جانابلىرى ئاكادېمىيەنىڭ پىلان تۈزۈش شۆبىسىنىڭ يىغىنىدا (8/1404 / 22 - 25)، ماڭا ھازىرقى زامان فەقىھلىرى ئىختىلاپ قىلىشقان ۋە كۈنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىدىن بولغان سۇغۇرتا تۈزۈمى، كېلىشىملىرى ۋە شەرئىي ھۆكمى توغرۇلۇق ئەتراپلىق بىر تەتقىقات سۇنۇشۇمنى تاپشۇرغان ئىدىلە.

جانابلىرىغا مەلۇم بولغايكى، مەن سۇغۇرتا توغرىسىدا «سۇغۇرتىنىڭ نىزامى - ھەقىقىتى ۋە شەرئىي ھۆكمى» دەپ يېڭى بىر كىتاب يازدىم، كىتاب ئۆتكەن يىلى نەشر قىلىندى. كىتابقا مەسىلە توغرىسىدا يېڭى نۇقتىلار ۋە باشقا يەتتە تېما قوشۇلدى، بۇ تېمىلاردا بىرىنچى كىتابىم چىققاندىن كېيىن سۇغۇرتا توغرىسىدا قوزغالغان شۈبھىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم ۋە ھەممىسىنى تەتقىق قىلدىم، شۇنداقلا تەپسىلىي رەددىيە بەردىم، بولۇپمۇ «سۇغۇرتا ھارام» دەپ جار سالىدىغانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ مۇھىم شۈبھىسى بولغان «غەرەر شۈبھىسى» ئۈستىدە ئالاھىدە توختالدىم.

مېنىڭ سۇغۇرتا مەسىلىسى توغرۇلۇق كۆزقارىشىم شۇكى، سۇغۇرتا تۈزۈمى ئۆزىنىڭ ئۈچ شەكلى بىلەن: (مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى ۋە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى) ئەسلىدە دۇرۇس بولىدۇ، ھەتتا ياخشى بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچ تۈرلۈك سۇغۇرتىنىڭ ھەممىسىدە سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلار ئۆزئارا زىياننى ئۈلۈشۈپ، زىيانغا ئۇچرىغان شېرىكىنىڭ مۇسىبىتىنى يېشىدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ

ياردەملىششنى «شەرئى جەھەتتىن ھارام» دېگەن پىكرىنى قوبۇل قىلىش ئەقىلگە سىغمايدۇ[①].

### 3) بىزنىڭ چۈشەنچىمىز

#### (1) ئەسلىدە سۇغۇرتىغا ئېھتىياج يوق

پۈتۈن كۈچىنى ماددىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشقا سەرپ قىلىپ مەنىۋى جەھەتتىن چۆكۈپ كەتكەن ئەللەردە، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلاردا ئۆزئارا مېھىر - شەپقەت يوقالغان، ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قالمىغان ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئۈزۈلگەن. سۇغۇرتا تۈزۈمىنى مانا مۇشۇنداق جەمئىيەتلەرنىڭ ئىنسانلىرى كېسەل بولغاندا داۋالىنىش، ياشانغاندا ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن مېيىپ بولۇپ قالغاندا كۈتۈنۈش، ئۆلگەندىن كېيىن بالا - چاقىسى چارىسىز قېلىش قاتارلىقلاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن پەيدا قىلغان. ئاندىن بۇ تۈزۈم مۇسۇلمان ئەللەرگە كىرگەن.

مۇسۇلمانلار ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بولغاندەك، قۇرئان كەرىمگە لايىق رەۋىشتە ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۇغۇرتا تۈزۈمى ئۆزگە خېرىدار تاپالمىغان بولاتتى. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان كاپالەت تۈزۈمى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان، قورقۇنچ ۋە ئەندىشىلەرنىڭ يوللىرىنى تاقىۋېتىدىغان يەككە - يېگانە تۈزۈمدۇر. ئۇ تۈزۈمنىڭ ماددىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**① زاكات**

ئاللاھ تائالا باي مۇسۇلمانلارنى ئالتۇن، كۈمۈش، نەق پۇل ۋە تىجارەت ماللىرىدىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇسۇلمانلارنى زىرائەت مەھسۇلاتى ۋە مال - چارۋىلىرىدىن مۇئەييەن مىقداردىكى زاكات ۋە ئۆشرىگە ئايرىپ، مەلۇم شەخس ۋە ئورۇنلارغا بېرىشنى

---

① مۇستافا ئەھمەد زەرقا، «سۇغۇرتا ۋە ئۇنى قايتۇرۇش»، *ئىسلام فىقھ ئاكادېمىيەسى ژۇرنىلى* 2 (ھ 1409 / م 1989): 434.

پەرز قىلغان[1]. ئەگەر بىر مۇسۇلمان جەمئىيەتتە زاكات بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەر زاكاتلىرىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلسا ئۇ جەمئىيەتنىڭ پېقىر - مىسكىنلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى قامدىلىدۇ ۋە ئىگە - چاقىسىز، ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلارنىڭ كەلگۈسى كاپالەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا ٱلصَّدَقَٰتُ لِلۡفُقَرَآءِ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡعَٰمِلِينَ عَلَيۡهَا وَٱلۡمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمۡ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَٱلۡغَٰرِمِينَ وَفِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِۖ فَرِيضَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ٦٠﴾

«سەدىقىلەر پەقەت پېقىرلەرگە، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا ۋە قەلبلىرى ئىسلامغا مايىل قىلىنىدىغانلارغا بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، قۇللارنى ئازاد قىلىش ۋە قەرزدارلارنى قەرزدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ يولى ۋە يولۇچىلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن پەرز قىلىندى. ئاللاھ بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[2].

بۇ ئايەتتىكى «سەدىقىلەر» پەرز بولغان سەدىقىلەرنى يەنى زاكات ۋە ئۆشرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدىن مەلۇم بولغاندەك، ئۇ سەدىقىلەر بېرىلىدىغان كىشى ۋە ئورۇنلار سەككىز بولۇپ ئالدىنقى تۆتىدە لام (ل) ھەرپى، كېيىنكى تۆتىدە في (في) ھەرپى كېلىدۇ. بۇ زاكاتنىڭ بىرىنچى تۆت كىشىنىڭ قولىغا بېرىلىدىغانلىقىنى، ئىككىنچى تۆت كىشى ئۈچۈن زاكاتتىن مۇئەييەن فوند ئاجرىتىپ ئۇلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، بىر جەمئىيەتنىڭ مۇسۇلمانلىرى زاكاتنىڭ بىر قىسمىنى موھتاجلارغا بېرىپ، بىر قىسمىنى فوند سۈپىتىدە ھەر ئېھتىمالغا قارشى ساقلاپ، لازىملىق يەرلەرگە خىراجەت قىلسا ھەم مەزكۇر ئېھتىياجلار قامدالغان ھەم مەزكۇر كاپالەت ھەل بولغان بولىدۇ.

**② سەدىقە**

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 267 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 141 - ئايەت.
② 9 - سۈرە تەۋبە، 60 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئىمكانىيىتى بولغان مۇسۇلمانلارنى موھتاجلارغا سەدىقە (خەير - ئېھسان) بېرىشكە تەشۋىق قىلغان، سەدىقە بەرگۈچىلەرگە كاتتا ئەجىر بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى كۆپەيتىشنى ۋەدە قىلغان[1]. ئەگەر سەدىقە بېرىش ئىمكانى بولغان مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ۋە ئىشەنچ قىلىپ بۇ تەشۋىقكە ئەمەل قىلسا، شۇنداقلا بېرىلگەن سەدىقىلەر بىر يەردە توپلانسا ناھايىتى چوڭ مەبلەغ يىغىلىدۇ. بۇ مەبلەغ يۇقىرىدىكى زاكات بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە پۈتۈن ئېھتىياجلار قامدىلىدۇ ۋە ھېچكىم كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەندىشە ھېس قىلمايدۇ.

**③ ۋەخپە**

ۋەخپە دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، شەكلى ۋە دەلىلى ھەققىدە يۇقىرىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى. دىنىمىز ئىمكانىيىتى بولغان مۇسۇلمانلارنى ۋەخپىگە تەشۋىق قىلىدۇ[2].

ئەگەر مۇسۇلمانلار بۇ ۋەخپە ئۇقۇمىنى ئۆز ئارىسىدا جانلاندۇرۇپ، كۆتۈلمىگەن ئاپەت ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، ياشانغانلارنى كۆتۈش، بىمارلارنى بېقىش، ئاجىز - ئورۇق ۋە يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچكىم كەلگۈسىنى كاپالەت ئاستىغا ئېلىشقا ئېھتىياج ھېس قىلمايدۇ.

**④ ياردەملىشىش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَتَعَاوَنُوا۟ عَلَى ٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰ ... ﴿٢﴾﴾

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 245 - ۋە 261 - ئايەتلەر؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 11 - ئايەت.

② مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر: 36 - سۈرە ياسىن، 12 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر 18 - ئايەت؛ 82 - سۈرە ئىنفىتار، 5 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىس: «ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ بارلىق ئەملى توختايدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەملىنىڭ ساۋابى توختىمايدۇ: بىرىنچى سەدىقە جارىيە (يەنى ئىنسانلارغا مەنپەئەتى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە). ئىككىنچى پايدىلىق ئىلىم (باشقىلارغا ئۆگىتىلگەن ئىلىم ۋە يېزىلغان ئىلمىي ئەسەرلەر). ئۈچىنچى ئارقىسىدىن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت» (مۇسلىم، «ۋەسىيەت»، 14؛ ئەبۇ داۋۇد، «ۋەسايا»، 14؛ تىرمىزى، «ئەھكام»، 36؛ نەسەئى، «ۋەسايا»، 8؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 14: 438؛ دارىمى، «مۇقەددىمە»، 46).

«ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار»[1].

بىر جەمئىيەتنىڭ مەنسۇبلىرى بولغان مۇسۇلمانلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىنى تىخىمۇ ئاكتىپ ھالدا ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئارىسىدا بىر ئىئانە ساندۇقى ئورۇنلاشتۇرسا ۋە بۇ ساندۇققا بەزى قېرىنداشلىرىنى مەسئۇل قىلسا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى موھتاجلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى مەلۇم قىلسا، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بۇ ئېھتىياجلارنىڭ قامدىلىشى ئۈچۈن لازىملىق ئىجرائاتلارنى ئەمەلگە ئاشۇرسا بولىدۇ، ھەتتا ياخشى بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

«مۇئمىنلار ئۆزئارا دوستلىشىش، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈش ۋە يار - يۆلەك بولۇشتا بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەندىن بىرەر ئەزا ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەندىن ئۇيقۇ قاچىدۇ ۋە پۈتۈن بەدەن قىزىپ ئارامسىزلىنىدۇ»[2].

«مۇئمىن، مۇئمىن ئۈچۈن بۆلەكلىرى بىر - بىرىنى چىڭىتىپ تۇرغان بىناغا ئوخشايدۇ»[3].

«مۇئمىنلار (بىر رىۋايەتتە مۇسۇلمانلار) گويا بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىسا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىئارام بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا، ھەممە ئەزاسى ئارامسىزلىنىدۇ»[4].

«كىمكى ئۆز قېرىندىشىغا يار - يۆلەك بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدۇ»[5].

---

① 5 - سۈرە مائىدە، 2 - ئايەت.

② بۇخارى، «ئەدەب»، 27؛ مۇسلىم، «بىرر ۋە سىلە»، 66؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 30: 323، 330.

③ بۇخارى، «سالات»، 88، «مەزالىم ۋە غەسب»، 5، «ئەدەب»، 36؛ مۇسلىم، «بىرر ۋە سىلە»، 65؛ تىرمىزى، «بىرر ۋە سىلە»، 18؛ نەسەئى، «زاكات»، 67؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 30: 303 ~ 304، 32: 400، 443،

④ مۇسلىم، «بىرر ۋە سىلە»، 67.

⑤ مۇسلىم، «زىكىر، دۇئا، تەۋبە ۋە ئىستىغفار»، 38؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 67؛ تىرمىزى، «ھۇدۇد»، 3؛ ئىبنى ماجە، «ئىفتىتاھۇل كىتاب»، 17؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 12: 393، 13: 325، 16: 297، 394.

قۇرئان كەرىمدە ئەنە شۇنداق چارىلەر بار بولسىمۇ كۆنىمىزدە ئۇ چارىلەر ھەر تۈرلۈك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن لايىق رەۋىشتە يولغا قويۇلمىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمر ۋە تەلىماتلىرىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەمەل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن سۇغۇرتا قىلىشقا مەجبۇر قالغان ياكى موھتاج بولغان مۇسۇلمانلار تۆۋەندىكى يوللارنىڭ بىرىنى تۇتسا بولىدۇ:

① مۇسۇلمانلار مۇمكىنقەدەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە، شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدە ھەمكارلىق ۋە ياردەملىشىشكە ئاساسلانغان بىر سۇغۇرتا سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىشى لازىم. ئۇلار بۇ سىستېما قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر تۈرلۈك سۇغۇرتىنى بۇ سىستېما بويىچە قىلسا ۋە قىلدۇرسا بولىدۇ.

② سىياسىي كۈچنىڭ رۇخسەت بەرمەسلىكى ياكى ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى ۋە ياكى ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنداق بىر سىستېما قۇرالمىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە قانداق سۇغۇرتىغا مەجبۇرلانسا، شۇنى قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن: كۆنىمىز دۇنيا تۈزۈمىدە ئاپتوموبىلنى سۇغۇرتا قىلدۇرمىغان ئادەم ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ يولغا چىقالمايدۇ، بەزى دۆلەتلەردە ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى ھەر تۈرلۈك ئاپەتكە قارشى سۇغۇرتا قىلدۇرۇش مەجبۇرىي قىلىنغان، ئەگەر سۇغۇرتا قىلدۇرمىسا ئۆيگە سۇ، توك، گاز... قاتارلىقلارنى ئەكىرگىلى قويمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشقا رۇخسەتمۇ بەرمەيدۇ. بىر يەردە دۇكان ئېچىش، بىر ئىدارىدە خىزمەت قىلىش، بىر فابرىكىدا ئىشلەش قاتارلىقلاردا داۋالىنىش ۋە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى قىلدۇرۇش شەرت قىلىنغان.

مانا بۇ سۇغۇرتىلارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى قىلدۇرغانلار گۇناھكار بولمايدۇ.

③ ئۆزلىرىنىڭ سۇغۇرتا سىستېمىسىنى قۇرالمىغان ۋە ھەر تۈرلۈك سۇغۇرتا قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلانمىغان، لېكىن ئېھتىياجى چۈشكەن مۇسۇلمانلارنىڭ سۇغۇرتا قىلدۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلار سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ ئىچىدىن قولىدىن

كېلىشچە تەكشۈرۈپ ھارامدىن يىراق تۇرىدۇ دەپ ئىشەنچ قىلالىغىنىغا سۈغۇرتا قىلدۇرسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ وَٱسۡمَعُواْ وَأَطِيعُواْ وَأَنفِقُواْ خَيۡرٗا لِّأَنفُسِكُمۡۗ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ١٦﴾

«كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، قۇلاق سېلىڭلار، ئىتائەت قىلىڭلار ۋە مال چىقىم قىلىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ. نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار، مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر»[1].

﴿لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ ... ٢٨٦﴾

«ئاللاھ ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ»[2].

ئەگەر ئىشەنچ قىلالمىسا سۈغۇرتا قىلدۇرمىغىنى ياخشى، ئېھتىياجىنى باشقا يوللار بىلەن قامداشقا تىرىششى ئەۋزەل. ناۋادا ئېھتىياجى قاتتىق بولسا، بۇ مەجبۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

﴿إِنَّ رَبَّكَ لَبِٱلۡمِرۡصَادِ ١٤﴾

«شۈبھىسىزكى، رەببىڭ كۆزىتىپ تۇرماقتىدۇر»[3].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھالالمۇ ئېنىق، ھاراممۇ ئېنىق. ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك ئىشلار بار. بۇ شۈبھىلىك ئىشلارنى كۆپ كىشىلەر ئۇقالمايدۇ. شۈبھىلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرغان ئادەم دىنىنى ۋە نومۇسىنى پاك تۇتقان بولىدۇ. شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلغان ئادەم ھارامغا دۇچار بولىدۇ. ئۇ ئادەم چېگرانىڭ چۆرىسىدە پادا باققۇچى پادىچىغا ئوخشايدۇ، پادا چېگراغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەر پادىشاھنىڭ بىر چېگراسى بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى چېگراسى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلىپ بېكىتكەن ئىشلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بىلىڭلاركى، ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بولىدۇ، بۇ گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن

---

① 64 - سۈرە تەغابۇن، 16 - ئايەت.

② 2 - سۈرە بەقەرە، 286 - ئايەت.

③ 89 - سۈرە فەجر، 14 - ئايەت.

تۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ گۆش يۈرەكتىن ئىبارەتتۇر»①.

## §3. پاي چېكى ئويناش

تىجارەت، مال ھېسابلىنىدىغان بىر نەرسىنى ياكى مەلۇم بىر خىزمەتنى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا رازىلىشىپ تۈزۈشكەن بىر توختام بىلەن ئېلىش ۋە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: بىر كىشى بىر قوينى ساتىمەن دەپ بازارغا سالسا، يەنە بىر كىشى ئۇ قويغا خېرىدار بولىدۇ. ساتقۇچى تەرەپ بۇ قوي مۇنچە پۇل دەيدۇ، قارشى تەرەپ تەكلىپنى سۇنىدۇ. ئۇيانغا تارتىپ، بۇيانغا تارتىپ ئاخىرى ئىككى تەرەپ بىر باھادا كېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساتقۇچى قوينى خېرىدارغا، خېرىدار قوينىڭ بەدىلىنى ساتقۇچىغا تاپشۇرىدۇ ۋە سودا پۈتىدۇ.

خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىشى مەن مۇنداق ئىشنى قىلالايمەن، كۆنلۈك ئىش ھەققىم ياكى بۇ ئىش ئۈچۈن ئىش ھەققىم مۇنچىلىك بولسا ئىشلەپ بېرىمەن دەيدۇ. يەنە بىر كىشى ئۇنىڭغا دېگىنى بويىچە ياكى ئۇنىڭ بىلەن باھا تالىشىپ، ئاخىرى ئىككىسى كېلىشكەن بويىچە بەدىلىنى تۆلەپ، ئۇنىڭدىن ئۇ خىزمەتنى سېتىۋالىدۇ. ھۈنەر - سەنئەت ساھەسىدىكى مۇئامىلىلەر بۇ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مانا بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئىسمى ئېلىم - سېتىمدۇر، تىجارەتتۇر، شۇنداقلا ھالالدۇر.

ئاللاھ تائالا 2 - سۈرە بەقەرەنىڭ 275 - ئايىتىدە «ئېلىم - سېتىمنى ھالال» قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 4 - سۈرە نىسانىڭ 29 - ئايىتىدە «تىجارەتنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى ۋە تىجارەتنىڭ ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشىدىغان ئېلىم - سېتىم» ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

تىجارەت يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك مال ياكى خىزمەت ئېلىم - سېتىمىدىن ئىبارەتتۇر، خالاس.

① بۇخارى، «ئىمان»، 37، «بۇيۇئـ»، 2؛ مۇسلىم، «مۇساقات»، 107؛ ئەبۇ داۋۇد، «بۇيۇئـ»، 3؛ تىرمىزى، «بۇيۇئـ»، 1؛ نەسەئى، «بۇيۇئـ»، 2، «ئادابۇل قۇدات»، 11؛ ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 14؛ دارىمى، «بۇيۇئـ»، 1؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 30: 320، 324، 335.

ئەمما پاي چېكى ئويناش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىسمىدىن چىقىپ تۇرغاندەك ئۇ تىجارەت ئەمەس، قىماردۇر. چۈنكى تىجارەتتە قارشى تەرەپتىن مال ياكى خىزمەت (ئىش) سېتىۋېلىنىدۇ. پاي چېكى بولسا، بىرەر شىركەتنىڭ مەلۇم ھەسسىسىنى سېتىۋالغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان قۇرۇق قەغەزدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئېلىم - سېتىم مۇئامىلىسى ئەمەس، ئويۇن (قىمار) بولغانلىقى ئۈچۈن سېتىۋالغۇچى ئۇ قەغەزنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئۇ شىركەتتىن ئۆز پېيىنى تەلەپ قىلالمايدۇ. بارغان تەقدىردە ئۇنى شىركەتنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگۈزمەيدۇ. ئۇ كىشى مەن بۇ شىركەتتىن مانچىلىك پاي سېتىۋالدىم، شۇ ھەققىمنى ئالىمەن دېيەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە شىركەتنىڭ مەلۇم پېيىنى ئەمەس، ئۈستىگە مەلۇم سانلار يېزىلغان گۈللۈك قۇرۇق قەغەزنى سېتىۋالغان.

پاي چېكى ئەسلىدە كاپىتالىستلارنىڭ خەلقنىڭ قولىدىكى پۇللارنى يېغىۋېلىش ئۈچۈن چىقارغان بىر ھىيلىسىدۇر، بىر ئويۇنىدۇر. ئۇلار ئاكسىيە بازىرى دەپ بىر بازار قىزىتىپ بۇ بازاردا ئېلىم - سېتىم پەردىسى ئاستىدا ئۇ قۇرۇق قەغەزلەرنى ئېلىپ - سېتىپ پۇل تاپىدۇ. ئۇلار قولىدىكى ئۇ قۇرۇق قەغەزلەرنى بىر يالغان خەۋەر بىلەن باھاسىنى ئۆستۈرۈپ ساتىدۇ، يەنە بىر يالغان خەۋەر بىلەن باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋالىدۇ.

نەتىجىدە بۇ ئويۇننىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيدىغان ساددا ئىنسانلار، ئېلىكىدىكى مال - بىساتىنى سېتىپ بولسىمۇ پاي چېكى ئوينايدۇ. ئاندىن باھا چۈشۈشكە باشلىسا تېخىمۇ كۆپ زىيان تارتىپ كەتمەي دەپ دەرھال قولىدىكى قەغەزلەرنى تۆۋەن باھادا ساتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇللار كاپىتالىستلارنىڭ يانچۇقىغا يىغىلىدۇ. پاي چېكى سېتىۋالغانلار پۇللىرىغا مال ياكى خىزمەت ئەمەس، قۇرۇق قەغەز سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن زىيان تارتىدۇ.

**خۇلاسە**

پاي چېكى ئويناش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ قىمار ئويۇنىغانلىق، باتىل يول بىلەن پۇل تېپىشقا ياردەملەشكەنلىك، قولىدىكى پۇلغا مال ياكى خىزمەت ئەمەس، مال ھېسابلانمايدىغان نەرسە سېتىۋالغانلىق بولىدۇ.

## §4.لاتارىيە ئويناش

لاتارىيە ئويناش بىر تۈرلۈك قىماردۇر. چۈنكى ئۇتقانلار ئۇتتۇرغانلاردىن تىككەن پۇل ياكى بۇيۇمنى ئېلىش شەرتى بىلەن ئوينىلىدىغان ئويۇنلار «قىمار» دەپ ئاتىلىدۇ. قىمار توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلْخَمْرُ وَٱلْمَيْسِرُ وَٱلْأَنصَابُ وَٱلْأَزْلَٰمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَٰنِ فَٱجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۝٩٠﴾

«ئى مۇئمىنلار! مەست قىلغۇچى نەرسە، قىمار، تىكلەپ قويۇلغان تاشلار[①]، پال ئوقلىرى ھەقىقەتەن پاسكىنا نەرسىلەردۇر، شەيتاننىڭ ئىشىدىندۇر. ئۇلاردىن ساقلىنىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر»[②].

بۇ ئايەتتە قىمار ئويناش دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە مەيسىر ﴿ٱلْمَيْسِرُ﴾ بولۇپ، مەيسىرنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئاسانلىق، ئاسان يول» دېگەن بولىدۇ. دىنى ئىستىلاھتا بولسا، پۇلنى ئاللاھ بېكىتىپ قويغان قانۇن - نىزام بويىچە (مەسىلەن: ئىشلەپ ياكى تىجارەت قىلىپ) تېپىشقا تىرىشماي، ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوينالغان ئويۇنلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇرچىدىكى قىمار كەلىمىسى بۇنى تولۇق ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن دىنى كىتابلاردا كەلگەن مەيسىر كەلىمىسىنىڭ ھەممىسى قىمار دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىلىرىدە بولسۇن ياكى باشقا ئۇيغۇرچە دىنى كىتابلاردا بولسۇن قىمار دېگەن سۆزدىن يۇقىرىدىكى (ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ھالدا ئاسانلىق بىلەن پۇل

---

① جاھىلىيەتتە كەبىنىڭ چۆرىسىدە تىكلەپ قويۇلغان بىر قىسىم تاشلار بولۇپ، ئۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىناتتى ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ قانلىرىدىن شۇ تاشلارغا سۈركەپ قويۇلاتتى. بۇ ئايەت بىلەن ئەنە شۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلارمۇ مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغان. قاراڭ: فەخرۇددىن رازى ، *مەفاتىھۇل غەيب - تەفسىرۇل كەبىر*، 11: 285.

② 5 - سۈرە مائىدە، 90 - ئايەت.

ياكى بۇيۇم قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوينالغان ئويۇنلار دېگەن) مەنىلەرنى چۈشىنىش لازىم.

شۇنداق چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا لاتارىيە ئويناشنىڭمۇ قۇرئان كەرىمدە چەكلەنگەن قىمارنىڭ ئۆز ئەينىسى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھىمىز قالمايدۇ. چۈنكى لاتارىيە ئويناش پۇل ياكى بۇيۇم ئۇتۇش ئۈچۈن ئوينالغان ۋە ئوينىلىدىغان بىر ئويۇندۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئۆتكەن «ئۇلاردىن ساقلىنىڭلار» دېگەن مەنىدىكى قىسمى، لاتارىيە بېلەتى سېتىش، سېتىشقا ياردەملىشىش، باشقىسىنىڭ ئېلىشىغا ياردەملىشىش... قاتارلىق ئىشلارنىڭمۇ مەنئى قىلىنىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلارنى قىلغانلار قىماردىن ساقلانمىغان بولىدۇ. بىر ئىشنى قىلماسلىق بىلەن ئۇ ئىشتىن ساقلىنىشنىڭ پەرقى بار: قىلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ساقلىنىش ئۇ ئىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇساپە قويۇش دېگەن بولىدۇ.

# X ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت

## §1.ھەمكارلىشىش

ئاللاھ تائالا ئىنساننى ھەر نەقەدەر چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان[1] ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان[2] بولسىمۇ، ئۇنى ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئاجىز ياراتقان[3]، دۇنياغا بىلىمسىز ھالەتتە كەلتۈرگەن[4]، ئۆزئارا تونۇشسۇن دەپ قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە ئايرىغان[5]. ئۇلارنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن[6] ۋە بىر - بىرلىرىنى ھەق بېرىپ ئىشقا سېلىشلىرى ئۈچۈن[7] كۈچ - قۇۋۋەت ۋە مال - مۈلۈكتە، ئاڭ - سەۋىيە ۋە ھۈنەر - سەنئەتتە پەرقلىق قىلغان[8]. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا بالا - مۇسىبەت كېلىپ تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن[9]. پۈتۈن بۇلار ئارقىلىق ئۇلارنى بىر - بىرىگە موھتاج قىلغان ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش تۇيغۇسىنى تەبىئىتىگە سىڭدۈرگەن[10].

---

① قاراڭ: 95 - سۈرە تىن، 4 - ئايەت.

② قاراڭ: 17 - سۈرە ئىسرا، 70 - ئايەت.

③ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 28 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 54 - ئايەت.

④ قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 78 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 13 - ئايەت.

⑥ 6 - سۈرە ئەنئام، 165 - ئايەت.

⑦ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 32 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 32 - ۋە 54 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 70 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 21 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 5 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 22 - ئايەت؛ 36 - سۈرە ياسىن، 68 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 9 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 27 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 32 - ئايەت؛ 95 - سۈرە تىن، 5 - ئايەت.

⑨ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 156 - ۋە 195 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 140 - ۋە 165 - ئايەتلەر؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 12 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 33 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 8 - ۋە 49 - ئايەتلەر.

⑩ شۇڭا ئىنسانلار ئۆزلىرىنى يېتەرسىز ھېس قىلغان چاغلىرىدا ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ. قۇرئان كەرىمدە زۇلقەرنەيننىڭ، يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن قورققان قەۋم بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىپ بىر سېپىل سېلىشى (قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 94 - ۋە 96 - ئايەتلەر)، مۇسانىڭ تەرەپدارىدىن بولغان كىشىنىڭ، مۇسانىڭ دۈشمىنىدىن بولغان كىشىگە قارشى مۇسادىن ياردەم تەلەپ قىلىشى (قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 15 - ئايەت) زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ بىر ئىشتا ئاجىز كېلىپ قالغان كىشى ياردەم قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان باشقا بىر كىشىدىن ياردەم تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدەك، كۆچلۈكلەرنى ئاجىزلارنى يۆلەشكە، بايلارنى كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشقا تەشۋىق ۋە ئەمر قىلغان①. ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىشنى، پېقىر - مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىشنى، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاشنى ۋە يىراق - يېقىن قوشنىلارغا خەيرخاھلىق قىلىشنى ئىسلامنىڭ پەرزلىرى قىلغان②. خەيرلىك ئىشلارغا چاقىرىشنى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنى مۇراد - مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋە «ئەڭ خەيرلىك ئۇممەت» بولۇشنىڭ شەرتى قىلىپ بەلگىلىگەن③. ياخشى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشتا ئۆزئارا ياردەملىشىش توغرىسىدا ئالاھىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن④.

پۈتۈن بۇلار ھەر جەمئىيەت مەنسۇپىنىڭ بىر تەرەپتىن باشقىلاردىن ياردەم ئالىدىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنىڭ جەمئىيەت، قەبىلە ۋە مىللەت بولۇشنىڭ تەبىئىي تەلىپى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلاھىي ھېكمەت ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇشۇنداق شەكىللىنىشىنى ئىرادە قىلغان. ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئۇ تەلەپنى ئورۇندىغانلىق بولۇش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلغانلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە توغرا مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ناھايىتى مۇھىم.

### 1. ھەمكارلىششنىڭ مەنىسى ۋە ئېنىقلىمىسى

ھەمكارلاشماق (تەئاۋۇن)نىڭ لۇغەت مەنىسى بىر - بىرىنى قوللىماق، بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولماق، ياردەم قىلماق، مەدەت بەرمەك، ئىشنى

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 261 ~ 267 - ۋە 270 ~ 274 - ئايەتلەر؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 26 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 38 - ئايەت؛ 51 - سۈرە زارىيات، 19 - ئايەت؛ 70 - سۈرە مەئارىج، 24 ~ 25 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 83 - ، 177 - ۋە 215 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 36 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 151 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 90 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 23 - ۋە 26 - ئايەتلەر؛ 30 - سۈرە رۇم، 38 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 14 - ئايەت؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 15 - ئايەت.

③ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 104 - ۋە 110 - ئايەتلەر.

④ 5 - سۈرە مائىدە، 2 - ئايەت.

قىلىشىپ بەرمەك دېگەن بولىدۇ[1]. شەرئىي مەنىسى بولسا شەرىئەتتە بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىشتا، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىقتا باشقىلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرمەك، مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىمەك دېگەن بولىدۇ[2].

## 2. ھەمكارلىشىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ ۝٥ ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۝٦﴾

«ئى ئاللاھ! بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن»[3].

بۇ ئايەتلەردە ئىبادەتنى ئاللاھقىلا قىلىش، ياردەمنى ئاللاھتىنلا تىلەش ۋە ئاللاھتىن ھىدايەت تىلەش پېئىللىرى كۆپلۈك شەكىلدە كەلگەن. بۇ دالالەت قىلىدۇكى، ئېتىقادتا بىرلىك چۈشەنچىسى، ئەمەلدە ھەمكارلىق روھى ۋە مەنپەئەتتە كوللېكتىپچىلىق ئېڭى مۇھىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى بىر - بىرىگە مەسئۇل قىلغان[4].

بۇ ئايەتلەر ھەر كۈنى نامازدا نەچچە ئون قېتىم ئوقۇلىدىغان فاتىھە سۈرىسىنىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالغان. ھەر نامازخان نامىزىنى مەيلى يالغۇز ئۆتىسۇن، مەيلى جامائەت بىلەن ئۆتىسۇن بۇ ئايەتنى مۇشۇ بويىچە ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەمكارلىق روھىنى جانلىق تۇتىدۇ، چۈنكى ئۇ «مەن» دېمەستىن «بىز» دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ نامىزىدا «سۈرە فاتىھە» ئوقۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقى بىلەن بىرلىكتە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ نامىدىن ئاللاھقا ھەمكارلىشىش توغرىسىدا ئەھدە

---

① قاراڭ: راغىب ئىسفەھانى، «عون»، 598؛ ئىبنى مەنزۇر، «عون»، 13: 298 ~ 299؛ زەينۇددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى بەكر ئىبنى ئابدۇلقادىر رازى، «عون»، *مۇختارۇسسىھاھ*، تەھقىقلىغۇچى: يۇسۇف شەيخ مۇھەممەد، 5 - باسما (بېيرۇت: مەكتەبەتى ئەسرىييە، ھ 1420 / م 1999)، 222.

② ھەمكارلىشىشنىڭ «ھۆكمى ۋە ساھەسى» دە دەلىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

③ 1 - سۈرە فاتىھە، 5 ~ 6 - ئايەتلەر.

④ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 104 - ، 110 - ۋە 114 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 71 - ۋە 112 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 41 - ئايەت؛ 103 - سۈرە ئەسر.

بەرگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقتا ئۆزئارا ياردەملىشىشى بۇ ئەھدىسىدە تۇرغانلىقىنى، ياردەملەشمەسلىكى بۇ ئەھدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 3. ھەمكارلىشىشنىڭ ھۆكمى ۋە ساھەسى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَتَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡبِرِّ وَٱلتَّقۡوَىٰۖ ... ٢﴾

«ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار»[1].

بۇ ئايەت ھەمكارلىقنىڭ ھۆكمىنىڭ پەرز، ساھەسىنىڭ «ياخشىلىق» ۋە «تەقۋالىق» ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقنى بايان قىلىپ باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَّيۡسَ ٱلۡبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ قِبَلَ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ وَلَٰكِنَّ ٱلۡبِرَّ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلۡكِتَٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ وَءَاتَى ٱلۡمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُوفُونَ بِعَهۡدِهِمۡ إِذَا عَٰهَدُواْۖ وَٱلصَّٰبِرِينَ فِي ٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَحِينَ ٱلۡبَأۡسِۗ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُتَّقُونَ ١٧٧﴾

«مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەنلىكىڭلارلا ياخشىلىق ئەمەس. لېكىن ياخشىلىق ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا ۋە نەبىيلەرگە ئىمان ئېيتقان، مېلىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يولۇچىلارغا، ياردەم سورىغۇچىلارغا ۋە قۇللارنى ئازاد قىلىشقا بەرگەن، نامازنى كامىل ۋە داۋاملىق ئۆتىگەن، زاكاتنى بەرگەن كىشىنىڭ قىلمىشلىرىدۇر. شۇنىڭدەك، قىلىشقان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارنىڭ قىلمىشلىرىدۇر. بولۇپمۇ قىيىنچىلىقتا، جاپا -

---

[1] 5 - سۈرە مائىدە، 2 - ئايەت.

مۇشەققەتتە ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا سەۋر قىلغانلارنىڭ قىلمىشلىرىدۇر. ئەنە شۇلار راست سۆزلىگەن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار بولغۇچىلاردۇر»[1].

دېمەككى، «ياخشىلىق» ۋە «تەقۋالىق» ئىماننىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش، نامازنى ئادا قىلىش، زاكاتنى بېرىش ۋە ئەخلاقنى ياخشىلاش قاتارلىقلار بولۇپ، ئاللاھ رازى بولىدىغان پاك ئىمان، ياخشى ئەمەل ۋە پۈتۈن گۈزەل سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

### 1) ئىماننىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلىش

ئىماننىڭ شەرتلىرى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا ۋە نەبىيلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. بۇ تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش - ئاللاھنىڭ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىشتا، باشقۇرۇشتا ۋە ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا شېرىكى يوق ئىكەنلىكى بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇدات ۋە جىمى مەخلۇقاتنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا لايىق بولۇشتا شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنىڭ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئەقلىي دەلىل بىلەن ئورۇنلىشىشى، تاشقى دۇنياسىدا ئىنائەت بىلەن ئەكس ئېتىشى دېمەكتۇر[2].

بۇ ئىماننىڭ ئىگىسى مەن توغرا يولدا ماڭسىملا، مەن تىرىشچانلىق كۆرسەتسەملا، مەن بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولمىساملا، مەن چېكىنمىسەملا ئاللاھ مېنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ دەپ ئىشەنچ قىلىدۇ[3]. بۇ ئىشەنچ ھاسىل بولسا بەندە پىكىر - تەسەۋۋۇردا، گەپ - سۆزدە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتا يامانلىقتىن ساقلىنىدۇ.

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 177 - ئايەت.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 164 - ئايەت ؛ 13 - سۈرە رەئد، 4 - ۋە 16 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 12 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 111 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 2 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 24 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 80 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 28 - ئايەت؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 17 - ئايەت.

③ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 122 ~ 125 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 97 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 19 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 112 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 94 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 40 - ئايەت.

(2) ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش - بۇ دۇنيانىڭ بىر مۇددەتنىڭ بارلىقى[1]، ئۇ مۇددەت تۈگىگەندە بارلىق مەخلۇقاتنىڭ يوق بولىدىغانلىقى[2]، ئاندىن يېڭى بىر كۈن باشلىنىدىغانلىقى، ئۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلۈپ ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى، ھېسابنىڭ نەتىجىسىدە جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى، جەننەت نېمىتىنىڭ ۋە دوزاخ ئازابىنىڭ مەڭگۈ بولىدىغانلىقى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا[3] ئىشىنىش دېمەكتۇر.

بۇ ئىشىنىش ھاسىل بولسا بەندە بۇ ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە ئالدانمايدۇ، ئەسلى ھاياتىدا جازادىن ساقلىنىش ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلىدۇ.

(3) پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش - ئاللاھنىڭ پەرىشتە (مالائىكە) دەپ ئاتىلىدىغان[4]، پەرقلىق ساندا قاناتلىرى بولغان[5]، ئاللاھتىن بەك قورقىدىغان، كىبىر قىلمايدىغان، ئاسىيلىق قىلمايدىغان ۋە ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدىغان ھۆرمەتلىك بەندىلىرىنىڭ بارلىقىغا[6]، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىپ تۇرۇشنىڭمۇ بارلىقىغا[7] ئىشىنىش دېمەكتۇر.

بۇ ئىشىنىش ھاسىل بولسا بەندە ئۆزىنىڭ يېنىدا ھەر دائىم ئىككى پەرىشتىنىڭ بارلىقى، ئېغىزىدىن چىقارغان ھەر سۆزى ۋە سادىر قىلغان ھەر

① قاراڭ: 31 - سۈرە لۇقمان، 29 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 13 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 5 - ئايەت؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 3 - ئايەت.

② قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 88 - ئايەت؛ 55 - سۈرە رەھمان، 26 - ۋە 27 - ئايەتلەر.

③ قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 8 - ۋە 9 - ئايەتلەر؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 51 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 71 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 47 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 101 ~ 109 - ئايەتلەر؛ 28 - سۈرە قەسەس، 60 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 36 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 17 - ئايەت؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 28 - ئايەت؛ 74 - سۈرە مۇددەسسىر، 38 - ئايەت؛ 69 - سۈرە ھاققە، 13 ~ 37 - ئايەتلەر؛ 84 - سۈرە ئىنشىقاق، 7 ~ 10 - ئايەتلەر؛ 87 - سۈرە ئەئلا، 17 - ئايەت؛ 99 - سۈرە زىلزال، 7 - ۋە 8 - ئايەتلەر؛ 101 - سۈرە قارىئە، 6 ~ 8 - ئايەتلەر.

④ قۇرئان كەرىمدە 40 دىن ئارتۇق يەردە «مەلائىكە (پەرىشتىلەر)» دېگەن كەلىمە زىكىر قىلىنىدۇ.

⑤ قاراڭ: 35 - سۈرە فاتىر 1 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 50 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 26 ~ 28 - ئايەتلەر؛ 66 - سۈرە تەھرىم، 6 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 21 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 80 - ئايەت؛ 54 - سۈرە قەمەر، 52 ~ 63 - ئايەتلەر؛ 82 - سۈرە ئىنفىتار، 12 - ۋە 13 - ئايەتلەر.

ھەرىكىتىنى ئۇلارنىڭ دەپتەرگە يېزىپ تۇرىدىغانلىقى[1]، ئۇ دەپتەرنىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىگە بېرىلىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتىكى ھاياتىنىڭ جەننەتتە ياكى دوزاختا بولۇشىنىڭ ئۇ دەپتەردىكى خەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدىغانلىقى[2] قاتارلىقلارغا ئىشەنچ قىلىدۇ ـ دە، ئۇ دەپتەرگە پەقەت ياخشىلىقنىڭلا يېزىلىشى ئۈچۈن دىققەت قىلىدۇ.

(4) كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈش ـ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى تاللاپ[3]، ئۆز ھېكمىتى ئىنسانىيەتكە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان سۆزلىرىنى پەرىشتە جىبرىئىل ئارقىلىق ئۇلارغا نازىل قىلغانلىقى[4]، ئۇ سۆزلەر سەھىپىلەر (بەتلەر)گە يېزىلىپ كىتابلار ھاسىل بولغانلىقى ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتنىڭ ئۇ كىتابلاردىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن ياشاشقا باغلىق ئىكەنلىكى[5]، ئۇ كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئىكەنلىكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر نەرسىنى بايان قىلغانلىقى[6]، نازىل بولغاندىن ئېتىبارەن ئىلگىرىكى ئىلاھىي كىتابلارنىڭ مەنسۇخ قىلىنغانلىقى (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى)[7] ۋە قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ قۇرئان كەرىمگە بويسۇنۇشىنىڭ لازىملىقى[8] قاتارلىقلارغا ئىشىنىش دېمەكتۇر.

قۇرئان كەرىمگە بۇ شەكىلدە ئىشەنگەن كىشى قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادى شېرىكتىن، ئەمەل ـ ئىبادىتى بىدئەتتىن، ئەدەپ ـ

---

① قاراڭ: 50 ـ سۈرە قاف، 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەتلەر.

② قاراڭ: 17 ـ سۈرە ئىسرا، 71 ـ ئايەت؛ 45 ـ سۈرە جاسىيە، 28 ـ ئايەت؛ 69 ـ سۈرە ھاققە، 19 ـ 32 ـ ئايەتلەر؛ 84 ـ سۈرە ئىنشىقاق، 7 ~ 10 ـ ئايەتلەر.

③ قاراڭ: 4 ـ سۈرە نىسا، 163 ـ ۋە 165 ـ ئايەتلەر؛ 22 ـ سۈرە ھەج، 75 ـ ئايەت.

④ قاراڭ: 2 ـ سۈرە بەقەرە، 213 ـ ئايەت.

⑤ قاراڭ: 3 ـ سۈرە ئال ئىمران، 3 ~ 4 ـ ئايەتلەر؛ 57 ـ سۈرە ھەدىد، 25 ~ 27 ـ ئايەتلەر.

⑥ قاراڭ: 16 ـ سۈرە نەھل، 89 ـ ئايەت؛ 12 ـ سۈرە يۇسۇف، 111 ـ ئايەتمۇ ئوخشاش مەنىدە. قۇرئاننىڭ «مۇبىن» بولۇشىمۇ بۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ.

⑦ قاراڭ: 5 ـ سۈرە مائىدە 58 ـ ئايەت.

⑧ چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللىغان بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نەبىيلەرنىڭ ئاخىرقىسى قىلغان (قاراڭ: 33 ـ سۈرە ئەھزاب، 40 ـ ئايەت)، ئۇنى قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن (قاراڭ: 6 ـ سۈرە ئەنئام، 19 ـ ئايەت؛ 21 ـ سۈرە ئەنبىيا، 107 ـ ئايەت؛ 25 ـ سۈرە فۇرقان، 1 ـ ئايەت؛ 62 ـ سۈرە جۇمۇئە، 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەتلەر).

ئەخلاقى ناچارلىقتىن، مۇئامىلە - مۇناسىۋەتتى يامانلىقتىن ۋە پىكىر - تەسەۋۋۇرى خۇراپاتتىن پاكلىنىدۇ.

(5) نەبىيلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش - ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ۋەھيي نازىل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ نەبىيسى قىلغانلىقى[1]، ئۇ بەندىنى ئۇ ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇپ رەسۇلى قىلغانلىقى[2]، ئاللاھنىڭ پۈتكۈل نەبىي ۋە رەسۇللىرىنى ئايرىماستىن ھەممىسىگە ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى[3]، بارلىق نەبىي ۋە رەسۇللەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە يېتەكچىلەر قىلىنغانلىقى[4]، ئۇلارنىڭ ئاۋۋىلىنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام[5]، ئاخىرقىسىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام[6] ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەن نەبىي ۋە رەسۇلنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۈلگە ئېلىشنىڭ لازىملىقى قاتارلىقلارغا ئىشىنىش بىلەن بولىدۇ.

نەبىي ۋە رەسۇللەرگە بۇ شەكىلدە ئىشەنگەن كىشى ئۇلارنىڭ تارىخلىرىنى ئۆگىنىدۇ، قىسسەلىرىدىن ئىبرەت ئالىدۇ[7]، قەۋملىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ھادىسىلەردىن ۋاقىپلىنىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى (سۈننەتۇللاھ)نى[8] تونۇپ يېتىدۇ - دە، خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

## 2) باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش

بۇ ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئاجىز - ئورۇقلارنى يۆلەش، غېرىب -

---

① قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 83 ~ 89 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 67 - ۋە 99 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 35 - ئايەت؛ 33 - سۈرە ئەھزاب، 38 - ۋە 39 - ئايەتلەر.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 285 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 150 ~ 152 - ئايەتلەر.

④ قاراڭ: 21 - سۈرە ئەنبىيا، 73 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 33 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 33 - سۈرە ئەھزاب، 40 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 6 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 176 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 78 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 48 - سۈرە فەتھ، 23 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 47 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 51 - ئايەت.

غۇرۋالاردىن ھال سوراش، ياردەم سورىغان ۋە سورىمىغان مۇھتاجلارغا ياردەم بېرىش، ئەسىر ۋە قۇللارنى ئازاد قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىپ، پۇل - مېلىنى ئۇلار ئۈچۈن سەرپ قىلىش دېمەكتۇر[1].

### 3) نامازنى ئۆتەش

ئايەتتە ناماز دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە سالات «صلاة» بېشىغا ئەلىف لام كېلىش بىلەن ئېنىق ئىسىمغا (مەئرىفىگە) ئايلانغانلىقى ۋە ئادا قىلىشنىڭ تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگەن دېگەن مەنىدىكى ئەقامە «أقام» پېئىلى بىلەن ئىپادىلىنىشى، بۇ نامازنىڭ بەش ۋاخ ناماز ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ[2]. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەش ۋاخ نامازنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەسسالات «الصلاة»، ئۇلارنى لايىق رەۋىشتە ئۆتەش ئۈچۈن قىيام سۆز تومۇرىدىن (مەسدەرىدىن) تۈرلەنگەن پېئىل ۋە سۈپەتداشلارنى ئىشلىتىدۇ[3].

بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەش بەندىنى شەيتاندىن يىراقلاشتۇرۇپ رەھمانغا يېقىنلاشتۇرىدۇ[4]، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ[5]، «ھاياسىزلىقتىن ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ»[6] - دە، ئۆتىگۈچىنىڭ نەپسى پاكلىنىدۇ، روھى يۈكسىلىدۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، يۈرۈش - تۇرۇشى تۈزىلىدۇ[7]. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روھنىڭ ۋە بەدەننىڭ تەلەپلىرى ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدىغان ئۆلچەملىك ئىنسانغا ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە باشقا ئىنسانلار

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 177 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 92 - ئايەت؛ 51 - سۈرە زارىيات، 19 - ئايەت؛ 70 - سۈرە مەئارىج، 24 - ۋە 25 - ئايەتلەر؛ 76 - سۈرە ئىنسان، 8 - ۋە 9 - ئايەتلەر؛ 90 - سۈرە بەلەد، 11 ~ 16 - ئايەتلەر.

② بۇ توغرىدا تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: ئەنەس ئالىم، *قۇرئان - سۈننەتتە ناماز*، (ئىستانبۇل: سۈلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى، 2018)، 108 - 109.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 3 - ۋە 110 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 162 - ئايەت؛ 11 - سۈرە ھۇد، 114 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 78 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 35 - ئايەت.

④ قاراڭ: 96 - سۈرە ئەلەق، 19 - ئايەت.

⑤ نامازنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر - ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر» دەپ باشلىنىشى، بىر ھەرىكەتتىن يەنە بىر ھەرىكەتكە يۆتكىلىشنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر» بىلەن بولۇشى ۋە رۇكۇ - سەجدىلىرى بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ.

⑥ قاراڭ: 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 45 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 1 - ۋە 2 - ئايەتلەر؛ 35 - سۈرە فاتىر، 18 - ئايەت.

ئۇنىڭ زىيان ۋە ئەزىيەتلىرىدىن ساقلىنىپ قالغىنىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشىدۇ.

### 4) زاكاتنى بېرىش

بايلار، تىجارەتچىلەر ۋە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆز ماللىرىنىڭ زاكات ۋە ئۆشرىلىرىنى ئايرىپ، تېگىشلىك كىشى ۋە ئورۇنلارغا بەرسە[①]، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ[②]، دۇنيادا بېخىللىقتىن، ئاخىرەتتە دوزاختىن قۇتۇلىدۇ[③]، شۇنداقلا ئۆزلىرى گۇناھتىن، مال - مۈلكى ھارامدىن پاكلىنىدۇ، مەرتىۋىسى يۇكسىلىدۇ ۋە مال - مۈلكى كۆپىيىدۇ[④]. شۇنىڭدەك، زاكات ۋە ئۆشرىلەر تولۇق ئادا قىلىنغان جەمئىيەتتە پېقىر، مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجلىرى قامدىلىدۇ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاسانلىششى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئاممىۋى مەنپەئەتلەر بەرپا قىلىنىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زاكاتنى بېرىش ئىسلامنىڭ شەرتلىرىدىن قىلىنغان[⑤].

يۇقىرىدىكى ئايەتتە (2 - سۈرە بەقەرەنىڭ 177 - ئايىتىدە) مالنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇرۇق - تۇغقان، يېتىم، مىسكىن ۋە يولۇچىلارغا بېرىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن زاكات مەسىلىسىنىڭ ئايرىم زىكىر قىلىنىشى مال - مۈلۈكتە زاكاتتىن باشقىمۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىش ئۈچۈندۇر[⑥]. قۇرئان كەرىمدە «ئاللاھ يولىدا مال چىقىم قىلىش» بىلەن «مالنى ئۇرۇق - تۇغقان، يېتىم، مىسكىن ۋە يولۇچىلارغا بېرىش»نىڭ ۋاقتى، بەرگۈچىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ سەۋىيەسى ۋە بېرىلىدىغان مىقدار قاتارلىقلارنىڭ زىكىر قىلىنماسلىقىنىڭ ھېكمىتى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ ھەقنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى ئېھتىياجلار ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتۇر، مىقدارى

---

① ئۇ كىشى ۋە ئورۇنلار 9 - سۈرە تەۋبەنىڭ 60 - ئايىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

② قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 156 - ئايەت.

③ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 180 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 34 - ۋە 35 - ئايەتلەر.

④ قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 103 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 39 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 11 - ئايەت.

⑥ ئاللاھ تائالا باشقا بىر ئايەتتە «ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىدىن ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلمىغۇچە ياخشىلىققا يېتەلمەيسىلەر» دەيدۇ (قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 92 - ئايەت). دېمەككى، مالدىكى زاكاتتىن باشقا ھەقنى ئادا قىلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم.

ئېھتىياجلارنى قامداشقا يەتكۈدەك مىقداردۇر، ھەر كىشى كۈچى يەتكەن مىقدارنى بېرىشى كېرەك.

پۇل - ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى ئايرىش بىلەن كۇپايىلىنىپ، موھتاجلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش، قىينچىلىقى بارلارنىڭ قىينچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ۋە يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش... قاتارلىقلارغا ياردەم قولىنى سۇنمىغان باي ۋە تىجارەتچىلەر ئىقتىسادىي ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتلەردە «زاكات» ئايرىم، «مېلىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ بېرىش» ئايرىم ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مال - مۈلۈك بىر نېمەتتۇر، نېمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش كېرەك. زاكات شۈكرانە ئەمەس ۋەزىپىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن زاكىتىنى بەرگەنلەر ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، ئۇ ياردەمنى قىلغانلار مال نېمىتىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

### 5) ئەخلاقنى ياخشىلاش

ئەخلاقنى ياخشىلاش زۇلۇم ①، ھەسەت ②، ئالدامچىلىق ③، رىياكارلىق④، كۆرەڭلىك ۋە مەغرۇرلۇق⑤، بوشاڭلىق ۋە ھۇرۇنلۇق⑥ قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن ساقلىنىپ، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش⑦، سەۋرچانلىق⑧،

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 279 - ئايەت؛ 11 - سۈرە ھۇد، 102 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 19 - ئايەت.

② قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 54 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 32 - ئايەت؛ 113 - سۈرە فەلەق، 5 - ئايەت.

③ قاراڭ: 33 - سۈرە ئەھزاب، 58 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 43 - ئايەت؛ 48 - سۈرە فەتھ، 10 - ئايەت.

④ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 264 - ئايەت؛ 107 - سۈرە مائۇن، 6 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 25 - ئايەت؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 14 - ئايەت؛ 82 - سۈرە ئىنفىتار، 6 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 142 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 54 - ئايەت؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 21 - ئايەت؛ 83 - سۈرە مۇتەففىفىين 26 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 76 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 152 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە 111 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 20 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 91 - ۋە 95 - ئايەتلەر؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 34 - ئايەت؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 8 - ئايەت؛ 33 - سۈرە ئەھزاب، 15 - ئايەت؛ 70 - سۈرە مەئارىج، 32 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 45 - ، 155 - ۋە 157 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 200 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 92 - ۋە 127 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 17 - ئايەت؛ 32 - سۈرە سەجدە، 24 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 10 - ئايەت.

ئۆزىگە تايىنىش ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش[1]، ئۆز ھەققىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈش[2]، ئادىللىق[3]، مەرھەمەت[4]، ھايا[5]، ياخشىلىق قىلىش[6]، راستچىللىق[7]، سېخىيلىق[8]، كەمتەرلىك[9] قاتارلىق ياخشى ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش دېمەكتۇر.

ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ياخشى ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشنى، سەۋرچان بولۇش يامان ئىللەتلەردىن ساقلىنىشنى تەقەززا قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە بۇ ئىككى ئەخلاق تېخىمۇ كۆپ تەكىتلىنىدۇ. جۈملىدىن يۇقىرىدىكى ئايەتتىمۇ (2 - سۈرە بەقەرەنىڭ 177 - ئايىتى) شۇنداق بولغان. چۈنكى ئەھدە ئىنساننىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئوقۇپ مۇسۇلمان بولۇش ئارقىلىق ئاللاھقا بەرگەن قەتئىي سۆزلىرى، نىكاھ كېلىشىمى تۈزۈش ئارقىلىق ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە بېرىشكەن لەۋزىلىرى، پۈتۈشۈش ئارقىلىق باشقا ئىنسانلارغا قىلغان ۋەدىلىرى، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ نامىدا ئۆزئارا قىلىشقان توختاملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئەنە شۇ لەۋز ۋە سۆزلەردە تۇرۇش، ۋەدە ۋە كېلىشىملەرگە ئەمەل قىلىش، قارار ۋە توختاملارغا رىئايە قىلىش دېگەن بولىدۇ. سەۋرچان بولۇشقا كەلسەك، بۇ ئۆزىنى تۇتۇش دېگەن بولۇپ، ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە چىداش، گۇناھنىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىش، مۇسىبەتنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا

---

① قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 122 - ، 159 - ۋە 173 - ئايەتلەر؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 59 - ئايەت؛ 5 - سۈرە مائىدە، 23 - ئايەت.

② قاراڭ: 59 - سۈرە ھەشر، 9 - ئايەت.

③ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 59 - ئايەت، 6 - سۈرە ئەنئام، 152 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 90 - ئايەت.

④ قاراڭ: 90 - سۈرە بەلەد، 17 - ۋە 18 - ئايەتلەر.

⑤ قاراڭ: 33 - سۈرە ئەھزاب، 53 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 25 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 83 - ۋە 195 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 36 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 90 - ئايەت.

⑦ قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 119 - ئايەت؛ 33 - سۈرە ئەھزاب، 23 - ۋە 35 - ئايەتلەر؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 33 - ئايەت.

⑧ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 272 - ئايەت؛ 70 - سۈرە مەئارىج، 19 ~ 25 - ئايەتلەر؛ 59 - سۈرە ھەشر، 9 - ئايەت؛ 57 - سۈرە ھەدىد، 10 - ئايەت؛ 63 - سۈرە مۇنافىقۇن، 10 - ئايەت؛ 92 - سۈرە لەيل، 5 ~ 11 - ئايەتلەر.

⑨ قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 54 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 37 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 215 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 83 - ئايەت.

بەرداشلىق بېرىش، جىھادنىڭ ئۇرۇش قىسمى بولۇۋاتقاندا جاسارەت كۆرسىتىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**مۇناسىۋەتلىك باشقا بەزى ئايەتلەر:**

﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ ۗ وَلَوْ ءَامَنَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُم ۚ مِّنْهُمُ ٱلْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿١١٠﴾﴾

«سىلەر ئىنسانلار ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ خەيرلىك ئۈممەتسىلەر، ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسىسىلەر ۋە ئاللاھقا ئىشىنىسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتابمۇ ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى بولاتتى. ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، لېكىن تولىسى پاسىقتۇر»[1].

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا تَنَٰجَيْتُمْ فَلَا تَتَنَٰجَوْا۟ بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَمَعْصِيَتِ ٱلرَّسُولِ وَتَنَٰجَوْا۟ بِٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٩﴾﴾

«ئى مۆئمىنلار! پىچىرلاشقان چېغىڭلاردا گۇناھ قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە رەسۇلۇللاھقا ئاسىيلىق قىلىش توغرۇلۇق پىچىرلاشماڭلار. ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق توغرىسىدا پىچىرلىشىڭلار. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلاركى، سىلەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا توپلىنىسىلەر»[2].

﴿وَٱلْمُؤْمِنُونَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۚ يَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَيُطِيعُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ ٱللَّهُ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٧١﴾﴾

«مۆئمىن ئەرلەر ۋە مۆئمىن ئاياللار بىر - بىرلىرىنىڭ ۋەلىيلىرىدۇر. ئۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەيدۇ، زاكاتنى بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدۇ.

---

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 110 - ئايەت.
② 58 - سۈرە مۇجادەلە، 9 - ئايەت.

مانا بولارغا ئاللاھ يېقىندا مەرھەمەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەزىزدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»①.

﴿وَٱلْعَصْرِ ۝١ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَفِى خُسْرٍ ۝٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْحَقِّ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ ۝٣﴾

«ئەسىر بىلەن قەسەمكى، ئىنسان ھەقىقەتەن زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەر زىيان ئىچىدە ئەمەس»②.

**مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەدىسلەر:**

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇ ئۆز قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»③.

«كىمكى ئۆز قېرىندىشىغا يار - يۆلەك بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدۇ»④.

① 9 - سۈرە تەۋبە، 71 - ئايەت.

② 103 - سۈرە ئەسىر.

③ بۇخارى، «مەزالىم»، 3، «ئىكراھ»، 8؛ مۇسلىم، «بىرر ۋە سىلە»، 32، 58؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 45؛ تىرمىزى، «ھۇدۇد»، 3، «بىرر ۋە سىلە»، 18؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 13: 195، 14: 339، 25: 400.

④ مۇسلىم، «زىكىر، دۇئا، تەۋبە ۋە ئىستىغفار»، 38؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 67؛ تىرمىزى، «ھۇدۇد»، 3؛ ئىبنى ماجە، «ئىفتىتاھۇل كىتاب»، 17؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 12: 393، 13: 325، 16: 297، 394.

رەسۇلۇللاھ: «قېرىندىشىڭ زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بولسۇن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن» دېگەندە، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىندىشىم زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسىغۇ ياردەم قىلارمەن، ئېيتىپ باققىنا، زۇلۇم قىلغۇچىغا قانداق ياردەم قىلىمەن؟»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسقىن، بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىڭ بولىدۇ» دېدى[①].

### 4. ھەمكارلىقنىڭ شەكىل ۋە تۈرلىرى

#### 1) دىنى ھەمكارلىق:

ئىمان نۇرىنىڭ يورۇشى، ئىسلام ئادالىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، ئىبادەتلەرنىڭ توغرا ئادا قىلىنىشى، تەقۋالىق ئېڭىنىڭ ئۈستۈرۈلىشى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ تارقىلىشى، توغرا پىكىرنىڭ ئومۇملىششى، ياخشى ئەخلاقنىڭ قانات يايدۇرۇلىشى، قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنىڭ جانلىنىشى ۋە خەير - ساخاۋەت پائالىيىتىنىڭ جارى قىلىنىشى قاتارلىقلار ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن تەلەپكە لايىق مەسچىت - جامە، مەكتەپ - مەدرىسە، رابات - ئۆتەڭ ۋە ئىجتىمائىي مۇئەسسەسە قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىش، مەنىۋى جەھەتتىن زامانغا ماس سەۋىيەدە ۋەز - نەسىھەت، تەلىم - تەربىيە، تەشۋىقات ۋە نەشرىيات پائالىيەتلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش دىنى ھەمكارلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەمكارلىققا پۇلى بارلار پۇلىنى، ئىلمى بارلار ئىلمىنى، كۈچى بارلار كۈچىنى، ۋاقتى بارلار ۋاقتىنى... چىقىرىدۇ.

#### 2) ئىقتىسادىي ھەمكارلىق

بۇ تونۇش - بىلىش ۋە يېقىن - يورۇقلارنىڭ ئۆزئارا ئاشلىق ۋە پۇل - مالنى قەرز ئېلىش - بېرىش مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇئامىلە ئادەتتە توختام تۈزۈش ياكى بىر ئىككى ئادەمنى گۇۋاھچى قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئەينەن قايتۇرۇلىدۇ. بۇ ئىشتىكى ھەمكارلىق قەرز سورىغۇچىلارغا ئىمكانى بارلارنىڭ قەرز بېرىشى، قەرز

---

① بۇخارى، «مەزالىم»، 4، «ئىكراھ»، 8؛ مۇسلىم، «بىرر ۋە سىلە»، 62؛ تىرمىزى، «فىتەن»، 68؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 19: 14، 20: 363؛ دارىمى، «رىقاق»، 40.

ئالغۇچىنىڭ ۋاقتىدا تۆلىشى، قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرز ئالغۇچى تۆلىيەلمىسە ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىشى ياكى قەرزدىن ئۆتنۈۋېتىشى، باشقا ئىمكانى بولغانلارنىڭ قەرزدارغا قەرزنى تۆلەشكە ياردەم قىلىشى، ئېھتىياجلىق كىشلەرگە خالىسانە ياردەم قىلىشى، ئېتىبارلىق كىشلەرنىڭ قەرز ئىگىسى بىلەن قەرزدار ئارىسىدا ۋاستە بولۇشى... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۆي، دۇكان، ۋە ئىش يېرى قوشنىلىرىنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزئارا ئۆتنە - يېرىم قىلىشىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئۆتنە ئېلىنغان بۇيۇملار ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەينەن قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ناۋادا بۇزۇلۇپ ياكى يوقىلىپ كەتسە تۆلەپ بېرىلىدۇ.

### 3) سىياسىي ھەمكارلىق

بۇ ھەمكارلىق دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ۋە خەلقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دۆلەت خادىملىرى ۋە پۇقرالىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ماددىي جەھەتتىن دۆلەتنىڭ ئىدارە - ئورگانلىرىنى زامانغا ماس ھالدا تەسىس قىلىدۇ ۋە مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ۋەتەننىڭ ھەر تۈرلۈك بايلىقىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغدايدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردىن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ياخشىلايدۇ ۋە يۈكسەلدۈرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ۋە مەھسۇلات سۈپەت ئۆلچىمىنى (ستاندارتىنى) ئۆستۈرىدۇ، شۇنداقلا رىقابەتتە ئاساس قىلىدۇ. مەنىۋى جەھەتتىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇپ ئادالەتنى ياقلايدۇ، جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ ئىلىم - مەرىپەتنى قانات يايدۇرىدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيەگە قارشى تۇرۇپ ھەمكارلىقنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، تەپرىقچىلىككە قارشى تۇرۇپ ئىتتىپاقلىقنى كۈچلەندۈرىدۇ، شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ كوللېكتىپچىلىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ.

### 4) ئىجتىمائىي ھەمكارلىق

بۇ شەكىلگە ئاساسەن ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) قوشنىدارچىلىق

بۇ قوشنىلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغان ئىشلىرىغا ئۆزئارا قولمۇقول تۇتۇش قىلىشى، تىجارەت، سانائەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئۆزئارا پىكىرلىشىشى، مال ۋە مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشىنى ياخشىلاشتا مەسلىھەتلىشىشى، بىر - بىرىگە يول كۆرسىتىشى، ئىش ئۆگىتىشى، تۇرمۇش قۇرۇش ئىشلىرىغا، قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەملىشىشى، بىمارلارنى يوقلىشى، مۇسىبەتدارلارغا تەسەللىي بېرىشى، ئۆلۈم - يېتىم ۋە جىنازا ئىشلىرىدا، ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن ۋە مېھماندارچىلىقلاردا مېھمان كۈتۈش ۋە ئۈزىتىش قاتارلىق ئىشلاردا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، كوندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆزئارا ئۆتنە - ئېرىم قىلىشىشى، ئەتە - ئاخشام يېمەك - ئىچمەكلەردىن بىر - بىرىگە سۇنۇشى، تاپشۇرمىسىمۇ بىر - بىرىنىڭ مال - ۋاران، قورۇ - جاي ۋە ھويلا - ئاراملىرىغا كۆز - قۇلاق بولۇشى قاتارلىقلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

(2) كوللېكتىپچانلىق

بۇ ئېھتىياجلىق بولغان يول - كۆۋرۈك ياساش، ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش، ئاممىۋى سورۇن قۇرۇش، ئۇلارنىڭ بارلىرىنى ياخشىلاش، بۇزۇلغانلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزئارا ياردەملىشىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى ماددىي جەھەتتىن قۇتقۇزۇش، مەنىۋى جەھەتتىن ھال سوراش، كۆڭۈل ئېيتىش ۋە تەسەللىي بېرىش، ئۆز ئىچىدىكى ئاجىز - ئورۇق، يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش قاتارلىقلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

(3) تەشكىلاتچىلىق

بۇ ئائىلىق، ھوقۇقلۇق ۋە تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ قول - ئىلكىدە بار كىشىلەرنى سەدىقە ۋە ئىئانە قىلىشقا تەشۋىق قىلىشى، موھتاجلارنى تېپىشى ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئېنىقلىشى، سەدىقە ۋە ئىئانىلەرنى جايىغا تېگىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ ئاكتىپ ۋە تەرتىپلىك ھالدا، تېخىمۇ پايدىلىق ۋە كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر زامانغا ماس ھالدا ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ شەكىلدە خەيرىيەت ئۇيۇشمىلىرى، مېھىر - شەپقەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە خەير - ساخاۋەت جەمئىيەتلىرى قاتارلىقلارنى قۇرۇش كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەر كىشىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇغان①. شۇڭا باشقا ساھەلەردە بولغاندەك بۇ ساھەدىمۇ ھەر كىشىگە ئۆز ئەھۋالىغا قارىتا مەسئۇلىيەت يۈكلىنىدۇ.

جەمئىيەت باي، كەمبەغەل، كۈچلۈك، ئاجىز، ئالىم، زىيالىي ۋە ئاۋام دېگەندەك تۈرلۈك ئىنسانلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر كىشى ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتىگە قاراپ خەيرلىك پائالىيەتتىن ئىبارەت بولغان بۇ ياردەملىشىشكە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشسا، بۇ ئىش ئەنە شۇنداق تەشكىلاتلار ۋاسىتىسى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ ۋە ھەر كىشى چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلغان بولىدۇ. ئۇنداق قىلماسلىق «**مىسكىنگە تائام بېرىشكە تەشۋىق قىلمىغانلىق**» بولۇپ، بۇ قۇرئان كەرىمدە دىننى يالغان دېگەنلىكنىڭ ئىپادىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ ۋە دوزاخقا تاشلىنىشنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿أَرَءَيْتَ ٱلَّذِى يُكَذِّبُ بِٱلدِّينِ ۝١ فَذَٰلِكَ ٱلَّذِى يَدُعُّ ٱلْيَتِيمَ ۝٢ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ۝٣﴾

«دىننى يالغان دەۋاتقان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ شۇنداق كىشىكى يېتىمنى دۆشكەلەيدۇ، مىسكىنگە تائام بېرىشكە تەشۋىقمۇ قىلمايدۇ»②.

﴿خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ۝٣٠ ثُمَّ ٱلْجَحِيمَ صَلُّوهُ ۝٣١ ثُمَّ فِى سِلْسِلَةٍ ذَرْعُهَا سَبْعُونَ ذِرَاعًا فَٱسْلُكُوهُ ۝٣٢ إِنَّهُۥ كَانَ لَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ ٱلْعَظِيمِ ۝٣٣ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ۝٣٤﴾

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 286 - ئايەت؛ 64 - سۈرە تەغابۇن، 16 - ئايەت.
② 107 - سۈرە مائۇن، 1 ~ 3 - ئايەتلەر.

«ئۇنى تۇتۇڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار. ئاندىن كېيىن ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزۈپ ئوتقا قاقلاڭلار. ئاندىن كېيىن ئۇنى يەتمىش گەز ئۇزۇنلۇقتىكى زەنجىرگە كىرگۈزۈڭلار. چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىشەنمەيتتى، مىسكىنگە تائام بېرىشكە تەشۋىقمۇ قىلمايتتى»[1].

مىسكىنگە تائام بېرىشكە تەشۋىق قىلماسلىق باشقا بىر ئايەتتە يامان ئىشلارنىڭ قاتارىدا زىكىر قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئايەت تۆۋەندىكىچە:

﴿وَلَا تَحَـٰٓضُّونَ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلْمِسْكِينِ ١٨﴾

«مىسكىنگە تائام بېرىشكە تەشۋىقمۇ قىلمايسىلەر»[2].

بۇ ئايەتلەر بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا تەشكىللاتچىلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، سەل قاراشنىڭ خەتەرلىكىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ.

**خۇلاسە**

ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر. بۇ ئەمرگە ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى تەقۋالىق ۋە ياخشىلىقتا بەسلىشىش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتۇر. ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق ئىماننىڭ شەرتلىرىنى ئادا قىلىش، ئىبادەتلەرنى لايىق رەۋىشتە ئورۇنداش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلاردۇر.

شەخسنىڭ خاراكتېرىنى جەمئىيەت بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەت شەخسلەردىن تەركىب تاپىدۇ. جەمئىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەردىن ئىبارەت بولغان ئۇ شەخسلەرنىڭ خاراكتېرلىرىدۇر. مانا بۇ مۇستەھكەم قۇرۇلما ۋە زىچ مۇناسىۋەت ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىشقا ئۈندەيدۇ، ھەتتا زورلايدۇ.

ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئائىلىدىن باشلىنىپ، مەھەللىگە

---

[1] 69 ـ سۈرە ھاققە، 30 ~ 34 ـ ئايەتلەر.
[2] 89 ـ سۈرە فەجر، 18 ـ ئايەت.

كېڭىيىدۇ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ شەھەر ۋە رايونلارغا يېيىلىپ، خەلقئاراغا ئومۇملىشىدۇ. دىنى جەھەتتە ساغلام، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، ئىجتىمائىي جەھەتتە ئىناق بولغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى مەسئۇلىيەت ھەر كىشىنىڭ ئىمكانىغا قارىتا زەنجىرسىمان شەكىلدە زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ.

ھەمكارلىق لايىق رەۋىشتە ئىجرا قىلىنغان جەمئىيەتتە نە كوچا - كويلاردا سەرسان يېتىم - يېسىرلەر، نە بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن غېرىب - غۇرۋالار، نە ئەتراپىتا ئىگە - چاقىسىز قالغان قېرى - چۈرىلەر قالمايدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى جەمئىيەتتە ئىمانىي قېرىنداشلىق تەسىس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھەممەيلەن بىر - بىرىگە ئىگە چىقىدۇ ۋە قانات ياپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئادالەت بەرپا قىلىنىدۇ. نەتىجىدە جان ۋە مال بىخەتەرلىكىگە ئوخشاش ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق كاپالەت ئاستىغا ئېلىنغان بولىدۇ.

## *§2. مۇھىتنى ئاسراش*

### 1. «مۇھىت»نىڭ مەنىسى

مۇھىت دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ ھايات، پائالىيەت داۋاملىشىۋاتقان تەبىئىي شارائىتلار؛ ئەتراپتىكى يەر - جايلار، ئەتراپ دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن[①]. ھازىرقى زامان ئەرەبچىسىدە مۇھىت ئۈچۈن ئاساسەن بىيئەت (البيئة) دېگەن كەلىمە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭغا مۇھىت (مُحِيط)، ھالەت (حَالَة) ۋە ھەيئەت (هَيْئَة) قاتارلىق كەلىمىلەر مەنىداش بولۇپ كېلىدۇ.

بىيئەت كەلىمىسى ئەسلىدە تۇرماق، تۇراقلاشماق، ئورۇنلاشماق، قايتماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغان ب ۋ ئـ (ب و أ) دىن «فىئلەت» ۋەزنىدە مەسدىرى ھەيئەت (شەكىل ۋە ھالەتنى ئىپادىلەيدىغان تۈپ سۆز) بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن تەبىئەتنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ياسىشى بىلەن شەكىللەنگەن ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇشنىڭ مەنزىرىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كەلىمە لۇغەت كىتابلىرىدا

① قاراڭ: ئابلىز ياقۇپ ۋە باشقىلار، «مۇھىت»، 5: 254.

«ئىنساننى، ھايۋاننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى قورشاپ تۇرغان تەبىئىي ۋە سۈنئىي نەرسىلەرنىڭ تامامى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ[①].

قۇرئان كەرىمدە بۇ كەلىمە بىلەن ئەينى تومۇردىن (مەسدەردىن) تۈرلەنگەن 17 دانە كەلىمە ئۆتىدۇ[②] ۋە ھەر بىرى ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق فورمىسى (سىيغەسى) بويىچە يۇقىرىدىكى لۇغەت مەنىلەردىن بىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر كىشىنىڭ مۇھىتى يېقىن مۇھىت، يىراق مۇھىت دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ: ئۇنىڭ ئۆيى، ئىش - پائالىيەت ئورنى، ماڭىدىغان يولى، ئەتراپى ۋە نەپەس ئالىدىغان ھاۋاسى قاتارلىقلار يېقىن مۇھىتى؛ ئۇنى لازىمەتلىك نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەۋاتقان دېڭىز - ئوكيان، تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ، ئېتىزلىق، يايلاق، سۇ مەنبەلىرى ۋە ھاكازالار يىراق مۇھىتى ھېسابلىنىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇھىت ئاللاھ تائالا يارىتىپ ئىنسانلارنىڭ خىزمىتىگە سۇنغان نەرسىلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن ماددىي بايلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### 1) تەبىئىي مۇھىت

بۇ تاغ، جىلغا، ۋادى، دېڭىز، دەريا، كۆل، دۆڭلۈك، چۆل - جەزىرە، ئېتىزلىق، ئورمان، يايلاق ۋە ئەتراپىنى؛ تەبىئىي گاز، نېفىت، بۇلاق ۋە باشقا

---

① ئەبۇلئابباس شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ئابدۇددائىم سەمىين ھەلەبىي، «بوأ»، *ئۇمدەتۇل ھۇففاز فىي تەفسىيرى ئەشرەفىل ئەلفاز*، تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد باسىل ئۇيۇنۇس سۇد (بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1417/ م 1996)، 1: 239 - 241.

② ئۇلار تۆۋەندىكىچە: بائۇ (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 61 - ۋە 90 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 112 - ئايەت) . بائە (قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 162 - ئايەت؛ 8 - سۈرە ئەنفال، 16 - ئايەت)، تەبۇئە (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 29 - ئايەت)، بەۋۋەئە (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 74 - ئايەت)، بەۋۋەئنا (قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 93 - ئايەت؛ 22 - سۈرە ھەج، 26 - ئايەت)، تۇبەۋۋىئۇ (قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 121 - ئايەت)، نۇبەۋۋىئەننە (قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 41 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 58 - ئايەت)، يەتەبەۋۋەئۇ (قاراڭ: 12 - سۈرە يۇسۇف، 56 - ئايەت)، نەتەبەۋۋەئۇ (قاراڭ: 39 - سۈرە زۇمەر، 74 - ئايەت)، تەبەۋۋەئا (قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 87 - ئايەت)، تەبەۋۋەئۇ (قاراڭ: 59 - سۈرە ھەشر، 9 - ئايەت)، مۇبەۋۋەئە (قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 93 - ئايەت).

بارلىق مەدەنلەردىن ئىبارەت بولغان يەر ئاستى بايلىقلارنى؛ ھايۋانات، ھاشارات ۋە باشقا پۈتكۈل جانلىق مەخلۇقاتلارنى؛ ئېكىن، دەل - دەرەخ ۋە ئوت - چۆپلەرنى؛ ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى، ئۇلارنىڭ مەنزىرىسىنى ۋە ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى؛ سۇ، ھاۋا ۋە كىلىمات قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱلْفُلْكِ ٱلَّتِي تَجْرِي فِي ٱلْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن مَّآءٍ فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ وَتَصْرِيفِ ٱلرِّيَٰحِ وَٱلسَّحَابِ ٱلْمُسَخَّرِ بَيْنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿١٦٤﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا، ئىنسانلارغا پايدىلىق يۈكلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان كېمىلەردە، ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ، ئۆلۈك تۇپراقنى تىرىلدۈرگەن ۋە زېمىندا ھەر تۈرلۈك جانلىقنى تارقاتقان سۇدا، شامالنىڭ پەرقلىق تەرەپلەردىن چىقىشىدا ۋە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا بۇيرۇققا ھازىر تۇرۇۋاتقان بۇلۇتلاردا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەر بار»[1].

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِي رَفَعَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ بِغَيْرِ عَمَدٍ تَرَوْنَهَا ۖ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۖ وَسَخَّرَ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ يَجْرِي لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ يُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُم بِلِقَآءِ رَبِّكُمْ تُوقِنُونَ ﴿٢﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي مَدَّ ٱلْأَرْضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنْهَٰرًا ۖ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ جَعَلَ فِيهَا زَوْجَيْنِ ٱثْنَيْنِ ۖ يُغْشِي ٱلَّيْلَ ٱلنَّهَارَ ۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٣﴾ وَفِي ٱلْأَرْضِ قِطَعٌ مُّتَجَٰوِرَٰتٌ وَجَنَّٰتٌ مِّنْ أَعْنَٰبٍ

---

[1] 2 - سۈرە بەقەرە ، 164 - ئايەت.

وَزَرْعٌ وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَغَيْرُ صِنْوَانٍ يُسْقَىٰ بِمَآءٍ وَٰحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَىٰ بَعْضٍ فِى ٱلْأُكُلِ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿٤﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسمانلارنى سىلەر كۆرەلمەيدىغان تۈۋرۈكلەر بىلەن كۆتۈردى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە مۇستەۋى بولدى، قۇياشنى ۋە ئاينى بۇيرۇقىغا بويسۇندۇردى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بەلگىلەنگەن مۇددەتكە قەدەر ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئىشلارنى پىلانلايدۇ، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئاللاھ بۇلارنى رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدىغانلىقىڭلارغا جەزمەن ئىشىنىشىڭلار ئۈچۈن قىلىدۇ. ئاللاھ شۇنداق زاتكى، زېمىننى سوزدى[①]، زېمىندا مۇستەھكەم تاغلارنى ۋە دەريالارنى بار قىلدى، زېمىندا پۈتۈن مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى جۈپ ياراتتى. ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزنىڭ ئۈستىگە ياپىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئايەتلەر بار. زېمىندا بىر - بىرىگە قوشنا ھەر خىل يەر پارچىلىرى[②]، ئۈزۈملەردىن ھاسىل بولغان باغلار، ئېكىنلەر، بىر ئۇرۇقتىن ئوخشاش بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان ۋە بىر ئۇرۇقتىن پەقەتلا بىر تال ئۈنۈپ چىققان خورما دەرەخلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز مەھسۇلاتىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئۈستۈن قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، بۇلاردا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئايەتلەر بار»[③].

---

① ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە زېمىننى سوزغانلىقىنى، 21 - سۈرە ئەنبىيانىڭ 30 - ئايىتىدە زېمىنىنىڭ ئاسمان بىلەن بىر تۇتاش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ ئىككىسىنى ئايرىغانلىقىنى، 51 - سۈرە زارىياتنىڭ 48 - ئايىتىدە زېمىننى تۆشەك قىلغانلىقىنى، 55 - سۈرە رەھماننىڭ 10 - ئايىتىدە زېمىننى قويغانلىقىنى، 78 - سۈرە نەبەئنىڭ 6 - ئايىتىدە زېمىننى بۆشۈك قىلغانلىقىنى، 79 - سۈرە نازىئاتنىڭ 30 - ئايىتىدە زېمىننى يايغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. كائىناتنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار بۇ ئايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلسا ھەقىقىي نەتىجىگە ئېرىشىش ئاسانلىشىدۇ.

② بىر - بىرىگە يېقىن، لېكىن ھەر خىل. يەنى مۇنبەت، شورلۇق، ئاچچىق، تاتلىق، يۇمشاق، قاتتىق، تۈز، ئېگىز - پەس يەر دېگەندەك بىرقانچە خىلغا ئايرىلىدۇ. ھەتتا يەرلەرنىڭ رەڭگىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ھالبۇكى، ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە قۇياشنىڭ نۇرى ئوخشاش چۈشىدۇ. يامغۇرمۇ ئوخشاش ياغىدۇ.

③ 13 - سۈرە رەئد، 2 ~ 4 - ئايەتلەر.

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُزْجِى سَحَابًا ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُۥ ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ رُكَامًا فَتَرَى ٱلْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلَٰلِهِۦ وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن جِبَالٍ فِيهَا مِنۢ بَرَدٍ فَيُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ وَيَصْرِفُهُۥ عَن مَّن يَشَآءُ ۖ يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِۦ يَذْهَبُ بِٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٣﴾﴾

«كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر - بىرىگە قوشۇپ قېلىنلاشتۇرىدۇ. ئاندىن سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يامغۇرنىڭ چىققانلىقىنى كۆرىسەن. ئاللاھ يەنە ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خالىغان كىشىگە مۇسىبەت يەتكۈزىدۇ، خالىغان كىشىنى ئۇنىڭدىن ساقلايدۇ. بۇلۇتلاردىن چىققان چاقماقنىڭ يورۇقى كۆزلەرنى ئېلىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ»[1].

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَسَلَكَهُۥ يَنَٰبِيعَ فِى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ يُخْرِجُ بِهِۦ زَرْعًا مُّخْتَلِفًا أَلْوَٰنُهُۥ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَىٰهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ حُطَٰمًا ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَذِكْرَىٰ لِأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٢١﴾﴾

«كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئاسماندىن سۇ چۈشۈردى، ئاندىن ئۇ سۇنى زېمىندىكى بۇلاقلارغا كىرگۈزدى، ئاندىن ئۇ سۇ بىلەن رەڭگارەڭ زىرائەت چىقىرىدۇ، ئاندىن ئۇ زىرائەت قۇرۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنى سارغىيىپ كەتكەن ھالەتتە كۆرىسەن، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى كۇكۇم - تالقان قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەسلەتمە بار»[2].

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى يُرْسِلُ ٱلرِّيَٰحَ فَتُثِيرُ سَحَابًا فَيَبْسُطُهُۥ فِى ٱلسَّمَآءِ كَيْفَ يَشَآءُ وَيَجْعَلُهُۥ كِسَفًا فَتَرَى ٱلْوَدْقَ يَخْرُجُ مِنْ خِلَٰلِهِۦ ۖ فَإِذَآ أَصَابَ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦٓ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ ﴿٤٨﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، شاماللارنى ئەۋەتىدۇ. شاماللار بۇلۇتلارنى قوزغايدۇ. ئاللاھ ئۇ بۇلۇتلارنى ئاسماندا خالىغىنى بويىچە يايىدۇ ۋە پارچە

[1] 24 - سۈرە نۇر ، 43 - ئايەت.
[2] 39 - سۈرە زۇمەر، 21 - ئايەت.

- پارچە قىلىدۇ. ئاندىن سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يامغۇرنىڭ چىققانلىقىنى كۆرىسەن. ئاللاھ خالىغان بەندىلىرىگە بۇ يامغۇرنى يەتكۈزگەندە ئۇ بەندىلەر سۆيۈنۈپ كېتىدۇ»①.

﴿أَلَمْ تَرَوْا۟ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُۥ ظَـٰهِرَةً وَبَاطِنَةً ۗ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَـٰدِلُ فِى ٱللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَـٰبٍ مُّنِيرٍ ﴿٢٠﴾﴾

«كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرىنى كۆپ ئاتا قىلدى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەر باركى، ھېچبىر ئىلىمگە، ھېچبىر ھىدايەتكە ۋە ھېچبىر نۇرلۇق كىتابقا ئاساسلانماستىن ئاللاھ توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ»②.

﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلْفُلْكَ لِتَجْرِىَ فِى ٱلْبَحْرِ بِأَمْرِهِۦ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلْأَنْهَـٰرَ ﴿٣٢﴾ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ دَآئِبَيْنِ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ﴿٣٣﴾ وَءَاتَىٰكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ ۚ وَإِن تَعُدُّوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحْصُوهَآ ۗ إِنَّ ٱلْإِنسَـٰنَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ ﴿٣٤﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ، سىلەرگە رىزىق بولسۇن دەپ ئۇ سۇ ئارقىلىق تۈرلۈك - تۈرلۈك مېۋە ۋە مەھسۇلاتلارنى چىقاردى، ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا ئۈزۈشى ئۈچۈن كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۆستەڭلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، مۇنتىزىم ئايلىنىپ تۇرىدىغان قۇياشنى ۋە ئاينى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى سىلەرگە

① 30 - سۈرە رۇم، 48 - ئايەت.
② 31 - سۈرە لۇقمان، 20 - ئايەت.

بويسۇندۇرۇپ بەردى ۋە سىلەرگە سىلەر ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەردى. ئەگەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى سانىغىلى تۇرساڭلار، ئۇلارنى ساناپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئىنسان ھەقىقەتەن زالىمدۇر، تۇزكوردۇر»①.

### 2) سۆيۈملۈك ۋەتەن

بۇ ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن بىنا، قۇرۇلۇش، يول، كۆۋرۈك قاتارلىق ماددىي بايلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥۖ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ وَٱسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَٱسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوٓا۟ إِلَيْهِۚ إِنَّ رَبِّى قَرِيبٌ مُّجِيبٌ ﴿٦١﴾﴾

«بىز سەمۇد قەۋمىگىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى سالىھنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار. سىلەرنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھىڭلار يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى ۋە سىلەردىن ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، رەببىم يېقىندۇر، ئىجابەت قىلغۇچىدۇر»②.

«زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش» ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرىگە ئەگىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىش ئارقىلىق زېمىننىڭ ئاۋات ھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنى تەكىتلەيدۇ:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَٰحِهَا وَٱدْعُوهُ خَوْفًا وَطَمَعًاۚ إِنَّ رَحْمَتَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ مِّنَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٦﴾﴾

---

① 14 - سۈرە ئىبراھىم، 32 ~ 34 - ئايەتلەر.
② 11 - سۈرە ھۇد، 61 - ئايەت.

«ئاللاھ زېمىننى تۈزگەندىن كېيىن سىلەر ئۇنىڭدا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار. قورقۇپ ۋە تەمە قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر»[1].

يەنى ئاللاھ تائالا زېمىننى ۋە زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئۇنىڭغا يەرلەشتۈردى، مۇئەييەن زامانغا قەدەر ئۇنى سىلەرگە قارارگاھ قىلدى، ئۇنىڭدا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىرىنى بار قىلدى. بەختلىك ياشىشىڭلارنى ئۇنىڭ تۈزىلىشىگە، بەختسىز ياشىشىڭلارنى ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىغا باغلىق قىلدى. نازىل قىلغان كىتابلىرى ۋە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ئارقىلىق سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنىڭ، توغرا بىلەن خاتانىڭ ۋە ياخشى بىلەن يامانىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتى، ئاندىن سىلەرنى ئۇنىڭ تۈزۈك ھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە بۇزۇلغان يەرلىرىنى تۈزەشكە مەسئۇل، بۇزۇشتىن ۋە بۇزۇلۇشىدىن جاۋابكار قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر تىلەيدىغان نەرسەڭلارنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاللاھتىنلا تىلەڭلار. ئەگەر ئاللاھتىن غەيرىيدىن تىلىسەڭلار ئاللاھ تۈزگەن زېمىننىڭ ئۈستىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىسىلەر، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم ھالدا ياشاشقا مەھكۇم قىلىنىسىلەر.

«زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش» يەنە زېمىندا تېرىقچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە مېمارچىلىق قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئەتراپىنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە لازىملىق ئۆي - ئىمارەتلەرنى قۇرۇپ چىقىشنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتمۇ تەكىتلەيدۇ:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَوَ لَمْ يَسِيرُواْ فِي ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْۚ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَأَثَارُواْ ٱلْأَرْضَ وَعَمَرُوهَآ أَكْثَرَ مِمَّا عَمَرُوهَا وَجَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ٩﴾

«ئۇلار يەر يۈزىدە سەير قىلىپ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىمىدىمۇ؟ ئۇلار بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى.

---

[1] 7 - سۈرە ئەئراف، 56 - ئايەت.

ئۇلار زېمىننى قازغان ئىدى ۋە ئۇنى بۇلارنىڭ ئاۋاتلاشتۇرغىنىدىن بەكرەك ئاۋاتلاشتۇرغان ئىدى. ئۇلارغا ئۆز ئەلچىلىرى روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى»①.

ئايەتتىكى «زېمىننى قېزىش» - ئېكىن تېرىش ئۈچۈن يەرنى ھەيدەش ۋە قۇرۇلۇش سېلىش ئۈچۈن يەرنى كولاشنى كۆرسىتىدۇ. «زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش»مۇ بۇ ئىككى پائالىيەت بىلەن بولىدۇ. دېمەك، سۈنئىي مۇھىت ئىنسانلارنىڭ ئىشلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مەنزىرە بولۇپ، ئۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

(1) تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرۈش

بۇ ئۇيغۇن يەرلەرگە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈرۈپ باغ - بوستان ياساش ۋە ھەر تۈرلۈك تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن زېمىندىن پايدىلىنىش يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرۈش دېمەكتۇر.

**مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:**

﴿قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا ذَلُولٌ تُثِيرُ ٱلْأَرْضَ وَلَا تَسْقِى ٱلْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌ لَّا شِيَةَ فِيهَا ۚ قَالُوا۟ ٱلْـَٔـٰنَ جِئْتَ بِٱلْحَقِّ ۚ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٧١﴾﴾

«مۇسا: ‹رەببىم: ئۇ ئېغى بويۇنتۇرۇق سېلىنىپ يەر ھەيدىمىگەن ۋە ئېكىن سۇغارمىغان، ئەركىن قويۇۋېتىلگەن ۋە ھېچ ئالىسى بولمىغان بىر كالا دەيدۇ› دېگەن ئىدى. ئۇلار: ‹مانا ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ› دېدى. ئاندىن ئۇ كالىنى تېپىپ بوغۇزلىدى. ئۇلار بۇنى قىلمىغىلى تاس قالغان ئىدى»②.

---

① 30 - سۈرە رۇم، 9 - ئايەت.
② 2 - سۈرە بەقەرە ، 71 - ئايەت.

﴿وَءَايَةٌ لَّهُمُ ٱلْأَرْضُ ٱلْمَيْتَةُ أَحْيَيْنَـٰهَا وَأَخْرَجْنَا مِنْهَا حَبًّا فَمِنْهُ يَأْكُلُونَ ﴿٣٣﴾ وَجَعَلْنَا فِيهَا جَنَّـٰتٍ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعْنَـٰبٍ وَفَجَّرْنَا فِيهَا مِنَ ٱلْعُيُونِ ﴿٣٤﴾ لِيَأْكُلُوا۟ مِن ثَمَرِهِۦ وَمَا عَمِلَتْهُ أَيْدِيهِمْ ۖ أَفَلَا يَشْكُرُونَ ﴿٣٥﴾﴾

«ئۇلار ئۈچۈن بىر دەلىل ئۆلۈك زېمىندۇر. بىز ئۇنى تىرىلدۈردۇق ۋە ئۇنىڭدىن ئاشلىق چىقاردۇق. ئۇلار ئەنە شۇ ئاشلىقتىن يەيدۇ. بىز ئۇ زېمىندا خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردۇق، ئۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. بىز ئۇلارنى ئۇنىڭ مەھسۇلاتىدىن ۋە ئۆز قوللىرى بىلەن ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەردىن يېسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلدۇق. ئۇلار يەنىلا شۈكۈر قىلمامدۇ؟»[1].

﴿هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً ۖ لَّكُم مِّنْهُ شَرَابٌ وَمِنْهُ شَجَرٌ فِيهِ تُسِيمُونَ ﴿١٠﴾ يُنۢبِتُ لَكُم بِهِ ٱلزَّرْعَ وَٱلزَّيْتُونَ وَٱلنَّخِيلَ وَٱلْأَعْنَـٰبَ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَةً لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١١﴾﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسماندىن سىلەرگە سۇ چۈشۈرۈپ بەردى. سىلەر ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر، ماللىرىڭلارنى ئوتلىغىلى قويۇۋېتىدىغان ئوتلاقلىرىڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ يەنە ئۇ سۇ بىلەن سىلەر ئۈچۈن ئېكىنلەر، زەيتۇنلار، خورمىلار، ئۈزۈملەر ۋە خىلمۇخىل مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرمەكتە. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار»[2].

﴿وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦ نَبَاتَ كُلِّ شَىْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُّخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُّتَرَاكِبًا وَمِنَ ٱلنَّخْلِ مِن طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ وَجَنَّـٰتٍ مِّنْ أَعْنَابٍ وَٱلزَّيْتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُشْتَبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَـٰبِهٍ ۗ ٱنظُرُوٓا۟ إِلَىٰ ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثْمَرَ وَيَنْعِهِۦٓ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكُمْ لَـَٔايَـٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٩٩﴾﴾

① 36 ـ سۈرە ياسىن، 33 ~ 35 ـ ئايەتلەر.
② 16 ـ سۈرە نەھل، 10 ـ ۋە 11 ـ ئايەتلەر.

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسماندىن سۇ چۈشۈردى. ئاندىن بىز ئۇ سۇ بىلەن ھەر نەرسىنىڭ ئۈسۈملۈكىنى چىقاردۇق. ئۇ ئۈسۈملۈكتىن نوتا چىقاردۇق. ئۇ نوتىدىن بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلار، خورمىنىڭ چېچەكلىرىدىن ساڭگىلىغان ساپاقلار، ئۈزۈملەردىن ھاسىل بولغان باغلار، زەيتۇن ۋە ئانار قاتارلىقلارنى چىقاردۇق. بۇلارنىڭ بەزىسى ئوخشىشىدۇ، بەزىسى ئوخشاشمايدۇ. ھەر بىرى مېۋە چىقارغان چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىگە ۋە پىشىشىغا قاراڭلار. شۈبھىسىزكى، بۇلاردا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەر بار»[1].

﴿وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ جَنَّٰتٖ مَّعۡرُوشَٰتٖ وَغَيۡرَ مَعۡرُوشَٰتٖ وَٱلنَّخۡلَ وَٱلزَّرۡعَ مُخۡتَلِفًا أُكُلُهُۥ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُتَشَٰبِهٗا وَغَيۡرَ مُتَشَٰبِهٖۚ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ وَءَاتُواْ حَقَّهُۥ يَوۡمَ حَصَادِهِۦۖ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ١٤١﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، باراڭلىق ۋە باراڭسىز باغلارنى، تەمى ھەر خىل خورما ۋە ئېكىنلەرنى، بىر - بىرىگە ئوخشىشىدىغان ۋە ئوخشاشمايدىغان زەيتۇنلارنى، ئانارلارنى بار قىلدى. ھەر بىرى مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەڭلار، ئۇنى يىغقان كۈنى ھەققىنى بېرىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»[2].

ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىن ئاشلىق چىقىرىشى، باغلارنى يېتىشتۈرۈشى ۋە مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈشى، ئىنسانلارنىڭ كېرەكلىك سەۋەبلەرنى قىلىشى بىلەن بولىدۇ. بۇ سۈنئىي مۇھىتنىڭ تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرۈش قىسمىغا دالالەت قىلىدۇ.

(2) مېمارچىلىق قىلىش

مېمارچىلىق قىلىش ئۆي - ئىمارەت سېلىش، يول، كۆۋرۈك ياساش، قەلئە، ئىستىھكام، بىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان قۇرۇلۇشلارنى سېلىش بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① 6 - سۈرە ئەنئام، 99 - ئايەت.
② 6 - سۈرە ئەنئام، 141 - ئايەت.

﴿وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنۢ بُيُوتِكُمۡ سَكَنٗا وَجَعَلَ لَكُم مِّن جُلُودِ ٱلۡأَنۡعَٰمِ بُيُوتٗا تَسۡتَخِفُّونَهَا يَوۡمَ ظَعۡنِكُمۡ وَيَوۡمَ إِقَامَتِكُمۡ وَمِنۡ أَصۡوَافِهَا وَأَوۡبَارِهَا وَأَشۡعَارِهَآ أَثَٰثٗا وَمَتَٰعًا إِلَىٰ حِينٖ ٨٠﴾

«ئاللاھ ئۆيلىرىڭلارنى سىلەرگە ئارامگاھ قىلىپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنىڭ تېرىلىرىدىن كۆچكەن كۈنلىرىڭلاردا ۋە تۇرغان كۈنلىرىڭلاردا ئېلىپ مېڭىشىڭلارغا ئەپلىك ئۆيلەرنى قىلىپ بەردى. ئاللاھ يەنە سىلەرگە ئۇ ماللارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تىۋىتلىرىدىن ۋە چۇپۇرلىرىدىن كىيىم - كېچەكلەر ۋە بىر مۇددەتكىچە چىدايدىغان ئۆي سەرەمجانلىرىنى قىلىپ بەردى»[1].

﴿وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ جَعَلَكُمۡ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعۡدِ عَادٖ وَبَوَّأَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ تَتَّخِذُونَ مِن سُهُولِهَا قُصُورٗا وَتَنۡحِتُونَ ٱلۡجِبَالَ بُيُوتٗاۖ فَٱذۡكُرُوٓاْ ءَالَآءَ ٱللَّهِ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ٧٤﴾

«ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئورۇنباسارلار قىلدى، سىلەرنى بۇ زېمىنغا يەرلەشتۈردى. سىلەر ئۇنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىگە سارايلار سالىسىلەر. تاغلىرىنى يونۇپ ئۆيلەر ياسايسىلەر. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار ۋە بۇ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قالايمىقانچىلىق چىقارماڭلار»[2].

بۇ ئايەتلەر مېمارچىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇلارنى تەبىئەتنى ياراتقاندەك بىۋاستە مەيدانغا كەلتۈرمەيدۇ، بەلكىدە ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى يارىتىش ۋە ئىنسانلارغا ئۇلار بىلەن ئۆي سېلىش ۋە جابدۇشنى ئىلھام قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئارامگاھ بولغۇدەك مۇستەھكەم ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ سېلىشىنىڭ ۋە ئۇلارنى چىرايلىق جابدۇشىنىڭ

① 16 - سۈرە نەھل، 80 - ئايەت.
② 7 - سۈرە ئەئراف، 74 - ئايەت.

لازىملىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۆي سېلىش ۋە جابدۇش مېمارچىلىق تەلەپ قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە مېمارچىلىق، ئىمارەت ۋە ئىمارەت ماتېرىيالىلىرى توغرۇلۇق كۆپلىگەن ئاتالغۇلار زىكىر قىلىنغان:

**1 - بەزى مېمارچىلىق ئاتالغۇلىرى:** ئۆي، ئۆيلەر «بَيْت، بُيُوت» - (قاراڭ: سۈرە بەقەرە، 189 - ئايەت؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران 49 - ۋە 104 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 15 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 80 - ئايەت)، تۇرالغۇ جاي «مَسْكَن» - (قاراڭ: 34 - سۈرە سەبەئ، 15 - ئايەت. تۇرالغۇ جاي مەنىسىدىكى مەسكەن كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان مەساكىن تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر: 9 - سۈرە تەۋبە، 24 - ۋە 72 - ئايەتلەر؛ 20 - سۈرە تاھا، 128 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 13 - ئايەت؛ 27 - سۈرە نەمل، 18 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 58 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 38 - ئايەت؛ 32 - سۈرە سەجدە، 26 - ئايەت؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 25 - ئايەت؛ 61 - سۈرە سەف، 12 - ئايەت)، ھەشەمەتلىك ساراي «قَصْر مَشِيْدٍ» - (قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 45 - ئايەت)، ئوردا «صَرْح» - (قاراڭ: 27 - سۈرە نەمل، 44 - ئايەت)، ئىبادەتخانا «المِحْرَاب» - (قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 37 - ۋە 39 - ئايەتلەر؛ 19 - سۈرە مەريەم، 11 - ئايەت؛ 38 - سۈرە ساد، 21 - ئايەت)، مۇستەھكەم سېلىنغان يۇكسەك قەلئەلەر «بُرُوجٍ مُشَيَّدَةٍ» - (قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 78 - ئايەت)، موناستىرلار «صَوَامِع»، چېركاۋلار «بِيَعٌ»، سىناگوگلار «صَلَوَات»، مەسچىت–جامەلەر «مَسَاجِد» - (قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 40 - ئايەت)، مۇستەھكەم سارايلار «مَصَانِع» - (قاراڭ: 26 - سۈرە شۇئەرا، 129 - ئايەت)، قورغانلار «حُصُون» - (قاراڭ: 59 - سۈرە ھەشر، 2 - ئايەت)، قەلئەلەر «صَيَاصِي» (قاراڭ: 33 - سۈرە ئەھزاب، 26 - ئايەت)، رەسەتخانا «مَرْصَد» - (قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 5 - ئايەت)، سېپىل «سدًّا» - (قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 94 - ئايەت)، توسما «رَدْمًا» - (قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 95 - ئايەت)، پاناھگاھ «مَلْجَأ»، كىرىۋالىدىغان جاي «مدّخلًا» - (قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 57 - ئايەت)، ھۇجرىلار «الْحُجُرَات» - (قاراڭ: 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 4 - ئايەت)، دەرۋازا «باب» - (قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە 23 - ئايەت)، تاملار «جُدُر» - (قاراڭ: 59 - سۈرە ھەشر، 14 - ئايەت)، زىندان، تۈرمە «السِجْن» - (قاراڭ: 12 - سۈرە يۇسۇف، 33 - ، 36 - ، 39 - ، 41 - ، 42 - ۋە 100 - ئايەتلەر)، تونىل «نَفَق»، شوتا، لىفت «سُلَّم» - (قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 35 - ئايەت)، شوتا، لىفت «مَعَارِج» - ( قاراڭ: 43 - سۈرە زۇخرۇف، 33 - ئايەت)،

**2 - بەزى ئىمارەت ئاتالغۇلىرى:** يۇرتلارنىڭ ئانىسى، مەركىزىي شەھەر، پايتەخت «أُمّ الْقُرَى» - (قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 92 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 7 - ئايەت)، يۇرت، يۇرتلار «قَرْيَة، قُرَى» - (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 58 - ۋە 259 - ئايەتلەر؛ 11 - سۈرە ھۇد، 117 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 8 - ئايەت. قۇرئان كەرىمدە بولاردىن باشقا «قەريە» كەلىمىسى 33 يەردە، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «قۇرا» 17 يەردە ئۆتىدۇ)، شەھەر «بَلَد، بَلْدَة» - (قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 126 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 35 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 7 - ئايەت؛ 90 - سۈرە بەلەد، 1~2 - ئايەتلەر؛ 95 - سۈرە تىين، 3 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 49 - ئايەت؛ 27 - سۈرە نەمل، 91 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 15 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 11 - ئايەت؛ 50 - سۈرە قاف، 11 - ئايەت)، شەھەرلەر «مَدَائِن» - (قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 111 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 36 ۋە 53 - ئايەتلەر)، كەڭ يوللار «سُبُلاً فِجَاجًا» - (قاراڭ: 71 - سۈرە نۇھ، 20 - ئايەت)، چوڭقۇر ۋە كەڭ يوللار «فَجٍّ عَمِيْقٍ» - (قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 27 - ئايەت)، بىنالار «بُنْيَان» - (قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 21 - ئايەت؛ 61 - سۈرە سەف، 4 - ئايەت).

**3 - ئىمارەتنىڭ تەرەپلىرى:** تورۇس، تورۇسلار «سَقْف، سُقُف» - ( قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 26 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 33 - ئايەت)، بىنانىڭ ئۇللىرى «القواعد» - ( قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 127 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 26 - ئايەت)، تۈۋرۈكلەر «عَمَد» - ( قاراڭ: 13 - سۈرە رەئد، 2 - ئايەت؛ 104 - سۈرە ھۇمەزە، 9 - ئايەت)، تام «جدار» - (قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 77 - ئايەت).

**4 - ئىمارەت ماتېرىياللىرى:** ئەينەك «قوارير» - ( قاراڭ: 27 - سۈرە نەمل، 44 - ئايەت)، تۆمۈر پارچىلىرى «زبر الحديد» - (قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 96 - ئايەت)، تۆمۈر «حديد» - ( قاراڭ: 57 - سۈرە ھەدىد، 25 - ئايەت)، ئېرىتىلگەن مىس «قطر» - ( قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 96 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 12 - ئايەت)، قورام تاش «صخر» - (قاراڭ: 89 - سۈرە فەجر، 9 - ئايەت)، تاش «حجارة» - (قاراڭ: 17 - سۈرە ئىسرا، 50 - ئايەت)، تېرىلەر «جلود» - (قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 80 - ئايەت)، پىششىق خىش (قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 38 - ئايەت. ئۇ ئايەتتىكى «لايىنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىش» مەنىسىدىكى ئىپادە «پىششىق خىش تەييارلىغىن» دېگەن بولىدۇ، شۇنداقلا «پىششىق خىش»نىڭ زىكىر قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)، ئىشلىتىشكە تەييارلانغان ياغاچ «خشب مسندة» - (قاراڭ: 63 - سۈرە

مۇنافىقۇن، 4 - ئايەت)، تاختىا ۋە مىخ «ألواح ودسر» - (قاراڭ: 54 - سۈرە قەمەر، 13 - ئايەت).

بۇ ئاتالغۇلارمۇ مېمارچىلىقنىڭ «زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش»نىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ ۋە بۇ ساھەدە ئىنسانىيەتكە ئىلھاملار بېغىشلايدۇ.

قۇرئان كەرىمدە بەزى سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرى ھايۋانلار، يەر - جاي، شەھەر، مەدەن، ئۆسۈملۈك، تەبىئەتتىكى نەرسە ۋە تەبىئىي ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان①. شۇنىڭدەك، بىر قىسىم ھايۋان، ئېكىن، باغ - بوستان، يۇرت - ماكان، ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىسىملىرى زىكىر قىلىنغان②. مانا بۇ مۇھىتنىڭ تەبىئىي ۋە سۈنئىيدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

### 2. مۇھىتنى ئاسراشنىڭ ھۆكمى

مۇھىتنى ئاسراش پەرزدۇر. چۈنكى كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىشى مۇھىتنىڭ تەبىئىي ھالىتى بىلەن قېلىشىغا باغلىقتۇر. قۇرئان كەرىمدىكى زېمىندا

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە (بەقەرە - كالا)، 6 - سۈرە (ئەنئام - تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە) ۋە 105 - سۈرە (فىل - پىل) تۆت پۇتلۇق ھايۋاناتنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان؛ 16 - سۈرە (نەھل - ھەسەل ھەرىسى)، 27 - سۈرە (نەمل - چۈمۈلە) ۋە 29 - سۈرە (ئەنكەبۇت - ئۆمۈچۈك) ھاشاراتنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان؛ 15 - سۈرە (ھىجر - سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتى)، 18 - سۈرە (كەھف - غار)، 53 - سۈرە (تۇر - تۇر تېغى)، 90 - سۈرە (بەلەد - شەھەر)، 46 - سۈرە (ئەھقاف - ئاد قەۋمىنىڭ يۇرتى) يەر - جايلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان؛ 57 - سۈرە (ھەدىد - تۆمۈر) مەدەننىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. 95 - سۈرە (تىن - ئەنجۈر) 13 - سۈرە (رەئد - گۈلدۈرماما)، 53 - سۈرە (نەجم - يۇلتۇز)، 89 - سۈرە (فەجر - تاڭنىڭ يورۇشى)، 91 - سۈرە (شەمس - قۇياش)، 92 - سۈرە (لەيل - كېچە)، 93 - سۈرە (دۇھا - چاشگاھ) تەبىئەت ھادىسلىرى بىلەن ئاتالغان.

② قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان ھايۋان، ئېكىن ۋە باغ - بوستانلار بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمى، «يېمەك - ئىچمەك» ۋە «ھايۋانلار» بۆلۈمدە بايان قىلىندى. قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان شەھەرلەر مەككە (48 - سۈرە فەتھ، 24 - ئايەت)، مەدىنە (9 - سۈرە تەۋبە، 101 - ۋە 120 - ئايەتلەر)، مىسىر (12 - سۈرە يۇسۇف، 99 - ئايەت)، بابىل (2 - سۈرە بەقەرە، 102 - ئايەت) ۋە ئىرەم (89 - سۈرە فەجر، 8 - ئايەت) قاتارلىق شەھەرلەردۇر. 2 - سۈرە بەقەرە، 189 - ئايەت، 3 - سۈرە ئال ئىمران 49 - ۋە 104 - ئايەتلەر ۋە 4 - سۈرە نىسا، 15 - ئايەتتە ئۆيلەر زىكىر قىلىنىدۇ؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 74 - ئايەت، 26 - سۈرە شۇئەرا، 128 - ۋە 149 - ئايەتلەر ۋە 28 - سۈرە قەسەس، 38 - ئايەتتە ئىمارەتلەر زىكىر قىلىنىدۇ.

بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىدىغان، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ئەيىبلەيدىغان ئايەتلەر بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ[1].

بۇ پەرزگە رىئايە قىلماسلىق، يەنى مۇھىتنى بۇلغاش ئۆزىنى خەتەرگە ئاتقانلىق بولۇپلا قالماستىن باشقا مەخلۇقاتنىڭ ھەققىگىمۇ چېقىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى مۇھىتنى بۇلغىغانلارغا بېرىلىدىغان ئىلاھىي جازا ئومۇمىي بولۇپ، بۇ جازانىڭ زىيىنىنى پۈتۈن مەخلۇقات تارتىدۇ[2].

### 3. مۇھىتنى ئاسراشنىڭ يوللىرى

#### 1) ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش

ئىنساننىڭ تىنچ ۋە بەخەتەر مۇھىتتا ياشىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېمىتىدۇر. بۇ نېمەت تەبىئەت قانۇنلىرىغا رىئايە قىلغاندا، يەنى مۇھىتنى ئاسرىغان ۋە تەبىئەتنى قوغدىغان چاغدىلا ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلۡأَرۡضَ مَدَدۡنَٰهَا وَأَلۡقَيۡنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنۢبَتۡنَا فِيهَا مِن كُلِّ شَيۡءٖ مَّوۡزُونٖ ١٩ وَجَعَلۡنَا لَكُمۡ فِيهَا مَعَٰيِشَ وَمَن لَّسۡتُمۡ لَهُۥ بِرَٰزِقِينَ ٢٠ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا عِندَنَا خَزَآئِنُهُۥ وَمَا نُنَزِّلُهُۥٓ إِلَّا بِقَدَرٖ مَّعۡلُومٖ ٢١ وَأَرۡسَلۡنَا ٱلرِّيَٰحَ لَوَٰقِحَ فَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَسۡقَيۡنَٰكُمُوهُ وَمَآ أَنتُمۡ لَهُۥ بِخَٰزِنِينَ ٢٢﴾

«بىز زېمىننى سوزدۇق، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تاغلارنى قويدۇق ۋە ئۇنىڭدا ئۆلچەملىك ھەر نەرسىدىن ئۇندۇردۇق، ھەممە ئۇنىڭدا سىلەر ئۈچۈن ۋە رىزقىنى سىلەر بەرمىگەنلەر ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بار قىلدۇق. ھەر نەرسىنىڭ خەزىنىلىرى بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدىدۇر. لېكىن بىز ئۇنى مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز. بىز چاڭلاشتۇرغۇچى شاماللارنى

---

[1] قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 27 - ، 60 - ۋە 205 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 56 - ، 74 - ۋە 85 - ئايەتلەر؛ 11 - سۈرە ھۇد، 85 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 25 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 152 - ۋە 183 - ئايەتلەر؛ 27 - سۈرە نەمل، 48 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 77 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 36 - ئايەت؛ 47 - سۈرە مۇھەممەد 22 - ئايەت.

[2] قاراڭ: 30 - سۈرە رۇم، 41 - ئايەت.

ئەۋەتتۇق، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى سۇغاردۇق. بولمىسا ئۇنى سىلەر ساقلىيالمايتتىڭلار»[1].

بۇ ئايەتلەر دالالەت قىلىدۇكى، ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى نەرسىلەرنى ئۆزى خالىغان ئۆلچەم بىلەن ياراتقان ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئۆزى بەلگىلىگەن ئىنتىزامغا باغلىغان. ھەر نەرسە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ، باشقىسىنىڭ بار بولۇش ۋە بارلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققىگە دەخلى قىلمايدۇ، ھوقۇقىغا چېقىلمايدۇ. نەتىجىدە ئۇ نەرسىلەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مىقدار ۋە نىسبەتلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ئەجىلى توشقۇچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ[2]. ئىنسان بۇ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بىلەن ماسلىشىشى كېرەك، بولمىسا ئۇ خاراب قىلىش ۋە نابۇت قىلىش قورالىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يەر يۈزىدە خاتىرجەم ياشاش نېمىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. چۈنكى ھارامغا يېقىنلىشىش مەھرۇملۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

### 2) زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن يىراق تۇرۇش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَلَا تُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَـٰحِهَا ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٨٥﴾﴾

«ئاللاھ زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن سىلەر ئۇنىڭدا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار. ئەنە شۇلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار»[3].

يەنى ئاللاھ تائالا زېمىننى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىل، لايىق مىقدار ۋە مۇۋاپىق نىسبەتلەردە يارىتىپ، ئۇنى ھاياتلىققا ئۇيغۇن ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن سىلەر ئۇنى بۇزماڭلار.

---

① 15 - سۈرە ھىجر، 19 ~ 22 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 25 - سۈرە فۇرقان، 2 - ئايەت؛ 13 - سۈرە رەئد، 8 - ئايەت؛ 54 - سۈرە قەمەر، 49 - ئايەت.

③ 7 - سۈرە ئەئراف، 85 - ئايەت.

چۈنكى سىلەرنىڭ بەختلىك ياشىشىڭلار ئۇنىڭ تەبىئىي ھالىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا باغلىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى بۇزساڭلار ھاياتىڭلار تەبىئىي ھالەتتە داۋاملاشمايدۇ.

### 3) ئىسراپتىن ساقلىنىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ٣١﴾

«ئى ئادەم ئەۋلادى! ھەر ناماز ئۆتەيدىغان چېغىڭلاردا زىننەتلىنىدىغان كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار. يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە ئىسراپ قىلماڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»[1].

ئىسراپ - تېگىشلىك بولغان مىقداردىن ئارتۇق سەرپ قىلىش، بىھۇدە چىقىم قىلىش، ئورۇنسىز زايە قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[2]. بىر نەرسىنى ئىسراپ قىلىش ئۇنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىگە بولغان ئېھتىياج ۋە تەلەپ كۆپىيىدۇ، نەتىجىدە كرىزىس يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

تاماقنى ئىسراپ قىلىش ئاشلىق، ئوتياش ۋە گۆش - ماي قاتارلىق خام ئەشيالارنىڭ باھالىرىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەتچىلەر بۇ ئەشيالارنى سۈپەتسىز، ھورمونلۇق ۋە ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى تۆۋەن ھالدا ئىشلەپ چىقىرىپ، بازارلارغا سالىدۇ. ئېتىزلىق، يايلاق ۋە باغ - بوستانلارنىڭ تەبىئىتى بۇزۇلىدۇ. سۇنى ئىسراپ قىلىش سۇ مەنبەلىرىگە ئارتۇقچە بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ - دە، مەنبەلەر ئۆزلىرىنى يېڭىلاش كۈچىنى يوقىتىدۇ ۋە بارغانسېرى قۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك، سۇنى بۇلغايدۇ، ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆل - قۇدۇق ۋە سۇ ئامبىرى قاتارلىق مەنبەلەرنىڭ ئەتراپىنى مەينەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر سۇ ئىسراپى زىرائەت

---

① 7 - سۈرە ئەئراف، 31 - ئايەت.

② ئىبنى فارىس، «ئىسراف»، 3: 153؛ ئىبنى مەنزۇر، «ئىسراف»، 9: 148؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «ئىسراف» 147.

مەھسۇلاتنى ئارتۇقچە سۇغىرىش ئارقىلىق بولسا، بۇ ئۇ زىرائەتكە زىيانلىق بولىدۇ. پۈتۈن بۆلارنىڭ نەتىجىسىدە مۇھىت بۇلغىنىدۇ، تەبىئەت بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىسراپتىن توسقان[1].

ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ئىسراپ قىلماستىن يەپ - ئىچىش بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بەلكىدە ئۇ بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يېمەك - ئىچمەكنى قانۇنلۇق يوللاردىن ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشى، بۇ ساھەدىكى تەرەققىياتقا ماسلىششى ۋە ئەڭ ياخشىسىنى ئىشلەپچىقىرىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ فَٱنتَشِرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَٱبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِ ٱللَّهِ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرٗا لَّعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ١٠﴾

«ناماز ئادا قىلىنىپ بولغاندا دەرھال زېمىنغا تارقىلىڭلار، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر»[2].

## 4) سۇنى قوغداش

بۇ، ئىنسانلارنى ھەر تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى ۋە يېڭى گۆشلەر بىلەن تەمىنلەۋاتقان، قىتئەدىن قىتئەگە سەپەر قىلىش ۋە مال يۆتكەش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇۋاتقان دېڭىز - ئوكيان سۇلىرىنى، ئۆزلىرى ۋە ھايۋانلىرى ئىچىۋاتقان، يەرلىرىنى سۇغىرىۋاتقان ۋە كۈندىلىك ھاياتىدا ئىشلىتىۋاتقان تاتلىق سۇلارنى (دەريا، كۆل، يامغۇر ۋە بۇلاق سۇلىرىنى...) كۆرسىتىدۇ. سۇ يارىتىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ھاياتلىقنىڭ شەرتىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَجَعَلۡنَا مِنَ ٱلۡمَآءِ كُلَّ شَيۡءٍ حَيٍّۚ أَفَلَا يُؤۡمِنُونَ ٣٠﴾

«بىز ھەر جانلىق نەرسىنى سۇدىن ياراتتۇق»[3].

---

① قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 141 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 31 - ئايەت.
② 62 - سۈرە جۇمۇئە ، 10 - ئايەت.
③ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 30 - ئايەت.

﴿وَهُوَ ٱلَّذِى سَخَّرَ ٱلۡبَحۡرَ لِتَأۡكُلُواْ مِنۡهُ لَحۡمًا طَرِيًّا وَتَسۡتَخۡرِجُواْ مِنۡهُ حِلۡيَةً تَلۡبَسُونَهَاۖ وَتَرَى ٱلۡفُلۡكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ وَلَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ١٤﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، دېڭىزنىمۇ خىزمىتىڭلارغا سېلىپ بەردى. ئاللاھ بۇنى، ئۇنىڭدىن يېڭى گۆش يېيىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنى چىقىرىشىڭلار ئۈچۈن - سەن ئۇنىڭدا سۇنى يېرىپ كېتىۋاتقان كېمىلەرنى كۆرىسەن - ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى»[1].

﴿وَءَايَةٌ لَّهُمُ ٱلۡأَرۡضُ ٱلۡمَيۡتَةُ أَحۡيَيۡنَٰهَا وَأَخۡرَجۡنَا مِنۡهَا حَبًّا فَمِنۡهُ يَأۡكُلُونَ ٣٣ وَجَعَلۡنَا فِيهَا جَنَّٰتٍ مِّن نَّخِيلٍ وَأَعۡنَٰبٍ وَفَجَّرۡنَا فِيهَا مِنَ ٱلۡعُيُونِ ٣٤ لِيَأۡكُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦ وَمَا عَمِلَتۡهُ أَيۡدِيهِمۡۚ أَفَلَا يَشۡكُرُونَ ٣٥﴾

«ئۇلار ئۈچۈن بىر دەلىل ئۆلۈك زېمىندۇر. بىز ئۇنى تىرىلدۈردۇق ۋە ئۇنىڭدىن ئاشلىق چىقاردۇق. ئۇلار ئەنە شۇ ئاشلىقتىن يەيدۇ. بىز ئۇ زېمىندا خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردۇق، ئۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. بىز ئۇلارنى ئۇنىڭ مەھسۇلاتىدىن ۋە ئۆز قوللىرى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەردىن يېسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلدۇق. ئۇلار يەنىلا شۈكۈر قىلمامدۇ؟»[2].

﴿هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءًۖ لَّكُم مِّنۡهُ شَرَابٌ وَمِنۡهُ شَجَرٌ فِيهِ تُسِيمُونَ ١٠ يُنۢبِتُ لَكُم بِهِ ٱلزَّرۡعَ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلنَّخِيلَ وَٱلۡأَعۡنَٰبَ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَأٓيَةً لِّقَوۡمٍ يَتَفَكَّرُونَ ١١﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، ئاسماندىن سۇ چۈشۈردى. سىلەر ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر، ماللىرىڭلارنى ئوتلىغىلى قويۇۋېتىدىغان ئوتلاقلىرىڭلارمۇ

---

① 16 - سۈرە نەھل، 14 - ئايەت.

② 36 - سۈرە ياسىن، 33 ~ 35 - ئايەتلەر.

ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھ يەنە ئۇ سۇ بىلەن سىلەر ئۈچۈن ئېكىنلەر، زەيتۇنلار، خورمىلار، ئۈزۈملەر ۋە خىلمۇخىل مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەرمەكتە. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەت بار»[①].

سۇنى قوغداش ئۇنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاشتۇر.

### 5) ھاۋانى قوغداش

ھاۋا ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ نەپەس ئېلىشى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈنۈش ۋە ئۆسۈشى، كېمىلەرنىڭ مېڭىشى ۋە قۇشلارنىڭ ئۇچۇشى قاتارلىقلار ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان نەرسىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ھاۋا رىياھ (رياح) دېگەن كەلىمە بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى شامال دېگەن بولىدۇ. شامال ھاۋانىڭ ئاقما ھەرىكىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَٱلْفُلْكِ ٱلَّتِي تَجْرِي فِي ٱلْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن مَّآءٍ فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَبَثَّ فِيهَا مِن كُلِّ دَآبَّةٍ وَتَصْرِيفِ ٱلرِّيَٰحِ وَٱلسَّحَابِ ٱلْمُسَخَّرِ بَيْنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿١٦٤﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا، ئىنسانلارغا پايدىلىق يۈكلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان كېمىلەردە، ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ، ئۆلۈك تۇپراقنى تىرىلدۈرگەن ۋە زېمىندا ھەر تۈرلۈك جانلىقنى تارقاتقان سۇدا، شاماللارنىڭ پەرقلىق تەرەپلەردىن چىقىشىدا ۋە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا بۇيرۇققا ھازىر تۇرۇۋاتقان بۇلۇتلاردا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەر بار»[②].

---

① 16 - سۈرە نەھل، 10 ~ 11 - ئايەتلەر.

② 2 - سۈرە بەقەرە، 164- ئايەت.

﴿وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن رِّزۡقٖ فَأَحۡيَا بِهِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَا وَتَصۡرِيفِ ٱلرِّيَٰحِ ءَايَٰتٞ لِّقَوۡمٖ يَعۡقِلُونَ ٥﴾

«كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندىن چۈشۈرۈپ، ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرگەن رىزىقتا ۋە ئاللاھنىڭ شامالLارنى پەرقلىق تەرەپلەردىن چىقىرىشىدا ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەر بار»①.

﴿وَأَرۡسَلۡنَا ٱلرِّيَٰحَ لَوَٰقِحَ فَأَنزَلۡنَا مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَسۡقَيۡنَٰكُمُوهُ وَمَآ أَنتُمۡ لَهُۥ بِخَٰزِنِينَ ٢٢﴾

«بىز چاڭلاشتۇرغۇچى شامالLارنى ئەۋەتتۇق، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى سۇغاردۇق. بولمىسا ئۇنى سىلەر ساقلىيالمايتتىڭلار»②.

﴿أَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلطَّيۡرِ مُسَخَّرَٰتٖ فِي جَوِّ ٱلسَّمَآءِ مَا يُمۡسِكُهُنَّ إِلَّا ٱللَّهُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ٧٩﴾

«ئۇلار ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچۇش ئىمكانىيىتى بېرىلگەن ئۇچارقاناتلارنى كۆرمەمدۇ؟ ئۇلارنى ھاۋا بوشلۇقىدا پەقەت ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەر بار»③.

﴿أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلطَّيۡرِ فَوۡقَهُمۡ صَٰٓفَّٰتٖ وَيَقۡبِضۡنَۚ مَا يُمۡسِكُهُنَّ إِلَّا ٱلرَّحۡمَٰنُۚ ٱلرَّحۡمَٰنُۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَيۡءِۭ بَصِيرٌ ١٩﴾

«ئۇلار ئۇچارقاناتلارغا قارىمامدۇ؟ ئۇچارقاناتلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قاناتلىرىنى يايغان ھالەتتە تۇرىدۇ ۋە قاناتلىرىنى يىغىدۇ. ئۇلارنى ھاۋادا

---

① 45 - سۈرە جاسىيە، 5 - ئايەت.
② 15 - سۈرە ھىجر، 22 - ئايەت.
③ 16 - سۈرە نەھل، 79 - ئايەت.

رەھماندىن باشقىسى تۇتمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

﴿فَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يَهۡدِيَهُۥ يَشۡرَحۡ صَدۡرَهُۥ لِلۡإِسۡلَٰمِۖ وَمَن يُرِدۡ أَن يُضِلَّهُۥ يَجۡعَلۡ صَدۡرَهُۥ ضَيِّقًا حَرَجٗا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي ٱلسَّمَآءِۚ كَذَٰلِكَ يَجۡعَلُ ٱللَّهُ ٱلرِّجۡسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ١٢٥﴾

«ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كېڭەيتىدۇ. كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى تارايتىدۇ ۋە سىقىدۇ. ئۇ گويا ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقاندەك بولىدۇ. ئاللاھ پاسكىنىلىقنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ ئۈستىدە مانا مۇشۇنداق ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە گۇمراھ ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە[3]، تەبىئەتنىڭ بىر قانۇنىغىمۇ ئىشارەت قىلغان. چۈنكى ئاسمانغا ئۆرلىگەنسېرى ھاۋا بېسىمى تۆۋەنلىگەنلىكى ئۈچۈن نەپەس ئېلىشمۇ ئۇ نىسبەتتە قىيىنلىشىدۇ.

ئەنە شۇ ئايەتلەر ھاۋانىڭ كائىناتتىكى ۋەزىپىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھاۋا ئىنسانىنىڭ ۋە جانلىقلارنىڭ نەپەس ئېلىشى ئۈچۈنمۇ بىردىنبىر ئامىلدۇر.

ئىنسان، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك قاتارلىق جانلىقلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى تەبىئىي ھالدا داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ھاۋانىڭ پاك تۇرۇشى لازىم. تاماكا چېكىش، زاۋۇت - فابرىكىلارنىڭ زەھەرلىك گاز ۋە تۈتۈنلىرىنى ھاۋاغا قويۇپ بېرىش، مەينەت سۇلارنى قالايمىقان ئېقتۇۋېتىش، ئاپتوموبىللارنىڭ ئۆلچەمسىز ئىس - تۈتەكلىرى قاتارلىق ئىشلار بىلەن ھاۋانىڭ تەبىئىي ھالىتى يوقىلىدۇ، شۇنداقلا بۇلغانغان بولىدۇ.

---

① 67 - سۈرە مۈلك، 19 - ئايەت.

② سۈرە ئەنئام، 125 - ئايەت.

③ چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىسلامغا كىرمىگەنلەرنىڭ كۆكسلىرىنىڭ ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقاندەك تار ۋە بىئارام بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

## 6) مۇھىتنى ياخشىلاش

مۇھىتنى ئاسراشنىڭ بىر يولى مۇھىتنى ياخشىلاش بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

### (1) يەرنى كۆكەرتىش

بۇ تېرىلغۇ يەرلەرنى تېرىش، ئېكىنلەرنى پەرۋىش قىلىش، سۇغىرىش، ئۆسۈملۈكلەرنى ئوتاش، كېرەكسىز شاخ - شۇمبىلىرىنى پۇتاش، مۇناسىپ يەرلەرگە كۆچەت تىكىش، ئورمان يەتكۈزۈش، دەرەخلەرنىڭ ھارام شاخلىرىنى چاتاش ۋە بەزى مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ياخشى ئۆسۈشىنى ۋە مول ھوسۇل بېرىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا مَثَلُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا كَمَآءٍ أَنزَلۡنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخۡتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلۡأَرۡضِ مِمَّا يَأۡكُلُ ٱلنَّاسُ وَٱلۡأَنۡعَٰمُ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذَتِ ٱلۡأَرۡضُ زُخۡرُفَهَا وَٱزَّيَّنَتۡ وَظَنَّ أَهۡلُهَآ أَنَّهُمۡ قَٰدِرُونَ عَلَيۡهَآ أَتَىٰهَآ أَمۡرُنَا لَيۡلًا أَوۡ نَهَارٗا فَجَعَلۡنَٰهَا حَصِيدٗا كَأَن لَّمۡ تَغۡنَ بِٱلۡأَمۡسِۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَتَفَكَّرُونَ ٢٤﴾

«دۇنيا ھاياتىنىڭ مىسالى بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن سۇغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار يەيدىغان ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسۈپ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. ئاخىرى زېمىن ياسىنىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەن ۋە ئىگىلىرى ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى يىغىشقا ئۆزلىرىنىڭ قادىر ئىكەنلىكىنى ئويلاۋاتقان بىر ئەسنادا، بۇيرۇقىمىز ئۇنىڭغا كېچىدە ياكى كۈندۈزدە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ يەرنى زىرائەتلىرى ئورۇلغان ئاق يەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىمىز. خۇددى ئۇ گۈزەل مەنزىرە بىر كۈن ئاۋۋال ئۇ يەردە يوقتەك بولۇپ كېتىدۇ. بىز تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز»[1].

① 10 - سۈرە يۇنۇس، 24 - ئايەت.

﴿وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ جَنَّٰتٖ مَّعۡرُوشَٰتٖ وَغَيۡرَ مَعۡرُوشَٰتٖ وَٱلنَّخۡلَ وَٱلزَّرۡعَ مُخۡتَلِفًا أُكُلُهُۥ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُتَشَٰبِهٗا وَغَيۡرَ مُتَشَٰبِهٖۚ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ وَءَاتُواْ حَقَّهُۥ يَوۡمَ حَصَادِهِۦۖ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ١٤١﴾

«ئاللاھ شۇنداق زاتكى، باراڭلىق ۋە باراڭسىز باغلارنى، تەمى ھەر خىل خورما ۋە ئېكىنلەرنى، بىر - بىرىگە ئوخشىشىدىغان ۋە ئوخشاشمايدىغان زەيتۇنلارنى، ئانارلارنى بار قىلدى. ھەر بىرى مېۋە بەرگەن چاغدا ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەڭلار، ئۇنى يىغقان كۈنى ھەققىنى بېرىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»[1].

دېمەككى، زېمىندا ئۈنۈپ چىققان نەرسىلەر زېمىننىڭ زىننىتى ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ زىننەتنىڭ ئىنسانلارنى ئاشلىق، ئوتياش ۋە مېۋە - چېۋە قاتارلىق رىزىقلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىرىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى تېرىيدۇ، پەرۋىش قىلىدۇ ۋە ھوسۇل ئالىدۇ[2]، شۇنداقلا مۇھىتنى ئاسراشقا ناھايىتى چوڭ ھەسسە قوشقان بولىدۇ.

### مۇناسىۋەتلىك بەزى رىۋايەتلەر:

● ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار قولىدا بىر كۆچەت تۇتۇپ تۇرغان ئەسنادا قىيامەت قايىم بولسا، ئۇ كۆچەتنى تىكسۇن»[3].

«مۇسۇلمان بىر كۆچەت تىكسە ياكى بىر ئېكىننى تېرىسا، ئاندىن ئۇلاردىن بىرەر قۇش ياكى بىرەر ئىنسان ۋە ياكى بىرەر ھايۋان يېسە، ھەر بىرىنىڭ يېگىنى ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن بىر سەدىقە بولىدۇ»[4].

● رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن بوز يەر ئاچقانلار توغرىسىدا «كىم بىرەر ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرسە،

---

① 6 - سۈرە ئەنئام، 141 - ئايەت.

② قاراڭ: 12 - سۈرە يۇسۇف، 47 ~ 49 - ئايەتلەر؛ 48 - سۈرە فەتھ، 29 - ئايەت.

③ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 20: 251.

④ مۇسلىم، «مۇساقات»، 10.

ئۇ زېمىن ئۇ كىشىنىڭ بولىدۇ» دەپ بوز يەر ئېچىشقا تەشۋىق قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[1].

- جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «كىمنىڭ ئارتۇق يېرى بولسا تېرىسۇن ياكى قېرىندىشىغا تېرىتسۇن» دېگەن[2].

- رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنە ئاھالىسى خورما دەرەخلىرىنى ئۇلايتتى ۋە بۇ ئىش چاڭلاشتۇرىدۇ دەيتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: بىز مۇشۇنداق قىلىپ كەلگەن دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بەلكى قىلمىساڭلار ياخشى بولار ئىدى» دېدى. ئۇلار بۇ ئىشنى تەرك ئەتكەن ئىدى، خورما مەھسۇلاتى كەملەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلدى. رەسۇلۇللاھ: «مەن پەقەتلا بىر ئىنسانمەن. سىلەرنى دىنىڭلاردىن بىرەر ئىشقا بۇيرۇسام ئۇنى چىڭ تۇتۇڭلار. ئۆز رايىمدىن بىرەر ئىشقا بۇيرۇسام، بىلىڭلاركى مەن پەقەتلا بىر ئىنسانمەن»[3].

(2) قۇرۇلۇشنى ئىسلاھ قىلىش

ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى بىلەن ياكى ئىنسانلارنىڭ بەرپا قىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن مۇھىتنى قوغداش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكىدە ئۇنى ياخشىلاش، مۇستەھكەملەش، زۆرۈر تېپىلسا يېڭىسىنى سېلىش ۋە بۇزۇلغاننى تېخىمۇ ئوبدىنى بىلەن تولۇقلاش كېرەك. مەسىلەن:

ئۆي - ئىمارەت، يول - كۆۋرۈك ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، تەبىئىي مەنزىرىلەرنى ئاسراش، تارىخىي ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش، شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىنى ساقلاش، بۇزۇلغانلىرىنى ياساش قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە تەلەپنىڭ ئارتىشىغا ئاساسەن، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا يېڭى شەھەر ۋە مەھەللىلەرنى بەرپا قىلىش، يول ۋە ئېرىق ئۆستەڭ بويلىرىغا جىرىم سېلىپ دەرەخ

[1] ئىمام مالىك، «ئەقدىيە»، 27.
[2] مۇسلىم، «بۇيۇئ»، 88.
[3] مۇسلىم، «فەزائىل»، 140.

يېتىشتۈرۈش، ئېھتىياجقا قاراپ باللار باغچىسى، ياشانغانلار باغچىسى ۋە خانىملار باغچىسى دېگەندەك باغچىلارنى بىنا قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرغانلىق بولىدۇ، زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ وَٱسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَٱسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوٓا۟ إِلَيْهِۚ إِنَّ رَبِّى قَرِيبٌ مُّجِيبٌ ﴿٦١﴾﴾

«بىز سەمۇد قەۋمىگىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى سالىھنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار. سىلەرنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھىڭلار يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى ۋە سىلەردىن ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، رەببىم يېقىندۇر، ئىجابەت قىلغۇچىدۇر»[1].

بۇ ئايەتتىكى «زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇش» يۇقىرىدىكى ئىسلاھات ئىشلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

(3) ئۆينى پاك تۇتۇش

مۇسۇلماننىڭ ئۆيى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن مۇھىتى بولۇپ، ھەر مۇسۇلمان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ يېقىن مۇھىتىنى پاك تۇتۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي «ئارامگاھ»تۇر. بىر تۇرالغۇ جاينىڭ ئارامگاھ بولۇشى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئىنسانىي ئېھتىياجلارنى قامدايدىغان ھالەتتە بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا پاك - پاكىز بولۇشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنۢ بُيُوتِكُمْ سَكَنًا ... ﴿٨٠﴾﴾

---

[1] 11 - سۈرە ھۇد، 61 - ئايەت.

«ئاللاھ ئۆيلىرىڭلارنى سىلەرگە ئارامگاھ قىلىپ بەردى...»[1].

يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلماننىڭ ئۆيى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامازگاھىدۇر. چۈنكى ئۇ نامازلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆيىدە ئادا قىلىدۇ. نامازگاھنىڭ پاكىز بولۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَعَهِدْنَآ إِلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَٰعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيْتِىَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلْعَٰكِفِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿١٢٥﴾﴾

«... بىز ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا: ‹ئۆيۈمنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇڭلار› دەپ تاپىلىغان ئىدۇق»[2].

﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَٰهِيمَ مَكَانَ ٱلْبَيْتِ أَن لَّا تُشْرِكْ بِى شَيْـًٔا وَطَهِّرْ بَيْتِىَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلْقَآئِمِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿٢٦﴾﴾

«بىز ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىدۇق: ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمىغىن، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ - سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇتقىن»[3].

بۇ ئايەتلەر ناماز ئوقۇلىدىغان جاي (مەسچىت، جامە ۋە باشقا نامازگاھلار)نى پاك تۇتۇشنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە ھەر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئۆيىنى پاك تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىغىمۇ دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ ئۆيى ھېچقاچان نامازدىن خالىي بولمايدۇ. دەرۋەقە، مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە نەپلە نامازلار، تەھەججۇد ۋە رەۋاتىپ سۈننەتلەر (بەش ۋاخ نامازنىڭ ئالدى - كەينىدىكى سۈننەت نامازلار) [4]، ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا پەرز نامازلار ئۆتىلىدۇ[5].

---

① 16 - سۈرە نەھل، 80 - ئايەت.

② 2 - سۈرە بەقەرە، 125 - ئايەت.

③ 22 - سۈرە ھەج، 26 - ئايەت.

④ بۇ نامازلارنىڭ ئۆيدە ئوقۇلۇشى توغرۇلۇق قاراڭ: ئەنەس ئالىم، *قۇرئان - سۈننەتتە ناماز*، 149 ~ 158، 208 ~ 220.

⑤ قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 87 - ئايەت.

يول ۋە ئاممىۋى سورۇننىڭ پاكىزلىقى يولۇچىلارنىڭ تەن سالامەتلىكى ۋە كۆڭۈل ھوزۇرى نۇقتىسىدىن ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، مۇھىتنى پاك تۇتۇش قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... لَّمَسْجِدٌ أُسِّسَ عَلَى ٱلتَّقْوَىٰ مِنْ أَوَّلِ يَوْمٍ أَحَقُّ أَن تَقُومَ فِيهِ ۚ فِيهِ رِجَالٌ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُوا۟ ۚ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُطَّهِّرِينَ ﴿١٠٨﴾﴾

«تۇنجى كۈندىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد، سېنىڭ ناماز ئۆتىشىڭگە ئەڭ لايىقتۇر. ئۇنىڭدا پاك بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بار. ئاللاھ پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»①.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پاك بولغۇچىلارنى مەدھىيەلەيدۇ ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. 5 - سۈرە مائىدىنىڭ 6 - ئايىتىدە ناماز ئۆتمەكچى بولغانلار ھاجىتىنى ئادا قىلغان بولسا تاھارەت ئېلىشقا، جۇنۇپ بولسا غۇسۇل قىلىشقا، ئۇلاردىن قادىر بولالمىغانلارنى تەيەممۇم قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن «ئاللاھ سىلەرگە قىيىنلاشتۇرۇشنى ئىرادە قىلمايدۇ، لېكىن سىلەرنى پاكلاشنى ۋە سىلەرگە نېمىتىنى تاماملاشنى ئىرادە قىلىدۇ» دەيدۇ②.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزلىرى، تەلەپ قىلىنغان«پاكلىق»نىڭ ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى، تاھارەت، غۇسۇل ۋە تەيەممۇم بىلەن ھاسىل بولغىنى ئۇ «پاكلىق»نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، مۇسۇلماننىڭ ھەر جەھەتتىن پاك بولۇشىنىڭ، جۈملىدىن يول ۋە ئاممىۋى سورۇنلارنىمۇ پاكىز تۇتۇشىنىڭ لازىملىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

**مۇناسىۋەتلىك ئۈچ رىۋايەت:**

• مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لەنەتكە قېلىشىڭلارغا سەۋەبچى

---

① 9 - سۈرە تەۋبە، 108 - ئايەت.
② 5 - سۈرە مائىدە ، 6 - ئايەت.

بولىدىغان ئۈچ قىلىقتىن يەنى سۇنىڭ لىۋىگە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا، دەرەخ سايىسىغا ھاجەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار»①.

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاختۇر. ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى لائىلاھە ئىللەللاھ دېيىشتۇر، ئەڭ تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەتنى يىراق قىلىشتۇر»②.

• ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن ئىدى، يېنىدىكىلەر: بىزگە ئامال يوق، چۈنكى يوللار بىزنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدىغان يەرلىرىمىز دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا يولنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار» دېدى، ئۇلار: يولنىڭ ھەققى نېمە؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «كۆزنى يۇمۇش، ئەزىيەتتىن ساقلىنىش، سالامنى ئىلىك ئېلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش» دېدى③.

يول ۋە ئاممىۋى سورۇنلارنى پاكىز تۇتۇش تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

① مەنىۋى جەھەتتىن پاك تۇتۇش

بۇ، يول ۋە سورۇنلاردا قالايمىقان ئاۋاز چىقىرىش، ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئۇنلۇك گەپ قىلىش، گۈلدۈر - گۇپپاڭ قىلىش، ۋارقىراپ - جارقىراش، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَٱقۡصِدۡ فِى مَشۡيِكَ وَٱغۡضُضۡ مِن صَوۡتِكَۚ إِنَّ أَنكَرَ ٱلۡأَصۡوَٰتِ لَصَوۡتُ ٱلۡحَمِيرِ ١٩﴾

① ئەبۇ داۋۇد، «تاھارەت»، 14؛ ئىبنى ماجە، «تاھارەت»، 21؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 4 :449.

② مۇسلىم، «ئىمان»، 58؛ ئەبۇ داۋۇد، «سۈننەت»، 15؛ تىرمىزى، «ئىمان»، 6؛ نەسەئى، «ئىمان»، 16؛ ئىبنى ماجە، «ئىفتىتاھۇل كىتاب»، 9؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 15: 212، 466.

③ بۇخارى، «مەزالىم»، 22؛ مۇسلىم، «لىباس ۋە زىننەت»، 114، «سالام»، 3؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 13؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 17: 411، 18: 27، 131.

«مېڭىشىڭدا تەبىئىي بولغىن، ئاۋازىڭنى بىرئاز پەسەيتكىن، چۈنكى ئەڭ يامان ئاۋاز ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر»[1].

②ماددى جەھەتتىن پاك تۇتۇش

بۇ تۈۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى يول، كوچا - كوي ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا سۇ قويۇپ بېرىش، كولاپ قويۇش، ھاجەت قىلىش، تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، قالايمىقان نەرسە ۋە ئەخلەت - چاۋارلارنى تاشلاش... قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ.

ئىككىنچىسى يولدا ھەر كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يەردە مېڭىشى، سورۇندا ئۆزى ئۈچۈن ئايرىلغان يەردە ئولتۇرۇشى، يەنى سورۇننىڭ تەرتىپىگە رىئايە قىلىشى ۋە يولنىڭ تۈزۈمگە بويسۇنۇشى (قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشى) بىلەن بولىدۇ. چۈنكى سورۇننىڭ تەرتىپى ۋە قاتناش قائىدىلىرى سورۇنغا يىغىلغانلارنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ ئارامى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئەقلى بىلەن بەلگىلەنگەن ۋە تۈزۈلگەن قائىدە - تۈزۈملەردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَأُوْلِي ٱلۡأَمۡرِ مِنكُمۡۖ فَإِن تَنَٰزَعۡتُمۡ فِي شَيۡءٖ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلًا ٥٩﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگىمۇ ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر بىرەر نەرسىدە تالاش - تارتىش قىلىشىپ قالساڭلار، ئۇنى ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا قايتۇرۇڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار. ئەنە شۇ خەيرلىكتۇر ۋە نەتىجىسى ياخشىدۇر»[2].

ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بۇيرۇغان ئىشنىڭ ياخشى ئىش بولۇشى كېرەك. بىر ئىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى شەرىئەت ياكى

---

① 31 - سۈرە لۇقمان، 19 - ئايەت.
② 4 - سۈرە نىسا ، 59 - ئايەت.

ئەقىل ئايرىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇلار بىلەن قانداق بىر ئىش توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىنسا قۇرئان - سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ قۇرئان - سۈننەتتە ئەمر قىلىنغان ياكى تەشۋىق قىلىنغان ۋە ياكى تەۋسىيە قىلىنغان ئىش بولسا، ئۇلارغا بۇ ئىشتا ئىتائەت قىلىش كېرەك. ئەگەر قۇرئان - سۈننەتتە ئۇ توغرۇلۇق ئوچۇق بىرەر يوليورۇق يوق، لېكىن ئۇ ياخشى ئىش بولسا يەنە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش كېرەك. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئىشلاردا «مەئرۇپ»نى ئاساس قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. مەئرۇپ - ياخشىلىقى شەرىئەت بىلەن ياكى ئەقىل بىلەن تونۇلغان ئىش - ھەرىكەت دېگەن بولىدۇ[1].

ئىسلامدا كىمگە ئىتائەت قىلىش ئەمەس، نېمىدە ئىتائەت قىلىش ئاساستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «گۇناھ بولىدىغان ئىشتا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئىتائەت پەقەت ياخشى ئىشتىلا بولىدۇ»[2]. قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇز ئالتە يەردە ئۆتكەن ۋە يۇقىرىدا ئېنىقلىما بېرىلگەن «مەئرۇپ» كەلىمىسىنىڭ مەنىسىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ[3]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇيرۇغان ئىش ياخشى ئىشلا بولىدىكەن ئۇ قۇرئان - سۈننەت بۇيرۇغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا ئىجتىمائىي ھاياتتىكى مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتلەر، ئادەمگەرچىلىك ۋە باردى - كەلدىلەرنىڭ ھېچبىرى يۈرۈمىگەن بولاتتى. دەرۋەقە، بىرەر توي - تۆكۈندە سورۇنغا مەسئۇل كىشى كەلگەن مېھمانلارنى سورۇننىڭ مۇئەييەن بىر يېرىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا، ئۇلار ساڭا ئىتائەت قىلمايمىز، ئۆزىمىز چاغلاپ ئولتۇرىمىز دېسە ياكى باشتىلا باغاق ئېلىپ كەلگەن كىشىگە بىز بۇ باغاقتا يېزىلغان تارىخ ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تويغا بارساق مەخلۇققا ئىتائەت قىلغان بولۇپ، مۇشرىك بولۇپ كېتىمىز، شۇڭا بىز بۇ تويغا ئۆزىمىز خالىغان كۈندە ۋە ئۆزىمىز چاغلىغان ۋاقىتتا بارىمىز دېسە،

---

[1] راغىب ئىسفەھانى، «عرف»، 561.

[2] بۇخارى، «ئەخبارۇل ئاھاد»، 1؛ مۇسلىم، «ئىمارەت»، 39، 40؛ ئەبۇ داۋۇد، «جىھاد»، 94؛ نەسەئى، «بەيئەت»، 34؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 2: 57، 128، 297.

[3] مەئرۇپ «معروف» كەلىمىسى ئۆتكەن ئايەتلەر ئۈچۈن قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 178 - ، 180 - ، 228 ~229، 231 ~ 236، 240 ~241، 263 - ئايەتلەر؛ 3 - سۈرە ئال ئىمران، 104 - ، 110 - ، 114 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 5 - ، 6، 8 - ، 19 - ، 25 - ، 114 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 157 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 67 - ، 71 - ، 112 - ئايەتلەر ؛ 22 - سۈرە ھەج، 41 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 53 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 15 - ۋە 17 - ئايەتلەر؛ 33 - سۈرە ئەھزاب، 6 - ۋە 32 - ئايەتلەر؛ 47 - سۈرە مۇھەممەد، 21 - ئايەت؛ 60 - سۈرە مۇمتەھىنە، 12 - ئايەت؛ 65 - سۈرە تالاق، 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە 7 - سۈرە ئەئرافنىڭ 199 - ئايىتىدە ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇرف «العرف» كەلىمىسى ئۆتمەكتە.

شۇنداقلا مۇشۇ بويىچە توپغا كەلسە، باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرمۇ مۇشۇنداق بولسا، جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئىش يۈرۈمىگەن بولاتتى. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مېڭىڭ، كېسىپ ئۆتكەن يېرىگە كەلگەندە توختاپ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆتۈش ھەققىنى كۆرستىدىغان يېشىل چىراقتا ئۆتۈڭ دېگەن بەلگىلىمىلەر خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىشتۇر.

بەزى ھۆكۈمەتلەرنىڭ دېڭىز ئوۋچىلىقنى ياز ئايلىرىدا ۋاقىتلىق چەكلىشى، يوللاردا ماڭىدىغان ماشىنىلارنىڭ سۈرئىتىگە چەكلىمە قويۇشى، يول ئىشارەتلىرى ۋە كېسىشىپ ئۆتكەن يوللاردىكى قاتناش چىراقلىرىنى بېكىتىشى ئەنە شۇ مەئرۇف (ياخشى) ئىشتۇر. چۈنكى بۇ خىل تەدبىرلەر پايدا كەلتۈرىدۇ، زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مەسىلەن:

ياز ئايلىرى بېلىقلار كۆپىيىدىغان ئايلاردۇر. بۇ ئايلاردا بېلىق تۇتماسلىق بېلىق مەھسۇلاتىنىڭ كۆپىيىشىگە، بازارلاردا باھاسىنىڭ ئەرزان بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش قاتناش ھادىسىسى چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. نەتىجىدە كۆپلىگەن كىشى مېيىپ بولۇشتىن ياكى ئۆلۈپ كېتىشتىن، نۇرغۇنلىغان ئائىلە ۋەيران بولۇشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

قاتناش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشنىڭ لازىملىقىغا باشقا بىر دەلىل شۇكى، يوللار ئومۇمنىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇنى پارچىلاپ ھەر كىشى ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئايرىپ ئىشلىتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈلەشمەك لازىم. بۇنىڭغا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزە تۆگىسى بىلەن قەۋمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇنىڭ بىر كۈندىن نۆۋەتلەشتۈرۈلگەنلىكى مىسال ۋە دەلىل بولىدۇ[①].

### 4. مۇھىتنى بۇلغاشنىڭ جازاسى

ئىنسانلار يۇقىرىدىكى چەكلىمىگە پەرۋا قىلماي بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن زېمىندا سۇ ۋە ھاۋا بۇلغاندى، ئىقلىم ئۆزگەردى، تەبىئەت ئۆزىنىڭ تەبئىي ھالىتىنى يوقاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خىلمۇخىل يۇقۇملۇق ۋابالار، ئىسمى ھېچ تونۇلمىغان يېڭىدىن - يېڭى كېسەللىكلەر، يەر تەۋرەش، سەل ۋە تسۇنامى ئاپەتلىرى، زىرائەتلەرنىڭ پىتلاپ،

---

① قاراڭ: 26 - سۈرە شۇئەرا، 155 - ئايەت؛ 54 - سۈرە قەمەر، 28 - ئايەت؛ 91 - سۈرە شەمس، 13 - ئايەت.

مېۋىلەرنىڭ قۇرتلاپ كېتىشى... قاتارلىق بۇزۇلۇشلار مەيدانغا كەلدى. بۇ ئىنسانلارغا ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ جازاسىنى تېتىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئىلاھىي جازانىڭ بىر قىسمىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ظَهَرَ ٱلۡفَسَادُ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِ بِمَا كَسَبَتۡ أَيۡدِي ٱلنَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعۡضَ ٱلَّذِي عَمِلُواْ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ۝٤١﴾

«ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا بۇزۇلۇش مەيدانغا كەلدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەزى قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتىشى ئۈچۈن بولدى. ئاللاھ ئۇلارنى توغرا يولغا قايتسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلدى»[1].

﴿وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡۖ فَمَآ أَغۡنَتۡ عَنۡهُمۡ ءَالِهَتُهُمُ ٱلَّتِي يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖ لَّمَّا جَآءَ أَمۡرُ رَبِّكَۖ وَمَا زَادُوهُمۡ غَيۡرَ تَتۡبِيبٖ ۝١٠١ وَكَذَٰلِكَ أَخۡذُ رَبِّكَ إِذَآ أَخَذَ ٱلۡقُرَىٰ وَهِيَ ظَٰلِمَةٌۚ إِنَّ أَخۡذَهُۥٓ أَلِيمٞ شَدِيدٌ ۝١٠٢﴾

«ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. رەببىڭنىڭ ئەمرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلغان ئىلاھلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، زىيانلىرىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە يارىمىدى. رەببىڭ ئاھالىسى زالىم كەنتلەرنى جازالىغاندا، ئەنە شۇنداق جازالايدۇ. ئۇنىڭ جازالىشى بەك ئەلەملىك، بەك قاتتىق بولىدۇ»[2].

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱسۡتَكۡبَرُواْ عَنۡهَا لَا تُفَتَّحُ لَهُمۡ أَبۡوَٰبُ ٱلسَّمَآءِ وَلَا يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ حَتَّىٰ يَلِجَ ٱلۡجَمَلُ فِي سَمِّ ٱلۡخِيَاطِۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُجۡرِمِينَ ۝٤٠ لَهُم مِّن جَهَنَّمَ مِهَادٞ وَمِن فَوۡقِهِمۡ غَوَاشٖۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلظَّٰلِمِينَ ۝٤١﴾

«ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەن ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇلاردىن باش تارتقان كىشىلەرگە ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ھەرگىزمۇ ئېچىلمايدۇ، ئۇلار تۆگە يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتمىگۈچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. بىز گۇناھكارلارنى

① 30 - سۈرە رۇم 41 - ئايەت.
② 11 - سۈرە ھۇد، 101 - ۋە 102 - ئايەتلەر.

مۇشۇنداق جازالايمىز. ئۇلارغا جەھەننەمدىن تۆشەك، ئۈستىلىرىگە يوتقانلار بار. بىز زالىملارنى مانا مۇشۇنداق جازالايمىز»[1].

① 7 - سۈرە ئەئراف، 40 - ۋە 41 - ئايەتلەر.

# XI گۇناھ ۋە تەۋبە (تورۋا)

## §1.شېرىك

شېرىك زۇلۇملارنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان گۇناھتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە مۇشرىكنىڭ جايى دوزاختۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... إِنَّهُۥ مَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ ٱلْجَنَّةَ وَمَأْوَىٰهُ ٱلنَّارُ ۖ وَمَا لِلظَّـٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿٧٢﴾﴾

«كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. زالىملارنىڭ ھېچ ياردەمچىلىرى بولمايدۇ»[1].

﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱفْتَرَىٰٓ إِثْمًا عَظِيمًا ﴿٤٨﴾﴾

«ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈلۈشنى ھەرگىزمۇ مەغپىرەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھنى خالىغان كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ ئۆيدۇرۇپ چىققان بولىدۇ»[2].

ھەر شېرىك كۇفۇردۇر ۋە ھەر كۇفۇر شېرىكتۇر. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى تەۋبىسىز ئەپۇ قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَقَدْ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْمَسِيحُ ٱبْنُ مَرْيَمَ ۖ وَقَالَ ٱلْمَسِيحُ يَـٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبَّكُمْ ۖ إِنَّهُۥ مَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ ٱلْجَنَّةَ وَمَأْوَىٰهُ ٱلنَّارُ ۖ وَمَا لِلظَّـٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿٧٢﴾ لَّقَدْ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ

---

[1] 5 - سۈرە مائىدە، 72 - ئايەت.

[2] 4 - سۈرە نىسا، 48 - ۋە 116 - ئايەتلەر.

ثَالِثُ ثَلَٰثَةٖۘ وَمَا مِنۡ إِلَٰهٍ إِلَّآ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۚ وَإِن لَّمۡ يَنتَهُواْ عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٣﴾

«شۈبھىسىزكى، ‹ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى مەسىھتۇر› دېگەنلەر كافىر بولدى. ئەمەلىيەتتە مەسىھ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلىشىدىغان يېرى دوزاخ بولىدۇ. زالىملارنىڭ ھېچ ياردەمچىلىرى بولمايدۇ›. شۈبھىسىزكى، ‹ئاللاھ ئۈچىنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر› دېگەنلەرمۇ كافىر بولدى[1]. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر بۇلار دەۋاتقان سۆزىدىن توختىمىسا، ئۇ كافىرلار چوقۇم ئەلەملىك ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[2].

### 1. مۇشرىكلارنىڭ ئورتاق ئېتىقادى

مۇشرىكلارنىڭ ئورتاق ئېتىقادى ئاللاھنىڭ رەب ئىكەنلىكىگە (ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى، پەرۋىش قىلغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە) ئىمان كەلتۈرمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَئِن سَأَلۡتَهُم مَّنۡ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُۖ فَأَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ ﴿٦١﴾﴾

---

① ناسارالارنىڭ بىر پىرقىسى: «ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى مەسىھتۇر» دېسە، يەنە بىر پىرقىسى: «ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر» دەيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ھەر ئىككى پىرقىنىڭ بۇ قەبىھ سۆزلەرنى دېيىش بىلەن كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

② 5 - سۈرە مائىدە، 72 - ۋە 73 - ئايەتلەر. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 4 - سۈرە نىسا، 16 - ئايەت، 5 - سۈرە مائىدە، 17 - ۋە 72 - ئايەتلەر، 9 - سۈرە تەۋبە، 32 - ۋە 33 - ئايەتلەر، 23 - سۈرە مۆئمىنۇن، 117 - ئايەت، 35 - سۈرە فاتىر، 13 - ۋە 14 - ئايەتلەر.

«ئەگەر ئۇلاردىن: ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، قۇياشنى ۋە ئاينى بويسۇندۇرغان كىمدۇر؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ‹ئاللاھ› دەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار قانداقمۇ بۇرۇلۇپ كېتىدىغاندۇ؟»[①].

﴿قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَمَن يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ ٱلْمَيِّتَ مِنَ ٱلْحَىِّ وَمَن يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ ۚ فَسَيَقُولُونَ ٱللَّهُ ۚ فَقُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٣١﴾﴾

«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: ‹سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىمدۇر؟ ئاڭلاش قابىلىيىتىگىلارنى ۋە كۆرۈش قابىلىيەتلىرىڭلارنى باشقۇرىدىغان كىمدۇر؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن چىقىرىدىغان، ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقىرىدىغان كىمدۇر؟ ئىشلارنى پىلانلايدىغان كىمدۇر؟›. ئۇلار چوقۇم: ‹ئاللاھ› دەيدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئۇ ھالدا تەقۋادار بولمامسىلەر؟›»[②].

## 2. مۇشرىكلارنىڭ پەرقلىق ئېتىقادلىرى

«مۇشرىك»نىڭ لۇغەت مەنىسى شېرىك قىلغۇچى دېگەن بولۇپ، «ئىبادەتتە ياكى دۇئادا ۋە ياكى ئىتائەتتە بىرەر كىشىنى ياكى بىرەر نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك قىلغۇچى» دېگەن بولىدۇ. ئاللاھقا شېرىك قىلىنغان ئۇ كىشى، ئىنسان ياكى پەرىشتە ياكى جىن بولىدۇ. ئاللاھقا شېرىك قىلىنغان ئۇ نەرسە بولسا بىرەر شەخسنىڭ ياكى بىرەر شەيئىنىڭ ھەيكىلى ياكى خىيالىي سۈرىتى بولىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىدىكى ئېتىقادلىرى پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان:

① 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 61 - ئايەت.
② 10 - سۈرە يۇنۇس، 31 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 27 - سۈرە نەمل، 60 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 63 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 25 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 38 - ئايەت؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 9 - ۋە 87 - ئايەتلەر.

## 1) ئاللاھقا يېقىنلىشىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَا لِلَّهِ ٱلدِّينُ ٱلْخَالِصُ ۚ وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِهِۦٓ أَوْلِيَآءَ مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى ٱللَّهِ زُلْفَىٰٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ فِى مَا هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى مَنْ هُوَ كَٰذِبٌ كَفَّارٌ ﴿٣﴾﴾

«ئاگاھ بولۇڭلاركى، خالىس دىن ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھتىن غەيرىينى ۋەلىي قىلىۋالغانلار: ‹بىز ئۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن، دەپ ئىبادەت قىلىمىز› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ يالغانچىنى ۋە تۇزكورنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[1].

## 2) ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا شاپائەتچى بىلەن چىقىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَٰٓؤُلَآءِ شُفَعَٰٓؤُنَا عِندَ ٱللَّهِ ۚ قُلْ أَتُنَبِّـُٔونَ ٱللَّهَ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿١٨﴾﴾

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ ۋە: ‹بۇلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بىزنىڭ شاپائەتچىلىرىمىزدۇر!› دېيىشىدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھ بىلمەيدىغان قالغان بىرەر نەرسە بولۇپ، سىلەر ئاللاھقا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟› ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر»[2].

---

[1] 39 - سۈرە زۇمەر، 3 - ئايەت.
[2] 10 - سۈرە يۇنۇس، 18 - ئايەت.

### 3) ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَالَ إِنَّمَا ٱتَّخَذۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ أَوۡثَٰنٗا مَّوَدَّةَ بَيۡنِكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ ثُمَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يَكۡفُرُ بَعۡضُكُم بِبَعۡضٖ وَيَلۡعَنُ بَعۡضُكُم بَعۡضٗا وَمَأۡوَىٰكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن نَّٰصِرِينَ ٢٥﴾

«ئىبراھىم ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى: سىلەر بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئاراڭلاردىكى دوستلۇقنى دەپلا ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتىسىلەر. ئاندىن كېيىن قىيامەت كۈنى بىر - بىرىڭلارنى ئىنكار قىلىسىلەر، بىر - بىرىڭلارغا لەنەت ئوقۇيسىلەر. سىلەرنىڭ ئورۇنلىشىدىغان يېرىڭلار دوزاختۇر. سىلەرگە ھېچ ياردەمچى يوقتۇر»[1].

### 4) ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةٗ لِّيَكُونُواْ لَهُمۡ عِزّٗا ٨١﴾

«ئۇلار ئىززەت تاپىمىز دەپ ئاللاھنى قويۇپ بىر قىسىم ئويدۇرما ئىلاھلارغا چوقۇندى»[2].

## 3. مۇشرىكلارنىڭ تۈرلىرى

### 1) كۈچ ۋە ھوقۇق ئىگىلىرىگە چوقۇنغۇچىلار

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ھەققە ئەمەس كۈچكە بويسۇنۇش، ھەققەتنى ئەمەس ھاكىمىيەتنى قوللاش سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا جەمئىيەتتە ھەقلىقنىڭ ئەمەس ھوقۇقلۇقنىڭ، ھەققەتچىنىڭ ئەمەس ھۆكۈمرانىنىڭ تەرەپدارى كۆپ بولىدۇ. مەزكۇر بويسۇنۇش ۋە قوللاش شەرتسىز، چىن قەلبتىن ۋە ئىختىيارىي بولسا چوقۇنۇش سەۋىيەسىگە

---

[1] 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 25 - ئايەت.
[2] 19 - سۈرە مەريەم، 81 - ئايەت.

چىققان، شۇنداقلا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش مەيدانىغا كەلگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى فىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ بايان قىلىدۇ ۋە ئاگاھلاندۇرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَأُ مَا عَلِمْتُ لَكُم مِّنْ إِلَـٰهٍ غَيْرِى فَأَوْقِدْ لِى يَـٰهَـٰمَـٰنُ عَلَى ٱلطِّينِ فَٱجْعَل لِّى صَرْحًا لَّعَلِّىٓ أَطَّلِعُ إِلَىٰٓ إِلَـٰهِ مُوسَىٰ وَإِنِّى لَأَظُنُّهُۥ مِنَ ٱلْكَـٰذِبِينَ ﴿٣٨﴾ وَٱسْتَكْبَرَ هُوَ وَجُنُودُهُۥ فِى ٱلْأَرْضِ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُمْ إِلَيْنَا لَا يُرْجَعُونَ ﴿٣٩﴾ فَأَخَذْنَـٰهُ وَجُنُودَهُۥ فَنَبَذْنَـٰهُمْ فِى ٱلْيَمِّ ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَـٰقِبَةُ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٤٠﴾ وَجَعَلْنَـٰهُمْ أَئِمَّةً يَدْعُونَ إِلَى ٱلنَّارِ ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ لَا يُنصَرُونَ ﴿٤١﴾ وَأَتْبَعْنَـٰهُمْ فِى هَـٰذِهِ ٱلدُّنْيَا لَعْنَةً ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ هُم مِّنَ ٱلْمَقْبُوحِينَ ﴿٤٢﴾﴾

«فىرئەۋن مۇنداق دېدى: ‹ئى جانابلار! سىلەرنىڭ مەندىن باشقا ئىلاھىڭلار بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان! مەن ئۈچۈن لايىنىڭ ئۈستىگە ئوت ياققىن. ئاندىن مەن ئۈچۈن سارايى سالغىن، چىقىپ مۇسانىڭ ئىلاھىغا قاراپ باقاي. مەن مۇسانى يالغانچىلاردىن دەپ ئويلايمەن›. فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئۇ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى. ئۇلار، بىز ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتۇرۇلمايمىز دەپ گۇمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز فىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تۇتۇپ نىل دەرياسىغا ئاتتۇق. قارىغىنا، ئۇ زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ بىز ئۇلارنى دوزاخقا چاقىرىدىغان كاتتىۋاشلار قىلدۇق. قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ياردەم قىلىنمايدۇ. بىز ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت ئەگەشتۈردۇق. ئۇلار قىيامەت كۈنى سەتلەشتۈرۈلگەن ئادەملەردىن بولىدۇ»[1].

---

[1] 28 - سۈرە قەسەس، 38 ~ 42 - ئايەتلەر. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 11 - سۈرە ھۇد، 96 ~ 101 - ئايەتلەر؛ 43 - سۈرە زۇخرۇف، 51 ~ 54 - ئايەتلەر؛ 79 - سۈرە نازىئات، 23 - ۋە 24 - ئايەتلەر.

## 2) بۇتقا چوقۇنغۇچىلار

قۇرئان كەرىمدە «بۇت» پەرقلىق ئۈچ كەلىمە بىلەن ئىپادىلەنگەن:

(1) تەماسىل «تماثيل»، بىرلىك شەكلى تىمسالدۇر. بىرەر ئۆرنەككە قاراپ ياسالغان ھەيكەللەر تەماسىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ياغاچ، تاش، تۆمۈر، گىپس، مىتال قاتارلىق نەرسىلەردىن بىرەر ئىنسان، بىرەر ھايۋان، بىرەر قۇش شەكلىدە ياسالغان ھەيكەللەردىن ھەر بىرى بىرەر تىمسالدۇر. قۇرئان كەرىمدە تىمسال دېگەن كەلىمە يوق، لېكىن ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى (جەمئى) بولغان تەماسىل ئىككى يەردە كەلگەن[1].

(2) ئەسنام «أصنام»، بىرلىك شەكلى سەنەمدۇر. ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇلغان تەماسىل ۋە ئائىورگانىك ماددىلار ئەسنام دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئەسنام كەلىمىسى بەش يەردە كەلگەن[2].

(3) ئەۋسان «أوثان»، بىرلىك شەكلى ۋەسەندۇر. ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەۋسان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان، ھايۋان، دەرەخ ۋە ئائىورگانىك ماددىلارنىڭ ئىچىدىن ئىبادەت قىلىنغان، دۇئا قىلىنغان ۋە ئاللاھقا قىلىنىدىغان سەۋىيىدە ئىتائەت قىلىنغان، ئاللاھ بىلەن تەڭ سەۋىيىدە سۆيۈلگەن، ئۈمىد باغلانغان ۋە قورقۇلغانلاردىن ھەر بىرى بىرەر ۋەسەندۇر. ئەۋسان كەلىمىسى قۇرئان كەرىمدە ئۈچ يەردە ئۆتكەن[3].

ئەنە شۇ ئۈچ تۈرلۈك نەرسىگە چوقۇنغۇچىلار مۇشرىكلارنىڭ «بۇتقا چوقۇنغۇچىلار» گۇرۇھىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَخْلُقُونَ شَيْـًٔا وَهُمْ يُخْلَقُونَ ۝٢٠﴾

«مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلىۋاتقان كىشىلىرى ھېچ نەرسە يارىتالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغان كىشىلەردۇر»[4].

---

① قاراڭ: 21 - سۈرە ئەنبىيا، 52 - ئايەت؛ 34 - سۈرە سەبەئ، 13 - ئايەت.

② قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 74 - ئايەت؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 138 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 14 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 57 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 71 - ئايەت.

③ قاراڭ: 22 - سۈرە ھەج، 30 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 17 - ۋە 25 - ئايەتلەر.

④ 16 - سۈرە نەھل، 20 - ئايەت.

﴿وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمۡلِكُ لَهُمۡ رِزۡقٗا مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ شَيۡـٔٗا وَلَا يَسۡتَطِيعُونَ ﴿٧٣﴾﴾

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن ھېچ رىزىق بېرەلمەيدىغان ۋە بۇنداق قىلىشقا ھەرگىزمۇ كۈچى يەتمەيدىغان ئويدۇرما ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىدۇ»[1].

**ئەسكەرتىش:**

قۇرئان كەرىمدە بىر يەردە نۇسۇب «نصب» كەلىمىسى[2]، بىر يەردە ئەنساب «أنصاب» كەلىمىسى[3] كەلگەن. بۇ كەلىمىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇلغان ئىلاھلارغا قۇربانلىق قىلىنىدىغان ۋە سۇنۇلىدىغان مەخسۇس جايدىكى مۇئەييەن تاشلارنى ئىپادىلەيدۇ[4].

## 3) موللا - ئىشانغا چوقۇنغۇچىلار

ئۇلار ئالىم - ئۆلىمالارنى ۋە موللا - ئىشانلارنى رەب قىلىۋالغان مۇشرىكلاردۇر. بۇ خىل مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ موللىسى ياكى پىرى نېمە دېسە شۇنىڭغا مۇتلەق رەۋىشتە بويسۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە توغرىلاپ باقمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەسلەتكەنلەرگە ئۆز موللىسىنىڭ ياكى ئۆز پىرىنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ ئۆز پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ.

بۇ مۇشرىكلارنىڭ مەقسىتى ئاللاھ نازىل قىلغان دىننى ئۇستۇن بولۇشتىن توسۇش ۋە تارقىلىشىغا توسالغۇ بولۇش، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى «دىن»نى راۋاج تاپقۇزۇشتۇر، خالاس.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① 16 - سۈرە نەھل، 73 - ئايەت.

② قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 3 - ئايەت.

③ قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 90 - ئايەت.

④ قاراڭ: ئەنەس ئالىم، *قۇرئان كەرىم ئىزاھلىق تەرجىمىسى*، (130 - ئىزاھات).

﴿ٱتَّخَذُوٓاْ أَحۡبَارَهُمۡ وَرُهۡبَٰنَهُمۡ أَرۡبَابٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُوٓاْ إِلَٰهٗا وَٰحِدٗاۖ لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ سُبۡحَٰنَهُۥ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ٣١ يُرِيدُونَ أَن يُطۡفِـُٔواْ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَيَأۡبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡكَٰفِرُونَ ٣٢﴾

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئۆلىمالىرىنى ۋە راھىبلىرىنى رەبلەر قىلىۋالدى. مەريەم ئوغلى مەسىھنىمۇ شۇنداق قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت بىر ئىلاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ئۇلار شېرىك قىلغان نەرسىلەردىن پاكتۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. كافىرلار يامان كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئاللاھ نۇرىنى چوقۇم تاماملايدۇ»[1].

ئەدىي ئىبنى ھاتىم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. بوينۇمدا ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بىر كرېست بار ئىدى. ئۇ: «ئى ئەدىي! ئۇ بۇتنى تاشلىۋەتكىن!» دېدى، «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى، راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسا مەسىھنى ئاللاھنى قويۇپ رەبلەر قىلىۋالدى...» دېگەن مەنىدىكى ئايەتنى ئوقۇدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇلار ئۇلارغا ئىبادەت قىلمىدى، لېكىن بۇلار ئۇلار بىر نەرسىنى ھالال دېسە ھالال، ھارام دېسە ھارام دەپ بىلدى». بۇلارنىڭ ئۇلارنى ئاللاھنى قويۇپ رەب قىلىۋېلىشى مانا مۇشۇ شەكىلدە بولدى[2].

## 4) جىنلارغا چوقۇنغۇچىلار

ئۇلار جىنلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلغان مۇشرىكلاردۇر. بۇلارنىڭ مەقستى قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم بولۇش ۋە جىنلاردىن پايدىلىنىش.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَجَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ ٱلۡجِنَّ وَخَلَقَهُمۡۖ وَخَرَقُواْ لَهُۥ بَنِينَ وَبَنَٰتِۭ بِغَيۡرِ عِلۡمٖۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَصِفُونَ ١٠٠﴾

---

[1] 9 - سۈرە تەۋبە، 31 - ۋە 32 - ئايەتلەر.
[2] تىرمىزى، «تەفسىرۇل قۇرئان»، 10.

«ئۇلار جىنلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلدى. ھالبۇكى، جىنلارنى ئاللاھ ياراتقان. ئۇلار ھېچبىر ئىلىمگە ئاساسلانماستىن ‹ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرى بار› دېگەن يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاك ۋە ئۈستۈندۇر»[1].

﴿وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعٗا يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ قَدِ ٱسۡتَكۡثَرۡتُم مِّنَ ٱلۡإِنسِۖ وَقَالَ أَوۡلِيَآؤُهُم مِّنَ ٱلۡإِنسِ رَبَّنَا ٱسۡتَمۡتَعَ بَعۡضُنَا بِبَعۡضٖ وَبَلَغۡنَآ أَجَلَنَا ٱلَّذِيٓ أَجَّلۡتَ لَنَاۚ قَالَ ٱلنَّارُ مَثۡوَىٰكُمۡ خَٰلِدِينَ فِيهَآ إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۗ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ عَلِيمٞ ١٢٨﴾

«ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەھشەرگە يىغقان كۈندە: ‹ئى جىنلار جامائەسى! ئىنسانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردۇڭلار› دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: ‹رەببىمىز! بىز بىر - بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق ۋە سەن بىزگە بەلگىلىگەن ئەجەلنىڭ ئاخىرىغا يەتتۇق› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىسىلەر، پەقەت ئاللاھ خالىغان ۋاقىت ئۇنىڭدىن مۇستەسنا› دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[2].

﴿وَيَوۡمَ يَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعٗا ثُمَّ يَقُولُ لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ أَهَٰٓؤُلَآءِ إِيَّاكُمۡ كَانُواْ يَعۡبُدُونَ ٤٠ قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ أَنتَ وَلِيُّنَا مِن دُونِهِمۖ بَلۡ كَانُواْ يَعۡبُدُونَ ٱلۡجِنَّۖ أَكۡثَرُهُم بِهِم مُّؤۡمِنُونَ ٤١﴾

«ئۇ كۈنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: ‹شۇلار سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟› دەيدۇ. پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ: بىز سېنى ئۇلۇغ دەپ بىلىمىز، بىزنىڭ ۋەلىيىمىز ئۇلار ئەمەس، سەندۇرسەن. ئۇلار بىزگە ئەمەس، جىنلارغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنلارغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئىدى»[3].

---

① 6 - سۈرە ئەنئام، 100 - ئايەت.
② 6 - سۈرە ئەنئام، 128 - ئايەت.
③ 34 - سۈرە سەبەئ، 40 - ۋە 41 - ئايەتلەر.

﴿وَأَنَّهُۥ كَانَ رِجَالٌ مِّنَ ٱلْإِنسِ يَعُوذُونَ بِرِجَالٍ مِّنَ ٱلْجِنِّ فَزَادُوهُمْ رَهَقًا ۝٦﴾

«بىر قىسىم ئىنسانلار بىر قىسىم جىنلارغا سېغىنىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ»[1].

## 5) نەپسى خاھىشىغا چوقۇنغۇچىلار

ئۇلار ئاللاھقا ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىنى، كۆڭۈل ئارزۇسىنى ۋە ھاۋايى - ھەۋەسىنى شېرىك قىلىدىغان مۇشرىكلاردۇر. بۇلارنىڭ بۇ شېرىكتىن مەقسىتى ئۆزلىرىنى ئىسلامنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىدىن ئازاد ھېس قىلىش ۋە بۇ دۇنيادا خالىغىنىچە ياشاشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَرَءَيْتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَٰهَهُۥ هَوَىٰهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا ۝٤٣ أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ أَوْ يَعْقِلُونَ ۚ إِنْ هُمْ إِلَّا كَٱلْأَنْعَٰمِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا ۝٤٤﴾

«نەپسى خاھىشىنى ئىلاھى قىلىۋالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ! سەن ئۇ ئادەمگە ۋەكىل بولالامسەن؟ ياكى سەن ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئاڭلايدۇ ياكى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرگە ئوخشاشتۇر. بەلكى ئۇلار تېخىمۇ گۇمراھتۇر»[2].

﴿أَفَرَءَيْتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَٰهَهُۥ هَوَىٰهُ وَأَضَلَّهُ ٱللَّهُ عَلَىٰ عِلْمٍ وَخَتَمَ عَلَىٰ سَمْعِهِۦ وَقَلْبِهِۦ وَجَعَلَ عَلَىٰ بَصَرِهِۦ غِشَٰوَةً فَمَن يَهْدِيهِ مِنۢ بَعْدِ ٱللَّهِ ۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ۝٢٣ وَقَالُوا۟ مَا هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا يُهْلِكُنَآ إِلَّا ٱلدَّهْرُ ۚ وَمَا لَهُم بِذَٰلِكَ مِنْ عِلْمٍ ۖ إِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ ۝٢٤﴾

«ئى مۇھەممەد! نەپسى خاھىشىنى ئىلاھى قىلىۋالغان، ئاللاھ بىر ئىلمگە ئاساسەن ئازدۇرغان، ئاللاھ ئاڭلاش قابىلىيىتىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆرۈش قابىلىيىتىنى پەردىلىۋەتكەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

[1] 72 - سۈرە جىن، 6 - ئايەت.
[2] 25 - سۈرە فۇرقان، 43 - ۋە 44 - ئايەتلەر.

ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ ئۇيلاپ باقمامسىلەر؟ ئۇلار: ‹ھايات بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىنلا ئىبارەت، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز، بىزنى پەقەت زامان ھالاك قىلىدۇ› دەيدۇ. ئۇلار بۇ سۆزىدە ھېچبىر ئىلىمگە ئاساسلانمايدۇ. ئۇلار گۇمان بىلەنلا گەپ قىلىدۇ»[①].

بۇ خىل مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، تىرىكچىلىك يولىنى ۋە ياشاش شەكلىنى ئۆزى خالىغان بويىچە بەلگىلەيدۇ. ئىمان شەرتلىرىگە، ئىسلام ئەركانلىرىغا، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۆلىمالارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلىم - تەربىيەلىرىنى قۇلىقىدا تۇتمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئېغىزلىرى بىلەن: «ھايات مېنىڭ ھاياتىم، ئۆزۈم چاغلاپ ياشايمەن، ماڭا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ، ياشاش كېرەك، تۆت كۈنلۈك ئالەمدە ھاياتنىڭ كەيپىنى سۈرۈش لازىم، موللام نادان، دادام جاھىل، ئانام قاتمال، دىن كونىلىق» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ ياكى بۇنى ئۆزلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئىش - ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ، ئالدىغا كەلگەننى يەيدۇ، ھالال - ھارامنى ئىلغىمايدۇ، ياخشى - ياماننى ئايرىمايدۇ، گۇناھ - ساۋابنى تاللىمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئەنە شۇ چۈشەنچە ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن شەيتانغا مۇرىت، نەپسىگە بەندە بولغان بولىدۇ. يەنى بۇنداق كىشىلەر ئۆز نەپسىنى ئۆزىنىڭ ئىلاھى قىلىۋالغان مۇشرىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

### 4. ياردەم تىلەش ۋە دۇئا

#### 1) ئىنسان ياردەمگە موھتاج

ئاللاھ تائالا ئىنساننى چىرايلىق شەكىلدە يارىتىش[②] ۋە ھۆرمەتلىك قىلىش[③] بىلەن بىرگە، ئۇنى ئاجىز ياراتقان[④]. سانىسىزلىغان نېمەتلەرنى

---

① 45 - سۈرە جاسىيە، 23 - ۋە 24 - ئايەتلەر.
② قاراڭ: 95 - سۈرە تىن، 4 - ئايەت.
③ قاراڭ: 17 - سۈرە ئىسرا، 70 - ئايەت.
④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 28 - ئايەت.

يارىتىپ ئۇنىڭغا سۇنۇش[1] بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا بەزىدە ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن[2]، بەزىدە جازالاش ئۈچۈن[3] مۇسىبەت يەتكۈزۈشنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ فىترىتىگە نېمەتلەردىن كۆپ ھاسىل قىلىش ۋە خەۋپ - خەتەرلەردىن ساقلىنىش ئارزۇسىنى سىڭدۈرگەن[4]، شۇڭلاشقا ئۇ ھاياتى بويىچە بۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ[5]، ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلغان چېغىدا باشقىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ[6].

## 2) جائىز بولغان ياردەم تىلەش

ياردەمگە مۇھتاج بولۇپ قالغان كىشى ياردەم قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان، ياردەم قىلىش قولىدىن كېلىدىغان ۋە ياردەم قىلالايدىغان كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا بولىدۇ[7]. ياردەم قىلالايدىغانلارنىڭ موھتاجلارغا ياردەم تەلەپ قىلمىسىمۇ ياردەم قىلىشى ياخشى ئىشتۇر[8]، ھەتتا مۇھىم ئىشتۇر[9]. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى مۇرادىغا يېتىشتە ئاجىزلىق ھېس قىلىدىكەن، كۈچى يېتىدىغان بىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلسا ئەقلگە ئۇيغۇن ۋە شەرئەتكە مۇۋاپىق ئىش قىلغان بولىدۇ.

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 29 - ئايەت؛ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 32 ~ 34 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 12 ~ 14 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 36 - ، 37 - ۋە 65 - ئايەتلەر؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 61 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 20 - ۋە 29 - ئايەتلەر؛ 35 - سۈرە فاتىر، 13 - ئايەت؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 12 - ۋە 13 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 155 - ئايەت.

③ قاراڭ: 16 - سۈرە نەھل، 112 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 30 - ئايەت.

④ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 14 - ئايەت. 100 - سۈرە ئادىيات، 8 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 84 - سۈرە ئىنشىقاق، 6 - ئايەت.

⑥ قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 15 - ئايەت.

⑦ قۇرئان كەرىمدە يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن قورققان قەۋم بىلەن زۇلقەرنەيننىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىپ بىر سېپىل سېلىشى (قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 94 ~ 96 - ئايەتلەر)، مۇسانىڭ تەرەپدارىدىن بولغان كىشىنىڭ، مۇسانىڭ دۈشمىنىدىن بولغان كىشىگە قارشى مۇسادىن ياردەم تەلەپ قىلىشى (قاراڭ: 28 - سۈرە قەسەس، 15 - ئايەت) زىكىر قىلىنىدۇ. بۇ بىر ئىشتا ئاجىز كېلىپ قالغان كىشى ياردەم قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان بىراۋدىن ياردەم تەلەپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ «كىمكى ئۆز قېرىندىشىغا يار - يۆلەك بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدۇ» - (مۇسلىم، «زىكىر، دۇئا، تەۋبە ۋە ئىستىغفار»، 38؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 67؛ تىرمىزى، «ھۇدۇد»، 3؛ ئىبنى ماجە، «ئىفتىتاھۇل كىتاب»، 17؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 12: 393، 13: 325، 16: 297، 394.

⑨ «ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار» - (5 - سۈرە مائىدە، 2 - ئايەت).

## 3) شېرىك بولغان ياردەم تىلەش

ئاللاھتىن غەيرىينىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلاردا ئاللاھنى قويۇپ «ئەۋلىيا»لاردىن، «ھەزرىتى بۇزرۇكۋار»لاردىن ۋە «پىرى كامىل»لاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئاللاھتىن غەيرىيگە دۇئا قىلغانلىقتۇر، شۇنداقلا شېرىكتۇر. سۈننىي سوپىلار شەيخ ۋە ماشايىخلىرىنىڭ روھلىرىدىن، شىئىي تائىپىلەر ئىماملىرىنىڭ ۋە ئۇلۇغلىرىنىڭ روھلىرىدىن مەدەت تەلەپ قىلدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن مۇشرىك ۋە كافىر بولۇپ كېتىدۇ①. چۈنكى ئۇلار ئۇ «ئۇلۇغلار»نى ئەھۋالىمىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، سۆزىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، قەيەردە بولساق ۋە قايسى تىل بىلەن چاقىرساق بىزگە ياردەم قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان بولىدۇ. بۇلار بولسا پەقەت ئاللاھنىڭ سۈپىتىدۇر②.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېيىشنى ئۈگەتكەن:

﴿إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ ٥﴾

«ئى ئاللاھ! بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»③.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن غەيرىيگە دۇئا قىلىش شېرىكتۇر. چۈنكى دۇئا تۆۋەنچىلىك بىلەن يېلىنىپ تۇرۇپ ياخشىلىق تىلەش دېگەن بولىدۇ، شۇنداقلا ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ ④ . يەنى ئاللاھتىن باشقىسى بېرىشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرنى ئەنبىيالاردىن ياكى ئەۋلىيالاردىن ۋە ياكى قانداقلا بىر «ئۇلۇغ زات»دىن تىلەش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلغۇچى مۇشرىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 106 ~ 107 - ئايەتلەر؛ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 117 - ئايەت؛ 35 - سۈرە فاتىر، 13 ~ 15 - ئايەتلەر؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 4 ~ 6 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 7 - سۈرە ئەئراف، 180 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 110 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 8 - ئايەت؛ 19 - سۈرە مەريەم، 93 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر، 24 - ئايەت.

③ 1 - سۈرە فاتىھە، 5 - ئايەت.

④ ئىبنى مەنزۇر «دۇئا»، 14: 257؛ ئەبۇلھەسەن نۇرۇددىن موللا ئەلى ئىبنى سۇلتان مۇھەممەد قارى ھەرەۋىي، *مىرقاتۇل مەفاتىھ شەرھى مىشكاتىل مەسابىھ*، (بېيرۇت: دارۇلفىكر، ھ 1422 / م 2002)، 4: 1523؛ ئەبۇلئۇلا مۇھەممەد ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇررەھىم مۇبارەكفۇرى، *تۇھفەتۇل ئەھۋەزىي*، (بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، تارىخسىز)، 9: 218.

﴿وَلَا تَدۡعُ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكَ وَلَا يَضُرُّكَۖ فَإِن فَعَلۡتَ فَإِنَّكَ إِذٗا مِّنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٠٦﴾

«ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە دۇئا قىلمىغىن! ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، چوقۇم زالىملاردىن بولىسەن»[①].

## 4) سەۋەب قىلماي دۇئا قىلىشنىڭ ئىچىنىشلىق ئاقىۋىتى

ئەسلىدە مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە لايىق رەۋىشتە غەيرەت قىلىش، لازىملىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىش ۋە كېرەكلىك سەۋەبنى ھاسىل قىلىش شەرت قىلىنغان[②] بولسىمۇ، ئەپسۇس، بۈگۈن قۇرئان - سۈننەتنىڭ مەزمۇنىدىن يىراقلاشقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا سەۋەب قىلماي دۇئا قىلىش بىلەن خاتالىشىۋاتقان ياكى دۇئانى ئاللاھتىن غەيرىيگە قىلىش بىلەن مۇشرىك بولۇپ كېتىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ.

ئۇزۇندىن بېرى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى تاشلاپ، ئەسلا ئەپۇ قىلىنمايدىغان شېرىك پاتقىقىغا پاتتى ۋە ھالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى. ئۇلار دەرۋەقە ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا ۋەدە قىلغان رەھمەتلىرىدىن[③] مەھرۇم قالدى[④]، زېمىن شۇنچە كەڭ تۇرۇپ

---

① 10 - سۈرە يۇنۇس، 106 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 117 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 213 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 88 - ئايەت؛ 72 - سۈرە جىن، 18 - ۋە 20 - ئايەتلەر؛ 35 - سۈرە فاتىر، 13 ~ 14 - ئايەتلەر؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 4 ~ 6 - ئايەتلەر.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 186 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 97 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 19 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 112 - ئايەت؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا، 94 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 55 - ئايەت.

③ قاراڭ: 10 - سۈرە يۇنۇس، 102 - ئايەت؛ 30 - سۈرە رۇم، 47 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 51 - ئايەت؛ 63 - سۈرە مۇنافىقۇن، 8 - ئايەت.

④ بۈگۈن يەر يۈزىدە پارتىلىغان ھەر بومبا مۇسۇلمانىنىڭ دىيارىدا پارتىلىماقتا، ئاققان كۆز ياشلىرى مۇسۇلمانىنىڭ كۆزىدىن ئاقماقتا، مۇسۇلمانىنىڭ بالىلىرى ئۆلتۈرۈلمەكتە، مۇسۇلمانىنىڭ ئىززىتى دەپسەندە قىلىنماقتا، مۇسۇلمانىنىڭ غۇرۇرى ئاياغ ئاستى قىلىنماقتا. قىسقىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى تۆكۈلمەكتە، ماللىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنماقتا، شەھەرلىرى بومباردىمان قىلىنماقتا، خاتىرجەم تۇرغىلى يېرى يوق سەرگەردان بولۇپ پاناھگاھ ئىزدەپ يۈرگەن «پاناھلىق تىلىگۈچىلەر»مۇ مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپماقتا.

ئۇلارغا تار كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى دورىنى دوختۇر يېزىپ بەرگەن رېتسېپ بويىچە ئىستېمال قىلمىغان ياكى ئۆزى خالىغانچە دورا ئىستېمال قىلغان ۋە ياكى ئالدىدا تۇرغان دورىنى ھېچ ئىستېمال قىلمىغان، نەتىجىدە كېسلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان كېسەل ئادەمگە ئوخشايدۇ. تۆۋەندىكى شېئىرنى يازغان كىشى نېمىدېگەن ياخشى يازغان ئىكەن - ھە:

ئەجەب ئىشقۇ ئەجەب ئىش بەكمۇ كۆپتۇر ئەجەب ئىش،

يېنىدىكى دورىنى ئالماسلىق بىر ئەجەب ئىش.

ئۆلۈپ كەتكەن تۆگىدەك چۆلدە تارتىپ ئۇسسۇزلۇق،

دۈمبىسىنىڭ ئۈستىدە سۇ يۈكلەنگەن تۇرۇقلۇق①.

## 5. شېرىكنىڭ ھۆكمى

ئاللاھ تائالا شېرىكتىن قەتئىي مەنئىي قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر:

﴿... فَمَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلۡيَعۡمَلۡ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَلَا يُشۡرِكۡ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدَۢا ١١٠﴾

«... كىم رەببىگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئەمەل قىلسۇن ۋە رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن»②.

﴿وَلَا تَدۡعُ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكَ وَلَا يَضُرُّكَۖ فَإِن فَعَلۡتَ فَإِنَّكَ إِذٗا مِّنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٠٦﴾

---

① - بۇ بىر ئەرەب شائىرىنىڭ شېئىرى بولۇپ، ئەسلى تېكىستى مۇنداق: «وَمِنَ الْعَجَائِبِ وَالْعَجَائِبُ جَمَّةٌ ... قُرْبُ الشِّفَاءِ وَمَا إِلَيْهِ وُصُولُ. كَالْعِيسِ فِي الْبَيْدَاءِ يَقْتُلُهَا الظمأ... والماء فوق ظهورها محمولُ» - ئىبنى قەييىم جەۋزىيە، *زادۇلمەئاد*، 4: 90.

② 18 - سۈرە كەھف، 110 - ئايەت.

«ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە دۇئا قىلمىغىن! ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، چوقۇم زالىملاردىن بولىسەن»[①].

قانداق باھانە، قانداق نىيەت ۋە قانداق شەكىلدە بولسا بولسۇن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر. چۈنكى ئاللاھ تەۋھىدكە ئەمر قىلغان. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئۇ ئەمرگە بويسۇنمىغانلىق، ھەددىدىن ئاشقانلىق، شۇنداقلا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇقمان ھېكىم ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىنى ئۇنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن مەنئى قىلىش بىلەن باشلىغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿وَإِذۡ قَالَ لُقۡمَٰنُ لِٱبۡنِهِۦ وَهُوَ يَعِظُهُۥ يَٰبُنَيَّ لَا تُشۡرِكۡ بِٱللَّهِۖ إِنَّ ٱلشِّرۡكَ لَظُلۡمٌ عَظِيمٞ ١٣﴾

«ئۆز ۋاقتىدا لۇقمان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى ئوغۇلچىقىم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ناھايىتى چوڭ زۇلۇمدۇر»[②].

رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى گۇناھ چوڭ؟ دېگەن سوئالغا: «ئۆزۈڭنى ياراتقان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن[③].

## §2. تۇنەك كېچىلىرى

قۇرئان - سۈننەتتىكى ئىسلامدىن يىراقلاشقان مۇسۇلمانلار ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس ئالغان شېرىك، بىدئەت ۋە خۇراپاتلارغا چىڭ ئېسىلغانلىقنى «تەقۋالىق» دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارنى ئەسىرلەردىن بېرى

① 10 - سۈرە يۇنۇس، 106 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 23 - سۈرە مۇئمىنۇن، 117 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 213 - ئايەت؛ 28 - سۈرە قەسەس، 88 - ئايەت؛ 72 - سۈرە جىن، 18 - ۋە 20 - ئايەتلەر.

② 31 - سۈرە لۇقمان، 13 - ئايەت.

③ بۇخارى، «تەفسىر»، 5، «ئەدەب»، 20، «ھۇدۇد»، 21، «دىيات»، 1؛ مۇسلىم، «ئىمان»، 141، 142؛ ئەبۇ داۋۇد، «تالاق»، 50؛ تىرمىزى، «تەفسىر»، 26؛ نەسەئى، «تەھرىمۇددەم»، 4؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 6: 104، 7: 178، 200.

داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. جۈملىدىن ئۇلار يىلنىڭ بەزى كېچىلىرىنى تۈنەك كېچىلىرى دەپ ئاتاپ، ئۇ كېچىلەرنى مەسچىت - جامەلەرگە ياكى ئۆزلىرى بېكىتكەن جايلارغا يىغىلىپ مەخسۇس ناماز، مەخسۇس دۇئا ۋە مەخسۇس زىكىر - تەسبىھلەر بىلەن ئۆتكۈزمەكتە. بۇ تۈنەش بەزىدە رەقس - سامالار بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا.

بىر ئىشنىڭ ئىبادەت ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئىككى شەرت بار: بىرى ئىخلاس، يەنە بىرى ئىتائەت. ئىخلاس ئاللاھقىلا قىلىش، ئىتائەت بۇيرۇغاننى قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھقا خالىس قىلىنمىغان ئىبادەت ياكى ئىبادەت دەپ كۆرسىتىلمىگەن پائالىيەت ئەسلا ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. بەلكىدە بىرىنچىسى شېرىك، ئىككىنچىسى بىدئەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى دىن ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى تاماملىنىپ بولغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ دِينٗاۚ ... ٣﴾

«بۈگۈن سىلەر ئۈچۈن دىنىڭلارنى كامىل قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلامنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»[①].

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى، كېيىن پەيدا قىلىنغان ئىشتۇر، ھەر بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر»[②].

«كېيىن پەيدا قىلىنغان ھەر ئىش بىدئەتتۇر. ھەر بىدئەت زالالەتتۇر، ھەر زالالەت دوزاختىدۇر »[③].

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ تەقلىد يولىنى تاشلاپ تەھقىق يولىغا كىرىشى، دىن نامىغا قىلىنىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى، بولۇپمۇ مەزكۇر تۈنەك كېچىلىرىنى قۇرئان - سۈننەتكە تەڭلەپ بېقىشى، شۇنداقلا

① 5 - سۈرە مائىدە، 3 - ئايەت.

② مۇسلىم، «جۈمە»، 43.

③ ئەبۇ داۋۇد، «سۈننەت»، 6؛ نەسەئى، «ئىيدەين»، 22؛ ئىبنى ماجە، «مۇقەددىمە»، 6؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 22: 237، 23: 234؛ دارىمى، «مۇقەددىمە»، 16.

ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆگىنىپ توغرىسىنى قىلىشى كېرەك. ئۇ كېچىلەر تۆۋەندىكىچە:

### 1. مەۋلۇت كېچىسى

بۇ ھىجرىيە 3 - ئاي (رەبىئۇلئەۋۋەل)نىڭ 12 - كېچىسى. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار بۇ كېچىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن قۇتلايدۇ، ئۇ كېچىدە تۈنەيدۇ. تارىخ مەنبەلىرىدە بۇ ئىشنى، ئەربىلنىڭ[①] ئاتابېگى مۇزەففەرۇددىن كۆكبۆرىنىڭ (ھ 549 - 630 / م 1153 - 1232) پەيدا قىلغانلىقى[②]، قاتناشقانلارغا مەۋلۇت قىسسەلىرى ئوقۇشنى تۇنجى باشلاتقان كىشىنىڭ مىسىر چەركەز ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى ياكى مىسىر فاتىمىيلىرى ئىكەنلىكى، ئوسمانلى دەۋرىدە مەۋلۇت كېچىسىدە تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ[③].

### 2. رەغائىب كېچىسى

بۇ كېچە ھىجرىيە 7 - ئاي (رەجەب)نىڭ تۇنجى جۈمە كۈنى تاڭ ئاتىدىغان كېچىدۇر. رەجەب ئېيىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بىر قىسىم رىۋايەتلەر بار، لېكىن ھەدىس ئالىملىرى ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزىسى زەئىپ، بەزىسى مەۋزۇ (ئويدۇرما) ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېكىتكەن. رەغائىب نامىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتنى ھىجرىيە 412 - يىلى (مىلادىيە 1021 - يىلى) ياكى ھىجرىيە 414 - يىلى (مىلادىيە 1023 - يىلى) ۋاپات بولغان ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھدامىنىڭ پەيدا قىلغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ[④].

---

① ھازىرقى ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى.

② بۇ سالاھۇددىن ئەييۇبىي دەۋرىدە ئەربىل ۋالىيسى بولغان كىشىدۇر.

③ نەبىي بوزقۇرت، «قەندىل»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2001)، 24: 301.

④ نەبىي بوزقۇرت، «قەندىل»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2001)، 24: 301.

### 3. مىراج كېچىسى

مىراج توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر پەرقلىق بولسىمۇ مىراجنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. 17 - سۈرە ئىسرانىڭ بىرىنچى ئايىتى بىلەن 53 - سۈرە نەجمنىڭ 13 - ئايىتىدىن 18 - ئايىتىگىچە بولغان بەش ئايەت بۇنى تەكىتلەيدۇ. لېكىن مىراجنىڭ قايسى يىلى ۋە قايسى ئايدا بولغانلىقى توغرىسىدا پەرقلىق ئالتە رىۋايەت بار:

1- پەيغەمبەرلىكنىڭ بىرىنچى يىلىدا،

2- پەيغەمبەرلىكنىڭ بەشىنچى يىلىدا،

3 - پەيغەمبەرلىكنىڭ 10 - يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 27 - كېچىسى،

4 - پەيغەمبەرلىكنىڭ 12 - يىلى رامىزان ئېيىدا،

5 - پەيغەمبەرلىكنىڭ 13 - يىلى مۇھەررەم ئېيىدا،

6 - پەيغەمبەرلىكنىڭ 13 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا[1].

ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولسىمۇ نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار ئۇ كېچىنى رەجەب ئېيىنىڭ 27 - كېچىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇ كېچىدە بىر يەرگە يىغىلىپ تۈنەيدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن بىر تەرەپتىن ئۆز جاھىللىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىدئەت ئىش قىلغان بولىدۇ، چۈنكى بۇ كېچىدە رەسۇلۇللاھ تۈنىمىگەن، باشقىلارغا تۈنەشنى تەۋسىيەمۇ قىلمىغان، شۇڭا ساھابىلەرمۇ تۈنىمىگەن.

### 4. بارائەت كېچىسى

بۇ ھىجرىيە 8 - ئاي (شەئبان) نىڭ 15 - كېچىسى. بۇ كېچىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا كۆپ رىۋايەتلەر نەقىل قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى زەئىپتۇر (يەنى دەلىل بولالىغۇدەك كۈچتە ئەمەستۇر)، بۇ ھەقتە بىرمۇ سەھىھ ھەدىس يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېچىنى تۈنەپ ئۆتكۈزۈش ۋە يىغىلىپ قۇتلاش بىدئەتتۇر. شۇنىڭدەك، بۇ كېچىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كۈنلەرنى بارائەت كۈنلىرى دەپ ئاتاش، ئۇ كۈنلەردە روھلار خۇش بولسۇن

---

[1] مۇبارەكفۇرى، *رەھىقۇل مەختۇم*، 124.

دەپ ياغ پۇرىتىش، بۇ كۈنلەر كىرگەندە «بۇ بارائەت، ئۆتكەن يىلقى بارائەتتىن بۇ بارائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ يېڭى بارائىتى» دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاش، قەبرىسىنى مەخسۇس ھالدا زىيارەت قىلىش ۋە ھاكازالارنىڭ ھەممىسى بىدئەتتۇر، ھارامدۇر.

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلار بۇ بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى قىلماقتا. جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار قىلىپ كەلگەن بىدئەتلەر تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا شەئبان ئېيىنىڭ 14 - كۈنى يېڭى بارائەت، 15 - كۈنى كونا بارائەت ۋە 15 - كۈنى تاڭ ئاتىدىغان كېچە «بارائەت كېچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە «ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ، ئەۋلىيا - ماشايىخلارنىڭ ۋە ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ روھلىرى بىزنى يوقلاپ كېلىدۇ. ياغ پۇراتساق ئۇ روھلار بىزدىن خۇشال بولىدۇ» دېگەن باتىل ئېتىقادلار بىلەن ئۆيلەردە مەخسۇس ياغ پۇرىتىلىدۇ. پۇرىتىلغان ياغلاردا قۇيماق، پوشكال ۋە چەلپەك قاتارلىق مەخسۇس يېمەكلىكلەر پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ ۋە قولۇم - قوشنىلارغا سۇنۇلىدۇ.

ئۇ يېمەكلىكلەردىن بىر قىسمى قەبرىستانلىقلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قەبرىستانلىقتا مەخسۇس تەييار بولۇپ تۇرغان «قارىيلار»دىن بىرىنى چاقىرىپ ئائىلىسىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئۇنلۇك قىلىپ بىر مىقدار قۇرئان ئوقۇتۇلىدۇ. ئاندىن ھېلىقى قۇيماق... لار «قاراخۇنۇم»نىڭ ئالدىدا قويۇلۇپ دۇئاسى ئېلىنىدۇ. بۇ جەرياندا قەبرىنىڭ كونا خادىسىنىڭ يېنىغا يېڭى خادا قويۇلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە بارائەت كېچىسى دەپ ئاتىلىدىغان كېچىدە يەنى شەئبان ئېيىنىڭ 15 - كۈنى تاڭ ئاتىدىغانكېچىدە جامائەت مەسچىت - جامەلەرگە ياكى ئۆيلەرگە يىغىلىپ مەخسۇس دۇئا - تەلەپ قىلىش، مەخسۇس شەكىلدە بىرقانچە رەكئەت ناماز ئوقۇش ئادەتلىرىمۇ بار. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك بۇلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتتۇر، ھارامدۇر.

## §3.باشقا گۇناھلار

ئاللاھ كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن①، ئىنساننى بولسا سىناش ئۈچۈن ياراتقان②، شۇڭا ئۇنىڭ ئىچىدە يامانلىققا ئازدۇرغۇچى نەپسى بىلەن ياخشىلىققا تەشەببۇس قىلىدىغان ئەقىلنى③ بار قىلغان، يەنە ياخشىلىقنى ئىلھام قىلىدىغان بىر ھەمراھ (پەرىشتە)④، يامانلىقنى ۋەسۋەسە قىلىدىغان بىر ھەمراھ (شەيتان) قويغان⑤، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىدا ياخشى بىلەن يامانغا ئوخشاش مۇساپىدە قويغان ۋە ھەر ئىككىسىنى تونۇتقان⑥، ئاندىن ئۇنىڭغا ياخشىنى ياكى يامانىنى تاللاشتا تولۇق ئىختىيار بەرگەن⑦.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن خالىغان ئىنسان ئىمان ئېيتىدۇ، خالىغان ئىنسان كافىر بولىدۇ. خالىغان ئىنسان نەپسى بىلەن شەيتانغا ئەگىشىپ يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، خالىغان ئىنسان ئەقىل بىلەن پەرىشتىگە ئەگىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ⑧. نەتىجىدە ئىنسانلار كافىر، مۇسۇلمان،

---

① «ئاللاھ شۇنداق زاتكى، زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ياراتتى» (2 - سۈرە بەقەرە، 29 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 14 - سۈرە ئىبراھىم، 32 - ۋە 33 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 12 - ۋە 14 - ئايەتلەر؛ 22 - سۈرە ھەج، 36 - ، 37 - ۋە 65 - ئايەتلەر؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 61 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 20 - ۋە 29 - ئايەتلەر؛ 35 - سۈرە فاتىر، 13 - ئايەت؛ 45 - سۈرە جاسىيە، 12 - ۋە 13 - ئايەتلەر).

② «ئاللاھ قايسىڭلارنىڭ ئەمىلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئۆلۈمنى ۋە ھاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر» (قاراڭ: 67 - سۈرە مۈلك، 2 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 2 - سۈرە بەقەرە، 155 - ئايەت، 3 - سۈرە ئال ئىمران، 186 - ئايەت، 5 - سۈرە مائىدە، 48 - ۋە 94 - ئايەتلەر؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 165 - ئايەت، 11 - سۈرە ھۇد، 7 - ئايەت، 18 - سۈرە كەھف، 7 - ئايەت، 21 - سۈرە ئەنبىيا، 35 - ئايەت).

③ قاراڭ: 12 - سۈرە يۇسۇف، 53 - ئايەت.

④ قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 100 - ئايەت، 8 - سۈرە ئەنفال، 22 - ئايەت، 10 - سۈرە يۇنۇس، 100 - ئايەت.

⑤ قاراڭ: 50 - سۈرە قاف، 21 ~ 27 - ئايەتلەر.

⑥ «شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئۇرۇقلانغان ئارىلاشما تۇخۇمدىن ياراتتۇق. ئۇنى سىنايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، بىز ئۇنىڭغا يولنى كۆرسەتتۇق. ئۇ يا شۈكۈر قىلغۇچى يا تۇزكورلۇق قىلغۇچى بولىدۇ» (قاراڭ: 76 - سۈرە ئىنسان، 2 - ۋە 3 - ئايەتلەر. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەت: 90 - سۈرە بەلەد، 10 - ئايەت).

⑦ «خالىغان كىشى ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان كىشى كاپىر بولسۇن» (قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 29 - ئايەت).

⑧ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 256 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 29 - ئايەت؛ 26 - سۈرە شۇئەرا، 3 - ۋە 4 - ئايەتلەر.

مۇشرىك، مۇئمىن، گۇناھكار، ئىتائەتكار، ئاسىي، تەقۋادار دەپ بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ[①].

ئاللاھ تائالا كۇفۇر، شىرىك، گۇناھ ۋە ئاسىيلىق قاتارلىق يامان ئىشلارنى قىلغان بەندىلىرىنى تەۋبە قىلىشقا چاقىرغان ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ يَـٰعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ أَسْرَفُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا۟ مِن رَّحْمَةِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَغْفِرُ ٱلذُّنُوبَ جَمِيعًا ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ۝٥٣﴾

«ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تۆۋەندىكى سۆزۈمنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگىن: ئى ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ پۈتۈن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر»[②].

مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە پەرقلىق ئۇسلۇبلار بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ نۇرغۇنلىغان ئىشلاردىن مەنئى قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ ۋە كىچىكلىرىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ چوڭلىرىدىن ساقلانغانلاردىن كىچىكلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ[③]. شۇنىڭدەك، چوڭ گۇناھلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ۋاقتىدا تەۋبە قىلىشىنىڭ لازىملىقىمۇ بىلدۈرۈلىدۇ[④]. ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىشتىن مەنئى قىلىشى ئۇنى ھارام قىلىش، ئۇنىڭدىن چەكلەش، ئۇنىڭغا جازا بەلگىلەش، قىلغۇچىغا لەنەت ۋە غەزەپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ بىرى بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىر ئىشتىن بۇ ئۇسۇللارنىڭ بىرى بىلەن مەنئى قىلغان بولسا، ئۇ ئىش چوڭ گۇناھ، ئۇ ئىشقا ئېلىپ بارىدىغان يول،

---

① قۇرئان كەرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: 15 - سۈرە ھىجر، 2 - ئايەت، 9 - سۈرە تەۋبە، 28 - ئايەت، 2 - سۈرە بەقەرە، 285 - ئايەت، 32 - سۈرە سەجدە، 12 - ئايەت، 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 7 - ئايەت.

② 39 - سۈرە زۇمەر، 53 - ئايەت.

③ قاراڭ: 18 - سۈرە كەھف، 49 - ئايەت، 42 - سۈرە شۇرا، 25 - ۋە 37 - ئايەتلەر؛ 53 - سۈرە نەجم، 32 - ئايەت؛ 54 - سۈرە قەمەر، 53 - ئايەت.

④ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 135 - ئايەت، 4 - سۈرە نىسا، 17 - ۋە 18 - ئايەتلەر.

يېقىنلاشتۇرىدىغان سەۋەب ۋە يەتكۈزىدىغان ۋاستىلار كىچىك گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلاردىنمۇ مەنئى قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا زىنادىن مەنئى قىلىش بىلەن بىرگە ئەر - ئاياللارنى نامەھرەمگە تىكىلىپ قاراشتىن، ئاياللارنى باشقىلارغا مەخپىي زىننەتلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ مېڭىشتىن مەنئى قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان يوللاردىنمۇ مەنئى قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن چوڭ گۇناھنىڭ ئۆزىدىن ساقلىنىش شەرتى بىلەن بۇنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ[1]. تۆۋەندە مىسال ئۈچۈن گۇناھلاردىن بىرقىسمى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

### 1. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَقْتُلُواْ ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّۗ ... ﴿٣٣﴾﴾

«ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەڭلار»[2].

### 2. نامازنى تەرك ئېتىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَخَلَفَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ خَلۡفٌ أَضَاعُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّبَعُواْ ٱلشَّهَوَٰتِۖ فَسَوۡفَ يَلۡقَوۡنَ غَيًّا ﴿٥٩﴾ إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ وَلَا يُظۡلَمُونَ شَيۡـًٔا ﴿٦٠﴾﴾

«ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يامان نەسىل كەلدى. ئۇ نەسىل نامازنى زايە قىلدى ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ئەگەشتى. ئۇلار ئازغۇنلۇقنىڭ جازاسىنى

---

[1] قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 31 - ئايەت، 11 - سۈرە ھۇد، 114 - ئايەت.

[2] 17 - سۈرە ئىسرا، 33 - ئايەت. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 4 - سۈرە نىسا، 93 - ئايەت، 5 - سۈرە مائىدە، 32 - ئايەت، 6 - سۈرە ئەنئام، 151 - ئايەت، 25 - سۈرە فۇرقان، 68 - ئايەت.

يېقىندا تارتىدۇ. لېكىن تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىش قىلغانلار ئۇنداق ئەمەس. بۇلار ھېچبىر زۇلۇمغا ئۇچرىماستىن جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

### 3. زاكاتنى بەرمەسلىك

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ ۝٦ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلْأَخِرَةِ هُمْ كَٰفِرُونَ ۝٧﴾

«مۇشرىكلارنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار زاكاتنى بەرمەيدىغان ۋە ئاخىرەتكە كاپىر بولغان كىشىلەردۇر»[2].

### 4. ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَٰنًا ... ۝٣٦﴾

«ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار»[3].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلمىغان كىشى ئۇلارنى قاقشاتقان بولىدۇ.

### 5. تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلماسلىق

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِى تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلْأَرْحَامَ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا ۝١﴾

---

① 19 ـ سۈرە مەريەم، 59 ـ ۋە 60 ـ ئايەتلەر. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 9 ـ سۈرە تەۋبە، 5 ـ ئايەت، 74 ـ سۈرە مۇددەسسىر، 42 ـ ئايەت.

② 41 ـ سۈرە فۇسسىلەت، 6 ـ ۋە 7 ـ ئايەتلەر. ئوخشاش مەنىدىكى ئايەتلەر: 3 ـ سۈرە ئال ئىمران، 180 ـ ئايەت، 9 ـ سۈرە تەۋبە، 34 ـ ۋە 35 ـ ۋە 75 ~ 77 ـ ئايەتلەر.

③ 4 ـ سۈرە نىسا، 36 ـ ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 2 ـ سۈرە بەقەرە، 83 ـ ئايەت، 6 ـ سۈرە ئەنئام، 151 ـ ئايەت، 17 ـ سۈرە ئىسرا، 23 ـ ئايەت، 29 ـ سۈرە ئەنكەبۇت، 8 ـ ئايەت، 31 ـ سۈرە لۇقمان، 14 ـ ئايەت، 46 ـ سۈرە ئەھقاف، 15 ~ 18 ـ ئايەتلەر.

«ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلاركى، سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن بىر نەرسە سورىغاندا ئۇنىڭ نامى بىلەن سورايسىلەر. تۇغقانلىرىڭلارغا سىيلە - رەھىم قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»①.

### 6. زىنا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَقْرَبُوا۟ ٱلزِّنَىٰٓ ۖ إِنَّهُۥ كَانَ فَـٰحِشَةً وَسَآءَ سَبِيلًا ﴿٣٢﴾﴾

«زىناغا يېقىنلاشماڭلار! چۈنكى ئۇ ناھايىتى قەبىھ ئىشتۇر ۋە يامان يولدۇر»②.

### 7. جازانىخورلۇق

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَأَحَلَّ ٱللَّهُ ٱلْبَيْعَ وَحَرَّمَ ٱلرِّبَوٰا۟ ۚ ... ﴿٢٧٥﴾﴾

«ئاللاھ ئېلىم - سېتىمنى ھالال، جازانىخورلۇقنى ھارام قىلدى»③.

### 8. يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَٰلَ ٱلْيَتَـٰمَىٰ ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِى بُطُونِهِمْ نَارًا ۖ وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا ﴿١٠﴾﴾

---

① 4 - سۈرە نىسا، 1 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 2 - سۈرە بەقەرە، 26 - ۋە 27 - ئايەتلەر، 13 - سۈرە رەئد، 20 - ۋە 21 - ئايەتلەر، 47 - سۈرە مۇھەممەد، 22 - ۋە 23 - ئايەتلەر.

② 17 - سۈرە ئىسرا، 32 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 25 - سۈرە فۇرقان، 68 - ۋە 69 - ئايەتلەر، 24 - سۈرە نۇر، 2 - ئايەت.

③ 2 - سۈرە بەقەرە 275 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 2 - سۈرە بەقەرە، 275 ~ 279 - ئايەتلەر، 3 - سۈرە ئال ئىمران، 130 - ئايەت، 4 - سۈرە نىسا، 161 - ئايەت، 30 - سۈرە رۇم، 39 - ئايەت.

«يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالىدىغانلار قورساقلىرىغا چوقۇم ئوت يەيدۇ ۋە يېقىندا دوزاخقا كىرىپ كۆيىدۇ»[1].

### 9. ئاللاھقا بوھتان چاپلاش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ تَرَى ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟ عَلَى ٱللَّهِ وُجُوهُهُم مُّسْوَدَّةٌ ۚ أَلَيْسَ فِى جَهَنَّمَ مَثْوًى لِّلْمُتَكَبِّرِينَ ﴿٦٠﴾﴾

«ئاللاھقا بوھتان چاپلىغانلارنى، قىيامەت كۈنى يۈزلىرى قارىيىپ كەتكەن ھالەتتە كۆرىسەن. چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورنى جەھەننەمدۇر، شۇنداق ئەمەسمۇ!»[2].

### 10. زۇلۇم قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ ٱللَّهَ غَـٰفِلًا عَمَّا يَعْمَلُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ۚ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ ٱلْأَبْصَـٰرُ ﴿٤٢﴾ مُهْطِعِينَ مُقْنِعِى رُءُوسِهِمْ لَا يَرْتَدُّ إِلَيْهِمْ طَرْفُهُمْ ۖ وَأَفْـِٔدَتُهُمْ هَوَآءٌ ﴿٤٣﴾﴾

«ئى مۇھەممەد! زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھەرگىزمۇ ئاللاھنى خەۋەرسىز دەپ ئويلىمىغىن! شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى كۆزلەر چەكچىيىپ كېتىدىغان كۈنگە كېچىكتۈرىدۇ. ئۇ كۈنى ئۇلار باشلىرى تىك، كۆزلىرى ئوچۇق، قەلبلىرى بوش ھالدا يۈگۈرۈشىدۇ»[3].

---

① 4 - سۈرە نىسا، 10 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 6 - سۈرە ئەنئام، 152 - ئايەت، 17 - سۈرە ئىسرا، 34 - ئايەت.

② 39 - سۈرە زۇمەر، 60 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 94 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 21 - ، 93 - ۋە 114 - ئايەتلەر؛ 7 - سۈرە ئەئراف، 37 - ئايەت؛ 10 - سۈرە يۇنۇس، 17 - ئايەت؛ 11 - سۈرە ھۇد، 18 - ئايەت؛ 16 - سۈرە نەھل، 116 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 15 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 61 - ئايەت؛ 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 68 - ئايەت.

③ 14 - سۈرە ئىبراھىم، 42 - ۋە 43 - ئايەتلەر. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 26 - سۈرە شۇئەرا، 227 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 42 - ئايەت.

### 11. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلَّذِينَ لَا يَشۡهَدُونَ ٱلزُّورَ وَإِذَا مَرُّواْ بِٱللَّغۡوِ مَرُّواْ كِرَامٗا ٧٢﴾

«ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدىغان، بىھۇدە سۆز - ھەرىكەتكە يولۇقسا ئۇ يەردىن ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر»①.

### 12. مەست قىلغۇچى نەرسە، قىمار، پال

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡخَمۡرُ وَٱلۡمَيۡسِرُ وَٱلۡأَنصَابُ وَٱلۡأَزۡلَٰمُ رِجۡسٞ مِّنۡ عَمَلِ ٱلشَّيۡطَٰنِ فَٱجۡتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ٩٠ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱلشَّيۡطَٰنُ أَن يُوقِعَ بَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةَ وَٱلۡبَغۡضَآءَ فِي ٱلۡخَمۡرِ وَٱلۡمَيۡسِرِ وَيَصُدَّكُمۡ عَن ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَعَنِ ٱلصَّلَوٰةِۖ فَهَلۡ أَنتُم مُّنتَهُونَ ٩١﴾

«ئى مۇئمىنلار! مەست قىلغۇچى نەرسە، قىمار، تىكلەپ قويۇلغان تاشلار②، پال ئوقلىرى ھەقىقەتەن پاسكىنا نەرسىلەردۇر، شەيتاننىڭ ئىشىدىندۇر. ئۇلاردىن ساقلىنىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر. شۈبھىسىزكى، شەيتان مەست قىلغۇچى نەرسە ۋە قىمار بىلەن ئاراڭلارغا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك سېلىشنى، سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن ۋە نامازدىن توسۇشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئەمدىغۇ يانىدىغانسىلەر؟»③.

### 13. ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① 25 - سۈرە فۇرقان، 72 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەت 22 - سۈرە ھەج، 30 - ئايەت.

② جاھىلىيەتتە كەبىنىڭ چۆرىسىدە تىكلەپ قويۇلغان بىر قىسىم تاشلار بولۇپ، ئۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بۇتلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىناتتى ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ قانلىرىدىن شۇ تاشلارغا سۈركەپ قويۇلاتتى. بۇ ئايەت بىلەن ئەنە شۇ تاشلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلىنغان (فەخرۇددىن رازى، *مەفاتىھۇل غەيب*، 11: 285).

③ 5 - سۈرە مائىدە، 90 - ۋە 91 - ئايەتلەر. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 2 - سۈرە بەقەرە، 219 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 43 - ئايەت.

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡغَٰفِلَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ لُعِنُواْ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ۝٢٣ يَوۡمَ تَشۡهَدُ عَلَيۡهِمۡ أَلۡسِنَتُهُمۡ وَأَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ۝٢٤﴾

«ئىپپەتلىك ۋە يامان ئىشتىن خەۋەرسىز مۆئمىن ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ»①.

## 14. ئوغرىلىق قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلسَّارِقُ وَٱلسَّارِقَةُ فَٱقۡطَعُوٓاْ أَيۡدِيَهُمَا جَزَآءَۢ بِمَا كَسَبَا نَكَٰلٗا مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ۝٣٨﴾

«ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قوللىرىنى كېسىڭلار. بۇ ئۇلارغا ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بېرىش ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئەزىزدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»②.

## 15. يالغان قەسەم ئىچىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَشۡتَرُونَ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ وَأَيۡمَٰنِهِمۡ ثَمَنٗا قَلِيلًا أُوْلَٰٓئِكَ لَا خَلَٰقَ لَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ ٱللَّهُ وَلَا يَنظُرُ إِلَيۡهِمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ۝٧٧﴾

---

① 24 - سۈرە نۇر، 23 - ۋە 24 - ئايەتلەر. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 24 - سۈرە نۇر، 4 - ئايەت؛ 50 - سۈرە قاف، 18 - ئايەت.

② 5 - سۈرە مائىدە، 38 - ئايەت.

«ئاز بىر مەنپەئەتنى دەپ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ۋە قەسەملىرىنى بۇزىدىغانلارنىڭ ئاخىرەتتە ھېچبىر نېسىۋىسى بولمايدۇ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا قارىمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەلەملىك ئازاب بار»[1].

## 16. رىياكارلىق

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُبْطِلُوا۟ صَدَقَـٰتِكُم بِٱلْمَنِّ وَٱلْأَذَىٰ كَٱلَّذِى يُنفِقُ مَالَهُۥ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ ۖ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُۥ وَابِلٌ فَتَرَكَهُۥ صَلْدًا ۖ لَّا يَقْدِرُونَ عَلَىٰ شَىْءٍ مِّمَّا كَسَبُوا۟ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٢٦٤﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! سەدىقىلىرىڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە رەنجىتىش ئارقىلىق بىكار قىلىۋەتمەڭلار. سىلەر بۇنداق قىلىش ئارقىلىق مېلىنى ئىنسانلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن چىقىم قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىدەك بولماڭلار. بۇنداق كىشىنىڭ ئەھۋالى، قاتتىق يامغۇر يېغىش بىلەن ئۈستىدىكى توپىلار كېتىپ ئەسلى ھالىتى قالغان سىلىق تاشنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاشتۇر. ئۇلار ئەمەللىرىدىن ھېچبىر ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[2].

## 17. پارىخورلۇق

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَأْكُلُوٓا۟ أَمْوَٰلَكُم بَيْنَكُم بِٱلْبَـٰطِلِ وَتُدْلُوا۟ بِهَآ إِلَى ٱلْحُكَّامِ لِتَأْكُلُوا۟ فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَٰلِ ٱلنَّاسِ بِٱلْإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿١٨٨﴾﴾

---

[1] 3 - سۈرە ئال ئىمران، 77 - ئايەت.

[2] 2 - سۈرە بەقەرە، 264 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 4 - سۈرە نىسا، 142 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 110 - ئايەت؛ 107 - سۈرە مائۇن، 4 ~ 7 - ئايەتلەر.

«بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار»①.

### 18. مۇناپىقلىق

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِي ٱلدَّرۡكِ ٱلۡأَسۡفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمۡ نَصِيرًا ۝١٤٥﴾

«شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىن قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ. ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ياردەمچى تاپالمايسەن»②.

### 19. سېھىر قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱتَّبَعُواْ مَا تَتۡلُواْ ٱلشَّيَٰطِينُ عَلَىٰ مُلۡكِ سُلَيۡمَٰنَۖ وَمَا كَفَرَ سُلَيۡمَٰنُ وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحۡرَ وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلۡمَلَكَيۡنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَۚ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنۡ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحۡنُ فِتۡنَةٞ فَلَا تَكۡفُرۡۖ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنۡهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَزَوۡجِهِۦۚ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ مِنۡ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡۚ وَلَقَدۡ عَلِمُواْ لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖۚ وَلَبِئۡسَ مَا شَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ۝١٠٢﴾

«ئۇلار شەيتانلارنىڭ، سۇلەيماننىڭ پادىشاھلىقى توغرىسىدا ئويدۇرۇپ چىققان يالغانلىرىغا ئەگەشتى. سۇلەيمان كافىر بولمىدى، لېكىن ئۇ شەيتانلار كافىر بولدى. ئۇلار ئىنسانلارغا سېھىرنى ۋە بابىلدىكى ھارۇت ۋە مارۇت ئىسىملىك ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان نەرسىنى ئۆگىتەتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئىككى پەرىشتە: ‹بىز ئىمتىھان ۋاستىسىمىز. ھەرگىزمۇ كافىر

① 2 - سۈرە بەقەرە، 188 - ئايەت.

② 4 - سۈرە نىسا، 145 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 4 - سۈرە نىسا، 137 ~ 140 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 68 - ۋە 73 - ئايەتلەر؛ 33 - سۈرە ئەھزاب، 73 - ئايەت؛ 48 - سۈرە فەتھ، 6 - ئايەت.

بولمغىن› دېمەستىن بىلگەنلىرىنى ھېچكىمگە ئۆگەتمەيتتى. لېكىن ئۇلار ئۇ ئىككى پەرىشتىدىن ئەر بىلەن خوتۇنىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى. ئۇلار سېھىرنى سېتىۋالغانلارنىڭ ئاخىرەتتە ھېچبىر نېسىۋىسى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار بەدىلىگە ئۆزلىرىنى سېتىۋەتكەن نەرسە نېمىدېگەن يامان! ئۇلار بۇنى بىلگەن بولسىچۇ!»[1].

## 20. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يوشۇرۇش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡتُمُونَ مَآ أَنزَلۡنَا مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلۡهُدَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا بَيَّنَّٰهُ لِلنَّاسِ فِي ٱلۡكِتَٰبِ أُوْلَٰٓئِكَ يَلۡعَنُهُمُ ٱللَّهُ وَيَلۡعَنُهُمُ ٱللَّٰعِنُونَ ١٥٩﴾

«بىز نازىل قىلغان روشەن ئايەتلەرنى ۋە توغرا يولنى بىز كىتابتا ئىنسانلارغا بايان قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ، لەنەت قىلغۇچىلارمۇ لەنەت قىلىدۇ»[2].

## 21. قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَنۡ أَعۡرَضَ عَن ذِكۡرِي فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةٗ ضَنكٗا وَنَحۡشُرُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَعۡمَىٰ ١٢٤ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرۡتَنِيٓ أَعۡمَىٰ وَقَدۡ كُنتُ بَصِيرٗا ١٢٥ قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتۡكَ ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَاۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمَ تُنسَىٰ ١٢٦﴾

«كىمكى مېنىڭ كىتابىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنى قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىتىمىز ۋە قىيامەت كۈنى كور ھالەتتە ھەشر قىلىمىز. ئۇ: ‹رەببىم! مېنى نېمىشقا كور ھالەتتە ھەشر قىلدىڭ؟ ھالبۇكى، مەن

---

[1] 2 - سۈرە بەقەرە، 102 - ئايەت.
[2] 2 - سۈرە بەقەرە، 159 - ئايەت.

كۆرىدىغان بىرى ئىدىم› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹شۇنداق ئىدىڭ، لېكىن ساڭا ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى ئۇنۇتتۇڭ، سەنمۇ بۈگۈن ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلىسەن› دەيدۇ»[1].

## 22. بوھتان چاپلاش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَن يَكْسِبْ خَطِيٓـَٔةً أَوْ إِثْمًا ثُمَّ يَرْمِ بِهِۦ بَرِيٓـًٔا فَقَدِ ٱحْتَمَلَ بُهْتَـٰنًا وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴿١١٢﴾﴾

«كىمكى بىرەر خاتالىقنى ياكى بىرەر گۇناھنى قىلىپ ئاندىن ئۇنى گۇناھسىز بىرەر ئادەمگە ئارتىپ قويسا، ئۇ ئەلۋەتتە بوھتان ۋە ئوچۇق بىر گۇناھ يۈدۈۋالغان بولىدۇ»[2].

﴿وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتِ بِغَيْرِ مَا ٱكْتَسَبُوا۟ فَقَدِ ٱحْتَمَلُوا۟ بُهْتَـٰنًا وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴿٥٨﴾﴾

«مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارنى، ئۇلار قىلمىغان ئىشلار بىلەن قارىلاپ رەنجىتكەنلەر بوھتان ۋە ئوچۇق گۇناھ يۈدۈۋېلىشقان بولىدۇ»[3].

## 23. يالغان ئېيتىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَكُونُوا۟ مَعَ ٱلصَّـٰدِقِينَ ﴿١١٩﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار»[4].

---

① 20 - سۈرە تاھا، 124 ~ 126 - ئايەتلەر.
② 4 - سۈرە نىسا ، 112 - ئايەت.
③ 33 - سۈرە ئەھزاب، 58 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 24 - سۈرە نۇر، 11 ~ 20 - ئايەتلەر.
④ 9 - سۈرە تەۋبە ، 119 - ئايەت.

﴿إِنَّمَا يَفۡتَرِي ٱلۡكَذِبَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰذِبُونَ ١٠٥﴾

«يالغاننى پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرلا توقۇيدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر»①.

بىرىنچى ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ راستچىللار بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرۇشى، يالغانچىلاردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى كۆرستىدۇ. ئىككىنچى ئايەتتە يالغانچىلىقنىڭ كۇفرىلىق ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا باشقا ئايەتلەردە يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقىنى②، يالغانچىلىقنىڭ مۇناپىقنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى③، مۇناپىقلارنىڭ كۇفرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن «چوڭ ئازاب»قا، يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن «ئەلەملىك ئازاب»قا دۇچار بولىدىغانلىقىنى④ بايان قىلىدۇ.

## 24. ئىسراپ قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ٣١﴾

«يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە ئىسراپ قىلماڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»⑤.

﴿وَءَاتِ ذَا ٱلۡقُرۡبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلۡمِسۡكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرۡ تَبۡذِيرًا ٢٦ إِنَّ ٱلۡمُبَذِّرِينَ كَانُوٓاْ إِخۡوَٰنَ ٱلشَّيَٰطِينِۖ وَكَانَ ٱلشَّيۡطَٰنُ لِرَبِّهِۦ كَفُورٗا ٢٧﴾

① 16 - سۈرە نەھل، 105 - ئايەت.
② 39 - سۈرە زۇمەر، 3 - ئايەت؛ 40 - سۈرە غافىر، 28 - ئايەت.
③ قاراڭ: 9 - سۈرە تەۋبە، 77 - ئايەت؛ 59 - سۈرە ھەشر، 11 - ئايەت؛ 63 - سۈرە مۇنافىقۇن، 1 - ئايەت.
④ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 7 - ۋە 10 - ئايەتلەر.
⑤ 7 - سۈرە ئەئراف، 31 - ئايەت. مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەت: 6 - سۈرە ئەنئام، 141 - ئايەت؛

«تۇغقانلىرىڭنىڭ ھەققىنى بەرگىن. مىسكىنلەرنىڭمۇ، يولۇچىلارنىڭمۇ ھەققىنى بەرگىن. بۇزۇپ چاچمىغىن. شۈبھىسىزكى، بۇزۇپ چاچقۇچىلار شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر. شەيتان بولسا، رەببىگە تۇزكورلۇق قىلغۇچىدۇر»[1].

## 25. غەيۋەت قىلىش، يامان گۇمان قىلىش، ئەيىب ئىزدەش

ئالللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱجْتَنِبُوا۟ كَثِيرًا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ ٱلظَّنِّ إِثْمٌ ۖ وَ لَا تَجَسَّسُوا۟ وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا ۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! گۇماننىڭ تولىسىدىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇماننىڭ بەزىسى گۇناھتۇر. بىر - بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار. سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنىڭدىن يىرگىنىسىلەر! ئالللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئالللاھ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر»[2].

## 26. مەسخىرە قىلىش، يامان لەقەم بىلەن چاقىرىش

ئالللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّن قَوْمٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُونُوا۟ خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَآءٌ مِّن نِّسَآءٍ عَسَىٰٓ أَن يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ ۖ وَلَا تَلْمِزُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا۟ بِٱلْأَلْقَـٰبِ ۖ بِئْسَ ٱلِٱسْمُ ٱلْفُسُوقُ بَعْدَ ٱلْإِيمَـٰنِ ۚ وَمَن لَّمْ يَتُبْ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿١١﴾﴾

---

① 17 - سۈرە ئىسرا، 26 - ۋە 27 - ئايەتلەر. مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر: 17 - سۈرە ئىسرا، 29 - ئايەت؛ 25 - سۈرە فۇرقان، 67 - ئايەت.

② 49 - سۈرە ھۇجۇرات ، 12 - ئايەت.

«ئى مۇئمىنلار! بىر قەۋم باشقا بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكى مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ باشقا ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن، بەلكى مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر - بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن فاسىق دەپ ئاتىلىش نېمىدېگەن يامان! كىمكى تەۋبە قىلمايدىكەن، ئۇلار ئەلۋەتتە زالىملاردۇر»[①].

﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ ۝١ ٱلَّذِى جَمَعَ مَالًا وَعَدَّدَهُۥ ۝٢ يَحْسَبُ أَنَّ مَالَهُۥٓ أَخْلَدَهُۥ ۝٣ كَلَّا ۖ لَيُنۢبَذَنَّ فِى ٱلْحُطَمَةِ ۝٤ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا ٱلْحُطَمَةُ ۝٥ نَارُ ٱللَّهِ ٱلْمُوقَدَةُ ۝٦ ٱلَّتِى تَطَّلِعُ عَلَى ٱلْأَفْـِٔدَةِ ۝٧ إِنَّهَا عَلَيْهِم مُّؤْصَدَةٌ ۝٨ فِى عَمَدٍ مُّمَدَّدَةٍۭ ۝٩﴾

«هەر ئەيىبلىگۈچى غەيۋەتخورنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇ شۇنداق كىشىكى مال توپلىدى ۋە ئۇنى ساندى. ئۇ مېلىنىڭ ئۆزىنى مەڭگۈ ياشىتىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ئۇنداق ئەمەس. ئۇ چوقۇم ھۇتەمەگە تاشلىنىدۇ. ھۇتەمە نېمىدۇر، سەن نەدىن بىلىسەن؟ ئۇ ئاللاھنىڭ يېقىلغان ئوتىدۇر. ئۇ شۇنداق ئوتكى دىللارغا يامىشىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئوت ئۇلارنى قورشىغۇچىدۇر. ئۇلار سوزۇلغۇچى تۈۋرۈكلەرگە باغلانغۇچىدۇر»[②].

بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنى كەمسىتىش، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۇخەنچىلىك قىلىش ئەيىبلىنىدۇ، بايلىقنى خاتا چۈشىنىۋېلىشنىڭ، ئىنساننى ناھايىتى چوڭ زىيانغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، دوستلۇقلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا، جامائەتنىڭ ۋەيران بولۇشىغا، قېرىنداشلىقنىڭ يوق بولۇشىغا، ياخشى كىشىلەرنىڭ تۆھمەت ئاستىدا قېلىشىغا ۋە جەمئىيەتتە پىتنە - پاسات تارقىلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان، شۇنداقلا ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ غەزەپ ۋە لەنىتى يېغىشقا شارائىت ھازىرلايدىغان غەيۋەتخور، سۇخەنچى ۋە كىشىلەرنى

---

① 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 11 - ئايەت.

② 104 - سۈرە ھۇمەزە؛ مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر: 68 - سۈرە قەلەم، 11 - ئايەت؛ 83 - سۈرە مۇتەففىفىن، 29 ~ 32 - ئايەتلەر.

ئەيىبلىگۈچى ئادەملەر كەلگۈسىدە دۇچار بولىدىغان يامان ئاقىۋەت بايان قىلىنىدۇ.

«ۋاي» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ۋەيلۇن ﴿وَيْلٌ﴾ دېگەن كەلىمە «قاتتىق ئازاب، ھالاكەت، يوق بولۇش، رەسۋا بولۇش، دوزاختىن بىر ۋادى، دۇئايىبەت» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «ۋاي» دېگەن سۆز بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسىگە دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى «ۋاي» بۇ ئىشلارنىڭ بىرىگە مۇپتىلا بولۇش نەتىجىسىدە ئېيتىلىدۇ. شۇڭلاشقا ﴿وَيْلٌ﴾ دېگەن كەلىمىگە «ۋاي» دەپ مەنە بېرىلدى.

«ئەيىبلىگۈچى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ھۇمەزە ﴿هُمَزَةٍ﴾ دېگەن كەلىمە «كىشىلەرنى ئارقىلىرىدىن قاش، كۆز، ئېغىز ۋە قول ئىشارەتلىرى بىلەن ھاقارەتلىمەك، مەسخىرە قىلماق، كەمسىتمەك» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ھەمز «ھمز» سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن بىر سۈپەت بولۇپ، مەنىسى «ئىنسانلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلارنىڭ شەرەپ ۋە ئىززىتىگە تەنە قىلىشنى، ئىنسانلارنىڭ ھۆرمەت ۋە ئېتىبارىغا تىل تەگكۈزۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان، شۇنداقلا بۇنىڭ بىلەن زوق ئالىدىغان ئادەم» دېگەن بولىدۇ.

«غەيۋەتخور» دەپ تەرجىمە قىلىنغان لۇمەزە ﴿لُّمَزَةٍ﴾ دېگەن كەلىمە «ئىنسانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماق، ئىنسانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى چىشلەپ تارتماق، ئىنسانلارنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىگە تەنە قىلماق»، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان لەمز «لمز» سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن سۈپەت بولۇپ، مەنىسى «ئىنسانلارنىڭ يامان گەپلىرىنى قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى چىشلەپ تارتىشنى، ئۇلارنىڭ يۈز - ئابرويلىرىنى تۆكۈشنى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا تەنە - ھاقارەت قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان ئادەم» دېگەن بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بولغان ﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ - ھەر ئەيىبلىگۈچى غەيۋەتخورنىڭ ھالىغا ۋاي!﴾نىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ئىنسانلارنى ئارقىلىرىدىن قاش، كۆز، ئېغىز ۋە قول ئىشارەتلىرى بىلەن ھاقارەتلەشنى، مەسخىرە قىلىشنى، كەمسىتىشنى، ئۇلارنىڭ شەرەپ

ۋە ئىززىتىگە تەنە قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ۋە ئېتىبارىغا تىل تەگكۈزۈشنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يامان گەپلىرىنى قىلىشنى، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى چىشلەپ تارتىشنى، ئۇلارنىڭ يۈز - ئابرويلىرىنى تۆكۈشنى، جەمئىيەتتىكى ئورنىغا تەنە - ھاقارەت قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان ۋە بۇ ئادىتى بىلەن زوق ئالىدىغان ھەر ئادەمگە ۋاي!».

## *§4.تەۋبە*

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان①، كافىر، مۇشرىك ۋە باشقا پۈتۈن گۇناھكارلارنى تەۋبە قىلىشقا تەشۋىق ۋە ئەمر قىلغان②، شۇنداقلا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان③. شۇنىڭدەك، تەۋبە قىلمىغانلارنى ئازابلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن④.

### 1. كۇفۇر ۋە شېرىكتىن تەۋبە قىلىش

ئاللاھ كۇفۇر ۋە شېرىكنى ئەپۇ قىلمايدۇ، لېكىن بۇ گۇناھنى قىلغان كافىر ۋە مۇشرىكلار تەۋبە قىلسا ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن يَنتَهُواْ يُغْفَرْ لَهُم مَّا قَدْ سَلَفَ وَإِن يَعُودُواْ فَقَدْ مَضَتْ سُنَّتُ ٱلْأَوَّلِينَ ۝٣٨﴾

«ئى مۇھەممەد! كافىرلارغا ئېيتقىن: ئەگەر ئۇلار دۈشمەنلىشىشتىن يانسا، ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار قايتا

---

① قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 160 - ئايەت.

② قاراڭ: 5 - سۈرە مائىدە، 73 - ۋە 74 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 74 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 31 - ئايەت؛ 39 - سۈرە زۇمەر، 53 - ئايەت؛ 66 - سۈرە تەھرىم، 8 - ئايەت.

③ قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 160 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە 104 - ئايەت؛ 20 - سۈرە تاھا، 82 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 25 - ئايەت.

④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 173 - ئايەت؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 74 - ئايەت؛ 18 - سۈرە كەھف، 87 - ئايەت؛ 48 - سۈرە فەتھ، 17 - ئايەت؛ 88 - سۈرە غاشىيە، 24 - ئايەت.

دۇشمەنلەشسە، بۇرۇنقىلارغا ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن قانۇنۇم ئۇلارغىمۇ ئىجرا قىلىنىدۇ»[1].

﴿وَإِنِّي لَغَفَّارٌ لِّمَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا ثُمَّ ٱهۡتَدَىٰ ٨٢﴾

«شۈبھىسىزكى، مەن تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان كىشىگە ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىمەن»[2].

﴿وَٱلَّذِينَ لَا يَدۡعُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ وَلَا يَقۡتُلُونَ ٱلنَّفۡسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَلَا يَزۡنُونَۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ يَلۡقَ أَثَامًا ٦٨ يُضَٰعَفۡ لَهُ ٱلۡعَذَابُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَيَخۡلُدۡ فِيهِۦ مُهَانًا ٦٩ إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَٰلِحًا فَأُوْلَٰٓئِكَ يُبَدِّلُ ٱللَّهُ سَيِّـَٔاتِهِمۡ حَسَنَٰتٖۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ٧٠﴾

«ئۇلار ئاللاھقا قوشۇپ باشقا ئىلاھقىمۇ دۇئا قىلمايدىغان، ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەيدىغان ۋە زىنا قىلمايدىغان كىشىلەردۇر. كىم بۇلارنى قىلسا جازاغا ئۇچرايدۇ، قىيامەت كۈنى ئىككى ھەسسە ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ ۋە ئازاب ئىچىدە مەڭگۈ خارلىنىدۇ. تەۋبە قىلىپ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىش قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ بۇنداقلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ياخشىلىقلارغا ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر»[3].

بۇ ئايەتلەر كافىرلىقتىن ۋە مۇشرىكلىقتىن تەۋبە قىلغانلارنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 2. چوڭ گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① 8 ـ سۈرە ئەنفال، 38 ـ ئايەت.
② 20 ـ سۈرە تاھا، 82 ـ ئايەت.
③ 25 ـ سۈرە فۇرقان، 68 ~ 70 ـ ئايەتلەر.

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ تُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَيُدْخِلَكُمْ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ ... ﴿٨﴾﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار، رەببىڭلار يامانلىقلىرىڭلارنى يوقىقا چىقىرىشى ۋە سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىشى مۇمكىن»[1].

ئاللاھ تائالا كۇفۇر ۋە شېرىكتىن باشقا گۇناھلارنى خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَـٰلًۢا بَعِيدًا ﴿١١٦﴾﴾

«ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى ھەرگىزمۇ مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا گۇناھنى خالىغان كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ چوڭقۇر ئازغۇنلۇققا چۈشكەن بولىدۇ»[2].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە چوڭ گۇناھ قىلغان مۇئمىنلاردىن خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. باشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن كىمنى خالايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿وَٱلَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَـٰحِشَةً أَوْ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمْ ذَكَرُواْ ٱللَّهَ فَٱسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ ٱلذُّنُوبَ إِلَّا ٱللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَىٰ مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿١٣٥﴾ أُوْلَـٰٓئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَجَنَّـٰتٌ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا ۚ وَنِعْمَ أَجْرُ ٱلْعَـٰمِلِينَ ﴿١٣٦﴾﴾

«ئۇلار بىرەر قەبىھ ئىش قىلغان ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان چاغلىرىدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ -

[1] 66 - سۈرە تەھرىم، 8 - ئايەت.
[2] 4 - سۈرە نىسا، 116 - ئايەت.

گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا كىم مەغپىرەت قىلىدۇ؟ - ۋە قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!»[①].

﴿إِنَّمَا ٱلتَّوْبَةُ عَلَى ٱللَّهِ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٍ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٍ فَأُوْلَٰٓئِكَ يَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٧﴾ وَلَيْسَتِ ٱلتَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ حَتَّىٰٓ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ إِنِّى تُبْتُ ٱلْـَٰٔنَ وَلَا ٱلَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ ۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٨﴾﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. يامانلىقلارنى قىلىپ، تاكى بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا: ‹ئەمدى تەۋبە قىلدىم› دېگۈچىلەرنىڭ ۋە كافىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىز ئەنە شۇلارغا ئەلەملىك ئازاب تەييارلىدۇق»[②].

### 3. تەۋبىنىڭ شەرتلىرى

ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان تەۋبە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر[③] تەۋبىنىڭ بىرقانچە شەرتىنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

---

① 3 - سۈرە ئال ئىمران، 135 - ۋە 136 - ئايەتلەر.

② 4 - سۈرە نىسا، 17 - ۋە 18 - ئايەتلەر.

③ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 89 - ، 135 - ۋە 136 - ئايەتلەر؛ 4 - سۈرە نىسا، 18 - ۋە 146 - ئايەتلەر؛ 9 - سۈرە تەۋبە، 5 - ۋە 11 - ئايەتلەر؛ 16 - سۈرە نەھل، 119 - ئايەت؛ 24 - سۈرە نۇر، 5 - ئايەت.

1) سەكراتقا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىش، قاچان سەكراتقا چۈشۈشنى بىلگىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلگەن ھامان تەۋبە قىلىش، گۇناھنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرماسلىق.

2) گۇناھتىن تامامەن قول ئۈزۈش، چۈنكى تەۋبىنىڭ مەنىسى گۇناھ قىلىشتىن يېنىشتۇر. گۇناھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان كىشى گۇناھ قىلىشتىن يانمىغان بولىدۇ، شۇنداقلا تەۋبە قىلمىغان بولىدۇ.

3) قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاش، چۈنكى بىر قېتىم ئۆتكۈزگەن گۇناھنى يەنە ئۆتكۈزۈش مەقستى بىلەن قىلىنغان تەۋبە، سەممي تەۋبە ھېسابلانمايدۇ.

4) گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش (ئىستىغفار).

5) ئەگەر ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھ، ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا يەنى قىلىنغان گۇناھ، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھ بولسا، ماددىي ھەقلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەك، مەنىۋى ھەقلەر ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىش ياكى زىياننى تۆلەش ۋە رازىلىشىش كېرەك.

# XII مىراس

«مىراس» دېگەن سۆز ئەسلىدە مەسدەر (تۈپ سۆز) بولۇپ، لۇغەت مەنىسى مال، ئىلىم ۋە شەرەپ قاتارلىقلارنىڭ بىر كىشىدىن يەنە بىر كىشىگە ياكى بىر قەۋمدىن يەنە بىر قەۋمگە ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلمەستىن يۆتكىلىشى دېگەن بولىدۇ. ئىستىلاھىي (تېرمىن) مەنىسى بولسا، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ، ئارقىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ھەر تۈرلۈك مال - مۈلكى دېگەن بولىدۇ[1].

دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىنسان ئەجىلى بەلگىلەنگەن ھالدا كېلىدۇ[2]، ئەجىلى توشقاندا ئۆلىدۇ[3] ۋە ئاز بولسۇن كۆپ بولسۇن مال - مۈلۈك قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئۆلگەن كىشىنىڭ مال - مۈلكىدىن ئۇنى يۇيۇش، كېپەنلەش ۋە دەپنە قىلىش چىقىملىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ، تىرىك چېغىدا شاھىتلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئېتىراپ قىلغان ياكى ھۆججەت يېزىپ بەرگەن قەرزلىرى بولسا تۆلىنىدۇ. ئاندىن ئېشىپ قالغان قىسمى ۋارىسلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تەقسىماتنى قۇرئان كەرىمدە تەپسىلىي بايان قىلغان[4].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ
ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا ﴿٧﴾﴾

«ئەرلەر ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى ۋە ئەڭ يېقىنلىرى قالدۇرغان مىراستىن نېسىۋە بار. ئاياللار ئۈچۈنمۇ ئاتا - ئانىسى ۋە ئەڭ يېقىنلىرى قالدۇرغان مىراستىن نېسىۋە بار. ئۇ مىراس ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن نېسىۋىسى بار»[5].

---

① ئىبنى مەنزۇر، «و ر ث»، 2: 199.

② قاراڭ:6 - سۈرە ئەنئام، 2 - ئايەت.

③ قاراڭ: 3 - سۈرە ئال ئىمران، 185 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 78 - ئايەت؛، 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 57 - ئايەت؛ 56 - سۈرە ۋاقىئە، 60 - ئايەت.

④ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 11 - ، 12 - ۋە 176 - ئايەتلەر.

⑤ 4 - سۈرە نىسا ، 7 - ئايەت.

﴿وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَٰلِيَ مِمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَۚ وَٱلَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَٰنُكُمْ فَآتُوهُمْ نَصِيبَهُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدًا ﴿٣٣﴾﴾

«بىز ھەربىرىگە ۋارىسلار بەلگىلىدۇق. ئۇلار ئاتا - ئانىسى ۋە ئەڭ يېقىنلىرى قالدۇرغان مىراستىن ئۈلۈش ئالىدۇ. سىلەر قەسەم ئىچىشىپ مۇناسىۋەت ئورناتقان كىشىلەرگە نېسىۋىسىنى بېرىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»①.

بۇ ئىككى ئايەت دالالەت قىلىدۇكى، ئۆلۈپ كەتكەن كىشى مال قالدۇرۇپ كېتىدۇ، بۇ مال ئۇ كىشىنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئەڭ يېقىنلىرى ۋە يولدىشى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ توغرىدا تەپسىلىي يوليورۇق بەرگەن②. ئادەتتە ئۇ مال مىراس دېيىلىدۇ. ئۇ مالدىن ئۈلۈش ئېلىش ھەققىگە ئىگە بولغان كىشى ۋارىس دەپ ئاتىلىدۇ.

## §1. ۋارىسلار ۋە ئۈلۈشلىرى

### 1. ئاتا - ئانا ۋە ئۈلۈشلىرى

بىر كىشى ۋاپات بولسا، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ مىراسىدىن ئۈلۈش ئالىدۇ. بۇ ئۈلۈشنىڭ مىقدارى ۋاپات بولغۇچىنىڭ بالىسى بولۇپ بولمىغانلىقىغا ۋە قېرىنداشلىرى بولۇپ بولمىغانلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىچە ئۆزگىرىدۇ:

ئەگەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ بالىسى بولسا ئاتا - ئانىسىدىن ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ.

ئەگەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ بالىسى بولمىسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئانىسىغا ، قالغان ئۈچتىن ئىككىسى ئاتىسىغا تېگىدۇ.

ئەگەر مېيىتنىڭ قېرىنداشلىرىمۇ بولسا، مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى ئانىسىغا، قالغان بەشى ئاتىسىغا تېگىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① 4 - سۈرە نىسا ، 33 - ئايەت.
② قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 11 - ، 12 - ۋە 176 - ئايەتلەر.

﴿...وَلِأَبَوَيۡهِ لِكُلِّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا ٱلسُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِن كَانَ لَهُۥ وَلَدٞۚ فَإِن لَّمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلَدٞ وَوَرِثَهُۥٓ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ ٱلثُّلُثُۚ فَإِن كَانَ لَهُۥٓ إِخۡوَةٞ فَلِأُمِّهِ ٱلسُّدُسُۚ ... ﴿١١﴾﴾

«ئەگەر مېيىتنىڭ بالىسى بولسا، ئاتا - ئانىسىدىن ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ بالىسى بولماي ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ۋارىس بولغان بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرىمۇ بولسا، ئانىسىغا ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ»[1].

**ئەسكەرتىش:**

مېيىتنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆزى مىراستىن ئۈلۈش ئالالمىسىمۇ ئانىسىنىڭ ئۈلۈشىنى ئۈچتىن بىرى بولۇشتىن ئالتىدىن بىرى بولۇشقا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ يەردىكى قېرىنداشلار مېيىتنىڭ ئاتا بىر ياكى ئاتا - ئانا بىر قېرىنداشلىرىدۇر، چۈنكى ئانىسى بىر، ئاتىسى باشقا قېرىنداشلار بولسا ئانىنىڭ ئۈلۈشىنىڭ ئاز، ئاتىنىڭ ئۈلۈشىنىڭ كۆپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېرىنداشلارنىڭ بارلىقى ئاتىنىڭ ئۈلۈشىنى كۆپەيتىدۇ، چۈنكى ئاتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن نەرسىدىن بۇلار پايدىلىنىدۇ: ئاتا ئۇلارنى ئۇ ئۈلۈش بىلەن باقىدۇ، ئاتا ۋاپات بولغاندا ئۇلار بۇنى مىراس سۈپىتىدە ئۈلىشىدۇ.

## 2) ئەر - خوتۇن ۋە ئۈلۈشلىرى

بۇلار بىر - بىرىگە ۋارىس بولىدۇ. بۇلارنىڭ مىراستىن ئالىدىغان ئۈلۈشلىرىنىڭ مىقدارى ۋاپات بولغان تەرەپنىڭ بالىسى بولۇپ بولمىغانلىقىغىلا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بۇ تۆۋەندىكىچە:

ئەگەر ئايال ۋاپات بولۇپ، ئەر ھايات قالغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ بالىسى بولمىسا ئىبرىگە مىراسنىڭ يېرىمى، بالىسى بولسا تۆتتىن بىرى تېگىدۇ.

---

[1] 4 - سۈرە نىسا ، 11 - ئايەت.

ئەگەر ئەر ۋاپات بولۇپ، ئايال ھايات قالغان بولسا، ئۇ ئەرنىڭ بالىسى بولمىسا ئايالىغا مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى، بالىسى بولسا سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَكُمْ نِصْفُ مَا تَرَكَ أَزْوَاجُكُمْ إِن لَّمْ يَكُن لَّهُنَّ وَلَدٌ ۚ فَإِن كَانَ لَهُنَّ وَلَدٌ فَلَكُمُ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْنَ ۚ مِنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِينَ بِهَآ أَوْ دَيْنٍ ۚ وَلَهُنَّ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْتُمْ إِن لَّمْ يَكُن لَّكُمْ وَلَدٌ ۚ فَإِن كَانَ لَكُمْ وَلَدٌ فَلَهُنَّ ٱلثُّمُنُ مِمَّا تَرَكْتُم ۚ مِّنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ تُوصُونَ بِهَآ أَوْ دَيْنٍ ۗ ... ﴿١٢﴾﴾

«ئاياللىرىڭلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى سىلەرگە تېگىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولمىغان تەقدىردە شۇنداق. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا سىلەرگە ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ. بۇ تەقسىمات ئۇلارنىڭ ۋەسىيىتى ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭ قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىغان تەقدىردە شۇنداق. ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، ئۇلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. بۇ تەقسىمات سىلەرنىڭ ۋەسىيىتىڭلار ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ياكى قەرزىڭلار تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ»①.

## 3) قىز - ئوغۇل بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۈلۈشلىرى

بالىلار ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولسا، ئۇلارنىڭ مىراسىدىن ئۈلۈش ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈلۈشلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەگەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىز - ئوغۇل ئارىلاش بالىلىرى بولسا، ئوغۇللارغا ئىككىدىن، قىزلارغا بىردىن ئۈلۈش تېگىدۇ. ئەگەر ۋارىسلار ئىككىدىن ئارتۇق قىز بولسا، ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى تېگىدۇ،

① 4 - سۈرە نىسا ، 12 - ئايەت.

ئۇلار بۇنى ئۆزئارا ئوخشاش نىسبەتتە ئۈلىشىدۇ. ئەگەر ۋارىس بىر قىز بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يُوصِيكُمُ ٱللَّهُ فِيٓ أَوۡلَٰدِكُمۡۖ لِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۚ فَإِن كُنَّ نِسَآءٗ فَوۡقَ ٱثۡنَتَيۡنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا تَرَكَۖ وَإِن كَانَتۡ وَٰحِدَةٗ فَلَهَا ٱلنِّصۡفُۚ ... ﴿١١﴾﴾

«ئاللاھ سىلەرگە بالىلىرىڭلار ھەققىدە مۇنداق ۋەزىيە تاپشۇرىدۇ: بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ئۈلۈشى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇ باللار ئىككىدىن ئارتۇق قىز بولسا، ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇ بالا بىر قىز بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ»[1].

**ئەسكەرتىش**

قۇرئان كەرىمدە «ئەب - ئاتا» كەلىمىسى «بوۋا - جەد» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ، بوۋا بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىدىكى نەۋرىلەرنىڭ بالا قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى ئايەتتە «نەۋرىلەر» ئايرىم زىكىر قىلىنمىغان:

﴿حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمۡ أُمَّهَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُمۡ وَعَمَّٰتُكُمۡ وَخَٰلَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُ ٱلۡأَخِ وَبَنَاتُ ٱلۡأُخۡتِ ... ﴿٢٣﴾﴾

«سىلەرگە ئانىلىرىڭلار، قىزلىرىڭلار، ھەمشىرىلىرىڭلار، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرى... ھارام قىلىندى»[2].

﴿... وَلَا يُبۡدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوۡ ءَابَآئِهِنَّ أَوۡ ءَابَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوۡ أَبۡنَآئِهِنَّ أَوۡ أَبۡنَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوۡ إِخۡوَٰنِهِنَّ أَوۡ بَنِيٓ إِخۡوَٰنِهِنَّ أَوۡ بَنِيٓ أَخَوَٰتِهِنَّ ... ﴿٣١﴾﴾

---

[1] 4 - سۈرە نىسا ، 11 - ئايەت.
[2] 4 - سۈرە نىسا ، 23 - ئايەت.

«مۇئمىن ئاياللار زىنىنەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئۆز ئاتىلىرىدىن، ئەرلىرىنىڭ ئاتىلىرىدىن، ئۆز ئوغۇللىرىدىن، ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن.... باشقا ھېچكىمنىڭ يېنىدا ئاچمىسۇن»[①].

چۈنكى بىرىنچى ئايەتتىكى ﴿وَبَنَاتُكُمْ - قىزلىرىڭلار﴾، ئىككىنچى ئايەتتىكى ﴿أَوْ أَبْنَائِهِنَّ - ئۆز ئوغۇللىرى﴾ «نەۋرىلەر»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نەۋرىلەر «باللار» يەنى مېيىتنىڭ باللىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى ياكى ئانىلىرى ھايات بولسا مىراستىن ئۈلۈش ئالالمايدۇ، لېكىن ئۇلار ھايات بولمىغان ئەھۋالدا ئۈلۈش ئالالايدۇ. شۇنىڭدەك، قايسى نەۋرىنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسى (مېيىتنىڭ بىۋاستە بالىسى) ھايات بولمىسا، بۇ نەۋرە شۇ ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. بىردىن كۆپ نەۋرە ئۇ ئۈلۈشنى، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە ئاتىسىدىن ياكى ئانىسىدىن قالغان مىراستەك قىزغا بىر ئۈلۈش، ئوغۇلغا ئىككى ئۈلۈش قىلىپ ئۈلىشىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدە «ۋارىسلارنىڭ تەرتىپى»دە قايتا توختىلىمىز، ئىنشائاللاھ.

### 4) قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ ئۈلۈشلىرى

ۋاپات بولغۇچىنىڭ قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرى ئاتا - ئانىسى بىر ياكى ئاتىسى بىر ۋە ياكى ئانىسى بىر بولۇپ. جەمئىي ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ۋاپات بولغان قېرىنداش ياكى ھەمشىرىسىنىڭ مىراسىدىن ئۈلۈش ئېلىشى ئۈچۈن مۇئەييەن شەرتلەر بېلدۈرۈلگەن، ئۈلۈشلەرنىڭ نىسبىتى ئۇ شەرتلەرگە قاراپ بەلگىلەنگەن. قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ مىراستىن ئۈلۈش ئېلىش شەرتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈلۈش مىقدارلىرى تۆۋەندىكىچە:

---

① 24 - سۈرە نۇر ، 31 - ئايەت.

## (1) ئانا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ ئۈلۈشلىرى

قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ بىر تۈرى ئانىسى بىر بولغانلاردۇر. بۇلارنىڭ، ۋاپات بولغان قېرىندىشى ياكى ھەمشىرىسىنىڭ مىراسىدىن ئۈلۈش ئېلىشىنىڭ ئىككى شەرتى بار: بىرى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئانىسى بولماسلىقى (بۇ ئانا ئۇلارنىڭمۇ ئانىسىدۇر)، يەنە بىرى بالىسى بولماسلىقى. ئۇلارنىڭ ئۈلۈش نىسبىتى ئۆزلىرىنىڭ سانىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

ئەگەر ئانا بىر قېرىنداش ياكى ھەمشىرە بىر بولسا ئۇنىڭغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىنىڭ پەرقى يوق. ئەگەر ئۇلار بىردىن كۆپ بولسا، ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ. ئۇلار بۇنى ئوخشاش نىسبەتتە ئۈلىشىدۇ. يەنى ئۇلار ھەر ئېھتىمالدا ئانىنىڭ ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَإِن كَانَ رَجُلٌ يُورَثُ كَلَٰلَةً أَوِ ٱمۡرَأَةٞ وَلَهُۥٓ أَخٌ أَوۡ أُخۡتٞ فَلِكُلِّ وَٰحِدٖ مِّنۡهُمَا ٱلسُّدُسُۚ فَإِن كَانُوٓاْ أَكۡثَرَ مِن ذَٰلِكَ فَهُمۡ شُرَكَآءُ فِي ٱلثُّلُثِۚ ... ﴿١٢﴾﴾

«ئەگەر بىرەر ئەرنىڭ ياكى بىرەر ئايالنىڭ ئانىسى ۋە بالىسى يوق ھالەتتە مىراسى ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت بىر قېرىندىشى ياكى بىر ھەمشىرىسى بار بولسا، ئۇ ئىككىسىدىن ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا، ئۇلار مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىدە شېرىك بولىدۇ»①.

بۇ يەردىكى قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر ئانا بىر بولغان قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەردۇر. چۈنكى ئايەتنىڭ بۇ قىسمىدا قىز - ئوغۇل پەرقى ئېتىبارغا ئېلىنماستىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئانىنىڭ، مېيىتنىڭ بالىسى ياكى ئاتا بىر قېرىنداشلىرى بولغان تەقدىردىكى ئۈلۈشى (يەنى مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى)، ياكى ئۇلار بولمىغان تەقدىردىكى ئۈلۈشى (مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى) ئوخشاش نىسبەتتە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

---

① 4 - سۈرە نىسا، 12 - ئايەت.

## (2) مېيىتنىڭ ئاتا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۈلۈشلىرى

بۇلارنىڭ، ۋاپات بولغان قېرىندىشى ياكى ھەمشىرىسىنىڭ مىراسىدىن ئۈلۈش ئېلىشىنىڭ ئىككى شەرتى بار: بىرى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئاتىسى بولماسلىقى (بۇ ئاتا ئۇلارنىڭمۇ ئاتىسىدۇر)، يەنە بىرى بالىسى بولماسلىقى. ئۇلارنىڭ ئۈلۈش نىسبىتى ئۆزلىرىنىڭ سانىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

ئەگەر ۋاپات بولغۇچى ئەر، ھاياتتا قالغىنى بىر قىز ھەمشىرە بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ. ئەگەر ھاياتتا قالغان ھەمشىرىلەر ئىككى ۋە ئىككىدىن كۆپ بولسا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى تېگىدۇ.

ئەگەر ئۇ ۋارىسلار ئوغۇل - قىز قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر بولسا، مىراس ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوغۇلغا ئىككى، قىزغا بىر ئۈلۈش پرىنسىپى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر ۋاپات بولغىنى ھەمشىرە، ھاياتتا قالغىنى قېرىندىشى بولسا، مىراسنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تېگىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَسْتَفْتُونَكَ قُلِ ٱللَّهُ يُفْتِيكُمْ فِى ٱلْكَلَٰلَةِ ۚ إِنِ ٱمْرُؤٌا۟ هَلَكَ لَيْسَ لَهُۥ وَلَدٌ وَلَهُۥٓ أُخْتٌ فَلَهَا نِصْفُ مَا تَرَكَ ۚ وَهُوَ يَرِثُهَآ إِن لَّمْ يَكُن لَّهَا وَلَدٌ ۚ فَإِن كَانَتَا ٱثْنَتَيْنِ فَلَهُمَا ٱلثُّلُثَانِ مِمَّا تَرَكَ ۚ وَإِن كَانُوٓا۟ إِخْوَةً رِّجَالًا وَنِسَآءً فَلِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ ٱلْأُنثَيَيْنِ ۗ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ أَن تَضِلُّوا۟ ۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌۢ ﴿١٧٦﴾﴾

«ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن پەتىۋا سورايدۇ. ئېيتقىنكى: ئاللاھ سىلەرگە ئاتىسى ۋە بالىسى يوق ھالەتتە ۋاپات بولغان كىشى توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ - ئەگەر بىر ئەر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ھېچ بالىسى بولمىسا، پەقەت بىر ھەمشىرىسىلا بولسا، مىراسنىڭ يېرىمى بۇ ھەمشىرىگە تېگىدۇ. ناۋادا ۋاپات بولغان كىشى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچ بالىسى بولمىسا، پەقەت بىر قېرىندىشىلا بولسا، مىراسنىڭ ھەممىسىنى بۇ قېرىندىشى ئالىدۇ. ئەگەر ھەمشىرە ئىككى بولسا، ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى تېگىدۇ. ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر ھەم ئايال قېرىنداشلار بولسا، بىر ئوغۇلغا ئىككى قىزنىڭ ئۈلۈشىگە ئوخشاش ئۈلۈش تېگىدۇ. ئاللاھ

سىلەرگە ئېزىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بايان قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»[1].

### (3) مېيىتنىڭ ئاتا - ئانا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۈلۈشلىرى

بۇلارغا، ۋاپات بولغان قېرىندىشى ياكى ھەمشىرىسىنىڭ مىراسىدىن تۆۋەندىكى ئېھتىماللارنىڭ بىرىدە ئۈلۈش تېگىدۇ ۋە تېگىدىغان ئۈلۈشنىڭ مىقدارى ھەر ئېھتىمالدا پەرقلىق بولىدۇ:

1 - مېيىتنىڭ ئانىسى ۋە بالىسى بولمىغان ئېھتىمال. بۇ تەقدىردە بۇ قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر 4 - سۈرە نىسانىڭ 12 - ئايىتىدە بايان قىلىنغان «قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر»نىڭ قاتارىدا ئانىسىنىڭ (ھاياتتا بولغان تەقدىردىكى) ئۈلۈشىنى شۇ ئايەتتە بەلگىلەنگەن بويىچە تەقسىم قىلىشىدۇ. چۈنكى بۇلار مېيىتقا ئانا تەرەپتىن، پەقەت ئانىسىلا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە يېقىندۇر.

2 - مېيىتنىڭ ئاتىسى ۋە بالىسى بولمىغان ئېھتىمال. بۇ تەقدىردە بۇ قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر 4 - سۈرە نىسانىڭ 176 - ئايىتىدە بايان قىلىنغان «قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر»نىڭ قاتارىدا ئاتىسىنىڭ (ھاياتتا بولغان تەقدىردىكى) ئۈلۈشىنى شۇ ئايەتتە بەلگىلەنگەن بويىچە تەقسىم قىلىشىدۇ. چۈنكى بۇلار مېيىتقا ئاتا تەرەپتىن، پەقەت ئاتىسىلا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە يېقىندۇر.

3 - مېيىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە بالىسى بولمىغان ئېھتىمال. بۇ تەقدىردە بۇ قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر ئىككى تەرەپتىن ئۈلۈش ئالىدۇ. بىرى 4 - سۈرە نىسانىڭ 12 - ئايىتىدە بايان قىلىنغان «قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر»نىڭ قاتارىدا ئانىسىنىڭ (ھاياتتا بولغان تەقدىردىكى) ئۈلۈشىنى شۇ ئايەتتە بەلگىلەنگەن بويىچە تەقسىم قىلىشىدۇ. چۈنكى بۇلار مېيىتقا ئانا تەرەپتىن، پەقەت ئانىسىلا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە يېقىندۇر. يەنە بىرى 4 - سۈرە نىسانىڭ 176 -

---

[1] 4 - سۈرە نىسا ، 176 - ئايەت.

ئايتىدە بايان قىلىنغان «قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر»نىڭ قاتارىدا ئاتىسىنىڭ (ھاياتتا بولغان تەقدىردىكى) ئۇلۇشىنى شۇ ئايەتتە بەلگىلەنگەن بويىچە تەقسىم قىلىشىدۇ. چۈنكى بۇلار مېيتقا ئاتا تەرەپتىن، پەقەت ئاتىسىلا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە يېقىندۇر.

### خۇلاسە

• مېيتنىڭ ئانا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرى پەقەت مېيتنىڭ ئانىسى ۋە بالىسى ھايات بولمىغان تەقدىردىلا مىراستىن ئۈلۈش ئالالايدۇ. بۇ ئۈلۈش ئۇ ئانا ھايات بولغان تەقدىردە ئۆزى ئالىدىغان ئۈلۈشتۇر.

• مېيتنىڭ ئاتا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرى مېيتنىڭ ئاتىسى ۋە بالىسى بولمىغان تەقدىردىلا ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ ۋە مىراسنى خۇددى ئۇ بالىلاردەك ئوغۇلغا ئىككى، قىزغا بىر ئۈلۈشتىن بۆلۈشىدۇ.

•مېيتنىڭ ئاتا - ئانا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرى، مېيتنىڭ ئانىسى ۋە بالىسى بولمىغان تەقدىردە، مېيت بىلەن پەقەت ئانىسىلا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىنىڭ قاتارىدا ئۈلۈش ئالىدۇ. مېيتنىڭ ئاتىسى ۋە بالىسى بولمىغان تەقدىردە، مېيت بىلەن پەقەت ئاتىسىلا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ قاتارىدا ئۈلۈش ئالىدۇ. ناۋادا مېيتنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە بالىسى بولمىسا، ئىككى تەرەپتىن ئۈلۈش ئالىدۇ: ھەم ئانىسى بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلەرنىڭ قاتارىدا ھەمدە ئاتىسى بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرى قاتارىدا ئۈلۈش ئالىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ تۆت بىر تۇغقىنى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئانا بىر ، بىرى ئاتا بىر، بىرى ئاتا - ئانا بىر قېرىنداشلار بولسا ۋە بىرى ئاتا - ئانا بىر ھەمشىرە بولسا، مىراس تۆۋەندىكىدەك تەقسىم قىلىنىدۇ:

مىراس ئالتىگە بۆلۈنىدۇ، ئالتىدىن بىرى ئىككىگە ئايرىلىپ، بىرى پەقەت ئانا بىر قېرىنداشقا، بىرى ئاتا - ئانا بىر قېرىنداشقا تېگىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسى مېيتقا ئانا تەرەپتىن ئوخشاش دەرىجىدە يېقىندۇر. قالغان بەش ئۈلۈشنىڭ بىرى ھەمشىرىگە تېگىدۇ، تۆت ئۈلۈشتىن ئىككىسى ئاتا بىر قېرىندىشىغا، ئىككىسى ئاتا - ئانا بىر قېرىندىشىغا تېگىدۇ.

## 5) باشقا ۋارىسلار

ئاللاھ تائالا مىراس تەقسىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە مېيىتنىڭ بىۋاستە ئاتا - ئانىسى، بالىلىرى ۋە جۈپتى (ئېرى ياكى ئايالى) قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۈلۈش بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئانىسى ۋە بالىسى بولمىغان مېيىت (ئانا تەرەپتىن كەلالە)، ئاتىسى ۋە بالىسى بولمىغان مېيىت (ئاتا تەرەپتىن كەلالە)لارنىڭ مىراسىنىڭ تەقسىماتى ھەققىدە تەلىمات بېرىپ، بىرىنچى دەرىجىدىكى ۋارىسلاردىن ھايات بولمىغانلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىدىن كېيىنكى دەرىجىدە بولغان باشقا تۇغقانلارنىڭ ئۆتۈپ، ۋارىس بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، ئۇلارمۇ ھايات بولمىغان ئەھۋالدا كېيىنكى دەرىجىدە بولغان تۇغقانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، ۋارىس بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۆز مەنىلىرىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرلىكتە ۋارىسلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ تەرتىپكىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ:

﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ أُمَّهَٰتُكُمْ وَبَنَاتُكُمْ وَأَخَوَٰتُكُمْ وَعَمَّٰتُكُمْ وَخَٰلَٰتُكُمْ وَبَنَاتُ ٱلْأَخِ وَبَنَاتُ ٱلْأُخْتِ ... ﴿٢٣﴾﴾

«سىلەرگە ئانىلىرىڭلار، قىزلىرىڭلار، ھەمشىرىلىرىڭلار، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرى، ھەمشىرەڭلەرنىڭ قىزلىرى... ھارام قىلىندى»①.

﴿... وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ ءَابَآئِهِنَّ أَوْ ءَابَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَآئِهِنَّ أَوْ أَبْنَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَٰنِهِنَّ أَوْ بَنِىٓ إِخْوَٰنِهِنَّ أَوْ بَنِىٓ أَخَوَٰتِهِنَّ... ﴿٣١﴾﴾

«مۇئمىن ئاياللار زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئۆز ئاتىلىرىدىن، ئەرلىرىنىڭ ئاتىلىرىدىن، ئۆز ئوغۇللىرىدىن، ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن.... باشقا ھېچكىمنىڭ يېنىدا ئاچمىسۇن»②.

---

① 4 - سۈرە نىسا ، 23 - ئايەت.
② 24 - سۈرە نۇر، 31 - ئايەت.

﴿... مِنۢ بُيُوتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ ءَابَآئِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أُمَّهَٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ إِخۡوَٰنِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَخَوَٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَعۡمَٰمِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ عَمَّٰتِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ أَخۡوَٰلِكُمۡ أَوۡ بُيُوتِ خَٰلَٰتِكُمۡ ... ﴿٦١﴾﴾

«ئۆز ئۆيلىرىڭلاردىن، ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، ھەمشىرىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئاتىلىرىڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئاتىلىرىڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئانىلىرىڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئانىلىرىڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن»[1].

بۇ ئۈچ ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەرنى تۆۋەندىكىدەك تەرتىپلەشكە بولىدۇ: ئاتا - ئانىلار، بالىلار، جۈپلەر، قېرىنداش - ھەمشىرىلەر، بوۋا - مومىلار، تاغا - ھاممىلار ۋە جىيەنلەر.

مىراس تەقسىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ئۆلگەن كىشىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىدىكى يېقىنلىرى ۋە ئۇلۇشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ، شۇنداقلا كېيىنكىلەرنىڭ مۇئەييەن شەرتلەر ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ ئۇلۇش ئالالايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## 1) بوۋا - مومىلار

### (1) بوۋا - مومىنىڭ ئېنىقلىمىسى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلۡوَٰلِدَانِ وَٱلۡأَقۡرَبُونَ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلۡوَٰلِدَانِ وَٱلۡأَقۡرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنۡهُ أَوۡ كَثُرَ نَصِيبًا مَّفۡرُوضًا ﴿٧﴾﴾

«ئەرلەر ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى ۋە ئەڭ يېقىنلىرى قالدۇرغان مىراستىن نېسىۋە بار. ئاياللار ئۈچۈنمۇ ئاتا - ئانىسى ۋە ئەڭ يېقىنلىرى قالدۇرغان

---

[1] 24 - سۈرە نۇر، 61 - ئايەت.

مىراستىن نېسىۋە بار. ئۇ مىراس ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بەلگىلەنگەن نېسىۋىسى بار»[①].

ئايەتتە مىراس قالدۇرغانلار «ۋالىدانى» ﴿الْوَالِدَانِ﴾ ۋە «ئەقرەبۇنە» ﴿وَالأَقْرَبُونَ﴾ دېگەن كەلىمىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «ۋالىدانى» دېگەن سۆز تۇغماق مەنىسىدىكى ۋىلادەت (وِلاَدَةً) سۆز تومۇرىدىن تۆرەلگەن ئېنىق سۈپەتداش (ئىسمى فائىل) نىڭ ئىككىلىك شەكلى (تەسنىيەسى) بولۇپ، بۇ ئىككىلىك شەكىل تۇغقۇچى ئايال دېگەن مەنىدىكى «ۋالىدە/ۋالىد» بىلەن تۇغۇلغان بالىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىغا سەۋەبچى بولغۇچى ئەر، بالىسى بولغان ئەر دېگەن مەنىدىكى ئېنىق سۈپەتداش «ۋالىد»نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ كەلىمىنىڭ يىلتىزىدا تۇغۇش مەنىسى بولغانلىقى ۋە ئېنىق ئىسىم (مەئرىفە) بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مەنىسى مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ياكى مېيىتنىڭ بىۋاستە ئاتا - ئانىسى دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىڭلار» دېگەن مەنىدىكى ئايەتلەردە بۇ «ۋالىدەيىن» كەلىمىسى كەلگەن[②].

«ئەقرەبۇنە» دېگەن كەلىمە يېقىنلاشماق مەنىسىدىكى قۇربەتەن (قُرْبَةً) سۆز تومۇرىدىن تۆرەلگەن ئاشۇرما سۈپەتداش (ئىسمى تەفدىل) بولۇپ، مەنىسى «ئەڭ يېقىن» دېگەن بولىدۇ. بۇ كەلىمىمۇ ئايەتتە ئېنىق ئىسىم (مەئرىفە) بولغانلىقى ئۈچۈن ۋارىس بولىدىغان كىشىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار مېيىتنىڭ يۇقىرىدا تونۇتۇلغان بىۋاستە ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە بىرىنچى قېتىمدا مىراستىن ئۈلۈش ئېلىش ھەققىگە ئىگە بولغان يېقىنلىرى بولۇپ، مېيىتنىڭ بالىلىرىنى ۋە جۈپتىنى (ئېرىنى ياكى ئايالىنى) كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە «ئاتا» مەنىسىدە باشقا بىر كەلىمىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ كەلىمە ئەب «أب» بولۇپ، مەنىسى ئۆز ئاتا، بوۋا، بوۋىنىڭ ئاتىسى، تاغا ۋە ئەجداد دېگەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن

① 4 - سۈرە نىسا، 7 - ئايەت.

② قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 83 - ئايەت؛ 4 - سۈرە نىسا، 36 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام، 151 - ئايەت؛ 17 - سۈرە ئىسرا، 23 - ئايەت؛ 46 - سۈرە ئەھقاف، 15 - ئايەت.

ئىنسانىيەتنىڭ «ئەب»ى ئىكەنلىكى[1]، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن مۇئمىن، مۇسۇلمانلارنىڭ «ئەب»ى ئىكەنلىكى[2] بىلدۈرۈلگەن. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە «ئەب» كەلىمىسى ئاتا، بوۋا، تاغا ۋە ئەجداد ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن:

﴿وَكَذَٰلِكَ يَجْتَبِيكَ رَبُّكَ وَيُعَلِّمُكَ مِن تَأْوِيلِ ٱلْأَحَادِيثِ وَيُتِمُّ نِعْمَتَهُۥ عَلَيْكَ وَعَلَىٰٓ ءَالِ يَعْقُوبَ كَمَآ أَتَمَّهَا عَلَىٰٓ أَبَوَيْكَ مِن قَبْلُ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْحَٰقَ ۚ إِنَّ رَبَّكَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ٦﴾

«چۈشۈڭدە كۆرگىنىڭدەك رەببىڭ سېنى تاللايدۇ، ساڭا چۈشلەرنىڭ تەبىرىدىن ئۆگىتىدۇ، بۇرۇن ئىككى ئاتاڭ ئىبراھىم ۋە ئىسھاققا نېمىتىنى تاماملىغاندەك، ساڭىمۇ ۋە يەئقۇبنىڭ ئەۋلادىغىمۇ نېمىتىنى تاماملايدۇ. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[3].

﴿وَٱتَّبَعْتُ مِلَّةَ ءَابَآءِىٓ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ ۚ مَا كَانَ لَنَآ أَن نُّشْرِكَ بِٱللَّهِ مِن شَىْءٍ ۚ ذَٰلِكَ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ عَلَيْنَا وَعَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ ٣٨﴾

«يۇسۇف ئېيتتى: ئاتىلىرىم ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنىڭ يولىغا ئەگەشتىم. ئاللاھقا بىرەر نەرسە شېرىك قىلىشىمىز بىز ئۈچۈن توغرا بولمايدۇ. بۇ ئېتىقاد ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان پەزلىدىندۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ»[4].

﴿أَمْ كُنتُمْ شُهَدَآءَ إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ ٱلْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِنۢ بَعْدِى ۖ قَالُوا۟ نَعْبُدُ إِلَٰهَكَ وَإِلَٰهَ ءَابَآئِكَ إِبْرَٰهِۦمَ وَإِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ إِلَٰهًا وَٰحِدًا وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ١٣٣﴾

---

① 7 - سۈرە ئەئراف، 27 - ئايەت.
② 22 - سۈرە ھەج، 78 - ئايەت.
③ 12 - سۈرە يۇسۇف، 6 - ئايەت.
④ 12 - سۈرە يۇسۇف، 38 - ئايەت.

«ياكى سلەر يەئقۇبقا ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ يېنىدا بارمىدىڭلار؟! ئۇ باللىرىغا: ‹مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سلەر كىمگە چوقۇنىسىلەر؟› دېگەندە، ئۇلار: ‹سېنىڭ ئىلاھىڭ بولغان، ئاتىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل ۋە ئىسھاقنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئىلاھقا چوقۇنىمىز، بىز پەقەت ئۇنىڭغىلا تەسلىم بولغۇچىلاردۇرمىز› دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى»[1].

قۇرئان كەرىمدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلەش توغرىسىدا ۋەدە قىلغانلىقى، كېيىن مەغپىرەت تىلىگەنلىكى، لېكىن بۇ ئاتىسىنىڭ ئاللاھ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿قَالَ سَلَٰمٌ عَلَيۡكَۖ سَأَسۡتَغۡفِرُ لَكَ رَبِّيٓۖ إِنَّهُۥ كَانَ بِي حَفِيّٗا ٤٧﴾

«ئىبراھىم مۇنداق دېدى: خوش ئەمسە ئاتا! سەن ئۈچۈن رەببىمدىن مەغپىرەت تىلەيمەن. ئۇ ماڭا بەك مەرھەمەتلىكتۇر»[2].

﴿وَٱغۡفِرۡ لِأَبِيٓ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ ٨٦﴾

«ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن. چۈنكى ئۇ ئازغۇنلاردىندۇر»[3].

﴿وَمَا كَانَ ٱسۡتِغۡفَارُ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن مَّوۡعِدَةٖ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوّٞ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنۡهُۚ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَأَوَّٰهٌ حَلِيمٞ ١١٤﴾

«ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى، پەقەت ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسى ئۈچۈن ئىدى. كېيىن ئىبراھىمغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندا، ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولدى. چۈنكى ئىبراھىم ئاللاھتىن بەك قورققۇچى، سەۋرچان كىشى ئىدى»[4].

---

① 2 - سۈرە بەقەرە، 133 - ئايەت.
② 19 - سۈرە مەريەم، 47 - ئايەت.
③ 26 - سۈرە شۇئەرا، 86 - ئايەت.
④ 9 - سۈرە تەۋبە، 114 - ئايەت.

شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ۋە ئىسھاق دېگەن باللىرى دۇنياغا كېلىپ بولغان ۋە ئۆزى ياشانغان چاغدا ئاتا - ئانىسىغا مەغپىرەت تىلىگەنلىكىمۇ بايان قىلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى وَهَبَ لِى عَلَى ٱلْكِبَرِ إِسْمَٰعِيلَ وَإِسْحَٰقَ ۚ إِنَّ رَبِّى لَسَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٩﴾ رَبِّ ٱجْعَلْنِى مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِى ۚ رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَآءِ ﴿٤٠﴾ رَبَّنَا ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ ٱلْحِسَابُ ﴿٤١﴾﴾

«ياشىنىپ قالغان چېغىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ رەببىم دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر. رەببىم! مېنى نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگۈچى قىلغىن، نەسلىمدىنمۇ نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگۈچى كىشىلەر چىقارغىن. رەببىمىز! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن. رەببىمىز! ھېساب ئېلىنىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا - ئانامغا ۋە مۇئمىنلارغا مەغپىرەت قىلغىن»[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتا مەغپىرەت تىلەپ، كېيىن ئادا - جۇدا بولغان ئاتىسى باشقا، «ۋالىد» كەلىمىسىنى ئىككىلىك شەكلىدە تىلغا ئېلىپ، ئانىسى بىلەن بىرلىكتە مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ، مەغپىرەت تىلىگەن ئاتىسى باشقىدۇر. چۈنكى بىر ئىنساننىڭ بىر مۇئەييەن ۋە مەلۇم «ۋالىد»ى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىشقا ھاجەت يوق. لېكىن بىر ئىنساننىڭ بىرقانچە «ئەب»ى بولىدۇ، قايسىسىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنىڭ بىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە «ئىككى ئاتاڭ ئىبراھىم ۋە ئىسھاق»[2]، «ئاتىلىرىڭ، ئىبراھىم، ئىسمائىل ۋە ئىسھاق»[3] دەپ «ئەبلەر»نىڭ يېنىدا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ زىكىر قىلىنغان. جۈملىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتا مەغپىرەت تىلەپ، كېيىن ئادا - جۇدا بولغان

---

[1] 14 - سۈرە ئىبراھىم، 39 ~ 41 - ئايەتلەر.
[2] قاراڭ: 12 - سۈرە يۈسۈف، 6 - ئايەت.
[3] قاراڭ: 2 - سۈرە بەقەرە، 133 - ئايەت.

ئاتىسى «ئازەر»[1] دېگەن ئىسمى بىلەن زىكىر قىلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەغپىرەت تىلىگەن ئاتىسىنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنمىغان[2].

«ئەب» كەلىمىسى «بوۋا» مەنىسىدە كەلگەندە بۇ كەلىمىنىڭ ئىككىلىك شەكلى «بوۋا - موما» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرى بىلەن مېيىتنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ۋاستىسى بولغان بالىلىرى يەنى مېيىتنىڭ بىۋاستە ئاتا - ئانىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ (ھاياتتا بولغان تەقدىردە ئالىدىغان) ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇلار مېيىتنىڭ ئۆز ئاتىسى ياكى ئانىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مېيىتنىڭ «ئەڭ يېقىن»ى قاتارىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى (ئەبەۋەينى) ھېسابلىنىدۇ.

بوۋا - موملار ھەر نەقەدەر «ئەبەۋەين» ھېسابلانسىمۇ مىراس تەقسىماتى ھەققىدىكى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ «ئۈچىنچى دەرىجىدە ۋارىس» بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مىراس تەقسىماتى ھەققىدىكى ئايەتلەر بىۋاستە ئاتا - ئانىنىڭ بالا بىلەن بىرلىكتە ۋارىس بولىدىغانلىقىنى، بالا بولمىسا مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئاتا - ئانىنىڭ ئالىدىغانلىقىنى، ئاتا - ئانا بىلەن بالا بولمىغاندا بىر تۇغقانلارنىڭ ۋارىس بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ كۆرسىتىدۇكى، تاغا ۋە ھاملارنىڭ ئۈلۈش ئېلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يەنى مېيىتنىڭ بوۋا - مومىسىنىڭ ھايات بولماسلىقى شەرتتۇر. شۇڭلاشقا بوۋا - موملارنىڭ ۋارىسلىق دەرىجىسى بىر تۇغقانلارنىڭ دەرىجىسىدىن كېيىن تاغا - ھاملارنىڭ دەرىجىسىدىن ئىلگىرىكى دەرىجىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن «ۋارىسلارنىڭ تەرتىپى»گە ئىشارەت قىلغان ئايەتلەردە «بوۋا - موملار» ئاشكارا زىكىر قىلىنمىغان. چۈنكى نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللارنىڭ بېشىدىكى «ئانىلار»[3] موملارنىمۇ، ئاياللارغا زىنىنىنى ئاشكارىلاشقا رۇخسەت بېرىلگەن ئەرلەرنىڭ

---

① قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 74 - ئايەت.
② قاراڭ: 14 - سۈرە ئىبراھىم، 41 - ئايەت.
③ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 23 - ئايەت.

قاتاردىكى «ئاتىلار»[1] بوۋىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەمداستىخان بولۇش دائىرىسىنى بايان قىلىدىغان ئايەتتە[2] ئاتا تەرەپ تاغا - ھاممىلارنىڭ بىر تۇغقانلاردىن كېيىن زىكىر قىلىنىشى «بوۋا - مومىلار»نىڭ ۋارىسلىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بوۋا - مومىلار ئاتا تەرەپتىن ۋە ئانا تەرەپتىن بولۇپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر تۈرى ئۆزلىرى بىلەن مېيىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسنىڭ ئۈلۈشىنى ئېلىپ بۆلۈشىدۇ.

2) بوۋا - مومىلارنىڭ ئۈلۈشلىرى

(1) ئاتا تەرەپتىن بوۋا - مومىلار. بۇلار مېيىتنىڭ بىۋاستە ئاتىسى، بالىسى ۋە قېرىنداش - ھەمشىرىلىرى بولمىغان تەقدىردىلا مېيىتنىڭ بىۋاستە ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. خۇددى مېيىتنىڭ بىۋاستە ئاتا - ئانىسىدەك، بوۋىسى ئۈچتە ئىككىنى، مومىسى ئۈچتە بىرىنى ئالىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ ئاتا تەرەپتىن تاغا - ھاممىلىرى بولسا مومىسى ئالتىدىن بىرىنى، بوۋىسى ئالتىدىن بەشىنى ئالىدۇ. بۇ يەردىكى تەقسىمات مېيىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ، مېيىتنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان ۋە بولمىغان چاغدىكى تەقسىماتقا ئوخشاشتۇر.

(2) ئانا تەرەپتىن بوۋا - مومىلار. بۇلار مېيىتنىڭ بىۋاستە ئانىسى، بالىسى ۋە قېرىنداش - ھەمشىرىلىرى بولمىغان تەقدىردىلا مېيىتنىڭ بىۋاستە ئانىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. ئاندىن بۇ ئۈلۈشنى ئۆز ئارىسىدا ئوخشاش مىقداردا بۆلۈشىدۇ. چۈنكى بۇلار مېيىتقا ئۇنىڭ ئانىسى تەرەپتىن يېقىنلىشىدۇ. ئۈلۈشلەرنىڭ مىقدارى مېيىت بىلەن ۋارىسنىڭ ئارىسىدىكى مەنپەئەتكە قارىتا ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا ئانا تەرەپكە مۇشۇنداق ئۈلۈش تەقسىم قىلىنغان.

## 2) تاغا - ھاممىلار

(1) ئاتا تەرەپتىن تاغا - ھاممىلار، بۇلار مېيىتنىڭ بىۋاستە ئاتىسى، بالىسى، قېرىنداش - ھەمشىرىلىرى ۋە بوۋىسى بولمىغان تەقدىردىلا

---

① قاراڭ: 24 - سۈرە نۇر، 31 - ئايەت.
② قاراڭ: 24 - سۈرە نۇر، 61 - ئايەت.

مېيىتنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، ئوغۇل ئىككى ئۈلۈش، قىز بىر ئۈلۈش ئالىدۇ.

(2) ئانا تەرەپتىن تاغا - هاممىلار. بۇلار مېيىتنىڭ بىۋاسىتە ئانىسى، بالىسى، قېرىنداش - هەمشىرىلىرى ۋە مومىسى بولمىغان تەقدىردىلا مېيىتنىڭ ئانىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۈلۈشىنى ئالىدۇ ۋە ئوخشاش مىقداردا بۆلۈشىدۇ.

### 3) جىيەنلەر

بۇلار مېيىتنىڭ قېرىنداش ۋە هەمشىرىلىرىنىڭ باللىرى بولۇپ، يۇقىرىدىكى ۋارىسلارنىڭ هېچبىرى بولمىغان ئەهۋال ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يەنى مېيىتنىڭ قېرىنداش ۋە هەمشىرىلىرىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ (هايات بولغان تەقدىردىكى) ئۈلۈشلىرىنى ئالىدۇ:

● ئانا بىر قېرىنداش - هەمشىرىنىڭ باللىرى، ئۇ ئانىنىڭ ئۈلۈشىنى ئېلىپ، ئوخشاش مىقداردا بۆلۈشىدۇ.

● ئاتا بىر قېرىنداش - هەمشىرىنىڭ باللىرى، ئۇ ئاتىنىڭ ئۈلۈشىنى ئېلىپ، ئوغۇلغا ئىككى ئۈلۈش، قىزغا بىر ئۈلۈش بويىچە بۆلۈشىدۇ.

● ئاتا - ئانا بىر قېرىنداش - هەمشىرىنىڭ باللىرى هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. ئانا تەرەپتىن ئالغان ئۈلۈشىنى ئوخشاش مىقداردا، ئاتا تەرەپتىن ئالغان ئۈلۈشىنى ئوغۇلغا ئىككى، قىزغا بىر ئۈلۈش پرىنسىپى بويىچە بۆلۈشىدۇ.

## §2. ئۈلۈش پەرقىنىڭ هېكمىتى

ئاللاھ تائالا مىراس تەقسىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿... ءَابَآؤُكُمۡ وَأَبۡنَآؤُكُمۡ لَا تَدۡرُونَ أَيُّهُمۡ أَقۡرَبُ لَكُمۡ نَفۡعٗاۚ فَرِيضَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمٗا ١١﴾

«ئاتا - ئانىلىرىڭلار ۋە باللىرىڭلارنىڭ قايسىسى سىلەرگە پايدا جەھەتتە ئەڭ يېقىن؟ بۇنى بىلمەيسىلەر. بۇ ئۈلۈشلەر ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1].

ۋارىسلارنىڭ ئىچىدىن نىكاھ توختامى بىلەن ۋارىس بولغانلارنىڭ ۋارىسلىقى ئۆزلىرى بىلەن توگەيدۇ. يەنى ئەر - ئايال ئۆلگەن تەرەپنىڭ مىراسىدىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇ تەرەپ بىلەن «يېقىن»لىقى توگەيدۇ. مىراسى تەقسىم قىلىنماقچى بولغان مېيىتنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن جۈپتىگە ئۇ مىراستىن ئۈلۈش ئايرىلىپ ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا تاپشۇرۇلمايدۇ.

ئەمما جۈپلەردىن باشقا ۋارىسلار ئۇنداق ئەمەس. بۇلار بىلەن مېيىت ئارىسىدىكى مىراسخورلۇق تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىگە باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەرىجە بار، بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئۈلۈشلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى، مېيىت بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتكە قارىتا بەلگىلەنگەن. مەنپەئەت جەھەتتە مېيىتقا كىمنىڭ بەك يېقىنلىقىنى ئىنسانلار بىلەلمىگەنلىكى، بۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۈلۈشلەرنىڭ مىقدارىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بەلگىلىگەن.

ۋارىسلارنىڭ ئىچىدىن جۈپلەر چىقىرىۋېتىلسە قالغانلار مېيىتنىڭ يا ئاتا - ئانىسى ياكى بالىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە ﴿آبَآؤُكُمْ وَأَبناؤُكُمْ - ئاتا - ئانىلىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار﴾ دېگەن. چۈنكى مېيىتنىڭ ئاتا - ئانىسى تەرەپتىن بوۋا - موما ۋە تاغا - ھاممىلىرى «ئاتا - ئانىسى»، نەۋرىلىرى «بالىسى» ھېسابلىنىدۇ.

قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ (بۇ مېيىتنىڭمۇ ئاتا - ئانىسىدۇر) ئورنىغا ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ئۈلۈشلىرىنى ئۆزئارا ئوغۇلغا ئىككى ئۈلۈش، قىزغا بىر

---

[1] 4 - سۈرە نىسا ، 11 - ئايەت.

ئۆلۈش پرىنسىپى بويىچە بۆلۈشىدۇ. قېرىنداش ۋە ھەمشىرىنىڭ باللىرى بولسا مېيىتنىڭ باللىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مېيىت ئۇلارنىڭ تاغىسىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن مېيىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەۋرىلىرى بولىدۇ. ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ بوۋا ـ مومىسىنىڭ ئۆز باللىرى ھېسابلىنىدۇ.

## §3.ئۆرنەك تەقسىماتلار

### 1. ۋارىسلار مېيىتنىڭ ئايالى ۋە باللىرى

سوئال:

دادام بۇ يىل ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئانام (دادامنىڭ ئايالى) تېخى ھايات، ئانام ئايرىم تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. دادامنىڭ ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار. بىز دادامدىن قالغان مىراسنى قانداق بۆلىشىمىز؟

جاۋاب:

دادىڭىزدىن قالغان مىراس 40 ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ. بۇ 40 ئۈلۈشنىڭ سەككىزدىن بىرى بولغان بەش ئۈلۈش ئانىڭىزغا تېگىدۇ. قالغان 35 ئۈلۈشتىن ئىككى ئوغۇلغا ئايرىم ـ ئايرىم 14 تىن 28 ئۈلۈش تېگىدۇ. قالغان يەتتە ئۈلۈش قىزغا تېگىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا مېيىتنىڭ ئايالى مىراسنىڭ سەككىزدىن بىرىنى، قىزى بىر ئۈلۈش، ئىككى ئوغلىنىڭ ھەر بىرى ئىككىدىن ئۈلۈش ئالغان بولىدۇ.

سوئال:

يېقىندا دادام ئۆلۈپ كەتكەن. ئانام (دادامنىڭ ئايالى) ھايات. بىز بەش قىز، ئۈچ ئوغۇل بولۇپ، دادامنىڭ جەمئىي سەككىز بالىسى بار. دادامنىڭ مىراسى قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟

جاۋاب:

دادىڭىزنىڭ مىراسى 88 ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدىن 11 ئۈلۈش ئانىڭىزغا تېگىدۇ. قىزلارنىڭ ھەر بىرىگە يەتتىدىن ئۈلۈش، ئوغۇللارنىڭ ھەر بىرىگە 14 تىن ئۈلۈش تېگىدۇ.

سوئال:

دادام ۋاپات بولغان. ئانام ۋە ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز بولۇپ بەش بىر تۇغقان قالدۇق. بىز ئۆزئارىمىزدا دادامنىڭ مىراسىنى قانداق ئۈلىشىمىز؟

جاۋاب:

دادىڭىزنىڭ مىراسى 64 ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ. ئانىڭىزغا 64 نىڭ سەككىزدىن بىرى بولغان 8 ئۈلۈش، قالغان 56 ئۈلۈشتىن قىزلارنىڭ ھەر بىرىگە 7 ئۈلۈش، ئوغۇللارنىڭ ھەر بىرىگە 14 ئۈلۈش تېگىدۇ.

## 2. ۋارىسلار مېيىتنىڭ ئايالى، ئانىسى ۋە باللىرى

سوئال:

دادام ۋاپات بولدى. ئايالى، ئانىسى، ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزى بار. مىراسى قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟

جاۋاب:

مىراس ئالدى بىلەن سەككىزگە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ بىرى ئايالىغا بېرىلىدۇ. ئاندىن قالغىنى ئالتىگە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ بىرى ئانىسىغا، قالغىنى ئىككى ئوغلىنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن تۆت ئۈلۈش، قىزىغا بىر ئۈلۈش قىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ تەقسىماتنىڭ فورمۇلىسى تۆۋەندىكىچە:

مىراس 48 ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ سەككىزدىن بىرى بولغان 6 ئۈلۈش مېيىتنىڭ ئايالىغا تېگىدۇ. قالغان مىقدارنىڭ ئالتىدىن بىرى بولغان ئالتىدىن بىرى بولغان 7 ئۈلۈش ئانىسىغا تېگىدۇ. ئىككى ئوغلىنىڭ ھەر بىرىگە 14 تىن جەمئىي 28 ئۈلۈش، قىزىغا 7 ئۈلۈش تېگىدۇ.

## 3. ۋارىسلار مېيىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باللىرى

سوئال:

دادام تۇگەپ كەتكەن. دادامنىڭ ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز بولۇپ جەمئىي 5 بالىسى بار. دادامنىڭ ئاتا - ئانىسمۇ ھايات. دادامدىن ئۆي - جاي، يەر - زېمىن، كالا - قوي، نەخ پۇل... دېگەندەك نەرسىلەر مىراس قالغان ئىدى. بۇلارنى قانداق بۆلىشىمىز؟

جاۋاب:

1 - ئالدى بىلەن دادىڭىز ئۆلۈپ قالغان چاغدا ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان بارلىق مال - مۈلۈك ھازىرقى باھادا باھالىنىپ پۇلغا سۇندۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۆي - بىسات، كالا - قوي، يەر - زېمىن... لەرنى پۇلغا سۇندۇرماي تەقسىم قىلغىلى بولمايدۇ.

2 - ئاندىن مىراسنىڭ قالغان قىسمىنىڭ ئالتىدىن بىرى دادىڭىزنىڭ دادىسىغا، ئالتىدىن بىرى دادىڭىزنىڭ ئانىسىغا تېگىدۇ. قالغىنى ئۈچ قىزغا بىردىن، ئىككى ئوغۇلغا ئىككىدىن ئۈلۈش قىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ تەقسىماتنىڭ فورمۇلىسى تۆۋەندىكىچە:

دادىڭىزدىن قالغان مىراس 42 ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ. دادىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە يەتتىدىن ئىككىسىگە 14 ئۈلۈش تېگىدۇ. قىزلارنىڭ ھەر بىرىگە تۆتتىن ئۈچ قىزغا 12 ئۈلۈش، ئوغۇللارنىڭ ھەر بىرىگە سەككىزدىن ئىككى ئوغۇلغا 16 ئۈلۈش تېگىدۇ.

## 4. ۋارىسلار مىيىتنىڭ بالىلىرى ۋە قېرىنداشلىرى

سوئال:

دادام ۋاپات بولدى. ئايالى، تۆت ئوغلى، ئالتە قىزى ۋە ئىككى قېرىندىشى بار. مىراسى قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟

جاۋاب:

دادىڭىزنىڭ مىراسىدىن ئىككى قېرىندىشىغا بىر نەرسە تەگمەيدۇ، چۈنكى مىيىتنىڭ قېرىندىشىنىڭ مىيىتنىڭ مىراسىدىن ئۈلۈش ئېلىشى ئۈچۈن مىيىتنىڭ بالىسى بولماسلىقى شەرت①. بۇ مىراسنىڭ تەقسىماتىغا كەلسەك، دادىڭىزنىڭ ئايالىغا سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. مىراسنىڭ قالغىنى ئوغۇللىرىغا ئىككىدىن، قىزلىرىغا بىردىن ئۈلۈش تېگىدۇ. بۇ تەقسىماتنىڭ فورمۇلىسى تۆۋەندىكىچە:

---

① قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 176 - ئايەت.

مىراس 112 ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ سەككىزدىن بىرى بولغان 14 ئۈلۈش دادىڭىزنىڭ ئايالىغا تېگىدۇ. قالغىنى ھەر ئوغۇلغا 14 تىن، ھەر قىزىغا 7 دىن ئۈلۈش تېگىدۇ.

### 5. ۋارىسلار مېيىتنىڭ پەرقلىق قېرىنداش - ھەمشىرىلىرى

سوئال:

ئاكام تۇگەپ كەتتى. ئاتا - ئانىمىز بۇرۇن تۈگەپ كەتكەن. ئاكامنىڭ ئاتا - ئانا بىر ئىككى قېرىنداش، بىر ھەمشىرىسى بار. ئانىسى بىر بولغان بىر قېرىنداش ۋە بىر ھەمشىرىسى بار. چۈنكى ئانىمىز دادامغا تېگىشتىن ئىلگىرى باشقا بىر ئەرگە تېگىپ، ئىككى بالىسى بولغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئوغۇل، بىرى قىز. سوئالىم: ئاكامنىڭ مىراسى قانداق تەقسىم قىلىنىدۇ؟

جاۋاب:

ئاكىڭىزنىڭ مىراسى ئالدى بىلەن ئالتىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئالتىدىن بىرى ئاتا - ئانا بىر ۋە پەقەت ئانا بىر قىرىنداش - ھەمشىرىلەر ئارىسىدا ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇلار ئاكىڭىزغا ئانا تەرەپتىن ئوخشاش مەرتىبىدە يېقىندۇر. ئاندىن مىراسنىڭ قالغان ئالتىدىن بەشنى پەقەت ئاتا - ئانا بىر قېرىنداش - ھەمشىرىلەر ئوغۇلغا ئىككى ئۈلۈش، قىزغا بىر ئۈلۈش پىرىنسىپى بويىچە ئۈلىشىدۇ. بۇ تەقسىماتنىڭ فورمۇلىسى تۆۋەندىكىچە:

ئاكىڭىزنىڭ مىراسى 30 ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئالتىدىن بىرى بولغان بەش ئۈلۈش ئاكىڭىزنىڭ بەش قېرىنداش - ھەمشىرىلىرىگە بىردىن تېگىدۇ، بۇنىڭدا ئوغۇل - قىز پەرقى يوق. قالغان 25 ئۈلۈشنىڭ بەشى ئاتا - ئانا بىر ھەمشىرىسىگە تېگىدۇ. ئاتا - ئانا بىر ئىككى قېرىندىشىنىڭ ھەر بىرىگە 10 دىن ئۈلۈش تېگىدۇ.

## *§4.مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى*

ئاللاھ تائالا مىراس تەقسىماتىدا مېيىتنىڭ باللىرى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈلۈشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ﴿مِن بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِي بِهَا

أَوْ دَيْنٍ - بۇ تەقسىمات مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئادا قىلىنىپ ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ﴾ دەيدۇ[1]. شۇنىڭدەك، ئاياللىرى ۋاپات بولغان ئەرلەرنىڭ ئۈلۈشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ﴿مِن بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِينَ بِهَا أَوْ دَيْنٍ - بۇ تەقسىمات ئۇلارنىڭ ۋەسىيىتى ئادا قىلىنىپ ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ﴾ دەيدۇ. ئەرلىرى ۋاپات بولغان ئاياللارنىڭ ئۈلۈشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ﴿مِّن بَعْدِ وَصِيَّةٍ تُوصُونَ بِهَا أَوْ دَيْنٍ - بۇ تەقسىمات سىلەرنىڭ ۋەسىيىتىڭلار ئادا قىلىنىپ ياكى قەرزىڭلار تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ﴾ دەيدۇ. ئانا بىر قېرىنداشلارنىڭ ئۈلۈشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىنمۇ ﴿مِن بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصَى بِهَآ أَوْ دَيْنٍ - بۇ تەقسىمات قىلىنغان ۋەسىيەت ئادا قىلىنىپ ياكى قەرز تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ﴾[2] دەيدۇ.

مىراس تەقسىماتىنى توغرا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ئايەتلەردە ئۆتكەن «ۋەسىيەت»نى ۋە ئۇنى «ئادا قىلىش»نى توغرا چۈشىنىش، شۇنداقلا ئىجرا قىلىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە بۇ مەسىلىنى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا چۈشىنىشكە ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمىز.

### 1) «ۋەسىيەت»نىڭ مەنىسى

ۋەسىيەت - بۇيرۇماق، ئەمر قىلماق، تاپىلىماق، جېكىلىمەك، تەكىتلىمەك، تاپشۇرماق دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان تەۋسىيە ۋە ئىيسائ «التوصية». «الإيصاء»نىڭ ئوبيېكتى بولغان نەرسىدۇر[3]. تەۋسىيە ۋە ئىيسائ دېگەن تۈپ سۆزلەردىن تۈرلەنگەن پېئىل ۋە سۈپەتلەر قۇرئان

① 4 - سۈرە نىسا ، 11 - ئايەت.

② 4 - سۈرە نىسا ، 12 - ئايەت.

③ ئەرەبچە لۇغەت كىتابلىرىدا «ۋەسىيەت»، ما يۇسا بىهى ۋە ئەلمۇسا بىهى، ئەلمۇسا بىهى «ما يوصى به، الموصى به» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىزاھلىنىشى بۇ مەنىگە دالالەت قىلىدۇ. - ئىبنى مەنزۇر، «ۋەسىيەت»، 15: 394؛ قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى، «وصية»، 2: 1036.

كەرىمدىمۇ يۇقىرىدىكى مەنىلەردە كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇھىم ئىشلار ئۇ كەلىمىلەر بىلەن بۇيرۇلغان. مەسىلەن: دىنىي توغرا چۈشىنىپ ھۆكۈملىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىش، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش، نامازنى ئۆتەش ۋە زاكاتنى بېرىش، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئەڭ مۇھىم «ئون ئەمر»[1]نى ئادا قىلىش[2] قاتارلىق ۋەزىپىلەر بۇ ئىككى تۈپ سۆزدىن تۈرلەنگەن كەلىمىلەر بىلەن بىلدۈرۈلگەن ۋە تەكىتلەنگەن[3]. جۈملىدىن ئاللاھ تائالا ۋارىسلارنىڭ ئۈلۈشلىرىنى 4 - سۈرە نىسانىڭ 11 - ئايىتىنىڭ بېشىدا يۇسىيكۇم ﴿يُوصِيكُمْ﴾ دېگەن پېئىل بىلەن بايان قىلغان، 12 - ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ۋەسىيەتەن مىنەللاھ «وَصِيَّةً مِنَ اللَّهِ - بۇ تەقسىمات ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىدۇر» دەپ تەكىتلىگەن.

يۇقىرىدىكى ئېنىقلىمىغا ئاساسەن ئاللاھنىڭ ۋەسىيتى - ئاللاھ تائالا «تەۋسىيە ۋە ئىيسائ» تۈپ سۆزلىرىدىن تۈرلەنگەن پېئىللار بىلەن بۇيرۇغان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردۇر. بەندىنىڭ ۋەسىيتى ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى گۇۋاھچىلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئېتىراپ قىلغان ۋە ۋارىسلىرىغا تۆلىۋېتىش توغرىسىدا ۋەزىپە تاپشۇرغان قەرزىدۇر.

## 2) ۋەسىيەت ۋە دەين

كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋارىسلىرىنىڭ تۆلىشى كېرەك بولغان قەرزى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا ئېتىراپ قىلىپ ۋارىسلىرىغا تۆلىۋېتىشنى تاپشۇرغان قەرزى، يەنە بىرى ئىلگىرى ھۆججەت يېزىپ بەرگەن قەرزى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى «ۋەسىيەت» بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ھۆكۈملەر 5 - سۈرە مائىدىنىڭ 106 - ئايىتىدە تەپسىلىي بايان

---

① 1 - ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، 2 - ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، 3 - پېقىرلىقتىن قورقۇپ بالىلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، 4 - قەبىھ سۆز - ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش، 5 - ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، 6 - يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋالماسلىق، 7 - ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل بولۇش، 8 - يېقىنىنىڭ زىيىنىغا بولسىمۇ سۆزدە ئادىل بولۇش، 9 - ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، 10 - توغرا يولغا (قۇرئانغا) ئەگىشىش (قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 151 ~ 153 - ئايەتلەر).

② قاراڭ: 6 - سۈرە ئەنئام، 151 - ۋە 152 - ئايەتلەر.

③ قاراڭ: 4 - سۈرە نىسا، 131 - ئايەت؛ 19 - سۈرە مەريەم، 31 - ئايەت؛ 31 - سۈرە لۇقمان، 14 - ئايەت؛ 42 - سۈرە شۇرا، 13 - ئايەت.

قىلىنىدۇ. ئىككىنچىسى «دەيىن» بولۇپ، بۇ ھەقتىكى ھۆكۈملەر 2 - سۈرە بەقەرەنىڭ 282 - ئايىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. 4 - سۈرە نىسانىڭ 11 - ۋە 12 - ئايەتلىرىدە بىللە زىكىر قىلىنغان «ۋەسىيەت» ۋە «دەيىن» مىيىتنىڭ مانا بۇ ئىككى تۈرلۈك قەرزىدۇر.

مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ شَهَـٰدَةُ بَيۡنِكُمۡ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ حِينَ ٱلۡوَصِيَّةِ ٱثۡنَانِ ذَوَا عَدۡلٖ مِّنكُمۡ أَوۡ ءَاخَرَانِ مِنۡ غَيۡرِكُمۡ إِنۡ أَنتُمۡ ضَرَبۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَأَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةُ ٱلۡمَوۡتِۚ تَحۡبِسُونَهُمَا مِنۢ بَعۡدِ ٱلصَّلَوٰةِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ لَا نَشۡتَرِي بِهِۦ ثَمَنٗا وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰ وَلَا نَكۡتُمُ شَهَٰدَةَ ٱللَّهِ إِنَّآ إِذٗا لَّمِنَ ٱلۡأٓثِمِينَ ١٠٦ فَإِنۡ عُثِرَ عَلَىٰٓ أَنَّهُمَا ٱسۡتَحَقَّآ إِثۡمٗا فَـَٔاخَرَانِ يَقُومَانِ مَقَامَهُمَا مِنَ ٱلَّذِينَ ٱسۡتَحَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَوۡلَيَٰنِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ لَشَهَٰدَتُنَآ أَحَقُّ مِن شَهَٰدَتِهِمَا وَمَا ٱعۡتَدَيۡنَآ إِنَّآ إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ١٠٧ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ بِٱلشَّهَٰدَةِ عَلَىٰ وَجۡهِهَآ أَوۡ يَخَافُوٓاْ أَن تُرَدَّ أَيۡمَٰنُۢ بَعۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱسۡمَعُواْۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ١٠٨﴾

«ئى مۇئمىنلار! بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ، ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا[1] سىلەردىن ئادالەتلىك ئىككى كىشى ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولسۇن. ياكى سىلەر سەپەردە بولۇپ بېشىڭلارغا ئۆلۈم مۇسىبىتى كەلسە، سىلەردىن بولمىغان باشقا ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر گۇمانلانساڭلار ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنى نامازدىن كېيىن توختىتىسلەر، ئاندىن ئۇلار مۇنداق دەپ قەسەم قىلىدۇ: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشى تۇغقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ بىز قەسىمىمىزنى ھېچبىر بەدەلگە ساتمايمىز، ئاللاھ ئۈچۈن بېرىلگەن گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنداق قىلساق بىز چوقۇم گۇناھكارلاردىن بولىمىز›. ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇناھكار ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك بولغانلىقى بايقالسا، ئۇ گۇناھ زىيىنىغا

[1] يەنى زىممىسىدە بولغان قەرزىنى ئېتىراپ قىلىپ، ۋارىسلارغا تۆلىۋېتىش توغرۇلۇق ۋەزىپە تاپشۇرماقچى بولسا.

قىلىنماقچى بولغانلارنىڭ ئىچىدىن مېيىتقا ئەڭ يېقىن بولغان باشقا ئىككى كىشى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ، ئاندىن مۇنداق دەپ قەسەم قىلىدۇ: ‹ئەلۋەتتە بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن توغرىدۇر، بىز ھەددىمىزدىن ئاشمىدۇق. ئەگەر ئۇنداق قىلساق بىز چوقۇم زالىملاردىن بولىمىز›. بۇ، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقنى ئۆز يولى بىلەن ئادا قىلىشى ئۈچۈن ياكى ئۆزلىرىنىڭ قەسەملىرىدىن كېيىن باشقا قەسەملەرنىڭ قىلىنىشىدىن قورقۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدۇر. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار ۋە قۇلاق سېلىڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»①.

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيۡنٍ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى فَٱكۡتُبُوهُۚ وَلۡيَكۡتُب بَّيۡنَكُمۡ كَاتِبُۢ بِٱلۡعَدۡلِۚ وَلَا يَأۡبَ كَاتِبٌ أَن يَكۡتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ ٱللَّهُۚ فَلۡيَكۡتُبۡ وَلۡيُمۡلِلِ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ ٱلۡحَقُّ وَلۡيَتَّقِ ٱللَّهَ رَبَّهُۥ وَلَا يَبۡخَسۡ مِنۡهُ شَيۡـٔٗاۚ فَإِن كَانَ ٱلَّذِي عَلَيۡهِ ٱلۡحَقُّ سَفِيهًا أَوۡ ضَعِيفًا أَوۡ لَا يَسۡتَطِيعُ أَن يُمِلَّ هُوَ فَلۡيُمۡلِلۡ وَلِيُّهُۥ بِٱلۡعَدۡلِۚ وَٱسۡتَشۡهِدُواْ شَهِيدَيۡنِ مِن رِّجَالِكُمۡۖ فَإِن لَّمۡ يَكُونَا رَجُلَيۡنِ فَرَجُلٞ وَٱمۡرَأَتَانِ مِمَّن تَرۡضَوۡنَ مِنَ ٱلشُّهَدَآءِ أَن تَضِلَّ إِحۡدَىٰهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحۡدَىٰهُمَا ٱلۡأُخۡرَىٰۚ وَلَا يَأۡبَ ٱلشُّهَدَآءُ إِذَا مَا دُعُواْۚ وَلَا تَسۡـَٔمُوٓاْ أَن تَكۡتُبُوهُ صَغِيرًا أَوۡ كَبِيرًا إِلَىٰٓ أَجَلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ أَقۡسَطُ عِندَ ٱللَّهِ وَأَقۡوَمُ لِلشَّهَٰدَةِ وَأَدۡنَىٰٓ أَلَّا تَرۡتَابُوٓاْ إِلَّآ أَن تَكُونَ تِجَٰرَةً حَاضِرَةٗ تُدِيرُونَهَا بَيۡنَكُمۡ فَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَلَّا تَكۡتُبُوهَاۗ وَأَشۡهِدُوٓاْ إِذَا تَبَايَعۡتُمۡۚ وَلَا يُضَآرَّ كَاتِبٞ وَلَا شَهِيدٞۚ وَإِن تَفۡعَلُواْ فَإِنَّهُۥ فُسُوقُۢ بِكُمۡۗ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ وَيُعَلِّمُكُمُ ٱللَّهُۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ٢٨٢﴾

«ئى مۇئمىنلار! ئۆزئارا قەرەللىك قەرز مۇئامىلىسى قىلىشقان چېغىڭلاردا ئۇنى يېزىپ قويۇڭلار. ئاراڭلاردىن خەت يازالايدىغان بىر كىشى ئۇنى ئادىللىق بىلەن يازسۇن. خەت يازالايدىغان كىشى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكىنىدەك يېزىشتىن باش تارتمىسۇن، يازسۇن. ھەق زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشى ئېيتىپ بەرسۇن. ئۇ رەببى ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلسۇن،

① 5 - سۈرە مائىدە، 106 ~ 108 - ئايەتلەر.

قەرزىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتمىسۇن. ئەگەر ھەق زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشى ئەقلىسىز ياكى كىچىك بولسا ۋە ياكى ئېيتىپ بېرىشكە قادىر بولالمىسا ئۇنىڭ ۋەلىيسى ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن. ئەر كىشىلىرىڭلاردىن ئىككى گۇۋاھچىنى گۇۋاھچى قىلىڭلار. ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچى ئىككى ئەر بولمىسا، ئۆزۈڭلار رازى بولىدىغان گۇۋاھچىلاردىن بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال بولسۇن. بۇ ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرى ئېزىپ قالسا يەنە بىرىنىڭ ئەسلىتىشى ئۈچۈندۇر. گۇۋاھچىلار چاقىرىلغاندا كەلمەي قالمىسۇن. سىلەر پۈتۈكچىلەر! قەرز كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن ئۇنى قەرەلى بىلەن بىرلىكتە يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. بۇ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا توغرا، گۇۋاھلىق ئۈچۈن ساغلام، شۈبھىلەنمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئۇيغۇن بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاراڭلاردا نەق قىلىشىدىغان تىجارەت بولسا، ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئۇنى يازمىساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. ئېلىم - سېتىم قىلىشقان چېغىڭلاردا گۇۋاھچى ھازىر قىلىڭلار. پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن. ئەگەر ئۇلارغا زىيان يەتكۈزسەڭلار توغرا يولدىن چىققان بولىسىلەر. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۆگەتمەكتىدۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»①.

**مۇناسىۋەتلىك ئىككى رىۋايەت:**

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆلگەن مۇئمىننىڭ روھى تاكى ئۇنىڭ قەرزى ئادا قىلىنغانغا قەدەر يۇقىرى ئورۇنغا يېتىشتىن ئېسىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن②.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىممىسىدىكى قەرزنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ نامىزىنى ئوقۇشتىن ئۆزىنى تارتاتتى③.

**خۇلاسە**

مېيىتنىڭ ئىككى تۈرلۈك قەرزى بولىدۇ:

---

① 2 - سۈرە بەقەرە ، 282 - ئايەت.

② تىرمىزى، «جەنائىز»، 76؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 16: 352.

③قاراڭ: بۇخارى، «كاپالەت»، 2؛ مۇسلىم، «فەرائىز»، 3؛ ئەبۇ داۋۇد، «جىھاد»، 143؛ تىرمىزى، «جەنائىز»، 70؛ نەسەئى، «جەنائىز»، 67.

بىرى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئەسناسىدا، شاھىتلارنىڭ ھوزۇرىدا ئاغزاكى ئىتىراپ قىلىپ ۋارىسلارنىڭ تۆلىۋېتىشىنى تاپشۇرغان قەرزى بولۇپ، بۇ قەرز «ۋەسىيەت» دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ھۆكۈملەر 5 - سۈرە مائىدەنىڭ 106 - ئايىتىدە بايان قىلىندۇ.

ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ ھۆججەت يېزىپ بەرگەن قەرزى بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي ھۆكۈم 2 - سۈرە بەقەرەنىڭ 282 - ئايىتىدە بايان قىلىندۇ. مېيىتنىڭ مىراسىدىن ئۈلۈش ئالىدىغان (ۋارىس)لار، مىراستىن ئۇنىڭ بۇ ئىككى تۈرلۈك قەرزىنى تۆلىۋېتىپ ئېشىپ قالغىنىنى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە بەلگىلەنگەن بويىچە تەقسىم قىلىشىشى كېرەك.

## §5. ۋارىسلارنىڭ ئىككىگە ئايرىلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

4 - سۈرە نىسانىڭ 176 - ئايىتىدە بالىسى بار مېيىتنىڭ ئاتا بىر ياكى ئاتا - ئانا بىر قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ ئۈلۈش ئالالمايدىغانلىقى بايان قىلىندۇ. ئۇ ئايەتكە ئاساسەن بىر تۇغقاننىڭ بىر تۇغقاننىڭ مىراسىدىن ئۇنىڭ بالىسىدەك ئۈلۈش ئېلىشى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكەن بىر تۇغقاننىڭ بالىسى بولماسلىقى شەرت قىلىندۇ.

ئەينى سۈرە نىسانىڭ 11 - ئايىتىدە قىز بالىنىڭمۇ بالا ئىكەنلىكى بايان قىلىندۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مېيىتنىڭ بىر قىزى بولسىمۇ ئۇنىڭ مەزكۇر قېرىنداشلىرى مىراسىدىن ئۈلۈش ئالالمايدۇ.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق كونا - يېڭى فىقھ كىتابلىرىنىڭ «مىراس تەقسىماتى بۆلۈمى»دە ۋارىسلار «ئۈلۈش ئىگىلىرى» ۋە «ئەسەبە» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ ۋە ھەر بىرىگە تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرىلىدۇ:

ئۈلۈش ئىگىلىرى - شەرىئەتتە ئۈلۈشى بەلگىلەنگەن ۋارىسلاردۇر. ئەسەبە - مىراستىن ئالىدىغان ئۈلۈشى شەرىئەتتە بەلگىلەنمىگەن، لېكىن ئۈلۈش ئىگىلىرى ئۈلۈشلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مىراستىن قانچىلىك ئېشىپ قالسا شۇنى ئالىدىغان، ئېشىپ قالمىسا ھېچ نەرسە ئالالمايدىغان، يالغۇز بولغان چېغىدا مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئالىدىغان ۋارىس بولۇپ، ئۇلار مېيىتنىڭ ئاتىسى، ئوغلى، ئوغلىنىڭ ئوغلى، ئاتا - ئانا بىر قېرىندىشى، ئاتا بىر قېرىندىشى، ئاتىسىنىڭ ئاتا - ئانا بىر قېرىندىشى قاتارلىقلارغا

ئوخشاش مېيىت بىلەن ئارىسىدىكى تۇغقانلىق مۇناسىۋەتتە ئايال كىشى بولمىغان ئەر كىشىدۇر①.

قۇرئان كەرىمدە ۋارىسلار ئۇنداق ئىككىگە ئايرىلمايدۇ، لېكىن «ھەدىس كىتابلىرى»دا ۋارىسلارنىڭ بۇ شەكىلدە ئىككىگە ئايرىلىشى توغرۇلۇق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر «ھەدىس» ئورۇن ئالغان②. مەزكۇر «مىراس تەقسىماتى بۆلۈمى»دە ۋارىسلارنىڭ يۇقىرىدىكى شەكىلدە ئىككىگە ئايرىلىشى ئەنە شۇ ھەدىسكە ئاساسلانغان.

مەزكۇر رىۋايەتنىڭ «ھەدىس كىتابلىرى»دا پەقەت ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنلا كېلىشى، نۇرغۇن تارىخ كىتابلىرىدا «ئابباسىيلار سۇلالىسى»نىڭ قۇرۇلۇشىدا «ئەسەبە»لىكنىڭ ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقىنىڭ ئورۇن ئېلىشى قاتارلىقلار دىققەت چېكىدىغان ئەھۋالدۇر. ئەسلىدە بۇ كىتابتا بۇنداق مەسىلىگە ئورۇن بېرىش «ئۇسۇلىمىز»غا خىلاپ بولسىمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ، مىراس تەقسىماتىنىڭ بۇ يەردىكى سىستېمىسى بىلەن كلاسسىك فىقھ كىتابلىرىدىكى سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ قالار دېگەن ئوي بىلەن بۇ يەردە قىسقىچە بولسىمۇ توختىلىشنى توغرا تاپتىم. ئاللاھتىن مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

«ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسى» يىقىلغاندىن كېيىن ھاشىمىيلەر جەمەتى كىمگە بەيئەت قىلىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا «ئەلەۋىيلەر»③ ۋە «ئابباسىيلار»④ دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن: ئەلەۋىيلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرىگە بەيئەت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئابباسىيلارمۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىرىگە بەيئەت قىلىنىشى كېرەك دېگەن. ھەر تەرەپ ئۆز دەۋاسىغا ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ يېقىنلىقىنى

① ۋەھبە زۇھەيلى، *ئەلفىقھۇلئىسلامىي ۋە ئەدىللەتۇھۇ*، 4 - باسما (دەمەشق: دارۇلفىكر، تارىخسىز)، 10: 7747 ۋە 7794.

② ھەدىس «ئۈلۈشلەرنى ئىگىلىرىگە بېرىڭلار، ئېشىپ قالغىنى كىشىنىڭ ئەڭ يېقىنى بولغان ئەر كىشىنىڭدۇر» دېگەن مەنىدىدۇر. قاراڭ: بۇخارى، «فەرائىز»، 5، 7، 9، 15؛ مۇسلىم، «فەرائىز»، 2، 3، 4؛ تىرمىزى، «فەرائىز»، 8؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 6: 57.

③ ئەلى ۋە فاتىمە ەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ باللىرى.

④ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باللىرى.

دەلىل قىلغان، شۇنداقلا «خەلىپىلىك مىراسى»غا ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنى ئۆزئارا يېزىشقان مەكتۇپلىرىدا، مۇنازىرىلىرىدە ئاشكارا زىكىر قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۆلىما، يازغۇچى ۋە شائىرلىرى ئۆز تەرىپىگە يان باسقان. نەتىجىدە مەزكۇر «تېخىمۇ يېقىنلىق»نى ئىپادىلەش ئۇچۇن يۇقىرىدىكى مەنىدە «ئەسەبە» دەپ بىر ئاتالغۇ پەيدا بولغان، شۇنداقلا «ئابباسىيلار سۇلالىسى»نىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

### 1. ئابباسىي پېشۋالىرىنىڭ بەزى خۇتبىلىرى

ئاببانسىيلارنىڭ تۇنجى خەلىفەسى سەففاھنىڭ (ھ 104 - 136 /م 721 - 754) ھىجرىيە 132 - يىلى كۇفە مەجلىسىدە بەيئەت ئېلىش ئەسناسىدىكى خۇتبىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆزىنىڭ بوۋىلىرى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىسىدىكى يېقىنلىقنى ۋە ھەقىقىي ئەھلى بەيت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلىپىلىك مۇقامىغا ئۆزلىرىنىڭ ۋارىس بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خۇتبىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملىرىنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

«... ئاللاھ بىزنى رەسۇلۇللاھقا تۇغقان قىلىش ۋە يېقىن قىلىش ئارقىلىق شەرەپلىك قىلدى. بىزلەرنى ئۇنىڭ ئەجدادىدىن، ئۇنىڭ نەسەبىدىن، ئۇنىڭ شەجەرىسىدىن ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇنى بىزلەردىن قىلدى. رەسۇلۇللاھقا تۇغقان بولۇشنى بىزگە مەخسۇس قىلدى. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ‹... ئى نەبىينىڭ ئائىلىسى! ئاللاھ سىلەرنى گۇناھ ۋە يامانلىقلاردىن تازىلاپ، پاك - پاكىز ھالەتكە كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلىدۇ›[①]، ‹مەن تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن. مەن سىلەردىن پەقەت تۇغقانچىلىقتىكى دوستلۇقنى تەلەپ قىلىمەن›[②]، ‹ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن›[③] ، ‹بىلىڭلاركى، ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا، ئۇنىڭ

---

① 33 - سۈرە ئەھزاب، 33 - ئايەت.
② 42 - سۈرە شۇرا، 23 - ئايەت.
③ 26 - سۈرە شۇئەرا، 214 - ئايەت.

ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە يولۇچىلارغا خاستۇر›[①]، ‹ئاللاھ يۇرتلارنىڭ ئاھالىلىرىدىن ئېلىپ ئۆز ئەلچىسىگە فەيئى قىلىپ بەرگەن ماللار ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىنلىرى، يېتىملەر، مىسكىنلەر ۋە يولۇچىلار ئۈچۈندۇر...› [②] . ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنىڭ ئۈستۈنلىكىمىزنى ئىنسانلارغا بىلدۈردى، ئۇلارغا ھەققىمىزنى بېرىشنى ۋە بىزنى ياخشى كۆرۈشنى پەرز قىلدى... ئى كۇفەلىكلەر! سىلەر دوستلۇقىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ماكانى، سۆيگۈ - مۇھەببىتىمىزنىڭ مەركىزىسىلەر... مەن كۆپ قان تۆككەن ۋە بۇنى جائىز كۆرگەن كىشىمەن، مەن ۋەيران قىلغۇچى، ئىنتىقام ئالغۇچىمەن»[③].

سەففاھ خۇتبىسىدە «رەسۇلۇللاھقا تۇغقان بولۇشنى بىزگە مەخسۇس قىلدى. بىزلەرنى ئۇنىڭ ئەجدادىدىن، ئۇنىڭ نەسەبىدىن، ئۇنىڭ شەجەرىسىدىن ئۆتتۇرىغا چىقاردى» دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئاتا تەرەپتىن ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئەھلى بەيت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە «بىزنىڭ ئۈستۈنلىكىمىزنى ئىنسانلارغا بىلدۈردى، بىزنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە ھەققىمىزنى بېرىشنى پەرز قىلدى» دېيىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۆزلىرىنى ئەھلى بەيت بولغانلىقى ئۈچۈن قوللىشىنىڭ دىنى مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

① 8 - سۈرە ئەنفال، 41 - ئايەت.

② 59 - سۈرە ھەشر، 7 - ئايەت.

③ مۇئەللىفى نامەلۇم، *ئەلئۇيۇن ۋەلھەدائىق فى ئەخبارىلھەقائىق*، نەشر قىلغۇچى: م. ژ. دېگوژې (برىل: لېئىدەن =Brill: Le'den، 1871)، 3 : 198 - 200؛ بەلازۇرى، ئەھمەد ئىبنى يەھيا ئىبنى جابىر ئىبنى داۋۇد، *ئەنسابۇل ئەشراف*، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھمۇد فىردەۋس ئەزەم (دەمەشق: دارۇليەقەزەتىل ئەرەبىييە، 1998)، 3: 159 - 160؛ ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئىبنى يەزىد ئىبنى كەسىر ئىبنى غالىب تەبەرى، *تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك*، نەشر قىلغۇچى: مۇھەممەد ئەبۇل فەزل ئىبراھىم (بېيرۇت: دارۇل سۇۋەيدان، 1967)، 7:424 - 427؛ ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى مەسئۇدي، *مۇرۇجۇززەھەب ۋە مەئادىنۇلجەۋھەر*، نەشر قىلغۇچى: مۇھەممەد مۇھيىددىن ئابدۇلھەمىد (قاھىرە: مەتبەئۇس سەئادە، 1948)، 3: 270 - 271؛ جەمالۇددىن ئەبۇلفەرەج ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد جەۋزى، *ئەلمۇنتەزەم فى تارىخىلمۇلۇك ۋەلئۇمەم*، (بېيرۇت: دارۇل فىكىر، 1995)، 5: 9 ~ 10؛ ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئەبىلكەرەم مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئەسىر، *ئەلكامىل فىتتارىخ*، تەھقىقلىغۇچى: ئۆمەر ئابدۇسسالام تەدمىرى (بېيرۇت: دارۇلكۇتۇبىل ئەرەبى، ھ 1417/ م 1997)، 4: 575؛ ئىبنى كەسىر، *بىدايە ۋە نىھايە*، تەھقىقلىغۇچى: ئەلى شىيرىي (بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، ھ 1408/ م 1988)، 10 : 44 - 45.

سەففاھدىن كېيىن تاغىسى داۋۇد ئىبنى ئەلى (ھ 80 ـ 133 / م 700 ـ 751) مۇنبەرگە چىقىپ ئابباسىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقان بولغانلىقى ئۈچۈن خىلافەتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

خۇتبىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىپادىلەر مۇنداق:

«دۈشمىنىمىزنى ھالاك قىلغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەددىن قالغان مىراسىمىزنى بىزگە يەتكۈزگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن... ھەق، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەھلى بەيتىنىكى ئەسلى ئورنىغا قايتتى. بۇ ئائىلە سىلەرگە قارشى مۇلايىم ۋە مەرھەمەتلىكتۇر، سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ... بەنى ئۇمەييەنىڭ ھەققىمىزنى مەجبۇرى قولىمىزدىن ئېلىۋالغانلىقىنىڭ ئاچچىقى ۋە ئۇلارنىڭ تاغىمىزنىڭ باللىرىغا قارشى ئۆچمەنلىكى بىزنى بۇ دەۋاغا سۆرەپ چىقتى... سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ئابباسنىڭ كېپىللىكى باردۇر... ئاللاھ ئۇلار (خۇراسانلىقلار) بىلەن ھەققىمىزنى قايتىدىن بەردى، دەۋايىمىزنى ئۇلار بىلەن كۈچلەندۈردى، دۆلىتىمىزنى ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقاردى... ئىچىڭلاردىن بەنى ھاشىمدىن بولغان بىر خەلىپە چىقاردى، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىڭلارنى ئاقارتتى. شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن بۈگۈنگىچە ئۆتكەن زامان ئىچىدە مەن دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ مۇنبەرگە مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ۋە (ساففاھقا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ) ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەددىن باشقا خەلىفە چىقىپ باقمىدى...»①.

داۋۇد ئىبنى ئەلىنىڭ، خۇتبىسىنى «مىراسىمىزنى بىزگە يەتكۈزگەن ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دەپ باشلىشى «ھەق، نەبىمىزنىڭ ئەھلى بەيتىگە قايتتى» دېيىشى، خىلافەتنى مىراس ۋە ھەق دەپ قارايدىغانلىقىنى،

---

① بەلازۇرى، *ئەنسابۇلئەشراف*، 3: 157 ـ 159؛ ئەبۇلئابباس مۇھەممەد ئىبنى يەزىد مۇبەررەد، *ئەلكامىل فىللۇغەتى ۋە لئەدەب*، نەشر قىلغۇچى، مۇھەممەد ئەھمەد دالى (بېيرۇت: مۇئەسسەتۇل رىسالە، 1986)، 3: 1482 ـ 1483؛ مۇئەللىفى نامەلۇم، *ئەلئۇيۇن ۋەلھەدائىق*، 3: 200 ~ 202؛ ئەھمەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى جەئفەر ئىبنى ۋەھب ئىبنى ۋازىھ يەئقۇبى، *تارىخۇل يەئقۇبى* (بېيرۇت: دارۇ سادىر، تارىخسىز)، 2: 350؛ تەبەرى، *تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك، 7:*426 ـ 428؛ مەسئۇدى، *مۇرۇجۇززەھەب ۋە مەئادىنۇلجەۋھەر*، 3: 270 ـ 271؛ ئىبنى جەۋزى، *مۇنتەزەم*، 5: 10 ~ 11؛ ئىبنى ئەسىر، *ئەلكامىل فىتتارىخ*، 4: 577 ـ 578؛ ئىبنى كەسىر، *بىدايە ۋە نىھايە*، 13: 250 ـ 252.

بۇ ھەقنىڭ ئەھلى - بەيتكە ئائىت بولۇپ، مىراس ئارقىلىق ھەققى ئورنىنى تاپتى دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. ئابباسىلار دەۋرىدىكى شائىرلەرنىڭ شېئىرلىرىدا «ئەسەبە»لىك

ئابباسىلارنىڭ، رەسۇلۇللاھقا تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق تۇغقان ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خىلافەتكە ئۆزلىرىنىڭ ۋارىس بولىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدا «ئەسەبە، زەۋىل ئەرھام، ۋەلەد» دېگەندەك مۇھىم ئاتالغۇلاردىن پايدىلانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىتىش ۋە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەشۋىقاتتا ئۆزلىرىنى مەدھىيەلەيدىغان يالغان رىۋايەتلەرنى توقۇشقا رۇخسەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز زامانىسىدىكى شائىرلىرىنىمۇ تەشۋىقات ۋاستىسى قىلغان. ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان شائىرلارنىڭ مۇكاپاتلىنىپ خان سارىيىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى، ماسلاشمىغانلارنىڭ بولسا مەرتىۋىلىرىدىن ئايرىلىپ جازاغا مەھكۇم قىلىنغانلىقى بىلىنمەكتە. تۆۋەندە ئۇ دەۋردىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بىرقانچىسى ئۆرنەك بېرىلىدۇ:

ئابباسىيلارنى ۋە بەرمەكىيلەرنى[①] مەدھىيلەپ بايلىق توپلىغان مەرۋان ئىبنى ئەبى ھەفسە (ھ 105 - 182 / م 723 - 798)، شېئىرلىرىدا ئەلەۋىيلەرنى سۆكىدۇ. خىلافەتنىڭ ئابباسىيلارنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى كۆككە كۆتىرىدۇ. ئۇنىڭ ئابباسيي خەلىفىسى مەھدىنى (ھ 127 - 169 / م 744 - 785) مەدھىيەلەپ ئوقۇغان تۆۋەندىكى شېئىرى ئۇنىڭغا ئۇ زامانغىچە ھېچبىر شائىر ئېلىپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ ھەدىيە قازاندۇرغان:

يا ابن الذي ورث النبي محمدا  دون الأقارب من ذوي الارحام
الوحي بين بني البنات وبينكم  قطع الخصام فلات حين خصام
ما للنساء مع الرجال فريضة  نزلت بذلك سورة الانعام
ألغي سهامهم الكتاب فحاولوا  أن يشرعوا فيها بغير سهام

مەنىسى:

① ئابباسىيلارنىڭ ھاكىمىيەتكە كېلىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان ئىرانلىق، مەجۇسىي تائىپىسى.

ئى مۇھەممەد نەبىيگە ۋارىس بولغانىنىڭ ئوغلى!
قۇرۇق قالغان زەۋىل ئەرھام تۇغقانلارنىڭ قولى.
سىلەر بىلەن قىزلارنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسدا،
ۋەھيي بولغاچ توختىدى جودا تۇگىدى جودا.
ئەرلەر بار يەردە يوقتۇر ئايالالارنىڭ ھەسسىسى،
بۇ ھۆكۈم بىلەن نازىل بولغان ئەنئام سۈرىسى.
كىتاب بىكار قىلغاندۇر ئۇلارنىڭ ھەسسىسىنى،
شۇنداقتىمۇ ئالىمىز دەيدۇ ئۇلار ھەسسىنى①.

مەرۋان شېئىرىدا «ئى مۇھەممەد نەبىيگە ۋارىس بولغانىنىڭ ئوغلى!» دېگەن ئىپادىدىكى «ۋارىس بولغان» سۆزى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئاببباسنى، «ئوغلى» بىلەن مەھدىنى ۋە ئاببباسىيلارنى، «زەۋىل ئەرھام» دېگەن ئىپادىسى بىلەن ئەلەۋىلەر (ئەلى بىلەن فاتىمەنىڭ باللىرىنى) مەقسەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى بېيىتتىكى «قىزلارنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ۋەھيي باردۇر» دېگەن سۆزى بىلەن باشقا بىر شېئىرىدا تىلغا ئالغان 8 ـ سۈرە ئەنفالنىڭ 75 ـ ئايىتىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ «ئەسەبە» تۇققانلارنىڭ مىراسى ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

«ئەرلەر بار يەردە يوق ئايالالارنىڭ ھېچ ھەسسىسى» دېگەن سۆزى بىلەن «ئەسەبە» تۇغقانلار ئىچىدە مىراستىن ئۈلۈشى بولمىغان ئايالالار

① قاراڭ: ئىبنى ئەبى ھەفسە، مەرۋان ئىبنى سۇلايمان ئىبنى يەھيا، *دىۋانۇ مەرۋان ئىبنى ئەبى ھەفسە*، شەرھىلىگۈچى: ئەشرەف ئەھمەد ئەدرە (بېيرۇت: دارۇل كىتابىل ئەرەبى، 1993)، 15؛ ئەبۇ ئۆمەر شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدى رەببىھى، *ئەلئىقدۇلفەرىد* (بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1404 / م 1983)، 1 : 262؛ شەۋقى دايف، ئەھمەد ئابدۇسسەلام، *تارىخۇل ئەدەبىل ئەرەبىي* (مىسىر: دارۇل مەئارىف، 1960 ـ 1995)، 3: 300؛ مەسئۇدى، *مۇرۇجۇززەھەب ۋە مەئادىنۇلجەۋھەر*، 3: 332؛ شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان سەخاۋيي، *ئەلجەۋاھىرۇل مەجمۇئەتۇ ۋەننەۋادىرۇل مەسمۇئەتۇ* تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد كەرىم مۇھەممەد جەملى (بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، 2011)، 180.

بولۇپ قالسا مىراسقا ۋارىس بولالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا خەلىپىلىككىمۇ ۋارىس بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتىدۇر.

«بۇ ھۆكۈم بىلەن نازىل بولدى ئەنئام سۈرىسى» دېگەن ئىپادە بىلەن ئەنئام سۈرىسىنىڭ، «ئاللاھ شۇنداق زاتكى، سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلدى، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىرقانچە دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. ئاللاھ بۇنى سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلىرىدە سىلەرنى سىناش ئۈچۈن قىلدى. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ تېز جازالىغۇچىدۇر، ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر» دېگەن مەنىدىكى 165 - ئايىتىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

مەرۋان بۇ قەسىدىنى ئابباسى خەلىفىسى مەھدى ئىشتىراك قىلغان بىر سورۇندا ئوقۇپ سورۇندىكىلەردىن نۇرغۇن بايلىق توپلايدۇ. «ئەغانى» دېگەن كىتابتا خەلىفە مەھدىنىڭ مەرۋانغا يۈز مىڭ دىرھەم بەرگەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە.

مەرۋان ئىبنى ھەفسەنىڭ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر شېئىرى مۇنداق:

أَني يكُونُ ولَيْسَ ذاكَ بكَائِنِ ... لِبَنِي البَنَاتِ وِرَاثَةُ الأَعْمَامِ!

ألغى سهامهم الكتاب فما لهم، ان يشرعوا فيه بغير سهام

مەنىسى:

ۋارىس بولسۇن قانداقمۇ قىزلارنىڭ ئوغۇللىرى؟!

بار تۇرۇقلۇق ھاياتتا مېيىتنىڭ تاغىلىرى.

بىكار قىلغان ئۇلارنىڭ ھەسسىلىرىنى كىتاب،

شۇنىڭ بىلەن قالمىغان ئۇلارنىڭ ھېچ ھەقلىرى①.

① مۇبەررەد، *ئەلكامىل فىللۇغەتى ۋە لئەدەبى*، 2: 72؛ ئىبنى ئابدى رەببىھى، *ئەلئەقدۇلفەرىد*، 1: 262؛ ئەبۇلقاسىم ئەلى ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەساكىر، *تارىخۇ دەمەشق*، تەھقىقلىغۇچى: ئەمر ئىبنى غەرامە ئەمرەۋى ( دارۇل فىكىر، ھ 14115 /م 1995)، 57: 292.

مەرۋان بۇ يەردە «تاغىلار» بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئابباسنى ۋە ئابباسىيلارنى، «قىزلارنىڭ ئوغۇللىرى» بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ بالىلىرىنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەرۋاننىڭ، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ بىردىنبىر ۋارىسى ئىكەنلىكىنى، قىزى فاتىمەنىڭ ئوغۇللىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ، تاغىسى ئابباس بولغانلىقى ئۈچۈن مىراستىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى ۋە خەلىپىلىككىمۇ ۋارىس بولالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلىرى بەزى شائىرلار تەرىپىدىن تەنقىدكە ئۇچرىغان ئىدى. تۆۋەندە ئۇنى تەنقىدلىگەن شېئىرلاردىن بىر قانچىسىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

جەئفەر ئىبنى ئاففان (ھ ؟ - 150 / م ؟ - 767) مەرۋاننى بۇ شېئىرى سەۋەبىدىن لەنەتلىگەن ۋە تۆۋەندىكى شېئىرى بىلەن رەددىيە قايتۇرغان:

لم لايكون وان ذاك لكائن، لبني البنات وراثة الاعمام

للبنت نصف كامل من ماله، والعم متروك بغير سهام

مەنىسى:

نېچۈن ۋارىس بولمىسۇن قىزلارنىڭ ئوغۇللىرى؟

بار بولسىمۇ ھاياتتا مېيىتنىڭ تاغىلىرى،

مىراسنىڭ دەل يېرىمى تېگىدۇ بىر قىزىغا،

قېپقالىدۇ مىراستىن مەھرۇم ھالەتتە تاغا[①].

ئەبۇ ھەسەن ئەلى رىزا (ھ 148 - 203 / م 765 - 818)نىڭمۇ تۆۋەندىكى شېئىرنى مەرۋانغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن يازغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

أني يكون وليس ذاك بكائن للمشركين دعائم الاسلام

لبني البنات نصيبهم من جدهم والعم متروك بغير سهام

مەنىسى:

---

① ئەھمەد مۇھەممەد شايب، *تارىخۇش شىئرىسسىياسىي ئىلا مۇنتەسەفىل قەرنىسسانىي* (بېيرۇت: دارۇل قەلەم، 2016)، 8.

مۇشرىكلارغا تەگمەيدۇ ئەسلا ھەسسە مىراستا،
ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكلىرى بار تۇرۇقلۇق ھاياتتا،
قىزلارنىڭ ئوغۇللىرى ھەسسە ئالار بوۋىسىدىن،
تەرك ئېتىلگەن تاغىسى مەھرۇم ھالدا ھەسسىدىن①.

ئۇ دەۋرنىڭ شائىرلىرىدىن ئەبان ئىبنى ئابدۇلھەمىد لاھىقى (ھ135 - 200 / م 753 - 815)مۇ ئابباسىي خەلىپىسى ھارۇن رەشىد (ھ 149 - 193 /م767 - 809)كە يېقىن بولۇش ئارزۇسى بىلەن مەشھۇر شائىر مەرۋان ئىبنى ئەبى ھەفسەگە ئوخشاش ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللانغان. ئەبانغا، بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن خەلىپىلىكنىڭ فاتىمەنىڭ باللىرىنىڭ ئەمەس، ئاارباسلارنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان شېئىرلار ئوقۇشى كېرەكلىكى دېيىلگەندە، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە قەسىدە يازغانلىقى، بۇنى ھارۇن رەشىدكە ئوقۇپ بەرگەندە يىگىرمە مىڭ دىرھەم بېرىلىپ، خەلىفىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى ۋە «دىۋانى شېئىر»غا باش قىلىنغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ.

باشقا بىر رىۋايەتتە ئەباندىن مەرۋانغا ئوخشاش ئاابباسلارنى مەدھىيەلەپ، ئەلەۋىلەرنى سۆكۈشى تەلەپ قىلىنغاندا مەن «بۇنى ھالال ئىش دەپ قارىمايمەن» دېگەنلىكى، لېكىن ئۇلارنىڭ «دۇنيا ئىشلىرى پەقەت ھالال بولمىغان ئىشلاردا يۈرۈشىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن ئەباننىڭ مۇناسىۋەتلىك قەسىدىنى يازغانلىقى/ئوقۇغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە. ئەباننىڭ قەسىدىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم مۇنداق:

أعم رسول الله أقرب زلفة　　إليه أم ابن العمّ في رتبة النسب
وأيهما أولي به وبعهده　　ومن ذا له حق التراث بما وجب!
فان كان عباس أحق بتلكم　　وكان علي بعد ذاك علي سبب
فابناء عباس هم يرثونه　　كما العم لابن العم في الارث قد حجب

① ئەبۇ ئابدىللاھ ئىبنى مۇئەللىم مۇفىد، *ئەلفۇسۇلۇل مۇختارەھ*، نەشر قىلغۇچى: سەييىد ئەلى مىر شەرىف، 2 - باسما (بېيرۇت: دارۇلمۇفىد، ھ 1414 / م 1993)، 96؛ مۇھەممەد باقىر ئىبنى مۇھەممەد مەجلىسى، *بىھارۇل ئەنۋار ئەلجامىئەتى لىدۇرەرى ئەخبارىل ئەئىممەتىل ئەتھار*، 2 - باسما (بېيرۇت: مۇئەسسەتۇلۋەفا، ھ 1403 / م 1983)، 109 ~ 110.

مەنىسى:

كىم ئەڭ يېقىن تۇغقىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ؟
تاغىسىمۇ؟ ۋە ياكى ئوغلىمۇ تاغىسىنىڭ؟
قايسىسى ئەڭ لايىقتۇر ئۇنىڭغا، ئەھدىسىگە؟
كىم ئىگىدۇر راستىنلا ۋارىس بولۇش ھەققىگە؟
بولسا ئابباس ئەڭ ھەقلىق ئۇلارنىڭ ئىككىسىگە،
قالسا ئەلى كەيىندە بىنائەن بىر سەۋەبكە،
ئابباسنىڭ ئوغۇللىرى ۋارىس بولۇر ئۇنىڭغا،
تاغا ئوغلى بولغاندەك مەھرۇم، بولغاچقا تاغا[1].

ئەبان، بۇ قەسىدىسىدە ئابباس بىلەن ئەلىنىڭ قايسىسىنىڭ رەسۇلۇللاھقا بەكرەك يېقىنلىقىنى سېلىشتۇرىدۇ. ئاbباسىيلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئەلىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرمەكچى بولىدۇ.

ئاببasi خەلىفىلىرىنى مەدھىيەلەپ مۇكاپات ئالغان شائىرلارنىڭ بىرى مەرۋان ئىبنى ئەبى ھەفسەنىڭ نەۋرىسى مەرۋان ئىبنى ئەبى جەنۇبتۇر (ھ ؟ - 240 / م ؟ - 854). ئۇنىڭ تۆۋەندىكى قەسىدىسىنى ئوقۇپ، مۇتەۋەككىل ئەلەللاھ (ھ 205 - 247 / م 822 - 861)دىن ئون مىڭ دىرھەم ئالغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ:

لكم تراث محمد　　وبعدلكم تُنْفَى الظُّلامه
يرجو التراث بنوالبنا　　ت وما لهم فيها قُلامه
والصهر ليس بوارث　　والبنت لاترث الإمامه

[1] ئەبۇلفەرەج ئىسفەھانىي، *كىتابۇل ئەغانىي*، شەرھىلىگۈچى: ئابدۇلئەمىر ئەلى مىھەننا (بېيرۇت: دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىييە، 1986)، 6: 101؛ ئابدۇلقادىر ئىبنى ئۆمەر بەغدادىي، *خەزانەتۇل ئەدەب ۋە لۇببۇ لۇبابى لىسانىل ئەرەب*، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇسسەلام مۇھەممەد ھارۇن (قاھىرە: مەكتەبەتۇل خانجى، م 1981)، 8: 178؛ ئەلى ۋەردىي، *ۋۇئئازۇزىس سەلاتىن*، 2 - باسما (بېيرۇت: دارۇ كۇفان، 1995)، 215.

مەنىسى:

مۇھەممەدنىڭ مىراسى سىلەرگىلا خاس پەقەت،

ئادالەتنىڭلار بىلەن يوقالماقتا شىكايەت،

ئۇمىد قىلار مىراسنى قىزلارنىڭ ئوغۇللىرى،

ھالبۇكى، يوقتۇر ئۇلارغا تىرناقنىڭ ئۇچلىرى.

كۈيئوغۇللار ئەسلىدە ۋارىس ھېسابلانمايدۇ،

قىزلار ھەرگىزمۇ ئىمامەتكە[①] ۋارىس بولمايدۇ[②].

مەرۋان ئىبنى ئەبى جەنۇب باشقا شائىرلارغا ئوخشاش ئابباسىيلارنىڭ «ئەسەبە» بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ مىراسىغا، شۇنداقلا خەلىپىلىككە ۋارىس بولىدىغانلىقىنى، فاتىمەنىڭ بالىلىرى، قىزنىڭ بالىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋارىس بولالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئابباسىيلارنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرگەن، مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي ھالدا ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلغان نۇرغۇنلىغان شائىرلار بولغاندەك، رەقىبلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان شائىرلار مۇ بولغان. مەسىلەن: سۇدەيف ئىبنى مەيمۇن (ھ ؟ - 146 / م ؟ - 763) ، ئىبنى مەييادە (ھ ؟ - 1449 / م ؟ - 766)، سەييىد ھىميەرى (ھ 105 - 173 / م 723 - 789)، مەنسۇر نەمرى (ھ ؟ - 190 / م ؟ - 809)، ئەبۇل ئاتاھىيە (ھ 130 - 211 / م 747 - 826)، قاسىم ئىبنى يۇسۇف (ھ ؟ - 220 / م ؟ - 835) ، مۇھەممەد ئىبنى سالىھ (ھ ؟ - 248 / م ؟ - 862) ۋە ئىبنى مۇئتەزگە (ھ 247 - 296 / م 861 - 909) ئوخشاش نۇرغۇنلىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئوخشاش مەسىلىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ[③].

---

① «خەلىپىلىككە» دېمەكچى.

② تەبەرى، *تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك*، 9: 247؛ ئىبنى ئەسىر، *ئەلكامىل فىتتارىخ*، 6: 176.

③ ئابدۇراھمان يازىجى، *ئىسلام مىراس ھۇقۇقى ئاراشتىرمالارى* (ئىستانبۇل: سۈلەيمانىيە ۋاقفى يايىنلارى، 2015)، 233 ~ 234.

### 3. دەلىل قىلىنغان مەشھۇر رىۋايەت

#### 1) ئۇ رىۋايەتنىڭ تېكىستى (مەتنى)

«عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ قَالَ: جَاءَتْ امْرَأَةُ سَعْدِ بْنِ الرَّبِيعِ بِابْنَتَيْهَا مِنْ سَعْدٍ إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَتْ: يَا رَسُولَ اللَّهِ هَاتَانِ ابْنَتَا سَعْدِ بْنِ الرَّبِيعِ قُتِلَ أَبُوهُمَا مَعَكَ يَوْمَ أُحُدٍ شَهِيدًا وَإِنَّ عَمَّهُمَا أَخَذَ مَالَهُمَا فَلَمْ يَدَعْ لَهُمَا مَالًا وَلَا تُنْكَحَانِ إِلَّا وَلَهُمَا مَالٌ قَالَ: «يَقْضِي اللَّهُ فِي ذَلِكَ» فَنَزَلَتْ: آيَةُ الْمِيرَاثِ فَبَعَثَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَى عَمِّهِمَا فَقَالَ: «أَعْطِ ابْنَتَيْ سَعْدٍ الثُّلُثَيْنِ وَأَعْطِ أُمَّهُمَا الثُّمُنَ وَمَا بَقِيَ فَهُوَ لَكَ»

رىۋايەت قىلىندۇكى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ ئايالى سەئددىن بولغان ئىككى قىزىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

يا رەسۇلەللاھ! بۇ ئىككىسى سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ قىزلىرى. بۇلارنىڭ ئاتىسى (سەئد) ئۆزلىرى بىلەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ شېھىت بولغان. بۇلارنىڭ تاغىسى (سەئدنىڭ قېرىندىشى) مىراسنى ئالدى ۋە بۇلارغا ھېچ مال قالدۇرۇپ قويمىدى. بۇلارنى ياتلىق قىلىش ئۈچۈن مال بولمىسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

رەسۇلۇللاھ: «بۇ ھەقتە ئاللاھ ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېدى، ئۇزۇن ئۆتمەي مىراس تەقسىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇ ئىككى قىزنىڭ تاغىسىنى چاقىرتىپ: «سەئدنىڭ ئىككى قىزىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى، ئۇلارنىڭ ئانىسىغا سەككىزدىن بىرىنى بەرگىن، قالغىنى سېنىڭ بولىدۇ» دېدى[①].

① تىرمىزى، «ئەبۋابۇل فەرائىز»، 3. بۇ ھەدىس پەرقلىق شەكىللەردە تۆۋەندىكى كىتابلاردىمۇ ئۆتىدۇ: ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 13: 108؛ ئىبنى ماجە، «فەرائىز»، 2؛ ئەبۇ داۋۇد، «فەرائىز»، 4؛ ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئەبى ھاتىم رازى، تەفسىرى ئىبنى *ئەبى ھاتىم/تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم*، تەھقىقلىغۇچى: ئەسئەد مۇھەممەد تەييىب، 3 - باسما (باز - سەئۇدى ئەرەبىستان: مەكتەبەتۇ نەزار مۇستەفا، ھ 1419 / م 1998)، 3: 881؛ دارەقۇتنى، *سۇنەن*، 4: 78 ~ 79؛ ھاكىم، *مۇستەدرەك*، 4: 370 ، 380؛ بەيھەقى، *سۇنەنى كۇبرا*، 6: 216.

بۇ رىۋايەت بۇ شەكلى بىلەن سەئدنىڭ ئىككى قىزىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈش، ئايالىغا سەككىزدىن بىر ئۈلۈش، قالغىنى سەئدنىڭ قېرىندىشىغا تېگىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2) ئۇ رىۋايەتنىڭ پەرقلىق يوللىرى

(1) ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (ھ 164 ـ 241 /م 780 ـ 855) ئۇ رىۋايەتنى جابىر ئىبنى ئابدىللاھ ← ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل← ئۇبەيدۇللاھ يولى بىلەن كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ[1].

(2) ئىبنى ماجە (ھ 209 ـ 273 /م 824 ـ 886) ئۇ رىۋايەتنى جابىر ئىبنى ئابدىللاھ ← ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل← سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە يولى بىلەن كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ[2].

(3) ئەبۇ داۋۇد (ھ 202 ـ 275 / م 817 ـ 889) ئۇ رىۋايەتنى پەرقلىق ئىككى يول بىلەن نەقىل قىلىدۇ:

بىرىنچىسى، جابىر ئىبنى ئابدىللاھ ← ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل← بىشر ئىبنى ئەلمۇفەددەل.

ئىككىنچىسى، جابىر ئىبنى ئابدىللاھ ← ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل← داۋۇد ئىبنى قەيس ۋە باشقا ئەھلى ئىلىملەر[3].

(4) تىرمىزى (ھ 209 ـ 279 /م 824 ـ 892) ئۇ رىۋايەتنى جابىر ئىبنى ئابدىللاھ ← ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل← ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر يولى بىلەن كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ[4].

(5) ئىبنى ئەبى ھاتىم (ھ 240 ـ 327 /م 854 ـ 938)، دارەقۇتنى (ھ 306 ـ 385/ م 918 ـ 995) ، ھاكىم (ھ 321 ـ 405 /م 933 ـ 1015) ۋە بەيھەقى (ھ 384 ـ 458 / م 994 ـ 166) لەر بولسا، ئۇ

---

① ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 13: 108.
② ئىبنى ماجە، «فەرائىز»، 2.
③ ئەبۇداۋۇد، «فەرائىز»، 4.
④ تىرمىزى، «فەرائىز»، 3.

رىۋايەتنى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ⟵ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل يولى بىلەن كەلگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ[1].

### 3) ئۇ رىۋايەتنىڭ مەتىن (تېكىست) پەرقلىرى

مەزكۇر رىۋايەتنىڭ يوللىرىدىكى ئاساسلىق مەتىن پەرقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - مەتىنلەردە ئىككى قىز بالىنىڭ ئاتىسى، باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامدىن سوئال سورىغان ئايالنىڭ ئېرى پەرقلىق كىشىلەردۇر. بەزى يوللار بىلەن كەلگەن رىۋايەتلەردە «سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ ئايالى ئىككى قىزى بىلەن كەلدى» ياكى «بۇ ئىككىسى سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ ئىككى قىزىدۇر»[2] دېيىلىدۇ. بەزى يوللار بىلەن كەلگەن رىۋايەتلەردە: «بۇ ئىككى قىز سابىت ئىبنى قەيسنىڭ قىزلىرىدۇر» دېيىلىدۇ[3].

رىۋايەتلەردىكى ساھابىنىڭ سابىت ئىبنى قەيس ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەتنىڭ راۋىسى بىشر ئىبنى ئەلمۇفەددەلنىڭ خاتالاشقانلىقىنى، ئۇ ئىككى قىزنىڭ سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ قىزلىرى ئىكەنلىكىنى، سابىت ئىبنى قەيسنىڭ يەمامەدە شېهىت بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ[4]. مەنبەلەرمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ[5].

---

① ئىبنى ئەبى ھاتىم، *تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم*، 3: 881؛ دارەقۇتنى، *سۇنەن*، 4: 78 - 79؛ ھاكىم، *مۇستەدرەك*، 4: 342؛ بەيهەقى، *سۇنەنى كۇبرا*، 6: 216.

② ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 13: 108؛ ئىبنى ماجە، «فەرائىز»، 2؛ ئەبۇ داۋۇد، «فەرائىز»، 4؛ تىرمىزى، «فەرائىز»، 3؛ دارەقۇتنى، *سۇنەن*، 4: 78 - 79.

③ ئەبۇ داۋۇد، «فەرائىز»، 4؛ دارەقۇتنى، سۇنەن، 4: 78 - 79.

④ ئەبۇ داۋۇد، «فەرائىز»، 4؛ دارەقۇتنى بىلەن بەيهەقى ئەبۇداۋۇدنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ. قاراڭ: دارەقۇتنى، *سۇنەن*، 4: 78، بەيهەقى، *سۇنەنى كۇبرا*، 6: 229.

⑤ سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى ھاتىمنىڭ ھىجرىيە 12 - يىلى، مىلادىيە 633 - يىلىدا يەمامەدە شېهىت بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: ئىبنى سەئد، *تەبەقاتۇل كۇبرا*، 3: 88؛ مۇستافا قاراتاش، «سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى ھاتىم»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2008)، 35: 352. سەئد ئىبنى رەبىئنىڭ ئۇھۇدتا شېهىت بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: ئىبنى سەئد، *تەبەقاتۇل كۇبرا*، 3: 612؛ سالىھ قاراجابەي، «سەئد ئىبنى رەبىئ»، *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* (ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2008)، 35: 375 - 376.

2 - مەتىنلەردىكى باشقا بىر پەرق، سوئال سورالغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ پوزىتسىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىبنى ماجەدە «رەسۇلۇللاھ سۈكۈت قىلدى»[①] دېيىلىدۇ.

بەزى يوللار بىلەن كەلگەن رىۋايەتلەردە «رەسۇلۇللاھ: بۇ توغرىدا ئاللاھ ھۆكۈم چىقىرىدۇ دېدى» دېيىلىدۇ[②]. بەزىلىرىدە بولسا ھېچقانداق ئىپادە يوق[③].

3 - بەزى يوللار بىلەن كەلگەن رىۋايەتتە سوئالنىڭ سورىلىشى بىلەن «مىراس ئايىتى نازىل بولدى» دېيىلىدۇ[④]، بەزىلىرىدە «سۈرە نىسانىڭ ‹ئاللاھ بالىلىرىڭلار توغرىسىدا ۋەزىيە تاپشۇرىدۇ› دېگەن مەنىدىكى ئايىتى نازىل بولدى» دېيىلىدۇ[⑤]. باشقا بىر يول بىلەن كەلگەن رىۋايەتتە بولسا «ئاللاھ مىراسنى نازىل قىلدى» دېگەن ئىپادە زىكىر قىلىنىدۇ[⑥]. يەنە باشقا بىر يول بىلەن كەلگەن رىۋايەتتە بۇنداق ئىپادە زىكىر قىلىنمايدۇ[⑦].

## 4) ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىبنى ئەقىل ھەققىدە كۆزقاراشلىرى

ھىجرىيە 140~145 يىللىرى ئارىسىدا ۋاپات بولغانلىقى زىكىر قىلىنغان[⑧] ۋە ئىبنى ئەقىل دەپ مەشھۇر بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل ھەققىدە ھەدىس ئالىملىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى سەلبىي كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

مالىك ئىبنى ئەنەس (ھ 93 - 179 / م 712 - 795) بىلەن يەھيا ئىبنى سەئىد (ھ ؟ - 458 / م ؟ - 1066)نىڭ ئۇنىڭدىن رىۋايەت

---

① ئىبنى ماجە، «فەرائىز»، 2.

② ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 23: 108؛ ئەبۇ داۋۇد، «فەرائىز»، 4؛ تىرمىزى، «فەرائىز»، 3؛ دارەقۇتنى، *سۇنەن*، 4: 78؛ ھاكىم، *مۇستەدرەك*، 4: 342؛ بەيھەقى، *سۇنەنى كۇبرا*، 6: 216.

③ دارەقۇتنى، *سۇنەن*، 4: 79.

④ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *مۇسنەد*، 23: 10؛ ئىبنى ماجە، «فەرائىز»، 2؛ تىرمىزى، «فەرائىز»، 3؛ ھاكىم، مۇستەدرەك، 4: 342.

⑤ ئەبۇ داۋۇد، «فەرائىز»، 4؛ دارەقۇتنى، *سۇنەن*، 4: 78.

⑥ بەيھەقى، *سۇنەنى كۇبرا*، 6: 216.

⑦ دارەقۇتنى، *سۇنەن*، 4: 78.

⑧ شىھابۇددىن ئەبۇلفەزل ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى، *تەھزىبۇتتەھزىب* (ھىندىستان: دارۇلمەئارىفىن نىزامىييە، 1326)، 6: 15.

قىلمىغانلىقى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە (ھ 107 - 198 / م 725 - 814)نىڭ ئۇنى قۇرەيشتىن رىۋايەتلىرى تەرك ئېتىلىدىغان تۆت كىشىنىڭ قاتارىدا سانىغانلىقى يېزىلىدۇ[1].

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئۇنىڭ ھەققىدە «ھەدىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان ئادەم» دەيدۇ[2].

ئەبۇ ھاتىم «ھەدىس رىۋايىتىدە يۇمشاق، كەڭ قورساق، ھەدىس رىۋايىتىدە كۈچلۈك ئەمەس، ھەدىسى دەلىل قىلىنىدىغانلاردىن ئەمەس»[3] دەيدۇ.

يەھيا ئىبنى مەئىن (ھ 158 - 233 / م 775 - 848): «ھەدىسى دەلىل قىلىنمايدۇ»، «زەئىپتۇر»[4] دېگەن ئىپادىلەرنى سۆزلەيدۇ.

جۇزجانى (ھ ؟ - 259 / م ؟ - 873) ئۇنىڭ ھەققىدە «ئۇنىڭ ھەدىسىدىن توختاپ تۇرىلىدۇ، رىۋايەت قىلغانلىرىنىڭ تولىسى غەرىبتۇر» دەيدۇ[5].

---

① ، ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىبنى مۇسا ئىبنى ھەمماد ئۇقەيلى، *كىتابۇددۇئەفائۇل كەبىر*، تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇلمۇئتى ئەمىن قەلئەجى (بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1404 / م 1984)، 2: 298؛ يۇسۇف ئىبنى ئابدۇررەھمان ئىبنى يۇسۇف ئەبۇلھەججاج مىززى، *تەھزىبۇلكەمال فى ئەسمائىر رىجال*، تەھقىقلىغۇچى: بەششار ئەۋۋاد مەئرۇف (بېيرۇت: مۇئەسسەتۇر رىسالە، ھ 1400 / م 1980)، 16: 80؛ ئەسقەلانى، *تەھزىبۇتتەھزىب*، 6: 13 ~ 15.

② ئەسقەلانى، *تەھزىبۇتتەھزىب*، 6: 13 - 15. تىرمىزى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ، ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتنى دەلىل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قاراڭ: تىرمىزى، «تاھارەت»، 3؛ مىززي، *تەھزىبۇلكەمال*، 16: 84. لېكىن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئۇنى، ھەققىدە «يەتتەقۇنە بىھەدىسىھى - ئۇلار ئۇنىڭ ھەدىسىدىن يىراق تۇراتتى» دېيىلىدىغان ئاسىم ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. قاراڭ: ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، *ئىلەل*، 2: 210. بۇ ئەھۋال ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئۇ كىشى ھەققىدە «ھەدىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسەتكەندەك، تىرمىزىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە نەقىل قىلغان سۆزىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ياكى ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتنى باشقا بىر دەلىل سەۋەبىدىن دەلىل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

③ ئىبنى ئەبى ھاتىم، *ئەلجەرھ*، 5: 154؛ مىززي، *تەھزىبۇلكەمال*، 16: 84؛ ئەسقەلانى، تەھزىبۇتتەھزىب، 6: 13 - 15

④ ئۇقەيلى، *كىتابۇددۇئەفا*، 2: 701؛ ئىبنى ئەبى ھاتىم، *ئەلجەرھ*، 5: 154؛ جەمالۇددىن ئەبۇلفەرەج ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد جەۋزى، *ئەددۇئەفا ۋەلمەترۇكۇن*، تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇللاھ قازى (بېيرۇت: دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1406/ م 1985)، 2: 140.

⑤ ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى يەئقۇب ئىبنى ئىسھاق جۇزجاني، *ئەھۋالۇررىجال*، تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇل ئەلىم ئابدۇل ئەزىم بەستەۋى ( پاكىستان - فەيسەل ئاباد: ھەدىس ئاكادېمىيەسى، تارىخسىز)، 13؛ مىززى، *تەھزىبۇلكەمال*، 16: 83.

نەسەئى (ھ 215 ـ 303 / م 829 ـ 915) «زەئىپتۇر»[①] دەيدۇ. ئىبنى ھىببان (ھ 270 ـ 354 / م 884 ـ 965)، ئۇنىڭ ئىسىدە تۇتۇش قۇۋۋىتىنىڭ ناچار بولۇپ، بەرگەن خەۋەرلىرىدىن يىراق تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىدۇ[②].

ھەيسەمي (ھ 735 ـ 807 / م 1335 ـ 1405) «ئىسىدە تۇتۇش جەھەتتىن ياخشى ئەمەس» دەيدۇ[③].

تىرمىزى «بەزى ئالىملار ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ھەققىدە ئۇنى تەنقىد قىلغان» دەيدۇ[⑥].

يىغىپ ئېيتقاندا ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل ھەققىدىكى سەلبىي پىكىرلىرى ئۇنىڭ رىۋايىتىنى دەلىل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

① مىززى، *تەھزىبۇلكەمال*، 16: 84.

② مۇھەممەد ئىبنى ھىببان ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھىببان، *ئەلمەجرۇھىينە مىنەلمۇھەددىسىينە ۋەددۇئەفائى ۋەلمەترۇكىينە*، تەھقىقلىغۇچى: مەھمۇد ئىبراھىم زايد (ھەلەب: دارۇلۋەئيى، ھ 1396/ م 1976)، 1: 494؛ ئىبنى جەۋزى، *ئەددۇئەفا ۋەلمەترۇكۇن*، 2: 140.

③ ئەبۇلھەسەن نۇرۇددىن ئەلى ئىبنى ئەبى بەكر ئىبنى سۇلەيمان ھەيتەمى، *مەجمەئۇززەۋائىد ۋە مەنبەئۇلفەۋائىد*، تەھقىقلىغۇچى: ھۇسامىددىن قۇدسى (قاھىرە: مەكتەبەتۇل قۇدسى، ھ 1414 / م 1994)، 1: 588، 6: 22، 7: 18.

⑥ تىرمىزى، «تاھارەت»، 3؛ ئىبنى جەۋزى، *كىتابۇددۇئەفا ۋەلمەترۇكىن*، 2: 140؛ مىززى، *تەھزىبۇلكەمال*، 16: 84؛ ئەسقەلانى، *تەھزىبۇتتەھزىب*، 6: 13 ـ 15.

### تەھلىل ۋە نەتىجە

قۇرئان كەرىمدە بالىسى بار كىشىنىڭ مىراسىنىڭ قېرىنداشلىرىغا تەگمەيدىغانلىقى، قىز بالىنىڭمۇ بالا ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان[①]. ھەقىقەت مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ۋارىسلارنىڭ «ئۈلۈش ئىگىلىرى» ۋە «ئەسەبە» دەپ ئىككىگە ئايرىلىشى، بىر ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن ئۇمەۋىيەلەرنىڭ ھاكىمىيىتى «خۇراسانلىقلار» تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاشىمىي جەمەتى كىمنىڭ «خەلىپە» بولۇشى توغرىسىدا ئەلەۋىلەر (ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلى) ۋە ئابباسىيلار (ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلى) دەپ ئىككى پىرقىگە ئايرىلغان.

ھەر پىرقىنىڭ تەرەپدارلىرى، موللىلىرى ۋە يازغۇچى - شائىرلىرى بولغان. ھەر كىم ئۆز نامزاتىنى «خەلىپە» قىلىش يولىدا پۈتۈن جان - جەھلى بىلەن تىرىشچانلىق قىلغان بولسىمۇ ئاخىرىدا بۇ «جەڭ»نىڭ غالىبى ئابباسىيلار بولغان. ۋارىسلارنىڭ «ئۈلۈش ئىگىلىرى» ۋە «ئەسەبە» دەپ ئىككىگە ئايرىلىشى ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان.

ئىشنىڭ ئەجەبلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، ئۇ چاغلاردا بەزى ئۆلىمالار ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئالىقاندا كۆتۈرۈلگەن[②]. بەزى ئۆلىمالار بولسا چەتكە قېقىلغان[③]. لېكىن ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ نامى بىلەن بىرەردىن

---

① قاراڭ: 4 - سۈرە نىسانىڭ 11 ۋە 176 - ئايەتلىرى.

② مەسىلەن: «ئىمام ئەۋزائىي» (ھ 88 - 157 / م 707 - 774) ئۇلاردىن بىرىدۇر. ئەۋزائىي ھەم ئۇمەۋىي ھەم ئابباسىيلار تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان «ئۆلىما»دۇر. ئۇنىڭغا «خەلىپىلەر»نىڭ تېرىلغۇ يەرلەر بەرگەنلىكى، ئۇنىڭغا ئۇمەۋىي ۋە ئابباسىي خەلىپىلىرى تەرىپىدىن يەتمىش مىڭ دىنار ئالتۇن پۇل بېرىلگەنلىكى يېزىلىدۇ. (قاراڭ: ئىبنى كەسىر، *ئەلبىدايە ۋەننىھايە*، 10: 125؛ زەھەبىي، *سىيەرۇ ئەئلامىننۇبەلا*، 7: 107 - 134).

③ مەسىلەن: ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە (ھ 80 - 150 /م 699 - 767) ئۇمەۋىي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قاماقتا ئېلىنغان ۋە بىرقانچە كۈن قاتتىق ئۇرۇلغان. ئۇلار ئەبۇ ھەنىفە تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپ كېتىپ ئۇمەۋىيەلەر ئۈچۈن ئەيىب بولۇشتىن قورقۇپ قويۇپ بەرگەن. ئابباسىي خەلىپىلىرىدىن مەنسۇر (ھ 95 - 158 / م 714 - 775) تەرىپىدىن زىندانغا تاشلىنىپ، ھەر كۈن 10 قامچا ئۇرۇلغان، تاكى ئۆلەي دەپ قالغاندا زىنداندىن چىقىرىلغان، لېكىن دەرس ئۆگىتىش ۋە پەتىۋا بېرىشتىن مەنئى قىلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. قاراڭ: مۇھەممەد ئەھمەد مۇستەفا ئەبۇ زەھرە، *تارىخۇل مەزاھىبىل ئىسلامىييە فىسسىياسەتى ۋەلئەقائىدى ۋە تارىخىل مەزاھىبىل فىقھىييە*، (قاھىرە: دارۇل فىكرىل ئەرەبىي، تارىخسىز)، 349، 353. ئىمام مالىك (ھ 93 - 179 /م 711 - 795) «خەلىپە مەنسۇر»نىڭ مەدىنە ۋالىيسى تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ قولى مۈرىسىدىن چىقىپ كەتكەن. قاراڭ: ئەبۇ زەھرە، *تارىخۇل مەزاھىبىل ئىسلامىييە*، 391. ئىمام شافىئىي (ھ 150 - 204 / م 767 - 820) ئابباسىي

مەزھەپ ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ھەر مەزھەپنىڭ كىتابلىرىدا ۋارىسلار ئەنە شۇنداق ئىككىگە ئايرىلغان[1].

خەلىپىلىرىدىن ھارۇن رەشىد (ئۆلۈمى: 192 - ھىجرىيە) تەرىپىدىن قول - پۇتلىرى باغلىنىپ، يەمەندىن بەغدادقا كەلتۈرۈلگەن. قاراڭ: ئىبنى كەسىر، *ئەلبىدايە ۋەننىھايە*، 10: 275. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (ھ 164 - 241 / م 780 - 855) ئابباسىي خەلىپىلىرىدىن مەئمۇن (ھ 170 - 218 / م 786 - 833)، مۇئتەسىم بىللاھ (ھ 179 - 227 /م 796 - 842)، ۋاسىق بىللاھ (ھ 200 - 232 / م 816 - 847)لار تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك ئىسكەنجىلەرگە ئېلىنغان ۋە زىندانغا تاشلانغان. قاراڭ: ئىبنى كەسىر، *ئەلبىدايە ۋەننىھايە*، 463 ~ 465.

① ئۇ مەزھەپلەر سۈننىي مەزھەپنىڭ مەشھۇر تارماق تۆت مەزھىپى بولغان ھەنەفىيە مەزھىپى، مالىكىيە مەزھىپى، شافىئىيە مەزھىپى ۋە ھەنبەلىيە مەزھىپىدۇر.

# خاتىمە

بىرلا توغرا دىن بار. ئۇ بولسا «ئىسلام»دۇر. ئىسلام - ئاللاھقا تەسلىم بولۇش دېمەكتۇر. ئاللاھقا تەسلىم بولۇش، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە ياشاش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ، ھەر مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك خاتالىقلارنى ئېنىق بىلىشنىڭ لازىملىقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مۇسۇلمان ھاياتى بويىچە بىلگىنىنى ئىجرا قىلىشقا، بىلمىگىنىنى ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ. شۇ بىر ھەقىقەتكى، ئىنسان نەقەدەر تىرىشسا تىرىشسۇن بىلمىگىنى بىلگىنىدىن كۆپ بولىدۇ.

«ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن لازىملىق دىنىي ئىلىملەر» ناملىق بۇ كىتاب ھەر مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك ھاياتىنى ئىسلام دائىرىسى ئىچىدە ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان مەلۇماتلاردىن بىرقانچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتاب ئىككى قىسىملىق بولۇپ، بىرىنچى قىسمى 2017 - يىلى نەشر قىلىنغان.

كىتاب، مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرگە بىۋاستە مۇراجىئەت قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگىچىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ كىتاب، ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر قىسىم لازىملىق ئىلىملەرنى سۇنۇش بىلەن بىرگە، بۇ توغرىدا تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولغانلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئېلىپ بېرىلغان چوڭقۇر تەتقىقاتلار بىلەن چالا قالغان مەسىلىلەر تولۇقلىنىدۇ، خاتا كەتكەن يەرلەر بولسا تۈزىتىلىدۇ. نەتىجىدە ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن لازىملىق دىنىي ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئەتراپلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاخىرقى سۆزىمىز شۇدۇر: «ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن».

تىرىشچانلىق بەندىدىن، مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇر.

20 - 04 - 2019

## پايدىلانغان مەنبەلەر

قۇرئان كەرىم (مەدىنە مۇنەۋۋەرە مۇسھەفى)

1. ئابدۇراھمان مۇبارەكفۇري، ئەبۇلئۇلا مۇھەممەد ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇررەھىم (ھ؟ - 1353 / م 1865 - 1935). *تۇھفەتۇل ئەھۋەزىي*. 10- توم. بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىيە، تارىخسىز.

2. ئابلىز ياقۇپ ۋە باشقىلار. *ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى*. 6 توم. بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998~1990.

3. ئابلىز ياقۇپ ۋە باشقىلار. *ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى* (قىسقارتىلمىسى). ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999.

4. ئارى، مەھمەت سالىھ. «ئۇسامە بىن زەيد». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى*. 42: 361~363. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2012.

5. ئەبۇ داۋۇد سىجستانى، سۇلەيمان ئىبنى ئەشئەس ئىبنى ئىسھاق ئىبنى بەشىر ئىبنى شەدداد ئىبنى ئەمر ئەزدى (ھ 202 - 275 / م 818 - 889). *سۇنەن*. تەھقىقلىغۇچى: كەمال يۇسۇف ھۇت. 7 توم. بېيرۇت: مۇئەسسەسەتۇل كۇتۇبىسسەقافىيە، 1988.

6. ئەبۇ زەھرە، مۇھەممەد ئەھمەد مۇستەفا (ھ 1316 - 1394 / م 1898 - 1974). *تارىخۇل مەزاھىبىل ئىسلامىييە فىسسىياسەتى ۋەلئەقائىدى ۋە تارىخىل مەزاھىبىلفىقھىييە*. قاھىرە: دارۇل فىكرىل ئەرەبىي، تارىخسىز.

7. ئەبۇلفەرەج ئىسفەھانىي (ھ 284 - 356 / م 897 - 967). *كىتابۇل ئەغانىي*. شەرھلىگۈچى: ئابدۇلئەمىر ئەلى مىھەننا. بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىلئىلمىيە، 1986.

8. ئەسقەلانى، شىھابۇددىن ئەبۇلفەزل ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ھەجەر (ھ 773 - 852 / م 1372 - 1449). *فەتھۇلبارى شەرھۇ سەھىھىل بۇخارى*. 13 توم. بېيرۇت: دارۇل مەئرىفە، ھ 1379.

9. ... *تەھزىبۇتتەھزىب*. 7 توم. ھىندىستان: دارۇلمەئارىفىن نىزامىييە، ھ 1326.

10. ئەلى ۋەردي، هۇسەين مۇهسىن ئابدۇل جەلىل (ھ 1331 ـ 1416 / م 1913 ـ 1995). *ۋۇئئازۇزىس سەلاتىن.* 2 ـ باسما. بېيرۇرت: دارۇ كۇفان، 1995.

11. ئەنەس ئالىم. *قۇرئان كەرىم ئىزاھلىق تەرجىمىسى.* ئىستانبۇل: سۇلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى، 2017.

12. ئەنەس ئالىم، *قۇرئان ـ سۇننەتتە ناماز.* ئىستانبۇل: سۇلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى، 2018.

13. ئەھمەد مۇختار ئابدۇلھەمىد ئۆمەر (1933 ـ 2003). *مۇئجەمۇل لۇغەتىل ئەرەبىييەتىل مۇئاسىرە.* 4 توم. سەئۇدى ئەرەبىستان: ئالەمۇل كۇتۇب، ھ 1429 / م 2008.

14. بەغدادىي، ئابدۇلقادىر ئىبنى ئۆمەر (ھ 1030 ـ 1093 / م 1620 ـ 1682). *خەزانەتۇل ئەدەب ۋە لۇببۇ لۇبابى لىسانىل ئەرەب.* نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇسسەلام مۇھەممەد ھارۇن. قاھىرە: مەكتەبەتۇل خانجى، م 1981.

15. بەلازۇرى، ئەھمەد ئىبنى يەھيا ئىبنى جابىر ئىبنى داۋۇد (ھ 190 ـ 279 / م 806 ـ 892). *ئەنسابۇل ئەشراف.* نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھمۇد فىردەۋس ئەزەم. دەمەشق: دارۇل يەقەزەتۇلئەرەبىييە، 1998.

16. بەيھەقى، ئەبۇ بەكىر ئەھمەد ئىبنىل ھۇسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇسا خۇسرەۋجىردى خۇراسانى (ھ 384 ـ 458 /م 994 ـ 1066). *شۇئەبۇل ئىمان.* 14 توم. رىياد ـ سەئۇدى ئەرەبىستان: مەكتەبەتۇر رۇشد، ھ 1423 / 2003.

17. ... *سۇنەنى كۇبرا.* 3 ـ باسما. تەھقىقلىگۇچى: ئابدۇقادىر ئاتا. 10 توم. بېيرۇت ـ لۇبنان: دارۇل كۇتۇبىلئىلمىييە، 1424 / م 2003.

18. بوزقۇرت، نەبىي. «قەندىل». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى.* 24: 301. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2001.

19. بۇخارى، ئەبۇ ئابدىللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇغىيرە (ھ 194 ـ 256 / م 810 ـ 870). *جامىئۇسسەھىھ.* تەھقىقلىغۇچى:

مۇھەممەد زۇھەير ئىبنى ناسىرۇنناسىر. 9 توم. بېيرۇت: دارۇ تەۋقىننەجات، ھ 1422 / م 2001.

20. *...، ئەدەبۇل مۇفرەد. 4 - باسما. تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى. سەئۇدى ئەرەبىستان: دارۇسسىددىق، ھ 1418 / م 1997.*

21. تاھاۋى، ئەبۇ جەئفەر ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد (ھ 238 - 321 / م 852 - 933). *شەرھۇ مۇشكىلىل ئاسار*. تەھقىقلىگۇچى: شۇئەيب ئەرنائۇت. 16 توم. بېيرۇت: مەكتەبەتۇر رىسالە، ھ 1415/ م 1994.

22. تەبەرانى، ئەبۇلقاسىم سۇلايمان ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب ئىبنى مۇتىر لەخمى شامىي (ھ 260 - 360 / م 821 - 918). *ئەلمۇئجەمۇل كەبىر*. 2 - باسما. تەھقىقلىگۇچى: ھەمدىي ئىبنى ئابدۇلمەجىد سەلەفىي. 25 توم. قاھىرە: مەكتەبەتۇ ئىبنى تەيمىييە، ھ 1415/م 1994.

23. تەبەرى، ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئىبنى يەزىد ئىبنى كەسىر ئىبنى غالىب (ھ 224 - 310 / م 839 - 923). *جامىئۇل بەيان فىي تەئۋىلىل قۇرئان*. تەھقىقلىغۇچى: ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر. 24 توم. بېيرۇت: مۇئەسسەتۇررىسالە، ھ 1420 / م 2000.

24. .. *تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك*. نەشر قىلغۇچى: مۇھەممەد ئەبۇلفەزل ئىبراھىم. بېيرۇت: دارۇ سۇۋەيدان، 1967.

25. تىرمىزى، ئەبۇ ئىيسا مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا ئىبنى سەۋرە ئىبنى مۇسا ئىبنى داھھاك (ھ 209 - 279/ م 829 - 892). *سۇنەن*. 2 - باسما. تەھقىقلىغۇچىلار: ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر - مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى. 5 توم. مىسىر: مەكتەبەتۇل بابىل ھەلەبى، ھ 1395/ م 1975.

26. جەۋھەرىي، ئەبۇ نەسر ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد فارابى (ھ ؟ - 393/ م ؟ - 1003). *ئەسسىھاھ تاجۇل لۇغەت ۋەسسىھاھۇل ئەرەبىييە*. 4 - باسما. تەھقىقلىغۇچى: ئەھمەد ئابدۇل غەفۇر ئەتتار. 4 توم. بېيرۇت: دارۇل ئىلمى لىلمەلايىين، ھ 1427/ م 1987.

27. جۇرجانىي، ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى زەين شەرىف (ھ 740 - 816 / م 1340 - 1413). *تەئرىفات*. تەھقىقلىغۇچى: ئىلمىي ھەيئەت. بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىلئىلمىييە، ھ 1403 / م 1983.

28. جۇزجانىي، ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى يەئقۇب ئىبنى ئىسھاق سەئدىي (ھ 180 - 259 / م 796 - 873). *ئەھۋالۇررىجال*. تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇل ئەلىم ئابدۇل ئەزىم بەستەۋى. پاكىستان - فەيسەل ئاباد: ھەدىس ئاكادېمىيەسى، (تارىخسىز).

29. خەلىل ئىبنى ئەھمەد، ئەبۇ ئابدىرراھمان خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەمر ئىبنى تەمىم، فەراھىدى (ھ 100 - 170 / م 718 - 786)، *كىتابۇلئەين*، تەھقىقلىغۇچى: مەھدى مەخزۇمى، ئىبراھىم سامەررائى. 8 توم. بېيرۇت: دارۇ ۋە مەكتەبەتۇل ھىلال (تارىخسىز).

30. دارەقۇتنى، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مەھدىي ئىبنى مەسئۇد ئىبنى نۇئمان ئىبنى دىينار ئىبنى ئابدىللاھ بەغدادىي (ھ 306 - 385 / م 918 - 995). *سۇنەن*. تەھقىقلىغۇچىلار: شۇئەيب ئەرنائۇت - ھەسەن ئابدۇلمۇنئىم شەلەبىي - ئابدۇللەتىف ھىرزۇللاھ - ئەھمەد بەرھەم. 5 توم. بېيرۇت: مۇئەسسەتۇر رىسالە، ھ 1424 / م 2004.

31. دارىمى، ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى فەزل ئىبنى بەھرام ئىبنى ئابدىسەمەد دارىمى تەمىمى سەمەرقەندى (ھ 181 - 255/ م 797 - 869). *سۇنەن*. 4 توم. تەھقىقلىغۇچى: ھۇسەين سەلىم ئەسەد دارانى. سەئۇدى ئەرەبىستان: دارۇل مۇغنى، ھ 1412 - م 2000.

32. دۆنمەز، ئىبراھىم كافى. «غەرەر». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى*. 13: 367. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1996.

33. رازى، فەخرۇددىن ئەبۇ ئابدىللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ھەسەن ئىبنى ھۇسەيىن تەيمىي (ھ 544 - 606 / م 1150 - 1210). *مەفاتىھۇل غەيب - تەفسىرۇل كەبىر*. 3 - باسما. 11 توم. بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، ھ 1420/ م 1999.

34. راغىب ئىسفەھانى، ئەبۇلقاسىم ھۇسەين ئىبنى مۇھەممەد (ھ ؟ - 502 / م ؟ - 1108). *مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان*. تەھقىقلىغۇچى: سەفۋان ئەدنان داۋۇدى. شام: دارۇلقەلەم، ھ 1430/ م 2009.

35. زەركەشى، ئەبۇ ئابدىللاھ بەدرۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدىللاھ ئىبنى بەھادىر (ھ 745 - 794 / م 1344 - 1392). *ئەلبۇرھان فىئۇلۇمىل*

*قۇرئان.* تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد ئەبۇل فەزل ئىبراھىم. 4 توم. بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىل كۇتۇبىل ئەرەبىييە، ھ 1376 / م 1957.

36.زەرقا، مۇستەفا ئەھمەد. «سۇغۇرتا ۋە ئۇنى قايتۇرۇش». *ئىسلام فىقھ ئاكادېمىيەسى ژورنىلى* 2 (ھ 1409 / م 1989): 434.

37.زەھەبىي، شەمسۇددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان ئىبنى قايماز (ھ 673 - 748 / م 1275 - 1347). *سىيەرۇ ئەئلامىننۇبەلا.* تەھقىقلىگۈچى: شۇئەيب ئەرنائۇتنىڭ باشچىلىقىدىكى تەھقىقچىلار گۇرۇپپىسى. 25 توم. بېيرۇت: مۇئەسسەتۇر رىسالە، ھ 1405 / م 1985.

38.زەينۇددىن رازى، مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكىر ئىبنى ئابدۇلقادىر (ھ ؟ - 666 / م ؟ - 1268). *مۇختارۇسسىھاھ.* تەھقىقلىغۇچى: يۇسۇف شەيخ مۇھەممەد. 5 - باسما. بېيرۇت: مەكتەبەتۇ ئەسرىييە، ھ 1420 / م 1999.

39.زۇھەيلى، (ھ 1351 - 1436 / م 1932 - 2015). *ئەل فىقھۇل ئىسلامىي ۋە ئەدىللەتۇھۇ.* 4 - باسما. 10 توم. سۇرىيە - دەمەشق: دارۇلفىكىر، (تارىخسىز).

40.زۇھەيلى، ۋەھبە ئىبنى مۇستەفا. «سۇغۇرتا ۋە ئۇنى قايتۇرۇش». *ئىسلام فىقھ ئاكادېمىيەسى ژورنىلى* 2 (ھ 1409 / م 1989): 375~382.

41.سەخاۋىي، شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدىرراھمان (ھ 831 - 902 / م 1427 - 1497). *ئەلجەۋاھىرۇل مەجمۇئەتۇ ۋەننەۋادىرۇل مەسمۇئەتۇ.* تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد كەرىم مۇھەممەد جەملى. بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىيە، 2011.

42.سەرەخسىي، مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەبى سەھل (ھ ؟ - 483 / م ؟ - 1091). *مەبسۇت.* 30 توم. بېيرۇت: دارۇل مەئرىفە، ھ 1414 / م 1993.

43.سەمىين ھەلەبىي، ئەبۇلئابباس شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ئابدۇددائىم (ھ ؟ - 756 / م ؟ - 1355). *ئۇمدەتۇل ھۇففاز فىي تەفسىرى ئەشرەفىل ئەلفاز.* تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد باسىل ئۇيۇنۇسسۇد. 4 توم. بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىيە، ھ 1417/ م 1996.

44. شەۋقى دايف، ئەھمەد ئابدۇسسەلام (ھ 1327 - 1426 / م 1910 - 2005). *تارىخۇل ئەدەبىل ئەرەبىي*. 10 توم. مىسىر: دارۇل مەئارىف، 1960 - 1995.

45. شايىب، ئەھمەد مۇھەممەد (ھ 1314 - 1396 / م 1896 - 1976). *تارىخۇش شىئرىسسىياسىي ئىلا مۇنتەسەفىل قەرنىسسانىي*. بېيرۇت: دارۇل قەلەم، 2016.

46. فەرراﺋ، ئەبۇ زەكەرىييا يەھيا ئىبنى زىياد ئىبنى ئابدىللاھ ئىبنى مەنزۇر دەيلەمىي (ھ 144 - 207 / م 761 - 822). *مەئانىل قۇرئان*. تەھقىقلىغۇچىلار: ئەھمەد يۇسۇف نەجاتى - مۇھەممەد ئەلى نەججار - ئابدۇل فەتتاھ ئىسمائىل شەلەبى. مىسىر: دارۇل مىسرىييە، (تارىخسىز).

47. فەرفۇر، ئابدۇللەتىف. «ئىسلام فىقھىدا سۇغۇرتا كېلىشىملىرى ۋە سۇغۇرتىنى قايتۇرۇش - غەرب فىقھى بىلەن سېلىشتۇرمىلىق تەتقىقات». *ئىسلام فىقھ ئاكادېمىيەسى ژورنىلى* 2 (ھ 1409 / م 1989): 394~433.

48. فىغلالى، ئەتھەم رۇھى. «ھەزرىتى ئەلى». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى*. 2: 371~374. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1989.

49. فىيرۇزئابادىي، مەجدۇددىن ئەبۇ زاھىر مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب (ھ 729 - 817 / م 1329 - 1415). *ئەلقامۇسۇلمۇھىت*. 8 - باسما. بېيرۇت: مۇئەسسەسەتۇر رىسالە، ھ 1426/ م 2005.

50. قاراتاش، مۇستافا. «سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى ھاتىم». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى*. 35: 352. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2008.

51. قاراجابەي، سالىھ. «سەئد ئىبنى رەبىئ». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى*. 35: 375 - 376. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 2008.

52. قاندىمىر، م. ياشار. «ئەلىنىڭ ئىلمى شەخسىيىتى». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى*. 2: 375~378. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1989.

53. قاھىرە ئەرەب تىلى ئاكادېمىيىسى. *مۇئجەمۇلۋەسىت*. 2 توم. دارۇ دەئۋەت، تارىخسىز.

54. قەرداۋى، يۇسۇف ئابدۇللاھ. *فەتاۋا مۇئاسىرە*. 5 - باسما. 4 توم. كۇۋەيت: دارۇل قەلەم، ھ 1410/ م 1990.

55. مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك ئىبنى ئامىر ئەسبەھى مەدەنى (ھ 93 - 179 / م 711 - 795). *مۇۋەتتا*. تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى. بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، ھ 1406/ م 1985.

56. مەجلىسي، مۇھەممەد باقىر ئىبنى مۇھەممەد تەقى ئىبنى مەقسۇد ئەلى (ھ 1037 - 1111 / م 1628 - 1700). *بىھارۇل ئەنۋار ئەلجامىئەتى لىدۇرەرى ئەخبارىل ئەئىممەتىل ئەتھار*. 2 - باسما. بېيرۇت: مۇئەسسەتۇلۋەفا، ھ 1403 / م 1983.

57. مەسئۇدي، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى (ھ 283 - 346 / م 957 - 896). *مۇرۇجۇززەھەب ۋە مەئادىنۇلجەۋھەر*. نەشر قىلغۇچى: مۇھەممەد مۇھيىددىن ئابدۇلھەمىد. 4 توم. قاھىرە: مەتبەئۇس سەئادە، 1948.

58. موللا ئەلى قارى، ئەبۇلھەسەن نۇرۇددىن موللا ئەلى ئىبنى سۇلتان مۇھەممەد قارى ھەرەۋي (ھ ؟ - 1014 / م ؟ - 1606). *مىرقاتۇل مەفاتىھ شەرھى مىشكاتىل مەسابىھ*. 9 توم. بېيرۇت: دارۇلفىكر، ھ 1422 / م 2002.

59. مۇئەللىفى نامەلۇم. *ئەلئۇيۇن ۋەلھەدائىق فى ئەخبارىلھەقائىق*. نەشر قىلغۇچى: م. ژ. دېگوژې، برىل: لېئىدەن (Brill: Le'den)، 1871.

60. مۇبارەكفۇرى، سەفىيۇررەھمان ئىبنى ئابدىللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەكبەر ئىبنى مۇھەممەد ئەلى ئىبنى ئابدىلمۇئمىن ئىبنى فەقىرۇللاھ مۇبارەكفۇري ئەئزەمي (ھ 1361 - 1427/ م 1942 - 2006). *رەھىقۇل مەختۇم*. بېيرۇت: دارۇل ھىلال، تارىخسىز.

61.مۇبەررەد، ئەبۇلئابباس مۇھەممەد ئىبنى يەزىد (ھ 210 ـ 286 / م 826 ـ 899). *ئەلكامىل فىللۇغەتى ۋەلئەدەب*. 3 ـ باسما. 4 توم. قاھىرە: دارۇل فىكرىل ئەرەبى، ھ 1417/ م 1997.

62.مۇسلىم، ئەبۇل ھۇسەيىن مۇسلىم ئىبنى ھەججاج قۇشەيرى نىيسابۇرى (ھ 206 ـ 261 / م 822 ـ 875). *سەھىھ*. تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى. 5 توم. بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، تارىخسىز.

63.مۇفىد، ئەبۇ ئابدىللاھ ئىبنى مۇئەللىم (ھ 338 ـ 413 / م 948 ـ 1022). *ئەلفۇسۇلۇل مۇختارەتۇ*. نەشر قىلغۇچى: سەييىد ئەلى مىر شەرىف. 2 ـ باسما. بېيرۇت: دارۇلمۇفىد، ھ 1414 / م 1993.

64. مۇقاتىل، ئەبۇلھەسەن مۇقاتىل ئىبنى سۇلەيمان ئىبنى بەشىر ئەزدىي بەلخىي (ھ ؟ ـ 150 / م ؟ ـ 767). *تەفسىرى مۇقاتىل*. تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇللاھ مەھمۇد شەھھاتە. بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، ھ 1423 / م 2002.

65.مۇھەممەد غەزالى (ھ 1335 ـ 1416 / م 1917 ـ 1996). *ئەسسۇننەتۇن نەبەۋىييە بەينە ئەھلىل فىقھى ۋە ئەھلىل ھەدىس*. قاھىرە: دارۇششۇرۇق، 2007.

66.مىززى، يۇسۇف ئىبنى ئابدۇررەھمان ئىبنى يۇسۇف ئەبۇلھەججاج، جەمالۇددىن ئىبنى زەكىي ئەبى مۇھەممەد قۇدائىي كەلبىي (ھ 654 ـ 742 / 1256 ـ 1341). *تەھزىبۇلكەمال فى ئەسمائىر رىجال*. تەھقىقلىغۇچى: بەششار ئەۋۋاد مەئرۇف. بېيرۇت: مۇئەسسەتۇر رىسالە، ھ 1400 / م 1980.

67.نەسەئى، ئەبۇ ئابدۇراھمان ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب ئىبنى ئەلى خۇراسانى (ھ 215 ـ 303 / م 830 ـ 915). *سۇنەن*. 2 ـ باسما. تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غۇددە. 9 توم. ھەلەب: مەكتەبۇل مەتبۇئاتىل ئىسلامىييە، ھ 1406/ م 1986 .

68.نۇرۇددىن ھەيتەمى، ئەبۇلھەسەن نۇرۇددىن ئەلى ئىبنى ئەبى بەكر ئىبنى سۇلەيمان (ھ 735 ـ 807 / م 1335 ـ 1405). *مەجمەئۇززەۋائىد ۋە مەنبەئۇلفەۋائىد*. تەھقىقلىغۇچى: ھۇسامۇددىن قۇدسى. 10 توم. قاھىرە: مەكتەبەتۇل قۇدسى، ھ 1414 / م 1994.

69.هاكىم، ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئابدىللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەمدەۋىيە ئىبنى نۇئەيم ئىبنى ھەكەم نىيسابۇرى (ھ 321 - 405 / م 933 - 1015). *مۇستەدرەك ئەلا سەھىھەينى*. تەھقىقلىغۇچى: مۇستافا ئابدۇلقادىر ئەتا. 4 توم. بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1411/ م 1990.

70. ھەيئەت. «جىھاد». *شامىل ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى*. 1: 394~398. ئىستانبۇل: شامىل يايىن ئەۋى، 2000.

71.ئۇسەيمىن، مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن، (ھ 1347 - 1421/ م 1929 - 2001). *فەتاۋا*. 4 - باسما. 2 توم. رىياد - سەئۇدى ئەرەبىستان: دارۇ ئالەمىلكۇتۇب، ھ 1414 / م 1994.

72.ئۇقەيلى، ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىبنى مۇسا ئىبنى ھەمماد (ھ ؟ - 322 / م ؟ - 934). *كىتابۇددۇئەفائىل كەبىر*. تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇلمۇئتى ئەمىن قەلئەجى. 4 توم. دارۇل بېيرۇت: كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1404 / م 1984.

73.ئۆنكال، ئەھمەد. «ھىجرەت». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى*. 17: 458. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1998.

74.ئۆزەل، ئەھمەد. «جىھاد». *تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى* .7: 527~531. ئىستانبۇل: تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى نەشرىياتى، 1993.

75.ئىبنى ئابدى رەببىھى، ئەبۇ ئۆمەر شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدى رەببىھى ئىبنى ھەبىب ئىبنى ھەدىر ئىبنى سالىم ئەندۇلۇسي (ھ 246 - 328 / م 860 - 940). *ئەلئەقدۇلفەرىد*. 8 توم. بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1404 / م 1983.

76.ئىبنى ئابدۇلبەرر، ئەبۇ ئۆمەر يۇسۇف ئىبنى ئابدىللاھ ئىبنى ئابدىلبەرر نەمەرىي ئەندۇلۇسىي قۇرتۇبىي (ھ 368 - 463 / م 978 - 1071). *ئەددۇرەر فى ئىختىسارىل مەغازى ۋەسسىيەر*. تەھقىقلىغۇچى: شەۋقى دايىف. مىسىر: مەجلىسۇل ئەئلا لىششۇئۇنىل ئىسلامىييە، ھ 1386/ م 1966.

77.ئىبنى ئەبى ھاتىم رازى، ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇررەھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنىل مۇنزىر تەمىمي، ھەنزەلىي (ھ 240 -

327 / م 854 ـ 938). *ئەلجەرهۇ ۋەتتەئدىل*. ھىندىستان: ھەيدەر ئاباد/ بېيرۇت: دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، ھ 1271 / م 1952.

78.... *تەفسىرى ئىبنى ئەبى ھاتىم ـ تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم*. تەھقىقلىغۇچى: ئەسئەد مۇھەممەد تەييىب. 3 ـ باسما. سەئۇدى ئەرەبىستان: مەكتەبەتۇ نەزار مۇستافا، ھ 1419 / م 1998.

79.ئىبنى ئەساكىر، ئەبۇلقاسىم ئەلى ئىبنى ھەسەن (ھ 499 ـ 571 / م 1106 ـ 1176). *تارىخۇ دەمەشق*. 80 توم. تەھقىقلىغۇچى: ئەمر ئىبنى غەرامە ئەمرەۋى. مىسىر: دارۇل فىكىر، ھ 14115 /م 1995.

80.ئىبنى ئەسىر، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئەبىلكەرەم مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئابدىلۋاھىد شەيباني جەزەري. ئىززۇددىن (ھ 555 ـ 630 / م 1160 ـ 1233). *ئەلكامىل فىتتارىخ*. تەھقىقلىغۇچى: ئۆمەر ئابدۇسسالام تەدمىرى. 10 توم. بېيرۇت: دارۇلكۇتۇبىل ئەرەبى، ھ 1417/ م 1997.

81. ئىبنى باز، ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدىللاھ (ھ 1330 ـ 1420 / م 1910 ـ 1999). *مەجمۇئۇ فەتاۋا ئىبنى باز*. نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئىبنى سەئد شۇۋەيئىر. 30 توم. (نەشرىيات ۋە تارىخ يوق).

82.ئىبنى جەۋزى، جەمالۇددىن ئەبۇلفەرەج ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد جەۋزى (ھ 510 ـ 597/ م 1116 ـ 1200). *زادۇلمەسىر فى ئىلمىت تەفسىر*. تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇررەززاق مەھدى. بېيرۇت: دارۇلكۇتۇبىل ئەرەبى، ھ 1422 / م 2001.

83.... *ئەددۇئەفا ۋەلمەترۇكۇن*. تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇللاھ قازى. 10 توم. بېيرۇت: دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، ھ 1406/ م 1985.

84..... *ئەلمۇنتەزەم في تارىخىل مۇلۇك ۋەلئۇمەم*. تەھقىقلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇقادىر ئاتا، مۇستافا ئابدۇقادىر ئاتا. 19 توم. بېيرۇت: دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، ھ 1412 /م 1992.

85.ئىبنى سەئد، ئەبۇ ئابدىللاھ مۇھەممەد ئىبنى سەئد ئىبنى مۇنىئ (ھ 168 ـ 230 / م 784 ـ 845). *ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا*. تەھقىقلىغۇچى: ئېھسان ئاببااس. 8 توم. بېيرۇت: دارۇ سادىر، ھ 1387/ م 1968.

86.ئبنى فارس، ئەبۇلهۇسەين ئەهمەد ئبنى فارس ئبنى زەكەرىييا قەزۋىينى (هـ 329 - 395 / م 941 - 1004). *مۇئجەمۇ مەقايىسللۇغە*. تەهقىقلىغۇچى: ئابدۇسسالام مۇهەممەد هارۇن. 6 توم. دەمەشق: دارۇل فىكرى، هـ 1399/ م 1979.

87.ئبنى قەييىم جەۋزىيە، مۇهەممەد ئبنى ئەبى بەكر ئبنى ئەييۇب ئبنى سەئد شەمسۇددىن (هـ 691 - 751 / م 1292 - 1350). *ئىغاسەتۇللەهفان مىن مەسايىدىش شەيتان*. تەهقىقلىغۇچى: مۇهەممەد هامىد فەقى. 2 توم. رىياد - سەئۇدى ئەرەبىستان: مەكتەبەتۇل مەئارىف، (تارىخسىز).

88..... *زادۇلمەئاد*.27 - باسما. 5 توم. بېيرۇت: مۇئەسسەتۇر رىسالە/ كۇۋەيت: مەكتەبەتۇل مەنارىل ئىسلامىييە، هـ 1415 / م 1994.

89.ئبنى كەسىر، ئەبۇلفەدا ئىسمائىل ئبنى ئۆمەر ئبنى كەسىر قۇرەشى دەمەشقى (هـ 700 - 774 / م 1301 - 1372). *سىيرەتۇن نەبەۋىييە*. تەهقىقلىغۇچى: مۇستافا ئابدۇلۋاهىد. بېيرۇت - لۇبنان: دارۇل مەئرىفە، هـ 1395/ م 1976.

90.... *بىدايە ۋە نىهايە*. تەهقىقلىغۇچى: ئەلى شىيرى. بېيرۇت: دارۇ ئىهيائىت تۇراسىل ئەرەبى، هـ 1408/ م 1988.

91..... *تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىيم*. تەهقىقلىغۇچى: مۇهەممەد هۇسەين شەمسۇددىن. بېيرۇت: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، هـ 1419 / م 1998.

92.ئبنى ماجە، ئەبۇ ئابدىللاھ مۇهەممەد ئبنى يەزىيد قەزۋىينى، (هـ 209 - 273 / م 824 - 886). *سۇنەن*. تەهقىقلىغۇچى: مۇهەممەد فۇئاد ئابدۇل باقى. 2 توم. فەيسەل ئىسا بابى هەلەبى: دارۇ ئىهيائىل كۇتۇبىل ئەرەبىييە، (تارىخسىز).

93.ئبنى مەنزۇر، مۇهەممەد ئبنى مۇكەررەم ئبنى ئەلى ئەبۇلفەزل جەمالۇددىن ئبنى مەنزۇر ئەنسارى رۇۋەيفئى ئىفرىقى (هـ 630 – 711 / م 1232 - 1311). *لىسانۇل ئەرەب*. 3 - باسما. 15 توم. بېيرۇت: دارۇ سادىر، هـ 1414/ 1993.

94.ئبنى هەنبەل، ئەبۇ ئابدىللاھ ئەهمەد ئبنى مۇهەممەد ئبنى هەنبەل ئبنى هىلال ئبنى ئەسەد شەيبانى (هـ 164 - 241 / م 780 - 855). *مۇسنەد*.

تەھقىقلىغۇچى: شۇئەيب ئەرنائۇت - ئادىل مۇرشىد. 45 توم. بېيرۇت: مۇئەسسەسەتۇر رىسالە، ھ 1421/ م 2001.

95.ئىبنى ھەزم، ئەبۇ مۇھەممەد ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئىبنى سەئىد ئىبنى ھەزم ئەندۇلۇسىي قۇرتۇبىي زاھىرىي (ھ 384 - 456 / م 995 - 1063). *ئەلمۇھەللا بىلئاسار*. 12 توم. بېيرۇت: دارۇل فىكىر، (تارىخسىز).

96.ئىبنى ھىشام، ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھىشام ئىبنى ئەييۇب ھىميەرىي مەئافىرىي، ئەبۇ مۇھەممەد، جەمالۇددىن ئابدۇلمەلىك (ھ ؟ - 218 / م ؟ - 834). *سىيرەتۇن نەبەۋىييە*. 2 - باسما. تەھقىقلىغۇچىلار: مۇستافا سەقا - ئىبراھىم ئەبيارى - ئابدۇل ھەفىيز شەلەبى. 2 توم. بابى ھەلەبى: مەكتەبەتۇ مۇستافا، ھ 1375 / م 1955.

97.ئىبنى ھىببان، مۇھەممەد ئىبنى ھىببان ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھىببان ئىبنى مەئاز ئىبنى مەئبەد تەمىمىي دارىمىي بۇستىي (ھ ؟ - 354 / م ؟ - 965). *ئەلمەجرۇھىينە مىنەلمۇھەددىسىينە ۋەددۇئەفائى ۋەلمەترۇكىينە*. تەھقىقلىغۇچى: مەھمۇد ئىبراھىم زايىد. 3 توم. ھەلەب: دارۇلۋەئيى، ھ 1396/ م 1976.

98.يازىجى، ئابدۇراھمان. *ئىسلام مىراس ھۇقۇقۇ ئاراشتىرمالارى*. ئىستانبۇل: سۈلەيمانىيە ۋاقفى يايىنلارى، 2015.

99.يەئقۇبى، ئەھمەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى جەئفەر ئىبنى ۋەھب ئىبنى ۋادىھ (ھ ؟ - 284 / م ؟ - 897). *تارىخۇل يەئقۇبى*. بېيرۇت: دارۇ سادىر، (تارىخسىز).

100. يەھيا ئىبنى سەللام ئىبنى ئەبى سەئلەبە تەيمىي (ھ 124 - 200 / م 742 - 815). *تەفسىرى يەھيا ئىبنى سەللام*. تەھقىقلىغۇچى: ھىند شەلەبى. 2 توم. بېيرۇت - لۇبنان: دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، ھ 1425/ م 2004.